بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ تەرجىمە ئەسىرىمنى مەرھۇمە ئانام، تۇنجى ئۇستازىم
تۇراخان ئەزىزنىڭ روھىغا سەدىقە جارىيە قىلدىم.

ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي

# دەرتلەر داۋاسى

## (يېتەرلىك جاۋاپ)

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەدئىمىن ھاجىم

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

ئەسكەرتىش: مەزكۇر ئەسەرنىڭ نەشر ھوقۇقى تەرجىمە قىلغۇچىغا خاس. ئىجازەتسىز ھالدا قايتا نەشر قىلىش ۋە ئۆزگەرتىپ تارقىتىش ياكى تىجارىي شەكىلدە پايدىلىنىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي

**دەرتلەر داۋاسى**

(يېتەرلىك جاۋاپ)

پىلانلىغۇچى: سىراجىدىن ئەزىزى

تەرجىمە قىلغۇچى: مۇھەممەدئىمىن ھاجىم

تەرجىمىگە قاتناشقۇچىلار:
ئەبۇبەكرى ئابدۇقادىر
ئابدۇخالىق سەئىد ئۆمەر

بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: ئا.ئاقھۇن

بىرىنچى نەشرى / 2019 ـ يىل ماي

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل ـ تۈركىيە

# مۇندەرىجە


**تەرجىمە قىلغۇچىدىن...** ........ 51

**ئەرەبچە نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى** ........ 21

ھەر قانداق كېسەلنىڭ دورىسى بولىدۇ ........ 28

بىلمەسلىكنىڭ دورىسى سوراشتۇر ........ 29

**بىرىنچى بۆلۈم**

**ھەر بىر مۇسۇلمانغا زۆرۈر داۋالار** ........ 31

1. «قۇرئان كەرىم» شىپادۇر ........ 31

2. دۇئا كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ........ 35

3. غاپىل ئادەمنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت قىلىنمايدۇ ........ 36

4. دۇئا ئەڭ ئۈنۈملۈك دورا ........ 37

5. دۇئا مۇئمىنىنىڭ قورالى ........ 38

6. ئاللاھقا چىڭ ئېسىلىپ دۇئا قىلىش ........ 39

7. دۇئانىڭ ئىجابىتىگە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار ........ 40

8. دۇئانىڭ ئىجابىتىگە ياردىمى بولىدىغان ئامىللار ........ 41

9. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىجاۋەت بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن دۇئالار ........ 42

10. دۇئا ئىجاۋەت بولىدىغان ھالەتلەر ........ 50

11. دۇئا ئىجاۋەت بولۇشىنىڭ شەرتلىرى ........ 52

12. دۇئا ۋە تەقدىر ........ 52
13. دۇئا ئەڭ كۈچلۈك سەۋەبلەردىندۇر ........ 55
14. ئىستىغپار چۈشەنچىسىدىكى خاتالىقلار ........ 64
15. بۇ مەسىلىدىكى ھەرخىل چۈشەنچىلەر ........ 66
*جەبەرىيە ئېقىمىدىكىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ........ 66*
*مۇرجىئىي ئېقىمىدىكىلەرنىڭ چۈشەنچىسى ........ 66*
*ياخشى كۆرۈشتىكى خاتا چۈشەنچە ........ 66*
*ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكىنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنى ئالداش ........ 67*
*ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئالغان خاتا چۈشەنچىسى بىلەن ئۆزىنى ئالداپ يۈرىدىغانلار ........ 68*
*ئاللاھقا ياخشى گۇماندا بولۇش ........ 74*
*ئاللاھقا ياخشى گۇماندا بولۇش ياخشى ئىشلارنى قىلىش دېمەكتۇر ........ 79*
16. ئاللاھنىڭ ئەپۇچان دېگەن سۈپىتىگە يۆلىنىۋالىدىغانلار ........ 83
17. دۇنياغا ئالدىنىپ كېتىش ........ 109
18. ياخشى گۇمان ۋە ئۆزىنى ئالداش ئوتتۇرىسىكى پەرقلەر ........ 116
19. ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇش بىلەن قۇرۇق ئارزۇ-ئارمان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر ........ 119
20. ساھابىلەرنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ........ 121

## ئىككىنچى بۆلۈم

**گۇناھ - مەئسىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر** ........ 127

1. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ زىيانلىرى ........................................ 127
*گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بەزىدە دەل ۋاقتىدا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ ........................................ 153*
2. گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ ئاسارەتلىرى ........................................ 154
*1. ئىلىم ـ مەرىپەتتىن مەھرۇم بولۇش ........................................ 155*
*2. رىزىقتىن مەھرۇم بولۇش ........................................ 155*
*3. ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئارىسىدا يېتىمسىراش تۇيغۇسى ھېس قىلىپ قېلىش ........................................ 156*
*4. باشقىلار بىلەن ئارىسىدا يېتىمسىراش تۇيغۇسى ھېس قىلىش ........................................ 157*
*5. ئىشى ئوڭ كەلمەسلىك ........................................ 157*
*6. قەلبى قارىداپ كېتىش ........................................ 158*
*7. مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق ........................................ 159*
*8. تائەت ـ ئىبادەتتىن مەھرۇم بولۇش ........................................ 159*
*9. ئۆمۈرنى قىسقارتىۋېتىدۇ ........................................ 160*
3. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بىر ـ بىرىنى سۆرەپ كېلىدۇ ........................................ 162
4. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ياخشىلىق ئىرادىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ ........................................ 164
5. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئادەتلىنىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ ........................................ 165
6. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئىلگىرىكى ئاسىيلارنىڭ قالدۇرغان مىراسىدۇر ........................................ 166
7. گۇناھ ـ مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پەرۋەردىگارى ئالدىدا خار ـ زەبۇندۇر ........................................ 167

8. گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارغا كىچىك تۇيۇلۇپ قالىدۇ. 168
9. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ پالاكىتى ................................................ 169
10. گۇناھ-مەئسىيەتلەر خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ............................ 170
11. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئەقىلگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.................... 171
12. گۇناھ-مەئسىيەتلەر كۆپەيگەنسېرى گۇناھكارنىڭ تەبىئىتىگە
ئايلىنىپ كېتىدۇ.......................................................................... 172
13. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ لەنىتىگە
دۇچار قىلىدۇ.............................................................................. 173
*ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغۇچىلار*........................... *173*
*پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغۇچىلار*............. *174*
14. گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئايىدىن مەھرۇم قالىدۇ........................ 176
15. ئاسىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشىدە كۆرگەن
جازالىرى................................................................................... 177
16. گۇناھ-مەئسىيەتلەر زېمىندا بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىدۇ...... 181
17. گۇناھ-مەئسىيەتلەر يەر يۇتۇپ كېتىش ۋە يەر تەۋرەشلەرگە
سەۋەب بولىدۇ........................................................................... 183
18. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ چىراي-تۇرۇق ۋە شەكىل-
قىياپەتلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى..................................... 184
19. گۇناھ-مەئسىيەتلەر كۆنداشلىق (غورۇر) تۇيغۇسىنى
سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ.................................................................... 186
20. گۇناھ-مەئسىيەت ھاياسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ........................ 191
21. گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبتىكى ئىلاھىي بۈيۈكلۈك تۇيغۇنى
سۇسلاشتۇرىدۇ.......................................................................... 195

22. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئاللاھنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ........................ 197
23. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارنى ئىخلاسمەنلەر سېپىدىن
چىقىرىۋېتىدۇ ........................................................................ 200
24. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ھەر قانداق ياخشىلىقلاردىن
مەھرۇم قىلىدۇ ........................................................................ 201
25. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر قەلبنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ................. 205
26. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى
كۆتۈرۈۋېتىدۇ ........................................................................ 207
27. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر قەلبتە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ پەيدا
قىلىدۇ ........................................................................ 210
28. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر گۇناھكاردا يېتىرقاش تۇيغۇسى پەيدا
قىلىدۇ ........................................................................ 211
29. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر قەلبلەرنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ ....... 213
30. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئاڭسىزلىق ۋە دىتسىزلىققا ئېلىپ
بارىدۇ ........................................................................ 218
31. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارنى روھى چۈشكۈن قىلىپ
قويىدۇ ........................................................................ 219
32. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئاسىيلارنى شەيتاننىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ
بېرىدۇ ........................................................................ 220
33. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئىززەت ـ ئابرۇينى چۈشۈرۈۋېتىدۇ ......... 222
34. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر گۇناھكارنى مالامەتكە دۇچار قىلىدۇ.. 224
35. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئەقىلگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ................. 226
36. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بەندە بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئارىسىدىكى

رىشتىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ ........................................ 229
37. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەرىكەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ ........................ 232
38. گۇناھ-مەئسىيەتلەر پەسكەشلىككە ئېلىپ بارىدۇ .............. 237
39. گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرنى دۈشمەنلىرىگە
كىچىك كۆرسىتىپ قويىدۇ ........................................ 245
40. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۆزىنى ئۆزىنىڭ خائىنىغا ئايلاندۇرۇپ
قويىدۇ ........................................................ 247
41. گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبلەرنى كور قىلىپ قويىدۇ .............. 254
42. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئىنسانىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر.... 262
*ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئوخشىمىغان ئىككى كۈچنىڭ*
*ئېلىشىشى* ........................................................ *268*
*كۆز چېگراسى* ................................................ *269*
*قۇلاق چېگراسى* .............................................. *271*
*تىل چېگراسى* ................................................ *274*
*يامانلىققا ئىنتىلگۈچى نەپس* ................................ *278*
43. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەندىگە ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ .............. 284
44. گۇناھ-مەئسىيەتلەر نېئمەتلەرنى كەتكۈزىۋېتىدۇ .............. 292
45. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەندىلەر بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىنى
يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ ........................................ 293
46. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ھالاكەتكە سۆرەيدۇ ........................ 300
47. گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە بېرىلىدىغان شەرئىي جازالار ........ 302
48. گۇناھلارنىڭ شەرئىي ۋە تەقدىرىي جازالىرى ................ 305
*گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ تۈرلىرى:* ................................ *311*
*ئۈچ تۈرلۈك جىنايەتكە قارىتا ئىقتىسادىي جازا ئىجرا*

قىلىنىدۇ ........ 312
49. تەقدىرنىڭ جازالىرى ........ 315
50. تەقدىرنىڭ جىسمانىي جازالىرى ........ 316
51. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ بەزى جازالىرى 321
قەلبلەرگە پىچەت ئۇرۇلۇش ........ 322
ئىتائەت ئىرادىسىنىڭ سۇندۇرۇلۇشى ۋە ئىتائەتكە مۇۋەپپەق بولالماسلىق ........ 323
پەس كۆڭۈللۈك ........ 324
قەلبى مۇبەددەل بولۇپ كېتىش ........ 325
قەلبتىكى ھەق-ناھەق تۇيغۇسىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى ........ 327
قەلب بىلەن پەرۋەردىگار ئارىسىغا پەردە شەكىللىنىپ قېلىش ........ 328
52. گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارنى قىيىنچىلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ ........ 328
53. ياخشىلارنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتكە سازاۋەر بولۇشى ۋە يامانلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتكە مۇپتىلا بولۇشى ........ 333
قەلبنىڭ ساغلاملىقى ........ 334
توغرا يول ........ 335
54. جازالارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پەرقلىق بولۇشى ........ 338
55. گۇناھلارنىڭ تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقى ........ 339
1. ئاللاھنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى گۇناھلار ........ 339
2. شەيتانىي خاراكتېرىدىكى گۇناھلار ........ 340
3. ياۋۇزلۇق خاراكتېرىدىكى گۇناھلار ........ 341
4. ھايۋانىي خاراكتېرىدىكى گۇناھلار ........ 341

56. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.......... 342
*چوڭ گۇناھلارنىڭ سانى.......... 345*
*بىر قىسىم ئۆلىمالار: «گۇناھلار چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىلمايدۇ» دەيدۇ.......... 347*
*يۇقىرىقى مەسىلىدىكى توغرا قاراش.......... 349*
57. ئاللاھقا بىر نەرسىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق شېرىك كەلتۈرۈش.......... 352
*شېرىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.......... 354*
*بىرىنچى، ئىنكارچىلىق.......... 355*
*ئىككىنچى، ئاللاھقا باشقا مەبۇدلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىش.......... 357*
58. ئىبادەتتىكى شېرىك.......... 359
*شېرىكنىڭ قىسىملىرى.......... 362*
59. ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز، ئىرادە ۋە نىيەتلەردىكى شېرىكلەر.......... 364
60. گەپ ـ سۆزلەردىكى شېرىك.......... 368
61. ئىرادە ۋە نىيەتلەردىكى شېرىك.......... 370
62. شېرىكنىڭ ماھىيىتى.......... 371
*شېرىكنىڭ ماھىيىتى.......... 371*
63. ئاللاھقا قارىتا ناتوغرا گۇماندا بولۇش.......... 377
64. شېرىك ۋە تەكەببۇرلۇق.......... 388
65. ئاللاھ تائالا توغرىسىدا قارىسىغا سۆزلەش.......... 388
66. زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن

ھېسابلىنىدۇ..................................................................... 391
67. قاتىللىق جىنايىتى....................................................................... 394
68. زىنا جىنايىتى.............................................................................. 399
*زىناخورلار مۇنداق ئۈچ ئىشقا دۇچار بولىدۇ ................. 402*
69. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ يوللىرى .............................................. 404
*(نامەھرەمگە) قاراش............................................................ 404*
*كۆزنى باشقۇرماسلىقنىڭ ئاپەتلىرى ................................ 407*
*خىيال................................................................................... 407*
70. گەپ ـ سۆزلەر گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ يوچۇقىدۇر.............. 418
71. گۇناھ ـ مەئسىيەت ھېسابلىنىدىغان مېڭىش.............................. 428
72. زىنا ـ پاھىشە دۇنيانىڭ ئىسلاھاتىغا زىت كېلىدۇ................. 429
73. بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى............................................................ 443
74. بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى ۋە زىناخورلۇقنىڭ جازاسى........... 459
75. ھايۋانلارنى جىما قىلىشنىڭ جازاسى......................................... 464
76. (ئاياللار) ھەمجىنسلىقنى بەچچىۋازلىققا قىياس قىلىشنىڭ
خاتالىقى.......................................................................................... 466
77. بەچچىۋازلىق كېسىلىنى داۋالاش................................................ 467
*كۆزنى ساقلاش........................................................... 469*

## ئۈچىنچى بۆلۈم

**ئىشق ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر**........................................... 481
1. مەشۇقنى بىر بىلىش.................................................................. 481
2. بەندىچىلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى.................................................... 484
3. سۆيگۈ مەرتىۋىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى چوقۇنۇشتۇر.. 497

*ئاللاھقا مۇھەببەتتە شېرىك كەلتۈرۈش* ........................ *500*
4. مۇھەببەت (ياخشى كۆرۈش)نىڭ تۈرلىرى ........................ 504
5. مۇھەببەتنىڭ كامالىتى ........................ 506
6. ياخشى كۆرۈش (دوستلۇق) ۋە قەدىناسلىق ........................ 509
7. ھەر قانداق يامانلىقنىڭ مەنبەسى كالتە پەملىك ۋە روھىي ئاجىزلىقتۇر ........................ 510
8. ئەڭ ياخشىنى تاللاش ........................ 512
9. ياخشى كۆرۈشنىڭ تۈرلىرى ........................ 514
10. مۇھەببەت ھەر ئىشنىڭ مەنبەسىدۇر ........................ 518
*كەلىمە تەۋھىدنىڭ روھى* ........................ *521*
11. مەدھىيەلىنىدىغان ياخشى كۆرۈش ۋە تەنقىدلىنىدىغان ياخشى كۆرۈش ........................ 529
12. مۇھەببەت ھەرىكەتنىڭ مەنبەسىدۇر ........................ 534
13. مۇھەببەت پەقەت بىر ئاللاھقىلا خاستۇر ........................ 539
14. ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىپادىلىرى ........................ 544
15. ھەر دىنىنىڭ ئەسلىسى مۇھەببەتتۇر ........................ 548
16. جىسمانىي ئىشقنىڭ نەق ۋە نىسبىي زىيانلىرى ........................ 556
17. بەچچىۋازلىق ئىشقىنىڭ زىيانلىرى ........................ 562

## تەرجىمە قىلغۇچىدىن...

ھاياتنىڭ مەنا ئىزدەش، بەختكە ئىنتىلىش ئىنسان زاتىغا ئورتاق بىر ئىشتىياقتۇر. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى، ئوخشاش تەكرارلىنىۋاتقان زېرىكىشلىك ھايات رىتىمى، ھايات قايناملىرىدا گاھ لەيلەپ، گاھ چۆكۈپ ئىنجان ھاياتىنى داۋام ئېتىۋاتقان ئادەملەر توپى، ئارىمىزدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان مېھىر-مۇھەببەت، گەپ-سۆز ۋە ئىش - ھەرىكەتلەردىكى چىنلىقنىڭ كېمىيىشى، ۋاپا-ساداقەتنىڭ چۆكۈشى... مانا بۇلار مېنى ئىزچىل تېگى يوق ئويلارغا باشلايدۇ.

بىز كىملەر ئىدۇق، كىملەر بولدۇق، ئەمدى كىملەر بولۇپ ياشايمىز؟! بۇ ھەقتىكى تۈگىمەس سوئاللار ۋە ئەتراپىمدا بولۇۋاتقان زىددىيەتلىك ھادىسىلەر مېنى گويا چۆرگىلىتىپ قويۇۋېتىلگەندەك گاڭگىرىتىپ قويىدۇ.

ئەنە شۇنداق ئازابلىق ھەم ئىزتىراپلىق لەھزىلەردە ئىچ-ئىچىمدىن پارتلاپ «ھەي ھايات سېنىڭ ياشىغۇدەك نەرىڭ بار؟!» دەپ ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ. لېكىن ۋارقىرىغۇدەك دەرمان نەدە؟! پەقەتكىنە ئىچ-ئىچىمدىن سىرغىۋاتقان مىسكىنلىك ۋە غېرىبلىقنىڭ ئاجىز بىر تېۋىشلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولىمەن. ئۆزۈمگە قۇلاق سالىمەن، يۈرىكىمنى تېڭشايمەن، ئىچىمگە چۆكىمەن... گويا تۇغۇلۇشۇم مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولمىغاندەك،

هاياتىم قاچان، قەيەردە، قانداق ئاخىرلىشىدۇ؟ بۇ مېنىڭ ئېلىكىمدىكى ئىش ئەمەس. ئەمما ئەڭ روشەن ھەقىقەت شۇكى، «ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر».[1]

دائىم ئۆز-ئۆزۈمگە «قاچان يېقىلسام، ھاياتىمنى قەيەردە ئاخىرلاشتۇرسام ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلىگۈدەك ھالدا ياشىسامكەن» دەپ پىچىرلاپ ھەمدە ئارزۇ قىلىپ كەلدىم. ئەلۋەتتە، ھەربىرىمىز ئارزۇلىرىمىز ئۈچۈن ياشايمىز، ئارمانلىرىمىزنى رويابقا چىقىرىش ئۈچۈن دەرمان ئىزدەيمىز. بىزنىڭ دەل مۇشۇنداق ئارمان بىلەن دەرمان ئارىسىدىكى تىپىرلاشلىرىمىز ھاياتىمىزغا قىممەت ۋە مەنا ئاتا قىلىدۇ. غايىمىزدىكى ئۆرنەكلىك ھاياتتا ياشاش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئادەمىي كامالەتكە يېقىنلاشماق زۆرۈر. ئۇنداقتا، ئادەمىي كامالەت قەيەردىن باشلىنىدۇ؟!

شەكسىزكى ئۇ، ھىدايەت ئۈستىگە قۇرۇلغان روھىي پاكلىقتىن باشلىنىدۇ. «روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ.»[2]

## روھنى پاكلاش نېمە ئۈچۈن شۇنچە مۇھىم؟!

روھنى پاكلاش دىنىمىزدىكى غوللۇق تېمىلارنىڭ بىرى. چۈنكى ئادەمنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغىنى، ئۇنى يۈكسەكلىك ۋە ئالىي ماقامغا ئىگە قىلغىنى ئۇنىڭدىكى روھتۇر. بىز ئادەمنى گويا بىر ماشىنا دەپ پەرەز قىلساق، روھ

[1] سۈرە ئال ئىمران 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى
[2] سۈرە شەمس 9 ـ ئايەت

ئۇنىڭ ماتۇرىدۇر. ماتۇرىدىن چاتاق چىققان قۇرۇق گەۋدىنىڭ بىر دۆۋە ئەخلەتتىن ھېچ پەرقى يوق.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم، قولىڭىزدىكى «دەرتلەر داۋاسى» ناملىق بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇن مەشھۇر ئىسلام ئالىمى، فەقىھ، مۇھەددىس، مۇجتەھىد ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىي تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئەسەرنىڭ يېزىلىشىغا ئىخلاسمەن بىرەيلەننىڭ سورىغان بىر سوئالى تۈرتكە بولغانىكەن. مەزكۇر كىتابنىڭ تۇنجى قۇرلىرى دەل شۇ سوئال بىلەن باشلىنىپ، باشقا مەزمۇنلار شۇ سوئالنىڭ جاۋابى سۈپىتىدە داۋاملىشىدۇ. مەن مەزكۇر ئەسەر بىلەن تۇنجى ئۇچراشقان چېغىمدا گويا ھېلىقى سوئال سورىغۇچى مېنىڭ ئىچىمدىكىنى بىلىۋالغاندەك، خۇددى نەچچە زاماندىن بىرى مېنى قىيناپ كېلىۋاتقان، لېكىن مەن قانداق ئىپادىلەشنى، كىمگە ئېيتىشنى بىلەلمەيۋاتقان بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قويغاندەك ھېسسىياتقا كەلگەنىدىم ۋە ئىنتايىن ھاياجانلانغانىدىم. ئەسەرنى باشتىن-ئاخىر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئىچىدىكى مەزمۇنلارنى تىلداش، دىلداش قېرىنداشلىرىمغا سۇنسامكەن، شۇلار ھەم بەھرىلەنسە... دېدىم ۋە دەرھاللا تەرجىمىسىگە تۇتۇش قىلدىم. تەرجىمىنىڭ تېخىمۇ سۈپەتلىك ۋە ئىشەنچلىك بولۇشى ئۈچۈن مەزكۇر ئەسەرنى دەسلەپتە ماڭا تەۋسىيە قىلغان بۇرادىرىمىزنى ۋە يەنە بىر قېرىندىشىمىزنى ھەمدەم بولۇشقا تەكلىپ قىلدىم. ئۇلارمۇ خۇشاللىق بىلەن بۇ خىزمەت ئۈچۈن باش قوشۇشتى. نەتىجىدە بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمىسى ئۆزىمىز پىلانلىغان ۋاقىت

ۋە سۈپەتتە تاماملانــدى.

كۆپىنچــە ئوقۇرمەنلىرىمىزگــە ئايــان بولغانــدەك، مەزكــۇر ئەســەرنىڭ ئاپتــورى ئىســلام تارىخىدىكــى تەســىر كۈچــى زور ساناقلىق شەخســلەرنىڭ بىــرى بولغاچقــا، ئۇنىــڭ ئەســەرلىرى ئىسلام دۇنياسىغا ناھايىتــى كــەڭ تارقالغــان ۋە نۇرغــۇن ئالىمــلار ئۇنىــڭ ئەســەرلىرىگە شــەرھ، مۇلاھىــزە، ئىلاۋىلەرنــى يېزىشقان. مەزكــۇر ئەســەرمۇ بىــر قانچــە قېتىــم كۆزدىــن كەچۈرۈلگــەن ۋە قايتا ـ قايتــا بېســىلغان. شــۇنداق بولغاچقــا، بــۇ ئەســەرنىڭ نۇسخىلىرىمۇ ئىنتايىــن كــۆپ بولغــان. گەرچــە نۇسخىلىرى كــۆپ بولســىمۇ، ئەممــا ئەســەرنىڭ مەركىــزى ئىدىيىســى ۋە ئاساســلىق مەزمۇنلىرىنــى ســاقلاپ قالغــان ئاساســتا كىتابنىــڭ رەتلىنىشــى، ئېلىپبە ـ كىيىنلىــك تەرتىپلىرىــدە قىســمەن ئۆزگىرىشــلەر بولغان، بىــر قىسىم كۆزدىــن كەچۈرگۈچىلــەر تېخىمۇ ئىنچىكىلىــك بىلــەن بىــر قىسىم مەزمۇنلارنــى چىقىرىۋەتكــەن ياكــى ئىزاھاتلارنــى بېرىــپ ئۆتكــەن. شــۇنىڭ ئۈچــۈن بىزمۇ تەرجىمىنــى پۈتتــۈرۈپ بولغاندىن كېيىــن باشــقا نۇســخىلىرى بىلــەن سېلىشــتۇرۇپ چىقتــۇق ۋە ئىمكانىيىتىمىزنىــڭ يېتىشــچە ئــەڭ ياخشــى قىلىشقا تىرىشــتۇق.

مېنىڭچــە، بــۇ ئەســەر ھازىرغىچــە يېزىلغــان ياكــى تەرجىمــە قىلىنغــان مۇشــۇ تۈردىكــى ئەســەرلەردىن مۇنــداق بىــر قانچــە نۇقتىــدا ئالاھىــدە پەرقلىنىــدۇ:

1. ئادەملەرنىــڭ روھىــي دۇنياســى ناھايىتــى ئىنچىكــە ئوپېراتســىيە قىلىنىــپ چۈشــەندۈرۈلگەن.

2. ئىنسانىدىكى روھىــن ئىبارەت بــۇ جەۋھەرگــە قانــداق مۇئامىلە

قىلىش ۋە ئۇنى قانداق قوغداش، شۇنداقلا قانداق ئوزۇقلاندۇرۇشنىڭ يوللىرى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن.

3. گۇناھ-مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالغانلارغا كەچۈرۈلمەس جىنايەتچىلەر سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنماستىن، بەلكى دوستانە ھالدا ئۇلارنىڭ قولىدىن تۇتۇپ توغرىغا يېتەكلەشنى ۋە يول كۆرسىتىشنى تەشەببۇس قىلغان.

4. ئەسەردە باشتىن-ئاخىر ئىلاھىي سۆيگۈ ۋە ئىنسانىي مېھىر-مۇھەببەت كۈيلەنگەن.

5. كۆپلىگەن ھېكايەت ۋە قىسسەسەلەرنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقى ۋە جەلپكارلىقى ئاشۇرۇلغان.

6. تېمىلارغا مۇناسىپ ھالدا خىلمۇ-خىل مەزمۇندىكى شېئىرلار قىستۇرۇلۇش ئارقىلىق تىل ۋە تەسۋىر سەنئىتىنى پالاق قىلىپ ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا شۇڭغۇپ، قەلب قېتىدىكى مېھىر-مۇھەببەت ۋە پەزىلەت بىخلىرىنى تەۋرىتىپ، بۇرۇختۇملۇق ئىچىدە تۇنجۇقۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

7. ئىنساننى ئىنسانلىق ماقامىدا چۈشىنىش تەشەببۇس قىلىنىپ، ئۇنى گاھ پەرىشتىلەرچە مەسۇملۇقتا كۆككە كۆتۈرۈپ، گاھ شەيتانلارچە ئازغۇنلۇق بىلەن تامغىلاشتەك ئۇگچىللىق ۋە سولچىللىق خاھىشلىرىدىن يىراق تۇرغان.

8. تەرجىمىدە مۇمكىنقەدەر ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك تىل ئىشلىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى ۋە شېئىرلار مەزمۇن جەھەتتىن ئەسلىي مۇددىئادىن چەتنىمىگەن ھالدا ئۇيغۇرچە

شېئىر شەكلىدە تەرجىمە قىلىندى.

يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەر ئوقۇرمەنلەرنى تەبىئىي ھالدا گويا سۇلار ئېقىپ تۇرغان ياپيېشىل باغچىدا سىرداش دوستى بىلەن ئۆز ئارا ھەقنى تەۋسىيە قىلىشىپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن قانداق ساقلىنىش ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىشقاچ سەيلە قىلىۋاتقاندەك، ئارامدىل، يەڭگىل ۋە ئازادە تۇيغۇلارغا باشلايدۇ.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قېرىندىشىم! بىز قولىمىزدىكى بار ئىمكانىيەتلەر بىلەن مۇھاجىرەتتىكى تەشنا قەلبىڭىزگە بىر پىيالە چاي، قارا بۇلۇتلار ئاستىدىكى ئەگرى ـ توقاي يوللىرىڭىزغا بىر دانە شام ھازىرلىدۇق. ئاللاھ سىزنى ۋە بىزنى مەنپەئەتدار قىلغاي. ئامىن.

ئاخىرىدا، بۇ ئەمگىكىمىزگە ھەمكارلاشقان ۋە ھەر جەھەتتىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن، ئىلھام بەرگەن، ئەسەرنىڭ پۈتۈپ چىقىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن، سۆيلەپ تۇرغان بارلىق ئۇستازلار، سەپداشلار ۋە قېرىنداشلارغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ پىكىر ـ تەكلىپ ۋە ئىلمىي تەنقىدلەرنى بېرىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

dartlardawaasi@gmail.com

كامالىي ئېھتىرام بىلەن:

ـ مۇھەممەدئىمىن ھاجىم

2019/5/12

## ئەرەبچە نەشرىنىڭ مۇقەددىمىسى

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھ بىزلەرگە ھەدىيە ۋە تارتۇق سۈپىتىدە ئەۋەتكەن ۋە بىزلەرگە رەھمەت ۋە نېئمەت بولغان، بىزنى ھەرقانداق ياخشىلىق يوللىرىغا يېتەكلەپ، يامانلىقلاردىن ئېھتىيات قىلدۇرغان قەدىرلىك پەيغەمبىرىمىزگە، ئۇنىڭ پاك ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكىچە ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن ئەگەشكەنلەرگە ساناقسىز سالاملار بولسۇن.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئىمام ئىبنى قەييىم جەۋزىيىنىڭ نوپۇزلۇق كىتابلىرىنىڭ بىرى بولغان «الداء والدواء» «دەرتلەر داۋاسى» ناملىق كىتابتۇر. ئاپتور كىتابىدا قەلب كېسەللىرىگە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»لەر كۆرسەتمىسى بويىچە دىئاگنوز قويۇپ، داۋالاش چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دىئاگنوز قويۇپ دورىسىنى بېرىش ئاللاھ نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز قۇرئاننى مۇئمىنلەرگە شىپا ۋە رەھمەت قىلىپ نازىل قىلدۇق.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ھەرقانداق كېسەلنى سالسا، ئۇنىڭ دورىسىنى قوشۇپ بېرىدۇ.»

ئىمام ئىبنى قەييىم بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم، ئاللاھنىڭ چەكلىملىرىنىڭ دەپسەندە بولۇشىغا زادىلا يول قويمايدىغان، شەيتاننىڭ بەندىلەرنى ئازدۇرۇۋېتىشىگە يۈرىكى چىدىمايدىغان كىشى ئىدى.

ئىبنى قەييىم بۇ كىتابىدا گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ئىنسانىنىڭ دۇنيا-ئاخىرىتىگە، ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە مۇھىتقا ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا تەپسىلى توختىلىپ، بۇ گۇناھلاردىن قۇتۇلۇش ھەققىدە «يېتەرلىك جاۋاب»لارنى بەرگەن ۋە ئۈنۈملۈك داۋالاش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئۇ بۇ ھەقتە پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرى بىلەن سەممىيەت كۆرسەتكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇشۇ ساھەدىكى ئەڭ مەلۇماتلىق، بۇ ھەقتە سۆز قىلىشقا ئەڭ مۇناسىپ كىشىدۇر.

ئىبنى قەييىم مۇھەددىس، فەقىھ، تالانتلىق تەپسىرشۇناس ئالىم. ئۇ نۇرغۇن ھەدىسلەرنى يادلىغان. يۇقىرىقىلار ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئالاھىدىلىكلىرى. بۇ كىتابقا دىققەت ئاغدۇرغۇچىلار ئۇنىڭ دىنىمىزدىكى پېشۋالىق سالاھىيىتىنى تونۇپ يېتەلەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى مۇھەددىسلەرگە خاس قىزغىنلىقنى، فەقىھلەرگە خاس ئاڭنى، دانىشمەنلەرگە خاس پاراسەتنى، ئابىدلارغا خاس مۇلايىملىقنى ھېس قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاب ئۇنىڭ باشقا كىتابلىرىغا ئوخشاشلا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە ئالاھىدىلىككە ئىگە:

قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن كۆپلەپ دەلىللەر كەلتۈرۈلگەن. بۇ، ئىمامنىڭ ئۇستازى ئىبنى تەيمىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان

پرىنسىپاللىقنى كۆرسىتىدۇ.

كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىلىرىنى ئىسپاتلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. بۇ، ئىمامنىڭ ھەدىس ئىلمىدا ئالاھىدە يۇقىرى سەۋىيەدە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ئەسلەتمە، ۋەز-نەسىھەت ۋە كۆرسەتمە خاراكتېرلىك كىتاب. بۇ تېمىدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئاجىز ھەدىسلەر بەلكى تېخى توقۇلما ھەدىسلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ھەدىسلەرنى تۆرگە ئايرىشتا، خۇسۇسەن ئۆزىنىڭ «توقۇلما ھەدىسلەر» ناملىق توپلىمىدا ناھايىتى چىڭ پرىنسىپ قوللانغان مەشھۇر ھەدىس باھالىغۇچى ئۇستاز ئىبنى جەۋزىينىڭمۇ دىلنى ئېرىتىش ۋە زاھىتلىق مەزمۇنىدىكى باشقا كىتابلىرىدا ھەدىسلەرنى تۆرلەرگە ئايرىشتا بەزى مەسىلىلەرگە سەل قارىغانلىقى مەلۇم. شۇنداقتىمۇ ئىبنى قەييىم بۇ كىتابىدا ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ-زەئىپلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئۇنىڭ راۋىيلىرىنى تۆرگە ئايرىشقا (ئاز بىر قىسىملىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ، ئىبنى قەييىمنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇقۇرمەنلەر ئاپتورنىڭ كۆپىنچە بابلارنىڭ باش قىسمىدا فىقھشۇناسلارنىڭ سۆزلىرىنى سۆز بېشى قىلغانلىقى ياكى مەزمۇن ئارىلىرىدا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى قىستۇرغانلىقىنى بايقايدۇ. بۇ ئاپتورنىڭ زاھىدلىق، تەۋبە ياكى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش توغرىسىدىكى يېزىلمىلارنىڭمۇ، قۇرئان ۋە

سەھىھ ھەدىسلەرگە ئاساسلانغان ئىسلام فىقھى قائىدىلىرىدىن چەتنەپ كەتمەسلىكى كېرەكلىكىنى ئاڭقىرىغان پىرىنسىپال كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىبنى قەييىم بىدئەت-خوراپاتلارغا بار كۈچى بىلەن قارشى تۇرۇشتا مەشھۇر. ئۇ بۇ نۇقتىدا ئۇستازى ئىبنى تەيمىيەنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. لېكىن ئىبنى قەييىم شەرىئەتتىن چەتنىمىگەن توغرا يولدىكى سەلەف ۋە خەلەفلەرگە ئادىل پوزىتسىيىدە بولغان. شۇڭلاشقا ئاپتور بۇ كىتابتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپ ئۆتكەن مۇشۇ تېمىغا ئەھمىيىتى بار دەپ قارىغان، پاكىتلىق ۋەقەلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە يەكۈنلىرىنى تىلغا ئالغان.

ئىبنى قەييىم ئۇستازى ئىبنى تەيمىيەگە ئوخشاشلا جىھادى ۋە دىندىكى بايرىقى روشەنلىكى، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتا توسۇشتىكى قورقۇمسىزلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان. شۇڭلاشقا بىز بۇ كىتابتا ئىبنى قەييىمنىڭ ئىمان ۋە پاكلىقتىن بالقىپ چىققان يارقىن بىر شۇئارىنى؛ ياخشىلىقلارنىڭ دەپسەندە بولۇپ، يامانلىقلارنىڭ ئومۇملىشىۋاتقانلىقى ۋە ئۇممەتنىڭ كەلگۈسىنىڭ ۋە مەڭگۈلۈك شان-شەرىپىنىڭ تەھدىتكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە يۈرىكىنىڭ پارە-پارە بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

بۇ كىتاب دۇنيادا ياخشىلىق، ئاخىرەتتە بەخت-سائادەت ئىزدەيدىغان كىشىلەرگە تولىمۇ زۆرۈر بىر ئوقۇشلۇق. كىتابنى كۆرۈپ چىققان ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابنىڭ تولىمۇ ياخشى، ئالاھىدە مەنپەئەتلىك بىر كىتاب ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ.

بۇ كىتابنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، تۆۋەندىكى شەكىل بويىچە ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەردۇق.

كىتابنىڭ تېكىستى ھازىرغىچە بېسىلغان نۇرغۇن باسمىلىرىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تۈزىتىپ چىقىلدى.

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سۈرە نامى ۋە ئايەت نومۇرلىرى ئەسكەرتىلدى.

مۇندەرىجىدىن پايدىلىنىش ئاسان بولۇشى ئۈچۈن بابلار رەقەملەر ئارقىلىق تۈرگە ئايرىلدى.

بابلار مۇناسىپ كىچىك تېمىلارغا ئايرىلدى.

يوچۇن سۆزلەر ئىزاھلاندى.

ئىمام ئىبنى قەييىمنىڭ تەرجىمھالى بېرىلدى.

ـ ئىبنى جەۋزى نەشرىياتى

## ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

ئاللاھتىنلا ياردەم تەلەپ قىلىمىز...

ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان، كېسىلى داۋاملىشىۋەرسە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلگەن، بار كۈچى بىلەن كېسەلدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولغان، شۇنداقتىمۇ كېسىلى تۇرغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان بىر ئادەم توغرىسىدا يېتەكچى ئۆلىمالار ۋە دىنى پېشىۋالارنىڭ قانداق كۆرسەتمىلىرى بار، قايسى ئاماللار بىلەن كېسەللەردىن ساقلانغىلى، ئۇنىڭغا توغرا دىئاگنوز قويغىلى بولىدۇ؟ بىر ئادەم قېرىندىشىغا ياردەمدە بولسا، ئاللاھ ئۇ ئادەمنىڭ ياردىمىدە بولىدىكەن، بىمارلارنىڭ ياردىمىدە بولغانلارغا ئاللاھ رەھىم قىلسۇن. مۇشۇ ھەقتە يوليورۇق بەرگەن بولساڭلار! (ئاللاھ ھەممىڭلارغا رەھىم قىلسۇن، ئەجرىڭلارنى بەرسۇن)[3]

يۇقىرىقى سوئالغا قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇپتىسى، دىنىنىڭ

[3] مەزكۇر سوئال بۇ كىتابنىڭ يېزىلىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ سوئال «قەلبىدە ئىمانىي ئاجىزلىقنى بايقىغان ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بار ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ تازا ئۈنۈمىنى كۆرەلمىگەن، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققان، ئىمانىنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغان بىر كىشى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان». (ت)

قۇياشى، ئۇستاز، پېشۋا، ئالىم، شەيخۇلئىسلام، جەۋزىيە مەدرىسىسىنىڭ مەسئۇلى ئەبۇ ئابدۇللا ئىبنى ئەبى بەكرى ئەييۇب (ئىبنى قەييىم جەۋزىيە) تۆۋەندىكىدەك جاۋاب بەردى:

## ھەر قانداق كېسەلنىڭ دورىسى بولىدۇ

بارلىق مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر...

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ ھەرقانداق بىر كېسەلگە گىرىپتار قىلسا ئۇنىڭ داۋاسىنى قوشۇپ بېرىدۇ»[4]

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقانداق كېسەلنىڭ دورىسى بولىدۇ، ناۋادا كېسەلگە جايىدا دورا بېرىلسە ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ساقىيىپ كېتىدۇ.»[5]

ئۇسامە ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ (بىراۋغا) كېسەل سالسىلا ئۇنىڭ شىپاسىنى قوشۇپ بېرىدۇ. (كېسەلنىڭ شىپاسىنى) بىلگەنلەر بىلىدۇ، بىلمىگەنلەر بىلمەيدۇ» يەنە بىر رىۋايەتتە «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (بىراۋغا) بىر كېسەلدىن باشقا كېسەل سېلىپلا قالسا ئۇنىڭ شىپاسىنى قوشۇپ بېرىدۇ.» ساھابىلەر: شىپاسى يوق كېسەل قايسى، دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «شىپاسىز كېسەل

[4] بۇخارى رىۋايىتى
[5] مۇسلىم رىۋايىتى

قىرىلىــق» دەپ جــاۋاب بەرگــەن.[6]

## بىلمەسلىكنىڭ دورىسى سوراشتۇر

بىلمەســزلىكمۇ بىــر خىــل كېســەللىك بولــۇپ، ئۇنىــڭ دورىســى سوراشــتۇر. بــۇ كېســەللىك قەلبىــي كېســەل، روھىــي كېسـەل ۋە جىسـمانىي كېسـەل قاتارلىقلارنـى ئـۆز ئىچىگـە ئالـدۇ. پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام بىلمەســزلىكنى كېســەللىك دەپ قارىغـان ۋە بىلىدىغانلاردىـن سـوراش ئارقىلىـق ئۇنـى داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنــى كۆرســەتكەن.

جابىــر ئىبنــى ئابدۇلــلا رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: «بىــز بىــر ســەپەرگە چىقتــۇق، ئىچىمىزدىــن بىرەيلەنگــەن تــاش تېگىــپ كېتىــپ بېشــى يېرىلىــپ كەتتــى. شــۇ ئارىــدا ئــۇ ئــادەم ئېھتىـلام بولـۇپ قاپتـۇ. ئـۇ ھەمراھلىرىدىـن «تەيەممـۇم قىلسـام بولارمۇ» دەپ سورىدى. ھەمراھلىـرى: سـۇ بـار تۇرسـا، بىزنىڭچە سـەن تەيەممـۇم قىلسـاڭ بولمايـدۇ، دېيىشـتى. نەتىجىـدە ئـۇ ئـادەم غۇسـلى قىلـدى ـ دە، شـۇ سـەۋەبتىن ئۆلـۈپ كەتتـى. بىـز پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشـىغا كېلىـپ، بولغـان ئىشـلارنى سـۆزلەپ بـەردۇق. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: ھەمراھلىـرى ئۇنـى ئۆلتـۈرۈپ قويۇپتـۇ، بىلمىسە سورىسـا بولمامـدۇ، بىلمەسـلىكنىڭ دورىسـى سوراشـقۇ؟! بەلكـى ئـۇ ئـادەم تەيەممـۇم قىلسـا ياكـى يېرىلغـان يەرنـى تېڭىۋېتىـپ، بەدىنىنىڭ باشـقا يەرلىرىنى يۇيۇپ تېڭىلغـان يەرگـە مەسـھى قىلسـىمۇ بولاتتىغـۇ! دەپ كايىـدى».[7]

[6] ئەھمەد رىۋايىتى (سەھىھ)
[7] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلىمسىزلىكنى كېسەللىك دەپ سۈپەتلىدى ۋە ئۇنىڭ دورىسىنىڭ سوراش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

## بىرىنچى بۆلۈم

# ھەر بىر مۇسۇلمانغا زۆرۈر داۋالار

### 1. «قۇرئان كەرىم» شىپادۇر

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ شىپا ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) روشەن بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟» دەيتتى. ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھەگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ).»[8]

---

[8] سۈرە فۇسسىلەت 44 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز مۇئمىنلەرگە (يەنى ئۇلارنىڭ دىللىرىغا) شىپا ۋە رەھمەت بولىدىغان قۇرئان ئايەتلىرىنى نازىل قىلىمىز، قۇرئان كاپىرلارغا زىياندىن باشقىنى زىيادە قىلمايدۇ (يەنى ئۇلار قۇرئاننى تەستىق قىلمىغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ كۇفرى تېخىمۇ ئاشىدۇ)»[9]

يۇقىرىقى ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەممە يېرى شىپالىقتۇر. دىللارنىڭ بىلىمسىزلىكلىرىگە، شەك ـ شۈبھىلىرىگە شىپادۇر. ئاللاھ كېسەللەرنى داۋالاشتا «قۇرئان كەرىم»دىنمۇ ئاممىباپ مەنپەئەتلىك، ئۈنۈملۈك دورىنى چۈشۈرمىدى.

ئەبى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر تۈركۈم ساھابىلەر سەپەرگە چىقىپ، ئەرەبلەرنىڭ بىر مەھەللىسىدە توختاپ ئۆتمەكچى بولدى ۋە ئۇلاردىن قورسىقىنى توقلاپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار بۇنى رەت قىلدى. شۇ ئەسنادا مەھەللىنىڭ باشلىقىنى چايان چىقىۋالدى. مەھەللىدىكىلەر بار ئاماللارنى قوللانغان بولسىمۇ ھېچ تەسىرى بولمىدى. مەھەللىدىكى بىر قىسىم ئادەملەر: ئاۋۇ يېڭى كەلگەن كىشىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ سوراپ باقساڭلار، ئۇلارنىڭ بىرەر ئامالى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دېيىشتى. مەھەللىدىكىلەر ساھابىلەرنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى ئادەملەر، بىزنىڭ باشلىقىمىزنى چايان چىقىۋالدى، بىز بار ئاماللارنى قىلىپ باقتۇق، پەقەتلا ئۈنۈمى بولمىدى، سىلەردىن بىرەرىڭلارنىڭ

[9] سۈرە ئىسرا 83 ـ ئايەت

ئامالى بارمىدۇ! دېدى. ساھابىلەردىن بىرى: ئاللاھ بىلەن قەسەم مەن دۇئا ئوقۇپ قويىمەن، لېكىن سىلەردىن بىرگە زىياپەت بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنىسەك ئۇنىمىدىڭلار، ئەمدى سىلەر مۇئەييەن ھەق بەرمىسەڭلار دۇئا ئوقۇپ قويمايمەن، دېدى. ئۇلار بىر تۇياق قويغا كېلىشتى. ھېلىقى ساھابە سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ دەم سېلىشقا باشلىۋېلىدى، ھېلىقى بىمار خۇددى باغلاقتىن بوشانغاندەكلا مېڭىپ كەتتى، ئۇنىڭدا كېسەللىكتىن ھېچقانداق ئىز قالمىغانىدى. ھېلىقى مەھەللىدىكىلەر پۈتۈشكەن بىر تۇياق قوينى بەردى. بىر قىسىم ساھابىلەر قويلارنى بۆلۈشەيلى، دېدى. دۇئا ئوقۇغان كىشى: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى ئېيتايلى، قېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە دەيدىكىن، دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سەن سۈرە پاتىھەنىڭ دۇئا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىۋالدىڭ! توغرا قىپسىلەر» قويلارنى تەقسىم قىلىپ، ماڭىمۇ بىر ئۈلۈش بۆلۈپ بېرىڭلار، دېدى.[10]

يۇقىرىقى ۋەقەلىكتە بايان قىلىنغان دورا (يەنى دۇئا) ھېلىقى كېسەلگە پايدا قىلدى. ئۇ ئادەم سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. بۇ ناھايىتى يەڭگىل ۋە ئاسان داۋالاش بولدى. ناۋادا كىشىلەر ئىخلاسمەنلىك بىلەن سۈرە پاتىھە ئارقىلىق كېسەل داۋالىسا ئىدى، ئۇنىڭ ئاجايىپ تەسىرىنى كۆرگەن بولاتتى.

مەن مەككىدە تۇرغان كۈنلەردە ئاغرىپ قېلىپ دوختۇر

[10] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ياكى تېۋىپ تاپالمىدىم. ئاخىرى ئۆزۈمنى «سۈرە پاتىھە» ئارقىلىق داۋالىۋىدىم، ئاجايىپ تەسىرىنى كۆردۈم. شۇنىڭدىن بۇيان ئاغرىپ قالغانلارغا مۇشۇنى تەۋسىيە قىلدىم. نۇرغۇنلىرى ناھايىتى تېزلا ساقىيىپ كەتتى.

لېكىن بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بار. بىمارغا ئوقۇلىدىغان زىكىر- تەسبىھلەر، ئايەتلەر ياكى دۇئالار ئۆز ماھىيىتىدە شىپالىق بولسىمۇ، بىراق دۇئانىڭ تېگىشلىك ئورۇندا، تېگىشلىك شەكىلدە قىلىنىشىنى، دۇئا ئوقۇغۇچىنىڭ (ئىمانىي) كۈچىنى، ھىممىتىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇئا ئوقۇغۇچىنىڭ تەسىرىنىڭ ئاجىزلىقى ياكى دۇئا ئوقۇلغۇچىنىڭ قوبۇل قىلالماسلىقى ياكى دۇئانىڭ ئۈنۈمىنى توسۇپ قويىدىغان كۈچلۈك ئامىل قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ئايەت ياكى دۇئانىڭ شىپاسى كېچىكىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ.

بۇ، جىسمانىي كېسەللەرگە بېرىلگەن ماددىي دورىلارنىڭ تەسىرىگە ئوخشاشلا بىر ئىش. ماددىي دورىلارنىڭ جىسمانىي كېسەللەرگە تەسىر قىلماسلىقى ياكى تەسىرىنىڭ كېچىكىپ كېتىشى بەزىدە بىمارنىڭ تەبىئىتىنىڭ دورىنى قوبۇل قىلالماسلىقىدىن بولسا، بەزىدە دورىنىڭ تەسىرىنى كېسىدىغان كۈچلۈك بىر سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولىدۇ. ناۋادا ئىنساننىڭ تەبىئىتى دورىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلالىسا، دورا قوبۇل قىلىنغان مىقداردا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك قەلبلەرنىڭ دۇئالارنى تولۇق قوبۇل قىلالىشى، دۇئا قىلغۇچىنىڭ كۈچلۈك

روھقا، ئالىي ھىممەتكە ئىگە بولۇشى كىشىلەرنىڭ ساقىيىشىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## 2. دۇئا كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ

دۇئا كۆڭۈلسىزلىكلەرنى چېكىندۈرۈش، ئالدىنى ئېلىش ۋە ئارزۇ-ئارمانلارغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان دۇئالارنى قىلىش ياكى دۇئانىڭ تەركىبىدە نالايىق سۆزلەر (ھەددىدىن ئېشىش مەزمۇنىدىكى سۆزلەر)نىڭ بولۇشى؛ دۇئا قىلغۇچىنىڭ قەلبىدىكى ئاجىزلىق، ئاللاھقا يۈزلىنىپ يالۋۇرماسلىق، دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئاللاھقا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى دۇئا ئىجاۋەت بولماي قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. بۇ، خۇددى كىرىچى بوش تارتىلغان ياچاققا ئوخشايدۇ. بۇنداق ياچاقتىن ئوق شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقالمايدۇ. دۇئا قىلغۇچىنىڭ ھارام يېيىشى، قەلبلىرىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ قاپلاپ كېتىشى، غەپلەتكە چۆمۈپ كېتىش، شەھۋەتكە بېرىلىپ كېتىش، ئويۇن-تاماشىغا بېرىلىپ كېتىش... قاتارلىقلارمۇ دۇئانىڭ ئىجاۋەت بولماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەر ئىجابەتكە ئىشەنگەن ھالدا دۇئا قىلىڭلار.»[11]

[11] ھاكىم مۇستەدرەكتە رىۋايەت قىلغان

## 3. غاپىل ئادەمنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت قىلىنمايدۇ

شۇنى بىلىش لازىمكى، ئاللاھ قەلبىنى غەپلەت باسقان، لايغەزەل، بىپەرۋا ئادەملەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلمايدۇ. دۇئا كېسەللەرنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسىدۇر. لېكىن قەلبلەرنىڭ ئاللاھتىن غەپلەتتە قېلىشى ۋە ھارام يېيىش دۇئالارنى كۈچىنى كۆرسەتەلمەس قىلىپ قويىدۇ ۋە دۇئانىڭ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەي ئادەملەر، ئاللاھ پاكتۇر، پەقەت پاكنىلا قوبۇل قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇئمىنلەرنى پەيغەمبەرلەرنى بۇيرۇغان ئىشلارغا بۇيرىدى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ‹ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن.›»[12]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى-ھېسابسىز نېئمەتلىرىگە) شۈكرى قىلىڭلار.»[13] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ ۋەقەلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: «بىر ئادەم ئۇزاق سەپەرلەرنى بېسىپ، چاچلىرى چۇۋۇق، توپا-چاڭغا مىلەنگەن

[12] سۈرە مۇئمىنۇن 51 ـ ئايەت
[13] سۈرە بەقەرە 172 ـ ئايەت

هالـدا قولىنـى كۆتـۈرۈپ: ئـى پەرۋەردىـگار، ئـى پەرۋەردىـگار دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتىـدۇ، ۋەھالەنكى، ئۇنىـڭ يېمەكلىكى ھارامدىـن، كىيىم-كېچىكـى ھارامدىـن، ھارامدىـن ئوزۇقلانغـان تۇرسـا، ئۇنىـڭ دۇئايـى قانداقمـۇ ئىجـاۋەت بولسۇن!› »[14]

ئىمام ئەھمەدنىـڭ ئوغلـى ئابدۇللا دادىسىنىڭ «ئەززۇھـدۇ» ناملىـق كىتابىدىكـى مۇنـۇ ۋەقەلىكنـى بايـان قىلىـدۇ: بەنـى ئىسـرائىل قەۋمىگـە بىـر مۇسـىبەت يەتتـى. ئـۇلار بىـر مەيدانغـا يىغىلىـپ تۇرۇشـتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىگـە مۇنداق ۋەھيي قىلـدى: «سـىلەر نىجىـس تەنلىرىڭلارنـى ئېلىـپ تۇزلەڭلىككـە چىقىـپ تـۇردۇڭلار. ماڭا قـان تۆككـەن قوللىرىڭلارنـى كۆتـۈرۈپ (دۇئـا قىلىۋاتىسـىلەر). شـۇ قوللىرىـڭلار بىلـەن ئۆيلىرىڭلارنـى ھارامغـا توشـقۇزۇپ بولـدۇڭلار. ئەمـدى مېنىـڭ غەزىپىـم تولـۇپ تاشـتى. سـىلەر (ھەرقانچـە قىلساڭلارمۇ) مېنىـڭ مەرھەمىتىمگـە ئېرىشەلمەيسـىلەر.»

ئەبـۇ زەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: «ئازغىنـا تـۇز تائامغـا يېتىدىغانـدەك، ياخشـىلىققا ياندىشـىپ كەلگـەن دۇئالارمـۇ ئىجـاۋەت بولـىدۇ.»

## 4. دۇئـا ئـەڭ ئۈنـۈملۈك دورا

دۇئـا ئـەڭ ئۈنۈملـۈك دورا، ئـۇ بالا-قازاغـا قارشـى تۇرالايـدۇ. بالا-قازانـى چېكىندۈرىـدۇ ۋە چارىسـىنى قىلىـدۇ. دۇئـا بـالا-قازانىـڭ ئالدىنـى ئالىـدۇ ۋە ئۇنىـڭ كۆتۈرۈلـۈپ كېتىشـىگە ياكـى

[14] مۇسلىم رىۋايىتى

يـۈز بەرگـەن بالا ـ قازانـىڭ يەڭگىللىشـىگە سـەۋەب بولـىدۇ.

## 5. دۇئـا مۇئـمىنـنىڭ قـورالـى

ئەلـى رەزىيەللاهـۇ ئەنهـۇ پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ: «دۇئـا مۇئـمىنـنىـڭ قورالـى، دىنـنىـڭ تۈۋرۈكـى، ئاسـمان ـ زېمىننىـڭ نـۇرى.»[15]

دۇئانىڭ بالا ـ قازالارغا قارىتا مۇنداق ئۈچ دەرىجىسى بولىدۇ

1. دۇئا بالا ـ قازادىن كۈچلۈكرەك بولسا، ئۇنى چىقىرىۋېتىدۇ.

2. دۇئـا بالا ـ قازادىـن ئاجىـز كەلگـەن بولسـا، ھېلىقـى ئادەمگـە بـالا قـازا كېلىـدۇ. لېكىـن دۇئـا ئاجىـز بولغـان تەقدىردىمـۇ بالا ـ قازانـى يەڭگىللىتـىدۇ.

3. دۇئـا ۋە بالا ـ قـازا ئۆزئـارا قاتتىـق تىركىشـىدۇ. بىر ـ بىرىدىـن مۇداپىئـە ھالەتتـە تۇرىـدۇ. (دۇئـا دۇئـا قىلغۇچىنـى بـالا ـ قازادىـن ھىمايە قىلىـدۇ، بالا ـ قـازا ھېلىقـى ئادەمنـى دۇئادىـن توسـماقچى بولـىدۇ ـ دە، دۇئـا بىلـەن بالا ـ قـازا ئوتتۇرىسـىدا كـۈچ سىنىشـىش ھالىتـى شـەكىللىنىدۇ).

ئائىشـە رەزىيەللاهـۇ ئەنهـا پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ: «ئېھتىيـات تەقدىرنـى چىقىرىۋەتمەيـدۇ. دۇئـا يـۈز بەرگـەن ۋە يـۈز بەرمىگـەن تەقدىرلەرگـە تەسـىر كۆرسـىتەلەيدۇ. شۈبھىسـىزكى، بالا ـ قـازا يـۈز بېرىـپ دۇئـا بىلـەن ئۇچرىشـىدۇ. بـۇ ئىككىسـى تـا قىيامەتكىچە

[15] ھاكىم رىۋايىتى

ئۆزئارا كۈرەش قىلىدۇ.»[16]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇئا يۈز بەرگەن ۋە يۈز بەرمىگەن تەقدىرلەرگە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ، ئي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئۇنداقتا دۇئاغا ئەھمىيەت بېرىڭلار!.»[17]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تەقدىرنى پەقەت دۇئالا چېكىندۈرەلەيدۇ. ئۆمۈرنى پەقەت ياخشىلىقلا ئۇزارتالايدۇ. كىشىلەر گۇناھ قىلىش ئارقىلىق رىزىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ.»[18]

## 6. ئاللاھقا چىڭ ئېسىلىپ دۇئا قىلىش

ئاللاھقا چىڭ ئېسىلىپ قىلىنغان دۇئا ئەڭ ئىجاۋەت لىك دۇئا ھېسابلىنىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھتىن سورىمىغان (ئاللاھقا دۇئا قىلمىغان) ئادەمگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ.»[19]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇئادا بوشاڭلىق قىلماڭلار، چۈنكى دۇئا قىلىپ تۇرغان ھەرقانداق ئادەم زىيان

[16] ھاكىم رىۋايىتى
[17] ھاكىم رىۋايىتى
[18] ھاكىم رىۋايىتى
[19] ئىبنى ماجە رىۋايىتى

تارتمايدۇ.»[20]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىگە ئېسىلىپ دۇئا قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.»

قەتادە مۇۋەررىقنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مۇئمىننى دېڭىزدا بىر ياغاچقا ئېسىلىپ كېتىۋاتقان ھالىتىدە «يا رەببىم، يا رەببىم» دەپ دۇئا قىلىۋاتقان بىر ئادەمگە ئوخشىتىمەن، ئاللاھ ئېھتىمال ئۇ ئادەمنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن.»[21]

## 7. دۇئانىڭ ئىجابىتىگە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار

دۇئانىڭ ئىجابىتىگە ئالدىراپ كېتىپ، دۇئايىم ئىجاۋەت بولمىدى دەپ تىتىلداش، ھەسرەت چېكىش، دۇئانى تاشلاپ قويۇش... قاتارلىق ئىشلار دۇئانىڭ ئىجابىتىگە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللاردۇر. بۇ خۇددى زىرائەت تېرىپ ياكى كۆچەت تىكىپ، سۇغىرىپ، ياخشى پەرۋىش قىلىپ، زىرائەت ياكى كۆچەتنىڭ تىزراق ئايىنمىغانلىقىغا باتناپ تاشلىۋەتكەن دېھقاننىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ‹دۇئا قىلسام ھېچ ئىجاۋەت بولمىدى› دەپ ئالدىراپ كەتمىسىلا،

[20] هاكىم رىۋايىتى، ئەلبانىي زەئىپ دېگەن
[21] ئىمام ئەھمەد «ئەززۇھدۇ» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان

دۇئايى ئىجاۋەت بولىدۇ.»[22]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم گۇناھلىق ئىشلارنى تەلەپ قىلىپ ياكى سىلە-رەھىمنى ئۈزۈش مەزمۇنىدا دۇئا قىلمىسىلا، ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئادەم «دۇئايىم تېزلا ئىجاۋەت بولسا بولاتتى» دەپ جاگجال قىلماسلىقى لازىم. «دۇئايىم تېزلا ئىجاۋەت بولسا بولاتتى» دەپ جاگجال قىلىش دېگەنلىرى نېمە گەپ؟ يا رەسۇلۇللاھ، دەپ سورىلىۋېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: دۇئا قىلغۇچىنىڭ «دۇئا قىلىۋەردىم، دۇئا قىلىۋەردىم ھېچ ئىجابىتىنى كۆرمەيمىنا» دەپ ھەسرەتلىنىپ دۇئانى تاشلاپ قويۇشىدۇر، دېدى.[23]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەندە ئالدىراڭغۇلۇق قىلمىسىلا ياخشىلىققا ئېرىشەلەيدۇ. ساھابىلەر ‹قانداق ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدۇ› دەپ سوراشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹پەرۋەردىگارىمغا دۇئا قىلسام ھېچ ئىجاۋەت قىلمىدى› دەيدۇ، دەپ جاۋاب بەردى.»[24]

## 8. دۇئانىڭ ئىجابەتكە ياردىمى بولىدىغان ئامىللار

دۇئا ھوزۇرى قەلب بىلەن قىلىنسا؛ قەلبى پۈتۈنلەي

[22] بۇخارى رىۋايىتى
[23] مۇسلىم رىۋايىتى
[24] ئەھمەد رىۋايىتى

تىلەككە مەركەزلەشسە ۋە دۇئا ئىجاۋەت بولىدىغان ئالتە ۋاقىتقا[25] توغرا كەلسە؛ قەلبىدە ئاللاھتىن قورقۇش بولسا؛ پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، يىلىنىپ، يالۋۇرۇپ، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، تاھارەتلىك ھالەتتە، قولىنى كۆتۈرۈپ، دۇئانى ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت يوللاش بىلەن باشلىسا؛ ھاجىتىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتسا؛ ئاندىن ئاللاھتىن تىلەيدىغان تىلەكلىرىدە ئاللاھقا يېلىنىپ، ئاللاھقا چىڭ ئېسىلىپ، ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىپ، ئاللاھتىن ئەيمىنىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى، ئاللاھنىڭ بارلىق-بىرلىكىنى ۋەسىلە قىلىپ، دۇئادىن بۇرۇن سەدىقە قىلىۋېتىپ دۇئا قىلسا... شۈبھىسىزكى، بۇ دۇئا ئىجاۋەت سىز قالمايدۇ. بولۇپمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىجاۋەت بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن ياكى ئىسمى ئەزەمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇئالارنىڭ ئىجاۋەت قىلىنىش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

## 9. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئىجاۋەت بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن دۇئالار

ئابدۇللا ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنىڭ ﴿اللَّهُمَّ إني أسألك بأني

[25] كېچىنىڭ ئاخىرىقى ئۈچتىن بىرى قالغاندىكى دۇئا، ئەزان ئېيتىلىۋاتقاندا قىلىنغان دۇئا، ئەزان بىلەن تەكبىر ئارىسىدا قىلىنغان دۇئا، پەرز نامازدىن كېيىن قىلىنغان دۇئا، ئىمام جۈمە كۈنىدە خۇتبىگە چىققاندىن باشلاپ شۇ كۈننىڭ نامىزى ئاخىرلاشقىچە قىلىنغان دۇئا، ئەسىردىن كېيىنكى سائەتلەردە قىلىنغان دۇئا.

أشهد أنك أنت الله لا إله الا هو الأحد الصمد الذي لم يلد ولم يولد ولم يكن له كفوا أحد﴾ «ئى ئاللاھ! مەن ھەقىقەتەن سەندىن سورايمەنكى، سەن يالغۇز بىر ئاللاھتۇرسەن، سەندىن باشقا ھېچ مەبۇدى بەرھەق يوقتۇر. سەن بىردۇرسەن، ھەممە ساڭا مۇھتاجدۇر. سەن تۇغمىغان، تۇغۇلمىغان. ساڭا تەڭتۇش بولالايدىغان ھېچكىشى يوق» دەپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ «ئۇ، سورىسا بېرىلىدىغان، دۇئا قىلسا ئىجاۋەت قىلىنىدىغان ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇدى» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە «سەن ئاللاھتىن ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ سورىدىڭ» دېيىلگەن.[26]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئولتۇراتتىم، بىر ئادەم ناماز ئوقۇدى ۋە ﴿اللَّهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ بِأَنَّ لَكَ الْحَمْدَ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ الْمَنَّانُ بَدِيعُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ يَا ذَا الْجَلَالِ وَالْإِكْرَامِ يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ إِنِّي أَسْأَلُكَ﴾ «ئى پەرۋەردىگارىم! سەندىن سورايمەن. ساڭا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن، سەندىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، سەن سېخىي، ئاسمان بىلەن يەرنى يوقتىن بار قىلغانسەن. ئى ئەزىمەتلىك ۋە كەرەملىك، مەڭگۈ ھايات تۇرغۇچى، بارلىق ئىشلارنى باشقۇرغۇچى پەرۋەردىگارىم! سەندىن تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئادەم ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ دۇئا قىلدى، ئىسمى ئەزەم ئوقۇلۇپ دۇئا قىلىنسا ئىجاۋەت بولىدۇ، ئاللاھتىن سورالسا بېرىلىدۇ» دېگەن.[27]

[26] تىرمىزى رىۋايىتى
[27] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

ئەسما بىنتى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسمى ئەزەم ﴿وَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ لاَّ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الرَّحْمَنُ الرَّحِيمُ﴾ «سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر؛ ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[28] ﴿الم اللّهُ لا إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ﴾ «ئەلىف، لام، مىم. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئاللاھ (ھەمىشە) تىرىكتۇر، مەخلۇقاتنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»[29] دېگەندىن ئىبارەت مۇنۇ ئىككى ئايەتتۇر.»[30]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇئالىرىڭلاردا ﴿يَا ذَا الْجَلالِ وَالإِكْرَامِ﴾ «ئەي ئەزەمەتلىك، كەرەملىك ئاللاھ» دېيىشكە ئادەتلىنىڭلار.»[31]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسە ئاسمانغا قارايتتى، كۆچەپ دۇئا قىلغاندا ﴿يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ﴾ «ئەي ھەمىشە تىرىك، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى ئاللاھ» دەپ نىدا قىلاتتى.»

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرەر ئىش قاتتىق كەلسە ﴿يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ﴾ «ئەي ھەمىشە تىرىك، ھەممىنى

[28] سۈرە بەقەرە 163 ـ ئايەت
[29] سۈرە ئال ئىمران 1 ـ 2 ـ ئايەتلەر
[30] تىرمىزى رىۋايىتى
[31] ئەھمەد ۋە ھاكىم رىۋايىتى

ئىــداره قىلغۇچــى ئالـلاھ! ئۆزلىرىنىــڭ رەھمىتىگە سېغىنىپ ياردەم تەلـەپ قىلىمـەن» دەيتتـى.»[32]

ئەبـى ئۇمامـە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى رىۋايــەت قىلــدۇ: «ئىســمى ئــەزەم سۈره بەقــەره، سۈره ئــال ئىمــران، سۈره تاھــا قاتارلىــق ئــۈچ سـۈرىدە.»[33]

قاســم مۇنــداق دەيــدۇ: «مــەن شــۇ ئايەتلەرنــى ئىــزدەپ كۆرىۋېدىــم ﴿يَـا حَيُّ يَـا قيُّـومُ﴾ «ئــي ھەمىشــە تىرىــك، ھەممىنــى ئىــداره قىلغۇچــى ئالـلاھ»[34] دېگــەن ئايــەت ئىكــەن».

ســەئىد ئىبنــى ۋەققــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇ پەيغەمبــەر ئەلەيهىسســالامنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى رىۋايــەت قىلــدۇ: «يۇنــۇس ئەلەيهىسســالام بېلىقنىــڭ قارنىــدا تــۇرۇپ: ﴿لَّا إِلَهَ إِلَّا أَنــتَ سُــبْحَانَكَ إِنِّي كُنــتُ مِــنَ الظَّالِمِــينَ﴾ «(پەرۋەردىگارىــم!) ســەندىن بۆلــەك ھېــچ مەبــۇد (بەرھــەق) يوقتــۇر، ســەن (جىمــى كەمچىلىكلەردىــن) پاكتۇرســەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلــۇم قىلغۇچىلاردىــن بولــدۇم.»[35] دېگــەن دۇئانــى ئوقۇغــان، كىمكــى ھــەر قانــداق ئىشــىدا مەزكــۇر دۇئانــى تــەرك ئەتمىســە، ئالــلاھ ئۇنىــڭ تىلىكىنــى ئىجاۋەت قىلــدۇ.»[36]

ســەئىد رەزىيەللاھــۇ ئەنهۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسـالامنىڭ مۇنداق

[32] تىرمىزى رىۋايىتى
[33] ھاكىم رىۋايىتى
[34] ئال ئىمران 2 ـ ئايەت
[35] سۈره ئەنبىيا 87 ـ ئايەت
[36] تىرمىزى، ھاكىم رىۋايىتى

دىگەنلىكنــى رىۋايــەت قىلــدۇ: «مــەن ســىلەرگە قىيىنچىلىققا يولۇققانــدا ئۇنىــڭ بىلــەن دۇئــا قىلسا ئالــلاھ قىيىنچىلىقنــى كۆتۈرۈۋېتىدىغــان بىــر دۇئانــى ئۆگىتىــپ قويايمــۇ؟ ئــۇ، يۇنــۇس ئەلەيھىســالامنىڭ دۇئاســىدۇر.»[37]

سـەئىد رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقنـى رىۋايـەت قىلىدۇ: «مەن سـىلەرگە ئىسمى ئەزەمنى دەپ بېرەيمـۇ؟ ئـۇ، يۇنـۇس ئەلەيھىسسـالامنىڭ دۇئاسـىدۇر.» بىرەيلـەن: يـا رەسـۇلۇللاھ، بـۇ دۇئـا يۇنـۇس ئەلەيھىسسـالامغىلا خاسـمۇ؟ دەپ سـورىۋېدى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: سـەن ئاللاھنىــڭ ﴿فَاسْـتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَـاهُ مِـنَ الْغَـمِّ وَكَذَلِـكَ نُنـجِي الْمُؤْمِنِـينَ﴾ «ئۇنىــڭ دۇئاســىنى ئىجاۋەت قىلــدۇق، ئۇنــى (بېلىــق يۇتقــان چاغدىكـى) غەمدىـن خـالاس قىلـدۇق، شـۇنىڭدەك مۇئمىنلەرنـى (ئېغىرچىلىقلاردىــن) خــالاس تاپقۇزىمــز.»[38] دېگەنلىكنــى ئاڭلىمىدىڭمـۇ، دېـدى.»

«قايسـىدۇر بىـر مۇسـۇلمان كېسـەللىك مەزگىلىـدە مەزكـۇر دۇئا بىلەن قىرىق قېتىم دۇئا قىلىپ، شـۇ كېسـەللىكىدە ئۆلۈپ كەتسە شـەھىدنىڭ ئەجـرى بېرىلىـدۇ. نـاۋادا كېسـىلىدىن سـاقىيىپ كەتسە گۇناھـى مەغفىـرەت بولغـان ھالەتتـە سـاقىيىدۇ.»[39]

ئىبنـى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ رىۋايـەت قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام بـىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققانـدا مۇنـداق دۇئـا قىلاتتـى: ﴿لا اله الا الله العظيـم الحليـم لا اله الا الله رب

[37] ھاكىم رىۋايىتى
[38] سۈرە ئەنبىيا 88 ـ ئايەت
[39] ھاكىم رىۋايىتى

العـرش العظيـم لا اله الا الله رب السـموات السـبع ورب الارض ورب العـرش الكريـم﴾ «بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان، بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، يەتتە ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ۋە ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئەزەمەتلىك ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇدى بەرھەق يوقتۇر.)»[40]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇققاندا مۇنۇ دۇئانى ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قويدى: ﴿لا اله الا الله الحليم الكريم سبحان الله وتبارك الله رب العرش العظيم والحمد لله رب العلمين﴾ «بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان، مەرھەمەتلىك ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇدى بەرھەق يوقتۇر. ئاللاھ پاكتۇر، بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. جىمى مەدھىيە ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.»[41]

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق ئادەم غەم-قايغۇغا دۇچار بولۇپ: ﴿اللَّهُمَّ إِنِّي عَبْدُكَ، ابْنُ عَبْدِكَ، ابْنُ أَمَتِكَ، نَاصِيَتِي بِيَدِكَ، مَاضٍ فِيَّ حُكْمُكَ، عَدْلٌ فِيَّ قَضَاؤُكَ، أَسْأَلُكَ بِكُلِّ اسْمٍ هُوَ لَكَ سَمَّيْتَ بِهِ نَفْسَكَ، أَوْ أَنْزَلْتَهُ فِي كِتَابِكَ، أَوْ عَلَّمْتَهُ أَحَدًا مِنْ خَلْقِكَ، أَوِ اسْتَأْثَرْتَ بِهِ فِي عِلْمِ الْغَيْبِ عِنْدَكَ، أَنْ تَجْعَلَ الْقُرْآنَ رَبِيعَ قَلْبِي، وَنُورَ صَدْرِي، وَجَلَاءَ حُزْنِي، وَذَهَابَ هَمِّي﴾ «(ئى ئاللاھ! مەن سېنىڭ بەندەڭ، بەندەڭنىڭ ۋە

[40] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[41] ئەھمەد رىۋايىتى

دېدىكىڭنىڭ ئۇغلى، مەن سېنىڭ چاڭگىلىڭدىمەن، كوكۇلام سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. ھەققىمدە چىقارغان ھۆكمىڭ ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە بۇ ھۆكۈم ئادىللىق بىلەن چىقىرىلغاندۇر. ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئۆزەڭنى ئاتىغان، كىتابىڭدا نازىل قىلغان ۋە ئۆز دەرگاھىڭدا ھېچكىمگە بىلدۈرمەي يوشۇرۇن ساقلىغان بارلىق ئىسىملىرىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ سورايمەنكى، «قۇرئان كەرىم»نى قەلبىمنىڭ باھارى، غەم ـ قايغۇلىرىمنىڭ ئىلاجى قىلىپ بەرگىن!» دېگەن دۇئانى ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىنى كەتكۈزۈپ، ئۇنى خۇشاللىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدۇ. ساھابىلەر: يا رەسۇلۇللاھ ئۇنى ئۆگىنىۋالمايلىمۇ ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەلۋەتتە ئۆگىنىۋېلىڭلار، بۇ دۇئانى ئاڭلىغان ئادەم ئۆگىنىۋېلىشى لازىم، دېگەن.»[42]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەرلەر دىشۋارچىلىققا يولۇقسا، ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىش ئارقىلىق ياردەم تەلەپ قىلاتتى.»

ئىبنى ئەبى دۇنيا «مۇجابىين» ناملىق كىتابىنىڭ دۇئا توغرىسىدىكى بابىدا ھەسەندىن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدە ئەبا مۇئەللەق دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئەنسارى بار ئىدى. بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ يۇرت كېزىپ سودا قىلاتتى. ئۇ ناھايىتى ئابىد، تەقۋادار ئادەم ئىدى. ئۇ بىر قېتىم سەپەرگە چىققاندا يولدا نىقابلانغان قورallıq بىر

[42] ئەھمەد رىۋايىتى

بۇلاقچىغا ئۇچرايدۇ، بۇلاقچى ئۇنىڭغا:

_ بارلىق مۈلكۈڭنى تاپشۇر، مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن-دەيدۇ.

_ مېنى ئۆلتۈرۈپ نېمە قىلىسەن، ساڭا كېرىكى مالغۇ؟!

_ مال دېگەنغۇ مېنىڭ، ئەمما مېنىڭ سېنى ئۆلتۈرگۈم بار!

_ ناۋادا مېنى ئۆلتۈرمەسلىككە زادى قوشۇلمساڭ، ئۇنداقتا مېنى تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇۋالغىلى قويامسەن؟

_بولىدۇ، خالىغانچە ئوقۇۋال!

ئەبا مۇئەللەق تاھارەت ئېلىپ، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇدى، ئۇ ئاخىرىقى سەجدىسىدە: ﴿يا ودود يا ودود، ياذا العرش المجيد، يا فعالا لما تريد، أسألك بعزك الذي لا يرام وبملكك الذي لا يضام وبنورك الذي ملأ أركان عرشك أن تكفيني شر هذا اللص يا مغيث أغثني﴾ «ئى بەندىلىرىنى دوست تۇتقۇچى ئاللاھ، ئى بەندىلىرىنى دوست تۇتقۇچى ئاللاھ! ئى بۈيۈك ئەرشىنىڭ ئىگىسى، ئى خالىغىنىنى قىلغۇچى زات! ئۆزلىرىنىڭ يوقالماس ئىززىتى، زاۋال تاپماس پادىشاھلىقلىرى، پۈتۈن ئەرشنى توشقۇزغان نۇرلىرىغا سېغىنىپ مۇشۇ بۇلاقچىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ قېلىشلىرىنى تىلەيمەن. ئى ياردەم بەرگۈچى زات، ماڭا ياردەم قىلسىلا!» دېگەن دۇئانى ئۈچ قېتىم ئېيتتى. توساتتىن قولىدا نەيزە كۆتۈرگەن بىر چەۋەنداز بۇ تەرەپكە كەلدى-دە، ھېلىقى بۇلاقچىنىڭ ئېتىنىڭ ئىككى قۇلىقى ئارىسىغا نەيزە ئۇردى. بۇلاقچى بۇنى كۆرۈپ چەۋەنداز تەرىپىگە ئالدىنى قىلىشىغا

چەۋەنداز بۇلاقچىغا نەيزە ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ئەبا مۇئەللەقنىڭ قېشىغا كېلىپ:

-ئورنۇڭدىن تۇر، دېدى.

-دادام، ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. ئاللاھ بۈگۈن مېنى سەن ئارقىلىق ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇردى. ئۆزۈڭ كىم بولىسەن-دەپ سورىدى، ئەبا مۇئەللەق.

-مەن تۆتىنچى ئاسماندىكى بىر پەرىشتە. سەن بىرىنچى قېتىم دۇئا قىلغاندا، ئاسماننىڭ ئىشىكلىرىنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئىككىنچى قېتىم دۇئا قىلغاندا ئاسماندىكىلەرنىڭ چۇقان سېلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۈچىنچى قېتىم دۇئا قىلغىنىڭدا، ماڭا: ھاجەتمەن دۇئا قىلىۋاتىدۇ، دېيىلدى. مەن: بۇ ئىشقا مېنى قوي، مەن ئۇ بۇلاقچىنى ئۆلتۈرۈۋېتەي، دەپ ئاللاھتىن تىلىدىم، دېدى. ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: كىمكى تاھارەت ئېلىپ، تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇپ، مۇشۇ دۇئانى قىلسا، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ياكى ئۇچرىمىغان بولۇشتىن قەتئىينەزەر دۇئايى ئىجاۋەت بولىدۇ.[43]

## 10. دۇئا ئىجاۋەت بولىدىغان ھالەتلەر

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قىلغان دۇئالىرىنىڭ ئىجاۋەت بولغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ، دۇئانىڭ دۇئا قىلغۇچىدىكى جىددىي پەيتلەرگە ماس كەلگەنلىكى ياكى

[43] ھاپىز ئىبنى ئەبى دۇنيانىڭ «دۇئاسى ئىجابەت بولغانلار» ناملىق ئەسىرىگە قاراڭ

دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئاللاھقا يۈتۈنلەي يۈزلەنگەنلىكىدىن بولىدۇ. دۇئا قىلغۇچى دۇئادىن بۇرۇن ياخشىلىق ئىشلارنى قىلىۋېتىپ ئاندىن دۇئا قىلسا، ئاللاھ ئۇ ئادەمنىڭ ياخشىلىقىغا كۆپ ياخشىلىق ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىدۇ. دۇئانىڭ دۇئا ئىجاۋەت بولىدىغان ۋاقىتلارغا ئۇيغۇن كېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەرمۇ دۇئانىڭ ئىجاۋەت قىلىنىش ئېھتىماللىقىنى ئاشۇرىدۇ.

بىر قىسىم ئادەملەر دۇئانىڭ ئىجاۋەت بولۇشى دۇئانىڭ تېكىستىگىلا باغلىق دەپ ئويلايدۇ-دە، دۇئايى ئىجاۋەت بولغان ئادەملەرگە ياندىشىپ كەلگەن سەۋەبىكتىپ ئامىللارغا پەرۋا قىلماستىن، دۇئانىڭ تېكىستلىرىگىلا ئېسىلىۋالىدۇ. بۇ، خۇددى بەزىلەرنىڭ بىر بىمار پايدا قىلىدىغان دورىنى مۇناسىپ پەيتتە، مۇۋاپىق ئۇسۇلدا ئىستىمال قىلىپ ئۈنۈمگە ئېرىشكىنىنى كۆرۈپلا، شۇ دورىنى ئىستىمال قىلساقلا كېسەلدىن ساقىيىدىكەنمىز، دېگەن خاتا قاراشقا كېلىپ قالغىنىغا ئوخشايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر دەل مۇشۇ نۇقتىدا خاتالىشىدۇ.

يەنە بەزى ئادەملەر قەبرىنىڭ قېشىدا تۇرۇپ ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ ئاللاھقا ئېسىلىپ تۇرۇپ قىلغان دۇئايى دۇئا ئىجاۋەت بولىدىغان ۋاقىتلارغا ياكى ھالەتلەرگە ئۇيغۇن كېلىدۇ-دە، ئىجاۋەت قىلىنىدۇ. بىر قىسىم نادان ئادەملەر بۇنى دۇئا قىلغۇچىنىڭ ئاللاھقا قاتتىق يېلىنغانلىقىدىن ياكى ئاللاھقا ھەقىقى تېۋىنىپ تۇرۇپ دۇئا قىلغانلىقىتىن ئىجاۋەت

بولـدى دەپ قارىماسـتىن، بەلكـى قەبرىنىـڭ كارامىتـى دەپ چۈشـىنىپ قالىـدۇ. نـاۋادا دۇئـا قەبرىنىـڭ يېنىـدا قىلىنماسـتىن ئاللاھنىـڭ ئۆيلىرىدىـن بىرەرىـدە قىلىنىـپ، شـۇ يـەردە ئىجاۋەت قىلىنغـان بولسـا بـۇ دۇئـا تېخىمـۇ ئـەۋزەل، ئاللاھقـا تېخىمـۇ ياخشـى كۆرۈلگـەن بولاتتـى.

## 11. دۇئـا ئـىجاۋەت بـولـۇشـنىـڭ شـەرتـلـىرى

دۇئـا ۋە زىكىر-تەسـبىھلەر قورالغـا ئوخشـايدۇ. قـورال قـورال بولغانلىقـى ئۈچۈنـلا ئەمـەس، بەلكـى ماھىـر بىـر ئاتامانىنىـڭ قولىغـا چۈشـكەندىلا، ئۆزىنىـڭ رولىنـى جـارى قىلدۇرالايـدۇ. قـورال يـارام بولسـا، نۇقسانى بولمىسـا، قـورال تۇتقـان بىلەكنىـڭ تـورى بولسـا، قارشـىلىق ئامىللـىرى مەۋجۇت بولمىسـا، دۈشـمەننى يـەر چىشـلىتىش تامامـەن مۇمكىـن. نـاۋادا يۇقىرىقـى ئامىللارنىـڭ بىـرەرى ئەمەلىيلەشمىسـە، يـارام قورالنىـڭ ھېچقانـداق ئەھمىيىتـى بولمـاي قالىـدۇ. نـاۋادا دۇئـا ئـۆز ماھىيىتىـدە يوللۇق دۇئا بولمىسا ياكـى دۇئـا قىلغۇچـى قەلبـى ۋە تىلىنـى دۇئاغـا مەركەزلەشتۈرمىسـە ياكـى دۇئانىـڭ ئىجابىتىدىـن توسـىدىغان بىـرەر ئامىـل مەۋجـۇت بولـۇپ قالسـا، دۇئانىـڭ ئۈنۈمـى بولمايـدۇ.

## 12. دۇئـا ۋە تـەقـدىـر

بەزىلـەر: نـاۋادا تىلەكلەرنىـڭ ۋۇجۇدقـا چىقىشـى تەقدىـر قىلىنغـان بولسـا، بەنـدە دۇئـا قىلسـۇن، قىلمىسـۇن بەرىبىـر ۋۇجۇدقـا چىقىـدۇ. نـاۋادا تەقدىـر قىلىنمىغـان بولسـا بەنـدە ئاللاھتىـن تىلىسـۇن، تىلىمىسـۇن بەرىبىر ۋۇجۇدقا چىقمايدىغۇ!

دەيــدۇ.

بــر قســم ئادەملــەر يۇقىرىقى قاراشنى توغرا دەپ ئويلايدۇ-دە، دۇئانــى تاشلاپ قويــدۇ. دۇئــا قىلغانىنــڭ پايدىســى يــوق دەپ قارايــدۇ. بۇلار ئۇچىغا چىققان نـادان، ئازغۇن، پەلىپەتىش گــەپ قىلىدىغــان ئادەملــەردۇر. نــاۋادا ئۇلارنىــڭ قارىشــىغا قوشــۇلۇپلا قالســاق بارلىــق ســەۋەبلەرنى رەت قىلىشــقا توغــرا كېلىــدۇ. ئاندىــن ئۇلاردىــن: نــاۋادا تويــۇش، قېنىــش تەقدىــر قىلىنغــان بولســا يېســىڭىزمۇ، يېمىســىڭىزمۇ تويىۋېرىســىز. نــاۋادا تەقدىــر قىلىنمىغــان بولســا يېســىڭىزمۇ، يېمىســىڭىزمۇ بەرىبىــر تويمايســىز. نــاۋادا ســىزگە پەرزەنتلىــك بولــۇش تەقدىــر قىلىنغان بولسا، ئايالىڭىــز ياكــى دېدىكىڭىــز بىلــەن يېقىنچىلىــق قىلىــش ياكــى قىلماســلىقتىن قەتئىيــنەزەر چوقــۇم پەرزەنتلىــك بولىســىز. ئۇنداقتــا تــوي قىلىــش ياكــى دېــدەك ساقلاشــنىڭ نېمــە ھاجىتى، دېگەنــدەك بىــر تــالاي ســوئاللارنى سوراشــقا توغــرا كېلىــدۇ.

ئۇلارنىــڭ بەزىســى ئۆزىنــى ئەقىللىــق چاغــلاپ دۇئاخانلىــق نوقــۇل ئىبــادەت ئىشــى، ئالــلاھ ئــۇ ئارقىلىــق دۇئــا قىلغۇچىغــا ســاۋاب بېرىــدۇ. دۇئانىــڭ تىلەكنى قولغا كەلتۈرۈشــتە ھېچقانداق تەســىرى بولمايــدۇ، دەپ قارايــدۇ. بۇلارنىــڭ قارىشــىدا يەنە تىلىدا بولســۇن ياكــى دىلىــدا بولســۇن دۇئــا قىلغــان ۋە قىلمىغانىنــڭ تىلەككــە ئېرىشىشــتە ھېچقانــداق تەســىرى بولمايــدۇ. دۇئــا قىلغان بىلــەن قىلمىغانىنــڭ پەرقــى يــوق دەپ قارايــدۇ.

يەنــە ئۇلارنىــڭ ئىچىدىكــى بىــر قىســىم «دانــالار» «دۇئــا نوقــۇل بىــر شــەكىل، ئالــلاھ تائــالا ئۇنــى تىلەكنىــڭ ئىجابىتىگــە

سىمۋول قىلغان. ئاللاھ بىر بەندىنى دۇئاغا مۇۋەپپەق قىلغان بولسا، بۇ ھاجەتنىڭ راۋا بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. بۇ خۇددى ئەتىياز پەسلىدە ئاسماندا يامغۇرلۇق بۇلۇتنىڭ كۆرۈنگەنلىكى يامغۇر ياغىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولغانغا ئوخشاشلا بىر گەپ» دەيدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئىتائەت ساۋاب-مۇكاپاتنىڭ، گۇناھ-مەئسىيەت جازانىڭ ئىپادىسى. بىر ئادەمنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىق قىلىشى ساۋاب ياكى جازانىڭ سەۋەبى بولماستىن، بەلكى ئۇ ئادەمنىڭ ساۋاب ياكى جازاغا لايىق ئىكەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر.

ئۇلارنىڭ قارىشىدا (مەلۇم شەيئىنىڭ) سۇندۇرۇلۇشى شۇ نەرسىدە سۇنۇش خۇسۇسىيىتىنىڭ بولغانلىقى، كۆيدۈرۈلۈشى كۆيۈش خۇسۇسىيىتىنىڭ بولغانلىقى، ئۆلتۈرۈلۈشى ئۆلۈش خۇسۇسىيىتىنىڭ بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەۋەب-نەتىجىلىك مۇناسىۋەت يوق. بار دېيىلسە، سەۋەب بولۇش مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى مۇنداقلا توغرا كېلىپ قېلىش مۇناسىۋىتى بار خالاس. ئۇلار يۇقىرىقى قاراشلىرى ئارقىلىق ھېس، ئەقىل، شەرئىي، تەبىئىي ئاڭ ۋە باشقا ئەقلىي تەرەپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىدۇ. بەلكى ئاقىللارنىڭ (ئەقلىنى ئىشلىتىشلىرىمۇ) ئۇلارغا كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنمىغان ئۈچىنچى بىر قاراش بار. بۇ يۇقىرىقى سوئالنى سورىغۇچىلار مۇۋەپپەق بولالمىغان توغرا قاراشتۇر. ئۇ بولسىمۇ، ھەر نەرسە سەۋەبلىرى بىلەن تەقدىر

قىلىنغان، دېگەن قاراشتۇر. دۇئامۇ سەۋەبلەر قاتارىدىندۇر. بىر نەرسە سەۋەبىدىن خالىي ھالدا تەقدىر قىلىنمايدۇ. ھەر نەرسىنىڭ سەۋەبلىرىمۇ ھەم تەقدىر قىلىنغان. قاچانكى بىر ئادەم بىر ئىشنىڭ سەۋەبىنى قىلسا، تەقدىر قىلىنغان نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ناۋادا سەۋەبىنى قىلمىسا نەتىجە چىقمايدۇ. بۇ خۇددى تويۇش ۋە قېنىشنىڭ يېيىش ۋە ئىچىشتىن ئىبارەت سەۋەبى ئارقىلىق تەقدىر قىلىنغاندەكلا، پەرزەنتلىك بولۇش جىنسىي مۇناسىۋەت ئارقىلىق، مول-ھوسۇلغا ئېرىشىش ئۇرۇق تېرىش ئارقىلىق، ھايۋاننىڭ جېنىنىڭ چىقىشى بوغۇزلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدىغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش. شۇنىڭغا ئوخشاش جەننەتكە كىرىش جەننەتىيلەرنىڭ ئەمەلىنى قىلىش، دوزاخقا كىرىش دوزىخىيلارنىڭ ئەمەلىنى قىلىش ئارقىلىق تەقدىر قىلىنغان.

## 13. دۇئا ئەڭ كۈچلۈك سەۋەبلەردىندۇر

دۇئا ئەڭ كۈچلۈك سەۋەب بولۇپ، ناۋادا تىلەكنىڭ دۇئا ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىشى تەقدىر قىلىنغان بولسا، دۇئانىڭ پايدىسى يوق دېيىش توغرا ئەمەس. بۇ خۇددى يېگەن-ئىچكەننىڭ، ئىش-پائالىيەت قىلغاننىڭ پايدىسى يوق دېگەندەكلا بىر گەپ. سەۋەبلەر ئىچىدە دۇئادىنمۇ ئۈنۈملۈك سەۋەب يوق. تىلەكلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە دۇئادىنمۇ كۈچلۈك ياردەمچى بولمايدۇ.

ساھابىلەر ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھەققىدە ئەڭ كۆپ نەرسە بىلىدىغان، دىنىنى

ئـەڭ بـەك چۈشـىنىدىنغان ئادەملـەر بولغاچقا، ئـۇلار باشـقىلارغا قارىغانـدا دۇئـالار، دۇئالارنىـڭ شـەرتلىرى ۋە ئەدەبلىرىگـە تولىمۇ ئەھمىيـەت بېرەتتـى.

ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ دۈشـمەنلىرى ئۈسـتىدىن غەلىبـە قىلىشـتا ئالالاھتــن دۇئـا ئارقىلـق يـاردەم تىلەيتتـى. دۇئـا ئۇنىـڭ ئـەڭ كۈچلـۈك قوشـۇنى ئـىدى. ئـۇ سەپداشـلىرىغا «سـىلەر سـانىڭلارنىڭ كۆپلۈكـى بىلـەن غەلىبـە قىلالمايسـىلەر. بەلكـى ئاسـماندىن (ئاللاھتـن) كەلگـەن يـاردەم ئارقىلـق غەلىبـە قىلالايسـىلەر» دەيتتـى. ئـۇ يەنـە مۇنـداق دېگـەن: «مـەن دۇئايىمنىـڭ ئىجاۋەت بولۇشـى ياكـى بولماسلىقىدىن ئانچە ۋايىم يـەپ كەتمەيمـەن. لېكـن دۇئاغا تـازا ئەھمىيـەت بېرىمـەن. ناۋادا سـىلەرگە دۇئـا ئىلھام قىلىنسا، شۈبھىسـىزكى، ئۇنىـڭ ئىجابىتـى بىللـە بولىـدۇ.»

شائىر بۇ مەزمۇننى ئىپادىلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ناۋادا ئىرادە قىلمىسا ئاللاھ،
بەرمەكنى بىزلەرگە ئۈمىد قىلغاننى.
بەرمىگەن بولاتتى ھېچۋاق ئۇ بىزگە،
دۇئاغا كۆنۈشكە بىرەر ئىمكاننى.

بىـر كىشـىگە دۇئـا ئىلھـام قىلىنغـان بولسـا، شۈبھىسـىزكى، ئۇنىڭغـا ئىجـاۋەت ئىـرادە قىلىنىـدۇ. ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «مـاڭا دۇئـا قىلىـڭلار، مـەن (دۇئايىڭلارنـى) قوبـۇل قىلىمـەن

(تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ». [44]

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇھەممەد، مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرىلىق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن). ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىمەن. ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).»[45]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئاللاھتىن سورىمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ.»[46]

بۇ ھەدىستىن ئاللاھتىن سوراش ۋە ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. ناۋادا ئاللاھ رازى بولسا، ھەر قانداق ياخشىلىققا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھنى نارازى قىلغان ئىنسان ھەرقانداق بالايى-مۇسىبەت، گۇناھ-مەئسىيەتكە دۇچار بولىدۇ.

ئىمام ئەھمەد «ئەززۇھدۇ» ناملىق كىتابتا مۇنداق بىر ئەسەرنى تىلغا ئالىدۇ: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن

[44] سۈرە غافىر 60 ـ ئايەت
[45] سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەت
[46] ئىبنى ماجە رىۋايىتى

ئاللاھتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ناۋادا مەن رازى بولسام بەرىكەت ئاتا قىلىمەن، مېنىڭ بەرىكىتىمنىڭ چېكى بولمايدۇ. ناۋادا مەن غەزەبلەنسەم لەنەت قىلىمەن، مېنىڭ لەنىتىم يەتتىنچى ئەۋلادىغىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ.»

ئەقلى، نەقلى[47]، ئىنسانىنىڭ ساغلام تەبىئىتى ۋە كىشىلەرنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئايان بولۇشىچە، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش، ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ياخشىلىق قىلىش-مانا بۇلار ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ ئەڭ بۈيۈك سەۋەبلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، ئىنسان بارلىق يامانلىقلارغا دۇچار بولىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا ياخشىلىق قىلىشتىنمۇ بەكرەك ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە سەۋەب بولىدىغان، ئاللاھنىڭ جازاسىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر نەرسە يوق.

ئاللاھ تائالا نەتىجىنى شەرت ۋە سەۋەبلەرگە باغلاپ قويغىنىغا ئوخشاشلا، «قۇرئان كەرىم»دە بىر ئادەمنىڭ ھەر ئىككى دۇنيادىكى ياخشىلىقلارغا ئېرىشىشى ۋە ئۇنىڭدىكى يامانلىقلارغا دۇچار بولۇشىنى ئۇنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىگە باغلىق قىلىپ قويدى. بۇ مەزمۇنلار «قۇرئان كەرىم»دە مىڭدىن ئارتۇق ئورۇندا تىلغا ئېلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بەزى جايلىرىدا بولىمىش خەۋەرلەر ۋە شەرئىي بەلگىلىمىلەر شۇنىڭغا مۇناسىپ سۈپەتلەرگە ئەگەشتۈرۈپ بايان قىلىنىدۇ. مەسىلەن: «ئۇلار نەھيى

[47] قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى كۆرسىتىدۇ

قىلىنغان نەرسىنى تەرك ئېتىشتىن باش تارتقانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا: ‹خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار› دېدۇق.»[48]

«ئۇلار بىزنى دەرغەزەپ قىلغاندا، ئۇلارنى بىز (ئەڭ قاتتىق جازالار بىلەن) جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى (دېڭىزدا) غەرق قىلدۇق.»[49]

«ئوغرىلىق قىلغۇچى ئەر ۋە ئوغرىلىق قىلغۇچى ئايالنىڭ قىلمىشىنى جازالاپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبرەت قىلىش يۈزىسىدىن قوللىرىنى كېسىڭلار. ئاللاھ (ئۆز ئەمرىنى ئىشقائاشۇرۇشتا) غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[50]

«مۇسۇلمان ئەرلەر ۋە مۇسۇلمان ئاياللارغا، مۇئمىن ئەرلەر ۋە مۇئمىن ئاياللارغا، تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئەرلەر ۋە تائەت-ئىبادەت قىلغۇچى ئاياللارغا، راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللارغا، سەۋر قىلغۇچى ئەرلەر ۋە سەۋر قىلغۇچى ئاياللارغا، خۇدادىن قورققۇچى ئەرلەر ۋە خۇدادىن قورققۇچى ئاياللارغا، سەدىقە بەرگۈچى ئەرلەر ۋە سەدىقە بەرگۈچى ئاياللارغا، روزا تۇتقۇچى ئەرلەر ۋە روزا تۇتقۇچى ئاياللارغا، نەفسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئەرلەر ۋە نەپسىلىرىنى ھارامدىن ساقلىغۇچى ئاياللارغا، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئەرلەر ۋە ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلغۇچى ئاياللارغا ئاللاھ مەغپىرەت ۋە كاتتا ساۋاب تەييارلىدى.»[51]

[48] سۈرە ئەئراف 166 ـ ئايەت
[49] سۈرە زۇخرۇف 55 ـ ئايەت
[50] سۈرە مائىدە 38 ـ ئايەت
[51] سۈرە ئەھزاب 35 ـ ئايەت

يەنە بەزى ئايەتلەردە بولمىش خەۋەرلەر ۋە شەرئىي بەلگىلىمىلەرگە شەرت ۋە ئۇنىڭ ياندۇرۇقى ياندىشتۇرۇلۇپ كەلتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: «ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزىل ئىگىسىدۇر.»[52]

«ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر). ئۇقىدىغان قەۋم ئۈچۈن، ئايەتلەرنى تەپسىلىي بايان قىلىمىز.[53]

«ئەگەر ئۇلار (يەنى مەككە كۇپپارلىرى) توغرا يولدا بولسا ئىدى، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق (يەنى رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق)، كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.»[54]

ئۇمۇمەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇرئان كەرىم» باشتىن ئاخىرىغىچە جازا-مۇكاپاتلارنى، كائىناتقا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى ۋە بولمىشلارنى، بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە ئالاقىدار ھۆكۈملەر ۋە ئۇ ئىككىسىدىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنى سەۋەبلەر ۋە

[52] سۈرە ئەنفال 29 ـ ئايەت
[53] سۈرە تەۋبە 11 ـ ئايەت
[54] سۈرە جىن 16 ـ ئايەت

ئەمەللەرنىڭ داۋامى سۈپىتىدە بايان قىلغان.

بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەنگەن ۋە ئاڭقىرىيالىغان كىشىلەر زور ئۇنۇمگە ئېرىشەلەيدۇ. چۈشەنمەستىنلا تەقدىرگە يۆلىنىۋالىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنالايدۇ. بىر ئىشلارغا تەۋەككۇل قىلالمايدىغان ئاجىزلىقتىن، تەۋەككۇل قىلغان تەقدىردىمۇ قىلغان ئىشىدا بوشاڭ، لايغەزەل، بىكار-تەلەتلىكلەردىن يىراق بولالايدۇ. بەلكى تەقدىرنى لايىقىدا چۈشەنگەن ئادەملەر تەقدىرنى تەقدىر ئارقىلىق رەت قىلالايدۇ. تەقدىر ئارقىلىق يەنە بىر تەقدىرنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ ۋە بىر تەقدىر ئارقىلىق يەنە بىر تەقدىرگە تاقابىل تۇرالايدۇ. ئىنسان تەقدىرسىز ياشىيالمايدۇ. دەرۋەقە ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق، توڭلاش ۋە ھەرخىل خىيىم-خەتەر ۋە ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەقدىرنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

پۈتۈن مەخلۇقاتلار تەقدىر ئارقىلىق تەقدىرنى چېكىندۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغان ۋە توغرا يولغا سالغان ئادەملەر ئاخىرەتتىكى جازادىن ئىبارەت تەقدىرنى تەۋبە، ئىمان ۋە ياخشى ئەمەلدىن ئىبارەت تەقدىر ئارقىلىق چېكىندۈرىدۇ. بۇ ئادەملەر دۇنيادىكى قورقۇنۇشلۇق تەقدىرلەرنى ۋە ئۇنى چېكىندۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئوخشاشلا دەڭسەپ باقىدۇ. دېمەك، ئىككىلا دۇنيانىڭ پەرۋەردىگارى بىر، ھېكمىتى بىر. بىر-بىرىگە زىت كەلمەيدۇ، بىر-بىرىنى ئىنكار قىلمايدۇ. مانا بۇ، ھەقىقى مەنىسى بىلەن چۈشەنگەن،

ھەقىقى رەۋىشتە ئەھمىيەت بېرەلىگەن ئادەملەر ئۈچۈن ئەڭ يۈكسەك بىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا چۈشەنچە ۋە ساغلام ئاڭغا ئېرىشكىلى نېسىپ قىلسۇن!

بىز ھەر ۋاقىت ئۆزىمىزنىڭ بەخت-سائادىتىمىز ۋە نىجاتلىقىمىزغا سەۋەب بولىدىغان ئىككى نەرسىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

بىرىنچى، يامانلىق ۋە ياخشىلىق سەۋەبلىرىنى تەپسىلى تونۇش ۋە كۆرگەن-بىلگەنلىرىمىز، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرى، قەدىمقى ۋە ھازىرقى كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىتا كاللىمىزدا مۇئەييەن ئاڭ شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم.

«قۇرئان كەرىم»نى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئاڭ شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى. ئالەمنى ھەر قايسى تەرەپلەردىن مۇكەممەل چۈشەندۈرۈشكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەر كۇپايە قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردە بارلىق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ سەۋەبلىرى تەپسىلى بايان قىلىنغان. «ھەدىس شەرىف»لەر ئىككىنچى ۋەھيى، ئۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىردىنبىر ھەمراھى. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەرنى ئۆزىگە قىبلىنامە قىلغان كىشىلەر باشقا نەرسىلەردىن بىھاجەت بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەر ياخشىلىق، يامانلىق ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ سەۋەبلىرىنى خۇددى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەندەك كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەرنى

چوڭقۇر نەزەر بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدىغان ئادەملەر ۋە ئىتائەت قىلمايدىغان ئادەملەرنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، بۇ ئەھۋاللارنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىكى مەلۇماتلار بىلەن تامامەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. ئاللاھ خەۋەر بەرگەن، ۋەدە قىلغان ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى كۆرەلەيمىز. ئاللاھنىڭ ئەتراپىي ئالەمدىكى مۆجىزىلىرى ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ۋەدىسىنىڭ شەكسىز ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى بىلىۋالايمىز. دېمەك، تارىخ ياخشىلىق ۋە يامانلىق سەۋەبلىرىنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىزگە بىلدۈرگەن قىسمەن تەپسىلاتىدۇر.

ئىككىنچى، سەۋەبلەرگە قارىتا خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. بەندە گۇناھ-مەئسىيەت ۋە غاپىللىقنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئۆزىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنىدۇ-يۇ، ئەمما گاھى پەرۋەردىگارنىڭ ئەپۇسىغا ۋە مەغپىرىتىگە يۆلىنىپ، گاھىدا تەۋبە ۋە ئىستىغپارنى يېقىندا قىلىۋالارمەن دەپ، گاھىدا ياخشى ئىشلارنىمۇ قىلىۋاتىمەنغۇ دەپ ئويلاپ، گاھىدا ئاللاھنىڭ گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى، گاھىدا تەقدىرنى باھانە قىلىپ، گاھىدا تەڭتۇشلىرىنى ۋە ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا ئوخشاش خاتالىق ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنىڭمۇ بارلىقىنى باھانە قىلىپ، گاھىدا باشقىلارغا ئەگىشىپ يەنە

شۇ خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ قالىدۇ.

## 14. ئىستىغپار چۈشەنچىسىدىكى خاتالىقلار

نۇرغۇن ئادەملەر قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ «ئەستەغفىرۇللاھ» دەپ قويساق ئاللاھ كەچۈرىدۇ، ئىستىغپار گۇناھنى يوقىتىۋېتىدۇ دەپ ئويلايدۇ. خىلى فەقىھ دەپ قارىلىدىغان بىر ئادەم ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «مەن قىلىدىغانلىرىمنى قىلىپ بولۇپلا «ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىمەن» دەپ يۈز قېتىم دەيمەن-دە، گۇناھلىرىمنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: كىمكى بىر كۈندە «ئاللاھ پاكتۇر، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىمەن» دەپ يۈز قېتىم دېسە، ئۇنىڭ خاتالىقلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكىدەك كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ كەچۈرۈم قىلىنىدۇ.» دېگەن.[55]

مەككىلىك بىر ئادەم مۇنداق دېگەنىدى: «بىرىمىز بىرەر گۇناھ قىلىپلا قالساق، يۈيۈنۈپ بەيتۇللاھنى يەتتە تاۋاپ قىلىمىز-دە، گۇناھىمىز كەچۈرۈم بولىدۇ.»

يەنە بىر ئادەم مۇنداق دېگەنىدى: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم گۇناھ قىلىپ قويۇپ، ئى ئاللاھ مەن گۇناھ قىلىپ قويدۇم، مېنى مەغپىرەت قىلغىن دېسە، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت قىلىدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ئادەم يەنە بىر گۇناھنى قىلىپ قويىدۇ-دە، ئى ئاللاھ مەن گۇناھ قىلىپ قويدۇم، مېنى

[55] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

مەغپىرەت قىلغىن، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا قارىتا «بەندەم گۇناھ قىلسا كەچۈرۈممۇ قىلىدىغان، ۋە جازالىيالايدىغان پەرۋەردىگارىنىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەن. مەن بەندەمنى كەچۈردۈم، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن، دەيدۇ.»[56] ئۇ ئادەم يەنە مۇنداق دېدى: «مەن كەچۈرەلەيدىغان، جازالىيالايدىغان بىر پەرۋەردىگارىمنىڭ بارلىقىغا شەك قىلمايمەن.»

يەنە بىر قىسىم ئادەملەر باركى، ئۇلار ئۈمىد توغرىسىدىكى ئايەت-ھەدىسلەرگە چىڭ ئېسىلىۋالغان. ناۋادا ئۇلارنى بىرەر خاتالىقىغا قارىتا تەنقىدلەپلا قويسىڭىز ياكى بۇنچىلىك ئۈمىدۋار بولۇپ كەتمەسلىك توغرىسىدا تەنبىھ بەرسىڭىز، ئۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە مەغپىرىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكى، ئۈمىدۋار بولۇش لازىملىقى توغرىسىدىكى ئايەتلەرنى ئالدىڭىزغا تۆكۈۋېتىدۇ. بۇ توغرىدا بىر تۈركۈم نادانلارنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلىكلىرى بار.

ئۇلارنىڭ مۇنداق گەپلىرىمۇ بار.

سېخىي زات تەرەپكە قايتىشنىڭ ئۈچۈن،
بولسا گەر سېنىڭدە ھەقىقى ئىمان.
يانمىغىن خاتادىن، قىلىۋەر ئۇنى،
خاتاغا ناۋادا بولسىلا ئىمكان.

بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھتىن ساقلىنىمەن دېيىش

[56] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد رىۋايىتى

ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭرىلىكىنى بىلمىگەنلىكتۇر» .

«گۇناھ قىلماسلىق ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئۆكتە قوپقانلىق ۋە ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقتۇر» .

مۇھەممەد ئىبنى ھەزمى مەن «ئى ئاللاھ مەن ئۆزلىرىگە سىغىنىپ گۇناھسىزلىقتىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن» دەپ دۇئا قىلىدىغان بىر قىسىم «ئۇمىدۋار»لارنىمۇ كۆردۈم، دەيدۇ.

## 15. بۇ مەسىلىدىكى ھەرخىل چۈشەنچىلەر

### *جەبەرىيە ئېقىمىدىكىلەرنىڭ چۈشەنچىسى*

بىر قىسىم تەنتەك ئادەملەر جەبەرىيە ئېقىمىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. بۇ ئېقىمدىكىلەر «بەندىدە ئىختىيارلىق بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ھەر ئىشقا مەجبۇرلانغان، گۇناھقىمۇ مەجبۇرلانغان» دەپ قارايدۇ.

### *مۇرجىئىي ئېقىمىدىكىلەرنىڭ چۈشەنچىسى*

يەنە بىر قىسىملار مۇرجىئىي ئېقىمىغا ئېسىلىۋالىدۇ. ئۇلار «ئىمان پەقەت تەستىق ئارقىلىقلا بارلىققا كېلىدۇ. ئەمەل بىلەن ئىماننىڭ ئالاقىسى يوق، ئەڭ پاسىق ئادەمنىڭ ئىمانى بىلەن جىبرىئىل ۋە مىكائىلنىڭ ئىمانىنىڭ پەرقى يوق» دەپ قارايدۇ.

### *ياخشى كۆرۈشتىكى خاتا چۈشەنچە*

بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئۇلار نامراتلارغا، شەيخلەرگە،

ياخشىلارغا مۇھەببەت باغلىغانلىقىنى؛ قەبرىلەرنى كۆپ يوقلىغانلىقىنى، قەبرە بېشىدا كۆپ دۇئا قىلغانلىقىنى، قەبرىلەردىن شاپائەت تەلەپ قىلغانلىقىنى، قەبرىدىكىلەرنى ۋەسىلە قىلىپ ئاللاھتىن سورىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ھەققى ھۆرمىتىنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنى ئالداپ يۈرىدۇ.

يەنە بىر قىسىم ئادەملەر باركى، ئاتا-ئانىلىرى، ئەجدادلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ئىمتىيازى ۋە دەرىجىلىرىنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنى ئالداپ يۈرىدۇ. ئۇلار خۇددى پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدىكىدەك ئويلاپ، ئاتا-ئانىلىرىمىز ۋە ئەجدادلىرىمىز بىزنى تاشلاپ قويمايدۇ، قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ، دەپ قارايدۇ. پادىشاھلار ئۆز مۇخلىسلىرىغا پەرزەنتلىرى ۋە يېقىن بۇرادەرلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تېلىۋىلىش ئىمتىيازىنى بېرىدۇ. ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ياكى يېقىنلىرىدىن بىرى ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان تەقدىردىمۇ پادىشاھنىڭ مۇخلىسى ئۆزىنىڭ ئابرويى، مەرتىۋىسىنى پەش قىلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ.

***ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭرى ئىكەنلىكىنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنى ئالداش***

بىر قىسىم ئادەملەر «ئاللاھ مېنى ئازابلاشتىن بىھاجەت، ھەرقانچە ئازابلىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ شان-شۆھرىتى يۈكسىلىپ كەتمەيدۇ. رەھىم قىلىپ، ئەپۇ قىلىۋەتسىمۇ ئاللاھنىڭ شان-شۆھرىتى كېمىيىپ كەتمەيدۇ» دەپ ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھنىڭ

رەھمىتىگە سىغىنىمەن، ئاللاھ ئەڭ بىھاجەت زات. ناۋادا بىر ئادەمنىڭ ھويلىسىدا چوڭ بىر ئۆستەڭ بولسا، سۇغا زار بولغان بىر مىسكىنىنىڭ سۇ ئىچىشىدىن توسمايدۇ. ئاللاھ تېخىمۇ سېخىي، رەھمىتى كەڭ زاتتۇر. ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ئۇنىڭ مۈلكىدىن ھېچ نەرسىنى كېمەيتىۋەتمەيدۇ. جازالاپ قويغانغا ئۇنىڭ شۆھرىتىگە شۆھرەت قوشۇلۇپ كەتمەيدۇ.»

***ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن ئالغان خاتا چۈشەنچىسى بىلەن ئۆزىنى ئالداپ يۈرىدىغانلار***

بىر قىسىم كىشىلەر «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنى خاتا چۈشىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ خاتا چۈشەنچىسىگە ئېسىلىپ ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئاللاھ تائالانىڭ «پەرۋەردىگارىڭ ساڭا (ئاخىرەتتە ساۋاب، ھۆرمەت ۋە شاپائەت قاتارلىقلارنى) ئاتا قىلىدۇ، سەن مەمنۇن بولىسەن.»[57] دېگەن ئايىتىگە تايىنىۋالىدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىقى ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «پات ئارىدا بىز سىزگە ئۆزىڭىز رازى بولىدىغان نەرسىنى بېرىمىز» دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ئۈممىتىدىن بىرەر ئادەمنىڭ ئازابلىنىشىنى خالىمايدۇ.

مانا بۇ، ئۇچىغا چىققان نادانلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوچۇقلا تۆھمەت قىلغانلىق. ئاللاھ رازى بولمايدىغان ئىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ رازى بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا زالىم، پاسىق، خائىن ۋە چوڭچى ئادەملەرنى جازالاشقا رازى

[57] سۈرە زۇھا 5 ـ ئايەت

بولىدۇ. نەئۇزۇ بىللاھكى، ئاللاھ خالىغان ئىشقا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازى بولماسلىقىقا ھەددى بارمۇ؟!

يەنە بىر قىسىم ئادەملەر ئاللاھ تائالانىڭ «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. »[58] دېگەن ئايىتىگە ئېسىلىۋالىدۇ. بۇ ئادەملەرمۇ ئۇچىغا چىققان نادانلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشمۇ بۇ ئايەتنىڭ تەھتىگە داخىل بولىدۇ. شېرىك بارلىق گۇناھلارنىڭ بېشى ۋە ئومۇرتقىسىدۇر. ناھايىتى ئېنىقكى، يۇقىرىقى ئايەت تەۋبە قىلغۇچىلار ھەققىدىدۇر. جەزمەن ئاللاھ تائالا قانداقلا گۇناھ قىلىشتىن قەتئىينەزەر تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھىنى كەچۈرىدۇ. ناۋادا بۇ ئايەت تەۋبە قىلمىغان كىشىلەر ھەققىدە بولسا ئىدى، ئاللاھنىڭ تەۋبە قىلمىغانلارغا قاراتقان ئاگاھلاندۇرۇش مەزمۇنىدىكى ئايەتلىرىنىڭ ۋە ئاللاھنى بىر بىلگەن (ئەمما گۇناھ قىلىپ قويغان) كىشىلەرنىڭ شاپائەت ئارقىلىق دوزاختىن چىقىرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ئەھمىيىتى بولماي قالاتتى.

يۇقىرىقىدەك قاراشتىكىلەر چوقۇمكى، ئىلمى چولتا، چۈشەنچىسى تېيىز ئادەملەردۇر. ئېنىقكى، ئاللاھ تائالا مەزكۇر

[58] سۈرە زۇمەر 53 - ئايەت

ئايەتنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسىنى ئام ۋە مۇتلەق (يەنى مەلۇم شەرتلەرگە قاراتماستىن) بايان قىلدى. ئۇنداق بولغانىكەن، ئاللاھنىڭ بۇ يەردە تەۋبە قىلغۇچىلارنى نەزەردە تۇتقانلىقى ئېنىق. سۈرە نىسادا ئاللاھ تائالا خاس قىلىپ ۋە قەيدىلىك (يەنى، شەرتلىك) قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.»[59]

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا شېرىكتىن باشقا گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ناۋادا بۇ ئايەتنىكى ئاللاھ مۇشرىكلىقنى كەچۈرمەيدۇ، دېگەن مەزمۇن تەۋبە قىلغان ئادەملەر ھەققىدە بولغان بولسا، شېرىك بىلەن باشقا گۇناھلار ئايرىپ بايان قىلىنمىغان بولاتتى.

يەنە بىر قىسىم نادانلار ئاللاھ تائالانىڭ «ئى ئىنسان! سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىيلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟»[60] دېگەن ئايىتىنى دەستەك قىلىپ ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ كەرەملىك! ئاللاھ كەچۈرىدۇ. (بىز دېگەن ئالدانغۇچىلار، خالاپ گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەر ئەمەس).

بەزىلەر «ئاللاھ بىزگە دەلىلىنىمۇ ئېغىزىمىزغا سېلىپ بەرگەن تۇرسا» دەيدۇ. بۇ نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

[59] سۈرە نىسا 48 ـ ئايەت
[60] سۈرە ئىنفىتار 6 ـ ئايەت

ئۇ، شەيتان ۋە نەپسى خاھىشىغا ئالدانغان ئادەمدۇر. ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە كەرەملىك (يەنى مەرھەمەتلىك) دېگەن سۈپەتنى كەلتۈردى. ئۇ مەرھەمەتلىك ئاللاھ بويسۇنۇشقا تېگىشلىك زاتتۇركى، ئۇنىڭ ھەققىنى زايا قىلىشقا، ئۇنىڭ رەھمىتىنى، كەرەمىنى دەستەك قىلىپ ئۇنى ئالداپ ياشاشقا لايىق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان بۇ ئىشى جايىغا چۈشمىگەن بىر ئىش ۋە ئۇنىڭدىن ئالدىنىپ كەتسە بولمايدىغان زاتتىن ئالدانغانلىقتۇر. (يەنى شەيتان ياكى نەپسى-خاھىشىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاللاھقا بىپەرۋالىق قىلغانلىقتۇر).

يەنە بىر قىسىم ئادەملەر ئاللاھ تائالانىڭ دوزاخ ھەققىدىكى «ئۇنىڭغا (يەنى دوزاخقا) پەقەت (ھەقنى) ئىنكار قىلغان، (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈگەن ئادەملا كىرىدۇ.»[61] دېگەن ئايەتلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى ئالدىدى. بۇ ئادەملەر «سىلەرنى لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتتىن ئاگاھلاندۇردۇم.»[62] دېگەن ئايەتتىكى ئوت جەھەننەمنىڭ بىر قەۋىتىدىكى مەخسۇس بىر ئوتنى دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ناۋادا بۇ ئايەتتىكى ئوت دېگەن سۆز شۇلار چۈشىنىۋالغاندەك پۈتۈن دوزاخنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەنگە ماقۇل دېگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ بۇ ئايەتتە «دوزاخقا كىرمەيدۇ» دېگەن ئىبارە ئىشلەتمەستىن «ئوتقا قاقلانغان ھالدا دوزاخقا كىرىدۇ» دېگەن ئىبارە ئىشلەتتى. «ئوتقا قاقلانغان ھالەتتە دوزاخقا كىرىش» دوزاخقا كىرىشنىڭ خۇسۇسىي بىر شەكلىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، خۇسۇسىي شەكىلدە دوزاخقا

[61] سۈرە لەيل 15 ـ 16 ـ ئايەتلەر
[62] سۈرە لەيل 14 ـ ئايەت

كىرىش دېگەن گەپ ئۇ شەكىلدە كىرمەيدىغانلارنىڭ دوزاختىن ئامان قالىدىغانلىقىنى لازىم تۇتمايدۇ.

يەنە ئۆزىنى ئالداپ ياشايدىغان بۇ ئادەملەر ناۋادا يۇقىرىقى ئايەتكە ئەگىشىپلا كېلىدىغان ئايەتنى ياخشىراق ئويلىنىپ باقىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئەڭ تەقۋادار ئادەملەرنىڭ قاتارىدا ئەمەسلىكىنى، تەقۋادار بولمىغانىكەن، دوزاختىن يىراق قىلىنىدىغان كىشىلەرنىڭ قېتىدا ئۆزىنىڭ يوقلىقىنى بىلگەن بولاتتى.

ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ دوزاخ ھەققىدىكى بايانىدا «دوزاخ كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلاندى» دېگەن سۆزى پاسىق ۋە زالىملارنىڭ دوزاخقا كىرمەيدىغانلىقىغا دالالەت قىلمايدۇ. جەننەت توغرىسىدىكى بايانىدىكى «جەننەت تەقۋادارلارغا تەييارلاندى» دېگەن سۆزى قەلبىدە زەررە مىقدارىدا ئىمان بار. ئەمما ھېچقانداق ياخشى ئەمەل قىلمىغان ئادەمنىڭمۇ جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.[63]

بەزىلەر يەنە ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش ۋە ئەرەپات كۈنىدە روزا تۇتۇش بىلەن ئۆزىنى ئالداپ، ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسى پۈتۈن بىر يىلنىڭ گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدۇ. تېخى ئەرەپات كۈنىدە تۇتقان روزا زاپاس ئەجىر بولۇپ ساقلىنىپ تۇرىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇلار، رامىزاندا تۇتقان روزىنىڭ، بەش ۋاقت

[63] سەھىھ ھەدىسلەردە بايان قىلىنىشىچە، قەلبىدە زەررە مىقدارىدا ئىمانى بار ئادەم قىلغان خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرىغا قارىتا ئاللاھ خالىغان مۇددەتتە دوزاخ ئازابىنى تارتقاندىن كېيىن جەننەتكە كىرگۈزۈلىدۇ. دېمەك، قەلبىدە زەررە مىقدارى ئىمان بار ئادەم مەڭگۈلۈك دوزاختا قالمايدۇ.

نامازنىڭ ئەرەپات كۈنىدىكى روزىدىن ۋە ئاشۇرا كۈنىدىكى روزىدىن ئۇلۇغراق ئىكەنلىكىنى؛ رامىزان روزىسى يەنە بىر رامىزانغىچە، ناماز يەنە بىر نامازغىچە چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويمىغانلا بولسا، (كىچىك گۇناھلارغا) كاپارەت بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.[64]

ناۋادا بىر ئادەم چوڭ گۇناھلارنى قىلىپ قويمىغانلا بولسا، ئۇنىڭ رامىزان روزىسى يەنە بىر رامىزانغىچە، جۈمە نامىزى يەنە بىر جۈمەگىچە ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك گۇناھلىرىغا كاپارەت بولالايدۇ. دېمەككى، كىچىك گۇناھلارنىڭ ئۆچۈرۈلۈشى پەرز ئەمەللەرنى جايىدا قىلىش ۋە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىشقا قاراشلىق.

ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، قانداقسىگە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان، تەۋبە قىلىنمىغان چوڭ گۇناھلارغا نەپلە روزا كاپارەت بولالىسۇن؟! بۇ مۇمكىن ئەمەس! بۇنداق دېگەنلىك، ئەرەپات كۈنىدىكى روزا ۋە ئاشۇرا كۈنىدىكى روزا پۈتۈن بىر يىللىق گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈمگە سەۋەب بولۇشىنى ئىنكار قىلغانلىق ئەمەس. ئەرەپات كۈنىدىكى روزا ۋە ئاشۇرا كۈنىدىكى روزىنىڭ گۇناھلارغا كاپارەت بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىستە بايان قىلىنغان مەزكۇر ۋەدىنىڭمۇ (پەرز ئەمەللەرنى جايىدا قىلىش، چوڭ گۇناھلاردىن ئۆزىنى تارتىشتىن ئىبارەت) شەرت ۋە چەكلىمىلىرى بار. بىراۋنىڭ چوڭ گۇناھلاردا ئىزچىل داۋاملىشىشى، ئۇ ئادەمنىڭ كىچىك گۇناھلىرىنىڭ كاپارەت

[64] پەرز ئەمەللەر پەقەت ئارىلىقتىكى كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولىدىغان يەردە، قانداقمۇ نەپلە ئەمەللەر بارلىق گۇناھلارنىڭ كاپارىتى بولالىسۇن.

بولۇشىغا توسالغۇ بولىدۇ. ناۋادا ئۇ ئادەم چوڭ گۇناھلاردىن قول ئۈزگەن بولسا، ئۇنىڭ ئەرەپات ۋە ئاشۇرا كۈنىدىكى روزىسى ۋە چوڭ گۇناھلاردىن ساقلىنىشى، خۇددى چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان ئادەمنىڭ رامىزان روزىسى ۋە بەش ۋاقت نامىزى كىچىك گۇناھلىرىنىڭ ئۆچۈرۈلۈشىگە ياردەم بەرگەنىدەك، گۇناھلىرىنىڭ ئومۇمىي كەچۈرۈلىشىگە ياردەم بېرەلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر مەنئىي قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمىزگە ئېلىپ) كىچىك گۇناھلىرىڭلارنى يوققا چىقىرىمىز ۋە سىلەرنى ئېسىل ماكانغا (يەنى جەننەتكە) كىرگۈزىمىز.»[65]

شۇنىسى ئايدىڭ بولدىكى، بىر نەرسىنىڭ گۇناھلارنىڭ كەچۈرۈلۈشىگە سەۋەپ بولۇشى، شۇ نەرسە بىلەن يەنە بىر سەۋەبلەرنىڭ ھەمكارلىشىپ كەچۈرۈمگە سەۋەب بولۇشىنى چەكلىمەيدۇ. ئىككى سەۋەب ئارقىلىق كەچۈرۈمگە سەۋەب بولۇش بىر سەۋەب ئارقىلىق سەۋەب بولۇشتىن كۈچلۈك ۋە مۇكەممەل بولىدۇ. كەچۈرۈمنىڭ سەۋەبلىرى كۈچەيگەنسېرى كەچۈرۈممۇ كۈچىيىدۇ ۋە تېخىمۇ ئاممىباب، تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك بولىدۇ.

### ***ئاللاھقا ياخشى گۇماندا بولۇش***

بىر قىسىم ئادەملەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالادىن نەقىل قىلغان مۇنۇ ھەدىس قۇدۇسىيغا يۆلىنىۋالىدۇ: «مەن بەندەمنىڭ ياخشى گۇمانىدىكىدەك بولىمەن. ئۇنداقتا بەندەم

[65] سۈرە نىسا 31 ـ ئايەت

مېنى خالىغانچە گۇمان قىلىۋالسۇن.»[66] يەنى، بەندەمنىڭ گۇمانىدا نېمە بولسا مەن ئۇنى ئەمەللەشتۈرۈپ بېرىمەن. شۇنىڭدا شەك يوقكى، ياخشى گۇمان قىلىشمۇ ياخشى ئىشلارغا ياندىشىپ كېلىشى لازىم. ياخشى ئىش قىلغان ئادەم ئۆزىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا پەرۋەردىگارىنىڭ مۇكاپات بېرىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدىغانلىقى، تەۋبە قىلغان ئادەمنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ياخشى گۇمان قىلىدۇ.

ئەمما ئىنچىل چوڭ گۇناھلارنى قىلىدىغان، زالىملىق قىلىدىغان، شەرىئەتكە زىت ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ گۇناھكارلىق، زالىملىق ۋە هارامخورلۇق تۇيغۇسى (يەنى كۆڭلى قارىلىق) ئۇنى پەرۋەردىگارىغا ياخشى گۇمان قىلىشتىن چەكلەپ قويىدۇ. بۇ رېئاللىقتىمۇ كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئىش. مەسىلەن: خوجىسىغا بويۇنتاۋلىق قىلىپ قاچقان قۇل خوجايىنىغا ياخشى گۇماندا بولمايدۇ. گۇناھ تۇيغۇسى (يەنى كۆڭلى قارىلىق) ياخشى گۇمان بىلەن مەڭگۈ بىر ئادەمدە تەڭ مەۋجۇت بولمايدۇ. ئېنىقكى، گۇناھكار ئادەملەردە گۇناھىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ بىر خىل گۇناھ تۇيغۇسى (كۆڭلى قارىلىق) يەنى خۇدۈكى بولىدۇ. ئاللاھقا ئەڭ ياخشى گۇماندا بولىدىغان ئادەم، ئۇنىڭغا ئەڭ بەك ئىتائەت قىلىدىغان ئادەمدۇر. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: مۇئمىن پەرۋەردىگارىغا ياخشى گۇماندا بولغاچقا ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەمما

[66] ھەدىس قۇدسى، بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان

گۇناھكار ئادەملەر پەرۋەردىگارىغا يامان گۇماندا بولغاچقا يامان ئىشلارنى قىلىدۇ.

پەرۋەردىگارىنىڭ ئىتائەتتىدىن چىققان، ئۇنى نارازى قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ قويغان، ئۇنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغان؛ ئاللاھنىڭ ھەققى ۋە ئەمىر-پەرمانلىرىنى كۆزگە ئىلماي، ئۇنى زايا قىلىۋەتكەن؛ چەكلىمىلىرىگە پەرۋا قىلماي داۋاملىق ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى قىلغان ئادەم قانداقسىگە ئۇنىڭغا ياخشى گۇماندا بولالىسۇن؟!

ئاللاھقا جەڭ ئېلان قىلىپ دۈئىلغا چۈشكەن، ئاللاھنىڭ دوستلىرىنى يامان كۆرگەن، دۈشمەنلىرى بىلەن ئىغىز-بۇرۇن يالاشقان، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلغان؛ ئاللاھ ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سۈپەتلىگەن سۈپەتلەرگە دەرگۇماندا بولغان، نادانلارچە، شۇ سۈپەتلەرنىڭ زاھىرىغا ئېتىقاد قىلىش ئازغۇنلۇق ۋە كۇفرلىق دەپ قارىغان ئادەملەر قانداقسىگە ئاللاھقا ياخشى گۇماندا بولالىسۇن!

ئاللاھنى سۆزلىمەيدۇ، بۇيرۇمايدۇ، توسمايدۇ، رازى بولمايدۇ، غەزەبلەنمەيدۇ دەپ گۇمان قىلغان ئادەملەر قانداقسىگە ئاللاھقا ياخشى گۇماندا بولالىسۇن؟! ۋەھالەنكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئاڭلىشىنى قىسمەن نەرسىلەرگە قاراشلىق قىلىپ قويۇپ، ئاللاھنىڭ ھەممىنى ئاڭلىغۇچى دېگەن سۈپىتى ھەققىدە يامان گۇماندا بولغان ئادەم ھەققىدىمۇ ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن تۇرسا: «پەرۋەردىگارىڭلارغا قىلغان ئەنە شۇ (قەبىھ) گۇناھىڭلار سىلەرنى ھالاك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زىيان

تارتقۇچىلاردىــن بولــدۇڭلار.»[67]

ئۇلارنىــڭ «ئاللاھ بىــز قىلىۋاتقــان ئىشــلارنىڭ كۆپىنچىســىنى بىلمەيــدۇ» دەپ گۇمــان قىلغانلىقــى، ئۇلارنىــڭ پەرۋەردىگارىغــا يامــان گۇمانــدا بولغانلىقــدۇر. بۇ ئاللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى، بارلىــق ئەزەمەتلىرىنــى ئىنــكار قىلغــان، ئاللاھنى نالايىق سۈپەتلەر بىلــەن سۈپەتلىگەن كىشــىلەرنىڭ قىلىدىغــان ئىشــى. نــاۋادا بــۇ ئادەملــەر مۇشــۇنداق تــۇرۇپ «ئاللاھ بىزنــى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دەپ گۇمــان قىلســا، بــۇ، ئاللاھقــا ياخشــى گۇمانــدا بولغانلىــق بولماســتىن، بەلكــى ئۆزىچــە مەغرۇرلىنىــپ كەتكەنلىــك، ئۆزىنــى ئالدىغانلىــق، شــەيتاننىڭ كەينىگــە كىرىــپ كەتكەنلىــك بولىــدۇ.

بــۇ تېمىنىــڭ ئەھمىيىتىنــى قاتتىــق ئويلىنىــش لازىــم. ئاللاھقا ئۇچرىشــىدىغانلىقىغا، ئاللاھنىــڭ ئۇنىــڭ ســۆزلىرىنى ئــاڭلاپ، ئۇنىــڭ ئورنىنــى بىلىــپ، يوشــۇرۇن ۋە ئاشــكارا ئىشــلىرىنى بىلىــپ تۇرىدىغانلىقىغــا، ئۆزىنىــڭ ئاللاھنىــڭ ئالدىــدا تــۇرۇپ قىلغان-ئەتكەنلىرىدىــن جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا بولغــان ئىشــەنچ قانداقســىگە ئاللاھنــى ئىزچىــل نــارازى قىلىدىغــان، ئاللاھنىــڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنــى زايــا قىلىۋېتىدىغــان، ئاللاھنىــڭ ھــەق-ھوقۇقلىرىنــى كۆزگــە ئىلمايدىغــان بىــر ئادەمنىــڭ قەلبىــدە جۇغلىشالىسۇن! بــۇ، ئۆزىنــى ئالدىغانلىــق، خام-خىيالغا بېرىلىپ ياشــىغانلىق ئەمەســمۇ؟!

ئەبــۇ ئۇمامــە ســەھل ئىبنــى ھۇنەيــف رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: «مــەن ئــۇرۋە ئىبنــى زۇبەيــر بىلــەن ئائىشــە

[67] سۈرە فۇسسىلەت 23 ـ ئايەت

رەزىيەللاھـۇ ئەنھانىـڭ قېشـىغا كىرسـەم، ئـۇ: نـاۋادا سـىلەر پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ كېسـەللىك ھالىتىنـى كۆرگـەن بولساڭلارچۇ، كاشكى! ئۇنىـڭ قېشـىدا ئالتـە ياكـى يەتتـە تەڭگـە بـار ئـىدى. ئـۇ مېنـى تەڭگىلەرنـى تارقىتىۋېتىشـكە بۇيرىـدى. مـەن ئۇنىـڭ كېسـىلى بىلـەن بولـۇپ كېتىـپ، ئاللاھ ئۇنىڭغـا شـىپالىق بەرگەنگـە قـەدەر تەڭگىلەرنـى تارقىتالمىدىـم. رەسـۇلۇللا سـاقايغاندىن كېيىـن مەندىـن «تەڭگىلەرنـى قانـداق قىلدىـڭ، ئۇنـى تارقىتىۋەتتىڭمـۇ» دەپ سـورىدى. مـەن يـاق تېخـى، ئۆزلىرىنىـڭ كېسـىلى بىلـەن بولـۇپ كېتىپ تارقىتىپ بولالمىدىم، دېدىـم. ئـۇ تەڭگىلەرنـى ئەكەلـدۈرۈپ ئالقىنىـدا قويـدى-دە، نـاۋادا مۇشـۇ نەرسـىلەر يېنىـدا ھالەتتـە ئاللاھنىـڭ ئالدىغا بېرىـپ قالسا... ئاللاھقا نېمە دەر، -ھە؟! دېدى. يەنـە بىـر رىۋايەتتـە «مۇھەممـەد مۇشـۇ تەڭگىلەرنـى يېنىـدا سـاقلىغان ھالـدا ئاللاھقا ئۇچرىشـىپ قالسـا، ئاللاھقـا نېمـە دەرمـەن دەپ ئويلايدىغانـدۇ؟ دېـدى.»[68]

تـوۋا! چـوڭ گۇنـاھ ئۆتكۈزگەنلـەر، بەندىلەرنىـڭ ھەققىنـى يېگـەن زالىمـلار ئاللاھنـى نېمـە دەپ ئويلايدىكىنـە!

نـاۋادا ئۇلارنىـڭ بىـز ئاللاھ زالىمنـى ۋە پاسـىقنى ئازابلىمايـدۇ، دەپ ياخشـى گۇمـان قىلىمىـز دېگـەن گەپلىرىنىـڭ پايدىسـى بولىدىغانـلا بولسـا، ئـۇلار خالىغىنىنـى قىلىـپ باقسـۇن، ئاللاھ چەكلىگـەن ئىشـلارنى قىلسـۇن، ئاللاھقـا ياخشـى گۇمانـدا بولۇۋەرسـۇن... سـۇبھانالله! مەغرۇرلـۇق بەندىلەرنـى نەلەرگـە

[68] ئەھمەد رىۋايىتى

ئاپىرار ـ ھــەـ!

ئىبراھىـم ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: «سـىلەر ئاللاھنـى قويـۇپ يالغـان ئىلاھلارغـا چوقۇنامسـىلەر؟ ئالەملەرنىـڭ پەرۋەردىـگارى بولغـان (ئاللاھقا) نىمىشـقا گۇمـان قىلىسـىلەر؟»[69] يەنـى سـىلەر ئاللاھنىـڭ غەيرىگـە ئىبـادەت قىلىـپ تـۇرۇپ ئاللاھقا ئۇچراشساڭلار، ئاللاھ قانداق مۇئامىلىدە بولار دەپ ئويلايسـىلەر!؟

***ئاللاھقـا ياخشـى گۇمانـدا بولـۇش ياخشـى ئىشـلارنى قىلىـش دېمەكتــۇر***

مۇشـۇ ھەقتـە ياخشـىراق ئويلىنىـپ باققـان كىشـىلەر شـۇنى بىلەلەيدۇكـى، ئاللاھقـا ياخشـى گۇمانــدا بولـۇش دەل ياخشـى ئىشـلارنى قىلىشـتۇر. ياخشـى ئەمـەل قىلغانلارغـا ئالـلاھ مۇكاپـات بېرىـدۇ؛ ياخشـىلىقنىڭ سـاۋابىنى بېرىـدۇ ۋە ياخشـىلىقنى قوبـۇل قىلىـدۇ، دەپ قارىغـان ئادەمنىـڭ ئاللاھقا بولغان ياخشى گۇمانى ئۇنــى ياخشــى ئىشــلارنى قىلىشــقا ئۈندەيــدۇ. ئاللاھقــا ياخشــى گۇمانــدا بولغـان ئادەملەرنىـڭ ئەمىلـى ياخشـى بولىـدۇ. ياخشـى ئەمـەل قىلمـاي تـۇرۇپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسـكە ئەگىشـىپ تـۇرۇپ، ئاللاھقا ياخشى گۇمـان قىلىمەن دېيىـش ئەخمەقلىقتۇر. شـەدداد ئىبنـى ئـەۋس پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنى رىۋايـەت قىلىـدۇ: «ھەقىقـى دانا ئۆزىدىـن ھېساب ئېلىپ تۇرغان، ئاخىرەتـى ئۈچـۈن ئەمـەل قىلغـان ئادەمـدۇر. ئۆزىنىـڭ ھاۋايـى ـ ھەۋىسـگە ئەگىشـىپ تۇرۇپ، ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇپ ياشىغان

[69] سۈرە سافقات 86 ـ 87 ـ ئايەتلەر

ئـادەم ئەخمەقتـۇر.»[70]

خۇلاسـىكالام، ئاللاھقـا بولغـان ياخشـى گۇمـان نىجاتلىـق سەۋەبلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىـق بارلىققا كېلىـدۇ. ئەمما ھالاكەتكـە سـەۋەب بولىدىغـان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ياخشـى گۇمانغـا ئېرىشـكىلى بولمايـدۇ.

ناۋادا بەزىلەر: ھالاكەتكە سـەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپمۇ ئاللاھتىـن ياخشـى گۇمانـدا بولساق بولىدىغۇ، ياخشـى گۇمـان ئاللاھنىـڭ مەغپىرىتـى ۋە رەھمىتىنىـڭ كەڭرىلىكىگـە، ئاللاھنىـڭ ئەپۇسـىغا، ئاللاھنىـڭ سـېخىيلىقىغا ئاساسـلانغان. ئاللاھنىـڭ رەھمىتـى غەزىپىنىـڭ ئالدىـدا تۇرىـدۇ. ئاللاھنىـڭ جازالىشـى ئاللاھقـا ھېچقانـداق پايـدا كەلتۈرەلمەيـدۇ، ئەپۇسـى ھېچقانـداق زىيـان سـالالمايدۇ، دەپ سورىسـا، ئۇلارغـا مۇنـداق جـاۋاب بېرىلىـدۇ: ئەھـۋال شـۇنداق، جـازالاش ۋە ئەپـۇ قىلىـش ئاللاھقـا ھېچقانـداق تەسـىر كۆرسـىتەلمەيدۇ. ئالـلاھ ئۇنىڭدىـن بۈيۈك، ناھايىتـى بـەك سـېخىي، تولىمـۇ رەھىمدىـل زات. لېكىـن ئالـلاھ بـۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىگـە تېگىشـلىك ئورۇنـدا ئىشـلىتىدۇ. ئاللاھنىـڭ ھېكمـەت بىلـەن ئىـش قىلغۇچـى، غالىـپ، ئىنتىقـام ئالغۇچـى، جازاسـى قاتتىـق، جازاغـا تېگىشـلىكلەرنى جازالىغۇچـى دېگەنـدەك سۈپەتلىرىمۇ بـار. نـاۋادا ياخشـى گۇمـان ئاللاھنىـڭ ئىسىم ـ سـۈپەتلىرىگىلا تايىنىۋالىدىغـان ئىـش بولسـا، ئۇنداقتـا بۇنىڭـدا ياخشـى ئـادەم بىلـەن يامـان ئـادەم، مۇئمىـن بىلـەن كاپىـر، ئاللاھنىـڭ دوسـتلىرى بىلـەن دۈشـمەنلىرى ئوخشـاش

---

[70] ئەھمەد، تىرمىزى رىۋايىتى. ئەلبانى زەئىپ دېگەن

بولۇپ قالىدۇ.

دېمەك، گۇناھتا ئېزچىل داۋاملىشىۋاتقان ئادەمگە ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدۇ. بۇ گۇناھكار ئاللاھنىڭ نارازىلىقىغا، غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. ئاللاھنىڭ لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىدۇ، ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلاردىن يانمايدۇ. ئاللاھقا ياخشى گۇماندا بولۇش قىلغان گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلغان، پۇشايمان قىلغان، گۇناھلاردىن قول ئۈزگەن، قالغان ئۆمرىنى ياخشىلىق ۋە ئىتائەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە بەل باغلىغان ئادەمگە مەنپەئەت بېرىدۇ. يۇقىرىقىدەك ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاللاھقا ياخشى گۇماندا بولغان بولسا بۇ ھەقىقى ياخشى گۇمان ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولمىسا، ئۇ ئۆزىنى ئالداش ۋە مەغرۇرلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئاللاھقا ھەقىقى مەنىدىكى ياخشى گۇماندا بولۇش بىلەن ئۆزىنى ئالداپ ياشاش ۋە مەغرۇرلۇقنىڭ پەرقىنى بىلىۋېلىش ھەر بىر ئادەمگە تولىمۇ زۆرۈر بولغاچقا، بۇ تېمىدا كۆپرەك توختالدۇق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر؛ ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھەرامدىن ئاھالىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. پىتنە (يەنى

مۇئمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر» . ئۇلار (يەنى كۇپپارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرىۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ. سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كاپىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.»[71]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاندىن (ئى مۇھەممەد!) زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن (مەدىنىگە) ھىجرەت قىلغان، ئاندىن (ئاللاھنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغان ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىدىغانلارغا پەرۋەردىگارىڭ (مەغفىرەت قىلىدۇ). شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ شۇنىڭدىن (يەنى ئۇلارنىڭ ھىجرەت، جىھاد، سەۋر قىلغىنىدىن) كېيىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، رەھمەت قىلغۇچىدۇر.»[72] ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە بىر تۈرلۈك ئىشلارنى تىلغا ئالغاندىن كېيىن، شۇ ئىشلارنى قىلغان ئادەملەرنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى ۋە رەھىم قىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەردى.

دېمەك، ئالىم ئۆمىدنى ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇنىدا قويغان ئادەمدۇر. تېگىشلىك بولمىغان، نالايىق ئورۇنلاردىن ئۈمىدۋار بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر نادان، مەغرۇر ئادەملەردۇر.

[71] سۈرە بەقەرە 218 ـ ئايەت
[72] سۈرە نەھل 110 ـ ئايەت

## 16. ئاللاھنىڭ ئەپۇچان دېگەن سۆپىتىگە يۆلىنىۋالىدىغانلار

بىر قىسىم بىلىمسىز ئادەملەر ئاللاھنىڭ رەھمىتى، ئەپۇسى ۋە كەرەمىگە تايىنىۋېلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرى، چەكلىمىلىرىنى زايا قىلىۋەتتى. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىقلىقىنى، جازاسىنىڭ گۇناھكارلاردىن قايتۇرۇلمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. كىمكى داۋاملىق گۇناھ قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ ئەپۇسىغا يۆلىنىۋالىدىكەن، ئۇ، ئاللاھقا بويۇنتاۋلۇق قىلغان كىشىگە ئوخشاشتۇر.

مەئرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆزى ئىتائەت قىلمايدىغان زاتنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇش رەسۋالىق ۋە ھاماقەتلىكتۇر.

يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئۈچ دىرھەم ئوغۇرلىسالىڭ دۇنيادا بىر ئەزايىڭنى كېسىدىغان زاتنىڭ ئاخىرەتتىكى جازاسىدىن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايسەن؟!

ھەسەنگە: ئەجەپ ئۇزۇن يىغلاپ كەتتىڭ! دېيىلگەندە، ئۇ: ئاللاھنىڭ مېنى پەرۋاسىز ھالدا تاشلاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ يىغلايمەن، دېگەنىكەن.

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: بىر قىسىم ئادەملەرنى ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە بولغان ئۈمىدۋارلىق مەست-مۇستەغرەق قىلىپ قويۇپ، بۇ دۇنيادىن تەۋبىسىز كېتىپ قالدى. ئۇلار مۇنداق دېيىشەتتى: مەن پەرۋەردىگارىمدىن ياخشى گۇمان قىلىمەن. ئۇلارنىڭ بۇ گېپى يالغانچىلىقتۇر. ناۋادا پەرۋەردىگارغا ياخشى گۇماندا بولغان بولسا ياخشى ئەمەل قىلغان بولاتتى.

بىر ئادەم ھەسەندىن مۇنداق سورىدى: بەزى ئادەملەرنىڭ سورۇنىغا كىلىپ قالساق، قەلبىمىزنى ئۇچۇرۇۋەتكۇدەك قورقۇنچلارنى سېلىپ قويىدۇ. بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ھەسەن مۇنداق دېدى: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سېنى قورقىتىپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن سەن ئەمىنلىكنى ھېس قىلىپ قالىدىغان ئادەمگە ھەمراھ بولغىنىڭ، سېنى خاتىرجەم قىلىپ قويىدىغان، ئاندىن قورقۇنۇشلۇق ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدىغان ئادەملەرگە ھەمراھ بولغىنىڭدىن ياخشى.

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم كەلتۈرۈلۈپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى سۆرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ خۇددى تۈگمەنىنىڭ ئەتراپىدىن ئايلانغان ئېشەكتەك دوزاختا ئايلىنىدۇ. دوزاختىكىلەر ئۇنىڭ چۆرىسىگە كېلىپ: ئى ئادەم، ساڭا نېمە بولدى؟ سەن بىزنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتىڭغۇ؟! دەيدۇ. ئۇ ئادەم: مەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتىم، ئەمما ئۆزۈم قىلمايتتىم، يامانلىقتىن توساتتىم-يۇ، ئۆزۈم ئۇنى قىلىۋېرەتتىم، دەيدۇ.»[73]

ئەبى رافىئ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەقى قەبرىستانلىقىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: ۋاي ساڭا! دېدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى دەۋاتامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، بۇ قەبرىدىكى ئادەمنى مەن پالانى جەمەتتىكىلەرنىڭ

[73] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قېشىغا زاكات يىغقىلى ئەۋەتسەم، ئۇ بىر يوللۇق تونغا خىيانەت قىلغان. ئۇنىڭغا ھازىر ئۇتتىن شۇ تونغا ئوخشاش بىر تون كىيگۈزۈلدى، دېدى.»[74]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن مىراج كېچىسىدە بىر ئادەملەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم، ئۇلارنىڭ لەۋلىرى ئوت قايچىلار بىلەن كېسىلىۋېتىپتۇ. مەن ئۇلار كىملەر، دەپ سورىدىم. ئۇلار سېنىڭ ئۇممىتىڭ ئىچىدىكى خاتىبلار (يەنى ۋەز-تەبلىغچىلەر)، ئۇلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئادەملەر ئىدى، دەپ جاۋاب بېرىشتى.»[75]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلغان كېچىدە بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ قېشىدىن ئۆتتۇم. ئۇلار قوغۇشۇن تىرناقلىرى بىلەن يۈزلىرى ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلاۋېتىپتۇ. مەن: ئۇلار كىملەر ئي جىبرىئىل! دەپ سورىدىم. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: ئۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشىنى يەيدىغانلار (يەنى غەيۋەت قىلىدىغانلار) ۋە كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ئابرويىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزىدىغانلار، دەپ جاۋاب بەردى.»[76]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق

[74] ئەھمەد رىۋايىتى
[75] ئەھمەد رىۋايىتى
[76] ئەھمەد رىۋايىتى

دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئى قەلبلەرنى ۋە كۆزلەرنى ئۆرىگۈچى ئاللاھ، مېنىڭ قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلىپ بەرگىن» دېگەن دۇئانى كۆپ ئوقۇيتتى. بىز: يا رەسۇلۇللاھ، بىز ساڭا ۋە سەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئىشەندۇق، بىزدىن ئەنسىرەۋاتامسەن! دېدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ھەئە، شۈبھىسىزكى، بەندىلەرنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا، ئاللاھ قانداق خالىسا شۇنداق ئۆرۈپ قويىدۇ، دېدى.»[77]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن «مەن ھېچقاچان مىكائىلنىڭ كۈلگىنىنى كۆرمىدىمغۇ؟! دەپ سورىۋىدى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام: دوزاخ يارىتىلغاندىن بىرى ئۇ كۈلۈپ باقمىدى، دەپ جاۋاب بەردى.»[78]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى دوزاخ ئەھلىدىن دۇنيادا ناھايىتى پاراۋان تۇرمۇشتا ياشىغان بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنىپ، دوزاختا شۇنداق بىر چۆمدۈرۈلۈپ تارتىۋېلىنىدۇ-دە، ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى، ھازىرغىچە بىرەر ياخشىلىقتا ياشاپ باققانمۇ سەن؟ سېنىڭ پاراۋان كۈنلىرىڭمۇ بولغانمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھېچ ھالاۋەت كۆرۈپ باقمىغانمەن،

[77] ئەھمەد رىۋايىتى
[78] ئەھمەد رىۋايىتى

ئى پەرۋەردىگارىم، دەيدۇ. يەنە جەننەت ئەھلىدىن دۇنيادا ناھايىتى قىيىن تۇرمۇشتا ياشىغان بىر ئادەم ئېلىپ كېلىنىپ، جەننەتكە شۇنداق بىر چۆمدۈرۈلۈپ تارتىۋېلىنىدۇ-دە، ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى، سەن ھازىرغىچە بىرەر خاپىلىق تارتىپ باققانمۇ، بىرەر ئېغىرچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ باققانمۇ؟ دەپ سورىلىدۇ. ئۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ھېچ خاپىلىق تارتىپ باقمىغان، بىرەر ئېغىرچىلىقلارغا دۇچ كېلىپمۇ باقمىغانمەن، ئى پەرۋەردىگارىم، دەيدۇ.»[79]

بەررا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمنىڭ جىنازا نامىزىغا چىقىپ، قەبرە بېشىغا كېلىۋېدۇق، تېخى ئىچ قەبرە كولانمىغان ئىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇردى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدا خۇددى بېشىمىزغا قۇش قونغاندەك جىمجىت ئولتۇردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بىر ياغاچ بار ئىدى. ئۇ ياغاچنى يەرگە سانجىدى-دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ: ئاللاھتىن قەبرە ئازابىدىن ساقلاشنى تىلەڭلەر، دەپ ئىككى قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: شۈبھىسىزكى، مۇئمىن دۇنيادىن ئايرىلىپ، ئاخىرەتكە ماڭىدىغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭغا ئاسماندىن چىرايى قۇياشقا ئوخشايدىغان ئاق يۈزلۈك پەرىشتىلەر جەننەتكە لايىق ئادەمنىڭ كېپەن ۋە خۇش-پۇراقلىرىنى ئېلىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا كۆز يېتىم ئارىلىق

[79] مۇسلىم رىۋايىتى

قالدۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ ئۇنىڭ بېشىدا ئولتۇرىدۇ ۋە: ئى ئارام تاپقۇچى جان، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا چىققىن! دەيدۇ. ئۇ جان گويا تۇلۇمنىڭ ئېغىزىدىن تامچە چىققاندەك تامچىپ چىقىدۇ. پەرىشتە ئۇ جاننى ئالىدۇ-دە، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئۇنى ھېلىقى كېپەن ۋە خۇش-پۇراقلار ئىچىگە قويىدۇ. ئۇ كېپەن ۋە خۇشپۇراقلاردىن دۇنيادىكى ئەڭ خۇشپۇراق ئىپارلارنىڭكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق پۇراقلار چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھېلىقى جاننى ئېلىپ ئاسمانغا ئۆرلەيدۇ. ئۇلار ئۇ جاننى ئېلىپ قايسىدۇر بىر پەرىشتىلەر توپىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپلا قالسا، ئۇلار: بۇ نېمانچە خۇشپۇراق روھ، ھە! دېيىشىپ كېتىدۇ. جاننى ئېلىپ ماڭغان ھېلىقى پەرىشتىلەر: «بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ جېنى» دەپ، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ناملىرى بىلەن ئاتايدۇ. ئۇلار بۇ جانغا ئاسمان ئىشىكلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاسمان ئىشىكلىرى ئېچىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا ھەر بىر ئاسماندىكى مۇقەررەب پەرىشتىلەر ئۆزگە ياندىش يەنە بىر ئاسمانغىچە ئەگىشىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىپ يەتتىنچى ئاسمانغا يېتىپ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: مېنىڭ بۇ بەندەمنىڭ نامىنى بەختلىكلەر تىزىملىكىگە يېزىپ قويۇڭلار ۋە ئۇنى زېمىنغا قايتۇرۇپ كېتىڭلار. مەن ئۇنى زېمىندىن ياراتقانمەن، زېمىنغا قايتۇرىمەن يەنە ئىككىنچى قېتىم زېمىندىن چىقىرىمەن، دەيدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ جېنى زېمىنغا قايتۇرۇلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قېشىغا ئىككى پەرىشتە كېلىپ، ئۇنى ئولتۇرغۇزىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن: پەرۋەردىگارىڭ كىم؟

دەپ سورايدۇ. ئۇ: پەرۋەردىگارىم ئەزەمەتلىك، بۈيۈك ئاللاھ، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرىشتىلەر: دىنىڭ نېمە؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: دىنىم ئىسلام، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. پەرىشتىلەر: سىلەرگە ئەۋەتىلگەن بۇ ئادەمگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قانداق قارايسەن؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ: ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر، ئۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، دەيدۇ. پەرىشتىلەر: بۇنى قانداق بىلدىڭ؟ دەيدۇ. ئۇ: ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈردۈم ۋە تەستىق قىلدىم، دەيدۇ. ئاندىن ئاسماندىن بىر نىدا قىلغۇچى «بەندەم راست دەيدۇ، ئۇنىڭغا جەننەتتىن ئورۇن تەييارلاڭلار، جەننەتنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈڭلار، جەننەتنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىڭلار! دەپ نىدا قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئادەمگە جەننەتنىڭ خۇش-ھىدلىرى كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قەبرىسى كۆز يېتىم مىقداردا كېڭەيتىپ بېرىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېدى: ئۇنىڭغا يەنە چىرايلىق كىينگەن، خۇشپۇراقلىق، كېلىشكەن بىر ئادەم كېلىپ: ساڭا خۇشخەۋەر بار! بۈگۈن ساڭا ۋەدە قىلىنغان كۈن، دەيدۇ. ھېلىقى ئادەم مۇنداق دەيدۇ: ئۆزەڭ كىم بولىسەن، چىرايىڭدىن ياخشىلىق بىشارەتلىرى چىقىپ تۇرىدۇ! ئۇ ئادەم: مەن سېنىڭ ياخشى ئەمەلىڭ، دەيدۇ. ئۇ ئادەم: ئى پەرۋەردىگارىم، قىيامەت قىلىپ بەرسەڭچۇ، قىيامەت قىلىپ بەرسەڭچۇ، ئەھلىم ۋە مېلىم (يەنى جەننەتتىكى ماڭا ھازىرلانغان پاراۋان ھاياتىم)غا قايتىۋالاي، دەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: شۈبھىسىزكى، كاپىر

ئـادەم دۇنيادىــن ئايرىلــىپ، ئاخىرەتكــە ماڭىدىغــان ۋاقتىــدا، ئۇنىڭغا ئاسماندىن قاپقارا يۈزلۈك پەرىشتىلەر يۇڭدىـن توقۇلغان (قوپال توقۇلغان) بىـر كېپەننـى ئېلىـپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغـا كـۆز يېتىــم ئارىلىــق قالــدۇرۇپ ئولتۇرىــدۇ. ئاندىــن كېيىــن ئۆلــۈم پەرىشتىسى كېلىــپ ئۇنىــڭ بېشىــدا ئولتۇرىــدۇ ۋە: ئـى ئىپـلاس جـان، ئاللاھنىــڭ نارازىلىقـى ۋە ئاللاھنىــڭ غەزىپىگــە چىققىــن! دەيـدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنـداق دېـدى: ئۇنىــڭ جېنـى جەســتىدىن ئايرىلىــدۇ. ئۇنىــڭ جېنــى خــۇددى هــۆل يۇڭدىــن زىـخ سۇغۇرۇلغاندەك تارتىـپ ئېلىنىـدۇ. ئـۇلار ئـۇ جاننـى ئالـدۇ-دە، كۆزنـى يۇمۇپ-ئاچقۇچـە هېلىقـى يـۇڭ كېپەنگـە يۆگەيـدۇ. ئۇنىڭدىــن زېمىندىكى ئــەڭ سېســىق تاپىلىــڭ پۇرىقىدىنمۇ سېســىق پۇراقــلار چىقىــپ تۇرىــدۇ. ئــۇلار شــۇ جاننــى ئېلىــپ ئاســمانغا ئۆرلەيـدۇ. ئـۇلار پەرىشـتىلەر توپىنىــڭ قېشىـدىن ئۆتۈپـلا قالسـا، پەرىشـتىلەر: نېمىدىگەن ئىپلاس جان هـە! دېيىشـىدۇ. جاننـى ئېلىـپ ماڭغـان پەرىشـتىلەر: بۇ پالانىڭ بالىسى پالانىنىڭ جېنى، دەپ، دۇنيادىكـى ئـەڭ سـەت ناملىـرى بىلـەن ئاتايـدۇ. ئۇنىڭغـا ئاسـمان ئىشـكلىرىنىڭ ئېچىلىشـى تەلـەپ قىلىنىـدۇ، هېچقانـداق ئىشـك ئېچىلمايـدۇ. ئاندىــن كېيىــن پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام مۇنـۇ ئايەتنـى ئوقـۇدى: «شۈبهىسـىزكى، بىزنىـڭ ئايەتلىرىمىزنـى ئىنــكار قىلغــان ۋە ئۇلارغــا ئىمــان ئېيتىشــقا گەدەنكەشــلىك قىلغانلارغـا ئاسـماننىڭ دەرۋازىسـى ئېچىلمايـدۇ (يەنـى ئۇلارنىـڭ ياخشـى ئەمەلـى ۋە دۇئاسـى قوبـۇل بولمايـدۇ)، تاكـى تۆگــە يىڭنىنىــڭ تۆشــىكىدىن ئۆتكىچــە جەننەتكــە كىرمەيـدۇ (يەنــى ئــۇلار هەرگىزمـۇ جەننەتكـە كىرمەيدۇ)، گۇناهكارلارغـا مۇشـۇنداق

جـازا بېرىمـىز.»[80]

ئاندىـن ئالـلاھ تائـالا: ئۇنىـڭ نامىنى ئـەڭ تـۆۋەن يەردىكـى بەختسىـزلەر تىزىملىكىگـە يېزىـپ قويـۇڭلار! دەيـدۇ. ئۇنىڭ جېنى قاتتىق تاشـلىنىدۇ.

ئاندىــن كېيىــن پەيغەمبــەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـۇ ئايەتنـى ئوقۇدى: «ئاللاھقا خالىـس ئىبادەت قىلىـڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمـەڭلار. كىمكـى ئاللاھقا شـېرىك كەلتۈرىدىكـەن، ئـۇ گويا ئاسـماندىن تاشـلىنىپ، قۇشـلار ئۇنـى ئېلىـپ قاچقانـدەك ياكـى بـوران ئۇنـى ئېلىـپ بېرىـپ يىـراق جايغـا تاشـلىۋەتكەندەك بولۇپ قالـدۇ.»[81]

ئۇنىـڭ جېنـى جەسـتىگە قايتۇرۇلـدۇ. ئۇنىڭغـا ئىككـى پەرىشـتە كېلىـپ، ئۇنـى ئولتۇرغۇزىـدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇنـداق دەيدۇ: پەرۋەردىگارىـڭ كىـم؟ ئـۇ ئـادەم: ۋاي تـاڭ، مـەن بىلمەيمـەن. ئىككـى پەرىشـتە: دىنىـڭ نېمـە؟ دەپ سـورايدۇ. ئـۇ ئـادەم: ۋاي تـاڭ مـەن بىلمەيمـەن، دەيـدۇ. ئاسـماندىن بىـر نىـدا قىلغۇچـى مۇنــداق نىــدا قىلىــدۇ: بەنــدەم يالغــان ئېيتتــى، ئۇنىڭغـا ئوتتىـن ئـورۇن راسـلاپ بېرىـڭلار، ئۇنىڭغا دوزاخنىـڭ ئىشـكىنى ئېچىـڭلار! ئۇنىڭغا دوزاخنىـڭ قىزىقى، دوزاخنىـڭ تەپتى كېلىپ تۇرىـدۇ. ئۇنىـڭ قەبرىسـى تارايتىلىـدۇ، ھەتتاكـى ئـۇ ئادەمنىـڭ قوۋۇرغىلىـرى كىرىشـىپ كېتىـدۇ. ئۇنىڭغـا ناھايىتـى بەدچىـراي، كىيىمـى سـەت، بەدبـۇي بىـر ئـادەم كېلىـپ، مۇنـداق دەيـدۇ:

[80] سۈرە ئەئراف 40 ـ ئايەت
[81] سۈرە ھەج 31 ـ ئايەت

سېنى غەمگە تاشلايدىغان بىر خەۋەردىن خەۋەردار بولۇپ قال! مانا بۆگۈن ساڭا ۋەدە قىلىنغان كۈن. ئۇ ئادەم: سەن كىم، چىرايىڭدىن يامانلىق ئىپادىلىرى چىقىپلا تۇرىدۇ، دەيدۇ. ھېلىقى ئادەم: مەن سېنىڭ يامان ئەمەللىرىڭ، دەيدۇ. ئۇ ئادەم: ئى پەرۋەردىگارىم قىيامەتنى قايىم قىلمىساڭچۇ، دەيدۇ.»

ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدى: ئاندىن كېيىن بۇ ئادەمگە (يەنى كاپىر ئادەمگە) قولىدا تاغنى ئۇرسا كۇكۇم-تالقان بولۇپ كەتكۈدەك بازغان كۆتۈرۈۋالغان قارىغۇ، گاس، گاچا بىر پەرىشتە مەسئۇل قىلىنىدۇ. (ئۇ پەرىشتە ھېلىقى كاپىرنى بازغان بىلەن ئۇرىدۇ-دە، ئۇ كۇكۇم تالقان بولۇپ كېتىدۇ) ئاندىن كېيىن ئاللاھ ئۇ كاپىرنى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرىدۇ. پەرىشتە ئۇنى يەنە بىر ئۇرىدۇ، ئۇ شۇنچىلىك چىرقىراپ كېتىدۇكى، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئىنسان ۋە جىندىن باشقا ھەممە نەرسىلەر ئاڭلايدۇ. بەررا مۇنداق دېدى: ئاندىن ئۇنىڭغا دوزاخنىڭ ئىشىكى ئېچىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئوتتىن كۆرپە سېلىپ بېرىلىدۇ.

مۇسنەددە يەنە بەررا ئىبنى ئازىبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئولتۇراتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر توپ جامائەتنى كۆرۈپ، ئاۋۇ ئادەملەر نېمىشقا يىغىلىشىپتۇ، دەپ سورىدى. ئۇلار قەبرە كولاۋېتىپتۇ، دەپ جاۋاب بېرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۆچۈپ كەتتى-دە، ساھابىلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، تىزلا

ھېلىقــى كولنىۋاتقــان قەبرىنىــڭ قېشــىغا كېلىــپ، تىزلىنىــپ ئولتــۇردى. مــەن پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالامنىڭ نېمــە ئىــش قىلىدىغانلىقىنــى كــۆرۈپ باقــاي دەپ ئۇنىــڭ ئالدىغــا ئۆتتــۇم. پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام يىغلىدى، ھەتتاكــى يەرلەرمۇ ھۆل بولۇپ كەتتــى. ئانــدىن بىزگــە ئالدىنــى قىلىــپ: ئــى قېرىنداشــلىرىم، مۇشــۇ كــۈن ئۈچــۈن تەييارلىــق قىلىــڭلار، دېــدى.»[82]

بۇرەيــدە رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىــدۇ: «بىــر كۈنــى پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام بىزنىمىزغــا كېلىــپ: ئــى ئادەملــەر، مېنىــڭ ۋە ســىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنىڭ نېمىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلەمســىلەر؟ دەپ ئــۈچ قېتىــم سورىدى. ئــۇلار: ئاللاھ ۋە ئۇنىــڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ، دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىزنىــڭ ئەھۋالىمىــز دۈشــمەنلىرىنىڭ باســتۇرۇپ كېلىشــىدىن ئەنســىرەپ، دۈشــمەنلەرنى كۆزەتكىلــى بىــر ئــادەم ئەۋەتكــەن، ھېلىقــى ئــادەم دۈشــمەنلەرنى كــۆرۈپ، قەۋمىنــى ئاگاھلانــدۇرۇپ بولغۇچــە دۈشــمەنلەرنىڭ باســتۇرۇپ كېلىپ قېلىشــىدىن قورقۇپ، ئۇلارنــى ئاگاھلانــدۇرۇش ئۈچــۈن يۈگــۈرۈپ كېلىــپ، كىيىمىنــى پۇلاڭلىتىــپ: ئــى ئادەملــەر، دۈشــمەن كەلــدى، دۈشــمەن كەلدى، دەۋاتقــان بىــر ئادەمنىــڭ ئەھۋالىغــا ئوخشــايدۇ، دەپ ئــۈچ قېتىــم تەكرارلىــدى.»[83]

جابىــر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايەت قىلىنىدۇكــى، پەيغەمبەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دەيــدۇ: «ھــەر قانــداق مەســت قىلغۇچــى

[82] ئەھمەد رىۋايىتى
[83] ئەھمەد رىۋايىتى

نەرسە هارامدۇر. شۈبهىسىزكى، ئاللاھ تائالا مەست قىلغۇچى نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلغان ئادەمنى تىينەتۇل خەبالدىن سۇغىرىدىغانلىقنى ۋەدە قىلدى. ساھابىلەر تىينەتۇل خەبال دېگەن نېمە؟ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: ئۇ، ئەھلى دوزىخىلارنىڭ تەرى ياكى ئۇلارنىڭ سىقىندىلىرى (يىرىڭ-زەرداپ، تەر قاتارلىقلار) دەپ جاۋاب بەردى.»[84]

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن سىلەر كۆرمەيدىغان نەرسىلەرنى كۆرىمەن، سىلەر ئاڭلىمايدىغان نەرسىلەرنى ئاڭلايمەن. ئاسمان غىچىرلىدى، ئۇ غىچىرلاشقا لايىق. ئاسماندا تۆت بارماق مىقدارى يەرلا بولىدىكەن ئۇ يەردە سەجدە قىلىۋاتقان بىر پەرىشتە بولىدۇ. ناۋادا سىلەر مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار. ئاياللار بىلەن كۆرپىلەردە لەززەتلەنمىگەن بولاتتىڭلار. كوچىلارغا چىقىپ ئاللاھقا زار-تەزەررۇ قىلغىلى تۇرغان بولاتتىڭلار.» ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن كېسىۋېتىلىدىغان دەرەخ بولۇپ كېتىشىمنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.»[85]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن بىر جىنازا نامىزىغا چىقتۇق. قەبرە بېشىغا كېلىۋېدۇق، پەيغەمبەر

[84] مۇسلىم رىۋايىتى
[85] ئەھمەد رىۋايىتى

ئەلەيھىسسالام زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، قەبرىگە تەكرار-تەكرار قارىدى. ئاندىن مۇنداق دېدى: مۇئمىن قەبرىدە شۇنداق سىقىلىدۇكى، ھەتتا چاتراق تومۇرلىرىمۇ يوقاپ كېتىدۇ. كاپىرنىڭ قەبرىسى بولسا پۈتۈنلەي ئوتقا توشقۇزۇلىدۇ.»[86]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆلمىگە باردۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى. مېيىت قەبرىسىدە قويۇلۇپ، قەبرىسى تۈزلىنىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتتى، بىزمۇ ئۇزاق تەسبىھ ئېيتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەكبىر ئېيتتى، بىزمۇ تەكبىر ئېيتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: نېمە ئۈچۈن تەسبىھ ۋە تەكبىر ئېيتتىلا! دەپ سورالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شۈبھىسىزكى، مۇشۇ ياخشى بەندىنى قەبرىسى قىستىغان ئىدى، ئاللاھ ئۇنى كېڭەيتىپ بەرگەنگە قەدەر تەكبىر، تەسبىھ ئېيتتىم، دېدى.»[87]

ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مېيىت جىنازىغا سېلىنىپ، كىشىلەر ئۇنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، ناۋادا جىنازىدىكى ياخشى ئادەم بولسا، ئۇ: تېزراق مېڭىڭلار، تېزراق مېڭىڭلار! دېگىنى تۇرىدۇ. ناۋادا ياخشى ئادەم بولمىسا: ۋاي ئېسىت، مېنى نەگە ئاپىرىسىلەر! دېگىنى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازىنى

[86] ئەھمەد رىۋايىتى
[87] ئەھمەد رىۋايىتى

ئىنسانىدىن باشقا ھەممە نەرسە ئاڭلايدۇ. ناۋادا ئىنسان ئاڭلىغان بولسا، ئەلۋەتتە ھوشىدىن كەتكەن بولاتتى.»[88]

ئەبى ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى قۇياش بىر مىل مىقداردا يېقىنلاشتۇرۇلىدۇ. قۇياشنىڭ ھارارىتى مۇنداق، مۇنداق دەرىجە ئاشۇرۇلىدۇ. قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن باشلار خۇددى قازان قايىنىغاندەك قايناىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ خاتالىقى مىقداردا تەرلىگىلى تۇرىدۇ. بەزىلەرنىڭ تەرى ئوشۇقىغا كېلىدۇ، بەزىلەرنىڭ قاق پاچىقىغا كېلىدۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ بېلىگە كېلىدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ ئېغىزىغىچە كېلىدۇ.»[89]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قانداقمۇ خاتىرجەم بولاي، ۋاھالەنكى، ئىسراپىل ئەلەيھىسسالام سۇر چېلىش ئۈچۈن سۇرنى ئېغىزىغا ئېلىپ، بېشىنى ئېگىپ (تەييارلىنىپ) بولغان تۇرسا! ئۇنىڭغا قاچان بۇيرۇق بېرىلسە سۇرگە پۈۋلەيدۇ. ساھابىلەر: بىز بۇ ئەھۋالدا نېمە دەيمىز؟ دەپ سورىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بىزگە ئاللاھ كۇپايە، ئاللاھ ناھايىتى ياخشى كېپىل، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق دەڭلار، دېدى.»[90]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىپ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئۆزىنى

[88] بۇخارى رىۋايىتى
[89] ئەھمەد رىۋايىتى
[90] ئەھمەد رىۋايىتى

چوڭ چاغلىسا ياكى (تەكەببۇرلۇق قىلىپ) غادىيىپ ماڭسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپلەنگەن ھالدا ئۇچرىشىدۇ.»[91]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، رەسساملار (ھەيكەلتاراشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىيامەت كۈنى ئازابلىنىدۇ. ئۇلارغا سىلەر ياراتقان نەرسەڭلەرگە جان كىرگۈزۈڭلار، دېيىلىدۇ». [92]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلۈپ كەتسە، ئەتىگەن ۋە كەچتە ئۇنىڭغا تۇرىدىغان يېرى كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ ئادەم جەننەتتىي بولسا جەننەتتىن، دوزىخىي بولسا دوزاختىن كۆرسىتىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا: بۇ، ئاللاھ قىيامەت كۈنى سېنى تىرگۈزگەندە سەن تۇرىدىغان ئورۇن، دېيىلىدۇ.»[93]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئەھلى جەننەتتىيلەر جەننەتكە، ئەھلى دوزىخىيلار دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆلۈم كەلتۈرۈلۈپ، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارلىقىدا توختىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بوغۇزلىنىپتىلىدۇ. ئاندىن بىر نىدا قىلغۇچى مۇنداق جاكارلايدۇ: ئى ئەھلى جەننەتتىيلەر، مەڭگۈ ياشاڭلار! ئەمدى ئۆلۈم يوق. ئى ئەھلى دوزىخىيلار،

[91] جامىئۇسسەھىھتە بايان قىلىنغان. ئەلبانى سەھىھ دېگەن.
[92] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[93] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

دوزاختا مەڭگۈ قىلىنغۇچىلار! ئەمدى ئۆلۈم يوق. (بۇ نىدانى ئاڭلىغاندىن كېيىن) ئەھلى جەننەتلەرنىڭ خۇشاللىقىغا خۇشاللىق قوشۇلسا، ئەھلى دوزىخىيلارنىڭ قايغۇسىغا قايغۇ قوشۇلىدۇ.»[94]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم ئۇن تەڭگىگە بىر كىيىم سېتىۋالغان بولسا، ناۋادا شۇ تەڭگىلەر ئىچىدە بىرەر تەڭگە هارام (يوللاردىن كېلىپ قالغان) بولسا، ئاللاھ ئۇ ئادەمنىڭ شۇ كىيىمنى كىيىپ تۇرۇپ ئوقۇغان نامىزىنى قوبۇل قىلمايدۇ.» ئاندىن كېيىن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككى بارمىقىنى قۇلىقىغا تىقىپ تۇرۇپ، ناۋادا مەن مۇشۇ سۆزلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىمىغان بولسام ئىككى قۇلىقىم گاس بولۇپ كەتسۇن، دېدى.[95]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەم مەستلىك تۇپەيلى بىر قېتىم نامازنى تەرك قىلغان بولسا، گوياكى پۈتۈن دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بولۇپ، قولدىن چىقىرىۋەتكەن ئادەمگە ئوخشايدۇ. كىمكى مەستلىك تۇپەيلى تۆت قېتىم نامازنى تەرك قىلغان بولسا، ئاللاھنىڭ ئۇنى تىينەتۇل خەبالدىن سۇغىرىشى ھەقلىق بولۇپ قالىدۇ. تىينەتۇل خەبال دېگەنلىرى نېمە؟ يا رەسۇلۇللاھ، دەپ سورىلىۋېدى،

[94] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[95] ئەھمەد رىۋايىتى

پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالام: ئــۇ، جەھەننەمدىكىلەرنىــڭ تــەر، يىرىڭ ـ زەرداپلىــرى، دەپ جــاۋاب بــەردى.»[96]

ئىبنــى ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ پەيغەمبــەر ئەلەيھىسســالامغا نىسـبەت بېرىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «كىمكـى بىـر قېتىـم ھـاراق ئىچسە، ئۇنىـڭ قىرىـق كۈنلـۈك نامىزى مەقبۇل بولمايدۇ. ئـاۋادا تەۋبە قىلسا، ئاللاھ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ. يەنە قايتا ھاراق ئىچسە، ئاللاھ ئۇنىـڭ قىرىـق كۈنلـۈك نامىزىنى قوبـۇل قىلمايدۇ. ئـاۋادا تەۋبـە قىلسـا، ئاللاھ تەۋبىسـىنى قوبـۇل قىلىـدۇ. ئىبنـى ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنداق دەيـدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچىنچـى قېتىمـدا دېدىمـۇ ياكـى تۆتىنچـى قېتىمـدا دېدىمـۇ، بىلەلمىدىـم، ئەممـا: ئـاۋادا ئـۇ ئـادەم يەنـە ھـاراق ئىچسـە، ئاللاھنىـڭ ئۇنـى قىيامـەت كۈنـى دوزاختىكىلەرنىڭ تـەر، يىرىڭ ـ زەرداپلىرىدىـن سۇغىرىشـى ھەقلىـق بولـۇپ قالـىدۇ، دېـدى.»[97]

ئەبـى مۇسـا رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ: «كىمكـى زابـوي ھالىتىــدە ئۆلـۈپ كەتسـە، ئاللاھ ئۇنـى غۇتـە ئۆسـتىڭىدىن سۇغىرىدۇ. غۇتـە ئۆسـتىڭى دېگەنلـرى نېمە؟ دەپ سـورىلىۋىدى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: غۇتـە ئۆسـتىڭى دېگىنىمىـز، پاھىشـە ئاياللارنىـڭ جىنسىي ئەزالىرىدىـن ئېقىـپ چىققان بىـر ئۆسـتەڭ بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ جىنسىي ئەزالىرىدىـن چىققان سېسىق پۇراقلار دوزاختىكىلەرگىمـۇ ئەزىيـەت بېرىــدۇ، دېــدى»[98]

[96] ئەھمەد رىۋايىتى
[97] ئەھمەد رىۋايىتى
[98] ئەھمەد رىۋايىتى

ئەبى مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى كىشىلەر ئۈچ قېتىم مەيدانغا ئېلىپ چىقىلىدۇ. ئاۋۋالقى ئىككى قېتىمدا بەس مۇنازىرىلەر ۋە ئۆزرىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئۈچىنچى قېتىمدا نامە-ئەمال پۈتۈكلىرى ئۇچۇپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۇنى ئوڭ قولى بىلەن ئالىدۇ ياكى سول قولى بىلەن ئالىدۇ.»[99]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كۆزگە ئېلىنمايدىغان (كىچىك) گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئۇ گۇناھلار بىر ئادەمدە يىغىلىپ، يېغىلىپ ئاخىرىدا ئۇنى تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: (كىچىك گۇناھلارنىڭ يىغىلىپ بىر ئادەمنى ھالاك قىلىشى) چۆللۈك زېمىنغا چۈشكۈن قىلغان، ئاندىن بىر ئۇستام كېلىپ (تاماق ھازىرلاش ئۈچۈن) ئوت قالىماقچى بولغان، كىشىلەر بىردىن ئىككىدىن تەمەچ تىرىپ كېلىپ، بىر دۆۋە بولغاندىن كېيىن، ئوتۇن دۆۋىسىگە ئوت يېقىپ تاماق پىشۇرغان بىر قەۋمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.»[100]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك (پىلسىرات كۆۋرۈكى) قويۇلىدۇ. ئۇ كۆۋرۈكتىن تۇنجى بولۇپ مەن ئۆتىمەن. پەيغەمبەرلەرمۇ شۇ كۈندە «ئى ئاللاھ،

[99] ئەھمەد رىۋايىتى
[100] ئەھمەد رىۋايىتى

سالامەت ئۆتكىلى نىسىپ قىلغايسەن! ئى ئاللاھ، سالامەت ئۆتكىلى نىسىپ قىلغايسەن!» دەپ دۇئا قىلغىلى تۇرىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى گىرۋىكىدە سەئدان دەرىخىنىڭ شوخىسىغا ئوخشايدىغان قارماقلار بار. كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەمەللىرى سەۋەبلىك قارماققا ئىلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەمەللىرى تۈپەيلىدىن ھالاك بولۇپ كېتىدىغانلىرى؛ دوزاخقا چۈشۈپ كېتىپ، ئاندىن قۇتۇلۇپ چىقىدىغانلىرى بار. ئاللاھ تائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ بولۇپ، ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەر ئىچىدىن ئۆزى خالىغان كىشىلەرنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىرادە قىلسا، پەرىشتىلەرگە ئۇ ئادەملەرنى دوزاختىن چىقىرىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇ ئادەملەرنى پىشانىسىدىكى سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇيدۇ. ئاللاھ ئادەم بالىسىدىكى سەجدە ئىزلىرىنى دوزاخقا ھارام قىلغان. ئۇلار قارا كۆمۈردەك ھالەتتە دوزاختىن چىقىرىلىدۇ. ئۇلارغا (ئابىھايات) ھاياتلىق سۈيى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سۇ تۆكۈلىدۇ. ئۇلار سەل گىرۋەكلىرىدىكى ئۆسۈملۈكلەردەك (ناھايىتى ئاجىز، زەئىپ ھالدا) ئۈنۈپ چىقىدۇ.»[101]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى تۇنجى بولۇپ، ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئادەم بار. بىرىنچىسى شېھىد. شېھىد مەيدانغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا

---

[101] بۇخارى رىۋايىتى

دۇنيادىكى نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللاھ: سەن شۇ نېئمەتلەرگە قارىتا قانداق ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: سېنىڭ يولۇڭدا ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر ئۇرۇش قىلدىم، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن قەھرىمان دېگەن نامغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلدىڭ، ئۇ نامىلارمۇ بېرىلىپ بولدى، دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇنى دوزاخقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئادەم يۈزىچە سۆرەلگىنىچە دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئىككىنچىسى ئىلىم ئۆگەنگەن، ئۆگەتكەن، قۇرئان قىرائەت قىلغان ئادەم. بۇ ئادەم مەيدانغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇ ئادەم ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا: سەن شۇ نېئمەتلەرگە قارىتا قانداق ئەمەللەرنى قىلدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: مەن سېنىڭ يولۇڭدا ئىلىم ئۆگەندىم، ئۆگەتتىم، قۇرئان قىرائەت قىلدىم، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: يالغان ئېيتتىڭ، لېكىن سەن ئالىم دېگەن ئاتاققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئۆگەندىڭ، ئۇ ئاتاق بېرىلىپ بولدى. قۇرئاننىمۇ قارى دېگەن ئاتاققا ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىرائەت قىلدىڭ، ئۇ ئاتاقىمۇ ئېرىشىپ بولدۇڭ، دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۇنى دوزاخقا بۇيرۇيدۇ. ئۇ يۈزىچە سۆرەلگىنىچە دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۈچىنچىسى ئاللاھ تائالا رىزقىنى كەڭرى قىلىپ، تۈرلۈك ماللاردىن بەرگەن باي ئادەم. بۇ ئادەم مەيدانغا ئېلىپ كېلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرى ئەسلىتىلىدۇ، ئۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا: سەن شۇ نېئمەتلەرگە قارىتا قانداق ئىشلارنى قىلدىڭ؟ دەپ سورايدۇ. ئۇ ئادەم: مەن سەن ياخشى كۆرىدىغان

يوللارنى چالا قويماي پۇل سەرپ قىلدىم، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: يالغان ئېيتتىڭ، سەن باشقىلارنىڭ سېنى سېخىي دېيىشى ئۈچۈن شۇنداق قىلدىڭ، ئۇ نامغا ئېرىشىپ بولدۇڭ، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ دوزاخقا بۇيرۇلىدۇ. ئۇ يۈزىچە سۆرىتىلىپ دوزاخقا تاشلىنىدۇ.»[102] بۇ ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا «بۇلار، ئاللاھ قىيامەت كۈنىدە دوزاخنى قىزىتىدىغان تۇنجى ئادەملەردۇر» دېيىلگەن.

مەن شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى پەيغەمبەرلەر بولغىنىدەك، كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى پەيغەمبەرگە ئوخشىۋالغان ئادەملەردۇر. ئۇلار باشقىلارغا ئۆزى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىچىدىن ئەمەس، ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىشىغا يات ئىشلارنى قىلىدۇ. پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆلىمالار، شېھىدلار، سىددىقلار ۋە ئىخلاسمەنلەردۇر. كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى يۇقىرىقى ئادەملەرنىڭ سىياقىغا كىرىۋالغانلاردۇر. ئۇلار باشقىلارغا ئۆزى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار يۇقىرىقى كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئەمەس.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمدە قېرىندىشىنىڭ ئىقتىسادىي ياكى ئىززەت-ئابرويى جەھەتتىكى ھەققى بولسا،

[102] مۇسلىم رىۋايىتى

قولىدا تەڭگە ـ تىللاسى بولمايدىغان كۈنى (قىيامەت)دە ھېساب ئېلىنىشتىن بۇرۇن ھەققىنى بېرىۋەتسۇن ۋە ئۇنىڭدىن رازىلىق ئېلىۋالسۇن. (قىيامەت كۈنى) ھېلىقى ئادەم ياخشىلىقى بار ئادەم بولسا، ھەق ئىگىسىگە ئۇنىڭ ياخشىلىقى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ناۋادا ياخشىلىقى بولمىسا ھەق ئىگىسىنىڭ گۇناھلىرى ئۇ ئادەمگە ئېلىپ بېرىلىپ، ئاندىن دوزاخقا تاشلىنىدۇ.»[103]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى (باشقىلارنىڭ) يېرىدىن بىر غېرىچ يەرنى ناھەق قوشۇۋالسا، قىيامەت كۈنى شۇ سەۋەبلىك يەتتە قات يەرنىڭ تېگىگە چۆكتۈرۈۋېتىلىدۇ.»[104]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا ئىشلىتىۋاتقان ئوتۇڭلار جەھەننەم ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. ساھابىلەر: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناۋادا مۇشۇ دۇنيادىكى ئوت بولسىمۇ كۇپايە قىلاتتىغۇ! دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شۈبھىسىزكى، جەھەننەمدىكى ئوتنىڭ قىزىقلىق دەرىجىسى تېخى ئاتمىش توققۇز ھەسسە ئاشۇرۇلغان، دېدى.»[105]

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېدى: ئۆلتۈرۈلگەن، كۆيدۈرۈلگەن تەقدىرىڭدىمۇ ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك

[103] بۇخارى رىۋايىتى
[104] بۇخارى رىۋايىتى
[105] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

كەلتۈرمـە! ئاتا-ئانـاڭ سـېنى ئەھلىڭنـى ۋە مېلىڭنـى تاشـلاپ چىقىـپ كېتىشكە بۇيرۇغـان تەقدىردىمۇ ئۇلارنـى قاقشاتما! پـەرز نامازنـى قەسـتەن تـەرك ئەتمـە! بولمىسا ئاللاھنىـڭ ئەھدىسـىدىن ئايرىلىـپ قالىسـەن. ھەرگـىز ھـاراق ئىچمـە! شۈبھىسـىزكى، ھاراق ھەر قانداق گۇناھ-مەئسـىيەتنىڭ بېشـىدۇر. گۇناھ-مەئسـىيەتتىن سـاقلان! جەزمەنكـى، گۇناھ-مەئسـىيەت ئاللاھنىـڭ نارازىلىقىغـا دۇچـار قىلىـدۇ.»[106]

بـۇ ھەقتـە ھەدىسـلەر بـەك كۆپ، بىـز ئۇلارنىڭ بىر قىسـمىنى بايـان قىلـدۇق، خـالاس. ئۆزىنـى ئالدىمايدىغـان سـەممىي كىشـىلەر يۇقىرىقـى بايانلاردىـن قۇلاق يوپۇرۇۋالماسـلىقى، ياخشـى گۇمـان، ياخشـى ئارزۇلارغـا يۆلىنىۋېلىپـلا، ئۆزىنـى گۇنـاھ-مەئسـىيەتلەرگە ئاتماسـلىقى لازىـم.

ئەبۇلۋەفـا ئىبنـى ئەقىـل مۇنـداق دەيـدۇ: «ئاللاھنىـڭ رەھمىتىگـە بولغـان ياخشـى گۇمانىڭدىمـۇ ئېھتىياتچـان بـول، ياخشـى گۇمانىڭـدا مەغرۇرلىنىـپ كەتمـە. شۈبھىسـىزكى، ئـۈچ دىرھـەم ئۈچـۈن بىـر قـول كېسـىلدى. بىـر تامچـە ھـاراق ئىچكەنگـە ھـەد ئۇرۇلـدى. بىـر ئايال مۈشـۈكنى ئۆلتـۈرۈپ قويغانغا دوزاخقـا تاشـلاندى. بىـر تونغـا خىيانـەت قىلغـان ئـادەم شـېھىد ئۆلتۈرۈلگىنىگـە قارىماسـتىن دوزاخقـا بۇيرۇلـدى.»

تارىـق ئىبنـى شـىھاب پەيغەمبـەر ئەلەيھىسـسالامغا نىسـبەت بېرىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «بىـر ئـادەم بىـر چىۋىـن سـەۋەبلىك جەننەتكـە كىـردى، يەنـە بىـر ئـادەم بىـر چىۋىـن سـەۋەبلىك

[106] ئەھمەد رىۋايىتى

دوزاخقا كىرىدى. ساھابىلەر: بۇ قانداق ئىش يا رەسۇلۇللاھ، دېۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى سۆزلەپ بەردى: ئىككى ئادەم بىر قەۋمدىن ئۆتتى. ئۇ قەۋمدىكىلەرنىڭ بىر بۇتى بولۇپ، بۇ يەردىن ئۆتمەكچى بولغان ھەر قانداق ئادەم ئۇ بۇتقا بىر نەرسە قۇربانلىق قىلماي ئۆتەلمەيتتى. (ھېلىقى ئىككەيلەن بۇ يەردىن ئۆتكەندە) كىشىلەر ئۇ ئىككەيلەننىڭ بىرىگە: قۇربانلىق قىل! دېدى. ئۇ ئادەم مەندە ھېچ نەرسە يوق، دېدى. ئۇلار: بىر تال چىۋىن بولسىمۇ قۇربانلىق قىل! دېدى. ئۇ ئادەم قۇربانلىق قىلىۋېدى، ئۇلار ئۇنى ئۆتكىلى قويدى. قۇربانلىق قىلغان ھېلىقى ئادەم (بۇتقا ئاتاپ قۇربانلىق قىلغانلىقى سەۋەبىدىن) دوزاخقا كىردى. ئۇلار يەنە بىرسىگە: قۇربانلىق قىل! دېدى. ئۇ ئادەم: مەن ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىگە بىر نەرسە قۇربانلىق قىلمايمەن، دېدى. ئۇلار ئۇ ئادەمنىڭ بوينىغا چاپتى (ئۆلتۈرۈۋەتتى). بۇ ئادەم (ئاللاھقا بولغان خالىسلىقى تۈپەيلىدىن) جەننەتكە كىردى.»[107]

بىر ئادەم (بىر جۈملە سۆزى تۈپەيلى) جەننەتكە كىرىدۇ، بىر جۈملە سۆز تۈپەيلى مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك چوڭقۇر بولغان دوزاخقا تاشلىنىدۇ.

يەنە بەزى تەنتەك ئادەملەر ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بۇ ھاياتتا بەرگەن نېئمەتلىرىگە ۋە ئۇ نېئمەتلەرنىڭ ئىنچىل ئۆز قولىدا بولۇپ كەلگىنىگە قاراپ، ئۆزىنى ئالداپ ياشايدۇ.

---

[107] ئەھمەد رىۋايىتى

ئۇلار بۇ نېئمەتلەرنىڭ بېرىلىشىنى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىدىن دەپ گۇمان قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا ئۇ دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بېرىدۇ دەپ ئويلايدۇ. بۇ ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ ئۆتۈشتۇر.

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ناۋادا ئاللاھنىڭ بىر گۇناھكار بەندىگە ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى بەرگەنلىكىنى كۆرسەڭ، (بىلگىنكى) شۈبھىسىزكى، بۇ، ئاللاھنىڭ مۆھلەت بەرگىنىدۇر. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلدى: ‹ئۇلار ئۆزلىرىگە قىلىنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق. ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال-خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. ›[108]»[109]

بىر قىسىم سەلەف ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: ناۋادا سەن گۇناھ-مەئسىيەتلەردە داۋاملىشىۋەرسەڭمۇ، ئاللاھ ساڭا نېئمەتلەرنى ئىزچىل بېرىۋەرگەنلىكىنى كۆرسەڭ، ئاگاھ بول! شۈبھىسىزكى، بۇ، ئاللاھنىڭ مۆھلەت بەرگىنىدۇر. ئاللاھ سېنى شۇ مۆھلەت توشقان ھامان جازالايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلار (كۇپپارلارنىڭ باياشات تۇرمۇشىنى كۆرۈپ

[108] سۈرە ئەنئام 44 ـ ئايەت
[109] ئەھمەد رىۋايىتى

كۇفرىغا قىزىقىپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ) ھەممىسى (كۇفرىدا) بىر ئۈممەت بولۇپ قالمايدىغان بولسا ئىدى، مەرھەمەتلىك ئاللاھنى ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى ۋە ئۇنىڭغا چىقىدىغان شوتىلىرىنى كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ۋە تەختلىرىنىمۇ كۈمۈشتىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلار تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. (يۇقىرىقىلارنىڭ بەزىسىنى) ئالتۇندىن قىلىپ بېرەتتۇق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت دۇنيا تىرىكچىلىكىدە پايدىلىنىدىغان نەرسىلەردۇر. پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھوزۇرىدىكى ئاخىرەت (يەنى جەننەت ۋە ئۇنىڭدىكى نازۇنېئمەتلەر) تەقۋادارلارغا خاستۇر.»[110]

يۇقىرىقىدەك گۇمانلاردا بولغان كىشىلەرگە ئاللاھ تائالا رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ ئەزىز قىلسا ۋە ئۇنىڭغا نېئمەت بەرسە، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى ئەزىز قىلدى» دەيدۇ. پەرۋەردىگارى ئىنساننى سىناپ رىزقىنى تار قىلسا، ئۇ: «پەرۋەردىگارىم مېنى خار قىلدى» دەيدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.»[111] يەنى، مېنىڭ بىراۋلارغا نېئمەت بېرىپ، رىزقىنى كەڭرى قىلىشىم، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكىمدىن ئەمەس. مەن سىناش يۈزىسىدىن رىزقىنى تار قىلىپ قويغانلار مەن خار قىلغان ئادەملەر ئەمەس. بەلكى بىرىنى ھوزۇر-ھالاۋەت، كەڭرى نېئمەتلەر بىلەن سىنىغان بولسام، يەنە بىرىنى نامراتچىلىق، بالا-مۇسىبەتلەر بىلەن ھۆرمەتلەيمەن.

[110] سۈرە زۇخرۇف 33، 34، 35 ـ ئايەتلەر
[111] سۈرە فەجر 15، 16، 17 ـ ئايەتلەر

ئۇقبە ئىبنى ئامىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مال-دۇنيانى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ۋە ياخشى كۆرمىگەن كىشىلەرگىمۇ بېرىدۇ. ئەمما ئىماننى پەقەت ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىلەرگىلا بېرىدۇ.»[112]

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ پاراۋانلىق ئاتا قىلغان نۇرغۇن ئادەملەر بار. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۆھلەت بېرىلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر ئۆزلىرى بىلمىگەن ھالدا ئاللاھنىڭ ئۆزىنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرىنى يۆگىگەنلىكى بىلەن مەغرۇرلىنىپ كېتىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئادەملەر ئۆزلىرى بىلمىگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ مەدھىيە-ماختاشلىرى بىلەن مەست-مۇستەغرەق بولۇپ كېتىدۇ.»

## 17. دۇنياغا ئالدىنىپ كېتىش

جاھاندىكى ئەڭ تەنتەك ئادەملەر دۇنياغا بېرىلىپ، دۇنيانىڭ مەئىشەتلىرى بىلەن ئالدىنىپ ياشايدۇ. ئۇلار بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيادىن ئۈستۈن بىلىدۇ. ئۇ دۇنيانى قويۇپ، بۇ دۇنيانى تاللايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا دېگەن نەق، ئاخىرەت نېسى، نەق نېسىدىن ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟!»

ئۇلارنىڭ بەزىسى: «ئەتىكى دۈمبىدىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى» دېيىشىدۇ.

[112] تىرمىزى رىۋايىتى

يەنە بەزىلەر: «دۇنيا لەززىتى ئىچىدە، ئاخىرەتتىكى ھوزۇر-ھالاۋەتلەر نامەلۇم، نائىنىق نەرسىلەرنى دەپ ئېنىق نەرسىلەرنى تاشلىمايمىز» دەيدۇ.

مانا بۇلار شەيتانغا ئەل بولغانلاردۇر. ھايۋانلارمۇ ئۇلاردىن ئەقىللىقلىراق. شۈبھىسىزكى، ھايۋان جىنىدا قانچە ئۇرۇلغان تەقدىردىمۇ ئۆزىگە زىيانلىق يەرلەرنى بىلىپ تۇرۇپ قەدەم باسمايدۇ. بۇ ئادەملەر نائېنىق بولغان ئېھتىماللىقتا تۇرۇپ، ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنىڭ بوسۇغىلىرىغا دەسسەپ باقىدۇ.

ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىۋاتقان بۇ ئادەملەر، ناۋادا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئاخىرەتتە ئاللاھقا ئۇچرىشىدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ مۇكاپات-جازالىرىغا ئىشەنگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئىشىنىپ تۇرۇپ ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلىشى ئۇلارغا ئىنتايىن ئېغىر ھەسرەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ناۋادا ئۇلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە، ئاخىرەتتە ئاللاھقا ئۇچرىشىدىغانلىقىغا، ئاللاھنىڭ مۇكاپات-جازالىرىغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەر بولسا، بۇ ئۇلارغا تېخىمۇ ئېغىر ھەسرەت بولىدۇ.

نەق نېسىدىن ياخشى دېگۈچىلەرگە مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: «ناۋادا نەق بىلەن نېسى ئوخشاش، باپباراۋەر بولسا، ئۇنداقتا نەق ياخشى. ناۋادا نېسى كۆپرەك، ياخشىراق بولسا، نېسى ياخشى. پۈتۈن دۇنيا ھاياتى ئاخىرەتتىكى بىر نەپەسچىلىك تۇرسا قانداقسىگە ئىككىسىنى تەڭلەشتۈرگىلى، سېلىشتۇرغىلى بولسۇن!»

مۇستەۋرەد ئىبنى شەدداد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇنيا ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا پەقەت سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بارمىقىنى دېڭىزغا چۆكۈرۈپ تارتىۋالغىنىغىلا ئوخشايدۇ، قاراپ باقسۇن، بارمىقىغا قانچىلىق سۇ يۇقىدۇ؟»[113]

شۈنچىلىك (ئەرزىمەس) نەقنى (ئەۋزەل، بۈيۈك) نېسىگە تېگىشىش مىسلىسىز زىيان تارتقانلىق ۋە نادانلىق قىلغانلىقتۇر. پۈتۈن دۇنيا ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا شۇنچىلىك ئەرزىمەس ئىكەن، ناۋادا بىر ئىنساننىڭ ئۆمرى ئاخىرەتكە سېلىشتۇرۇلسىچۇ؟! ئەقىللىق ئادەم قايسىنى تاللايدۇ! قىسقا مۇددەتلىك نەق نەرسىلەرنى دەپ، ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ياخشىلىقلارنى قولدىن بېرىپ قويامدۇ ياكى بەرىبىر قولدىن كېتىدىغان، ئەرزىمەس نەرسىلەرنى تاشلاپ، يوقالمايدىغان، سان ـ ساناقسىز، توگىمەس ـ پۈتمەس، بىباھا ياخشىلىقلارنى تاللامدۇ؟!

ئەمما، بەزىلەرنىڭ «مەن نائېنىق نەرسىلەرنى دەپ نەق نەرسىلەرنى قولدىن بەرمەيمەن» دېگەن سۆزىگە قارىتا مۇنداق جاۋاب بېرىلىدۇ: سەن ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرى، ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ راستچىللىقىغا گۇمانىي قاراشتا بولۇشىڭ ياكى يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىنى تەستىق قىلىشىڭ مۇمكىن. ناۋادا سەن يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىگە ئىشەنسەڭ، سەن پەقەت شەك بولمىغان، مەڭگۈ قولدىن كەتمەيدىغان نەرسىلەرگە

[113] ئەھمەد ۋە تىرمىزى رىۋايىتى

ئېرىشىش ئۈچۈن بەرىبىر قولدىن كېتىدىغان نەرسىلەرنى تەرك ئەتكەن بولسەن. ناۋادا ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرى، ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ۋە پەيغەمبەرلىرىنىڭ راستچىللىقىغا گۇمانىي قاراشتا بولساڭ، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقى، قۇدرىتى، خاھىشى، بىرلىكى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھ ھەققىدە بەرگەن خەۋەرلىرىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەتلەرنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن تەھلىل قىلىپ باققىن! (ئەتراپىتىكى شەيئىلەرگە) نەزەر سېلىپ باققىن! پەيغەمبەرلەر ئاللاھ نامىدىن بايان قىلغانلىرىنىڭ شەكسىز ھەقىقەت ئىكەنلىكى؛ ئالەملەرنىڭ ۋە ئاسمان-زېمىنلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ توغرىسىدا پەيغەمبەرلەر بەرگەن خەۋەرلەرنىڭ زىتلىق ۋە ئوخشىماسلىقلاردىن تامامەن خالىي ئىكەنلىكى ئايدىڭ بولغانغا قەدەر مۇنازىرە ئېلىپ بارغىن. كىمكى ئاللاھنى ئاللاھ ئۆزى سۈپەتلىگەن ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى سۈپەتلىگەندىن باشقا سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىسە، ئۇ، ئاللاھقا بىئەدەبلىك قىلغان ۋە ئۇنى يالغانغا چىقارغان، ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. ساغلام تەبىئەتلىك ھەرقانداق ئادەم ھەقىقىي پادىشاھ ئاللاھنى ئاجىز ياكى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان، كۆرمەيدىغان، گەپ قىلمايدىغان، بۇيرىمايدىغان، توسمايدىغان، مۇكاپات بەرمەيدىغان، جازالىمايدىغان، خالىغان كىشىنى ئەزىز قىلمايدىغان، خالىغان كىشىنى خار قىلمايدىغان، ئۆز مەملىكىتىنىڭ تەرەپ-تەرەپلىرىگە پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدىغان، پۇقرالىرىنىڭ ئەھۋالى بىلەن كارى بولمايلا، ئۇلارنى تاشلىۋەتكەن

بىلمىسىز دەپ سۆيەتلىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق سۆيەتلەر ئادەتتىكى بىر پادىشاھلارغىمۇ لايىق كەلمەيدىغان تۇرسا، قانداقسىگە ھەقىقىي پەرۋەردىگار ئاللاھنى بۇ سۆيەتلەر بىلەن سۆيەتلەش راۋا بولسۇن!

ناۋادا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىسپىرما ھالەتتىن ھازىرقىدەك مۇكەممەل ئادەم ھالىتىگە كېلىش باسقۇچلىرىنى ئويلىنىپ باقىدىغان بولسا، ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئەھمىيەت بېرىپ، خىلمۇ-خىل باسقۇچلاردىن ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈرگەن بىر زاتنىڭ بارلىقى؛ ئۇ زات ھەرگىزمۇ ئۇنى ھېچ نەرسىگە بۇيرۇماي، ھېچ نەرسىدىن توسماي، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەق-ھوقۇقلىرىنى تونۇتماي، ئۇنىڭغا مۇكاپات ياكى جازا بەرمەيلا بىكار تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى بىلىۋالغان بولاتتى.

ناۋادا بىر ئادەم تېگىشلىك رەۋىشتە ئويلىنىپ باققان بولسا، ئەلۋەتتە ئۆزى كۆرگەن ۋە كۆرمىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە، پەيغەمبەرلىكنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە، قايتا تىرىلدۈرۈلۈشنىڭ راست ئىكەنلىكىگە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھنىڭ سۆزى ئىكەنلىكىگە دەلىل بولايدىغانلىقىنى بىلىۋالغان بولاتتى.

يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى بايان قىلىمىز: «مەن سىلەر كۆرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىمەن، سىلەر كۆرمەيدىغان نەرسىلەر بىلەنمۇ قەسەم قىلىمەن، (يەنى بارلىق مەخلۇقات

بىلەن قەسەم قىلىمەن). بۇ قۇرئان ئەلۋەتتە ھۆرمەتلىك پەيغەمبەرنىڭ (ئاللاھ تەرىپىدىن يەتكۈزگەن) سۆزىدۇر.»[114]

ئۇنىڭغا يانداش يەنە مۇنۇ ئايەتنىمۇ كەلتۈرىمىز: «زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاھقا چىن ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر.»[115]

شۈبھىسىزكى، ئىنساننىڭ ئۆزىلا ئاللاھنىڭ بارلىق ۋە بىرلىكىنىڭ، پەيغەمبەرلىرىنىڭ راستلىقىنىڭ، بارلىق كامالى سۈپەتلىرىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ.

بىر ئادەم ئاللاھقا ئىشەنگەن بولسۇن ياكى ئىنكار قىلغان بولسۇن، ئىشقىلىپ ئاللاھنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇيالمىغانلا بولسا، ئۇ ئۆزىنى ئالداپ ياشىغان ئادەمدۇر.

بىر ئادەمدە قايتا تىرىلىشكە بولغان ئىشەنچ بىلەن ئەمەل قىلماسلىق قانداقمۇ تەڭلا مەۋجۇت بولسۇن!

قايتا تىرىلىشكە، جەننەتكە ۋە دوزاخقا بولغان ئىشەنچ بىلەن ئەمەل-ئىبادەتنى تەرك ئېتىش بىر ئادەمدە قانداقمۇ تەڭلا مەۋجۇت بولسۇن! بىر ئادەم تاڭلا پادىشاھنىڭ ئالدىدا قاتتىق جازا ياكى كاتتا مۇكاپاتلارغا نائىل بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماستىن، ھېچ تەييارلىقمۇ قىلماستىن كۆڭلىرىنى غەپلەتتە، پەرۋاسىزلارچە ئۆتكۈزۈشى مۇمكىنمۇ؟!

[114] سۈرە ھاققە 38،39،40 ـ ئايەتلەر
[115] سۈرە زارىيات 21 ـ ئايەت

بەرھەق، بۇ نۇرغۇن ئادەملەردىن سوراپ بېقىشقا تېگىشلىك بىر سوئال. ئەمەلىيەتتىمۇ مەزكۇر ئىككى ئىشنىڭ بىر شەخستە تەڭلا مەۋجۇت بولۇشى ھەيران قالارلىق ئىش.

بۇ كىشىلەرنىڭ ئەمەل-ئىبادەتلەرنى تەرك ئېتىشىدە تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە سەۋەب بار:

ئىلمىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق ۋە ئىشەنچنىڭ كەملىكى. «كىشىلەرنىڭ ئىمانى پەرقلىق بولمايدۇ» دېگەن ئادەملەرنىڭ بۇ سۆزى تولىمۇ خاتا ۋە باتىل سۆزدۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ۋە غەيبىي ھالەتتە ئېنىق بولغان ئۆلۈكلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرۈدىغانلىقىنى نەق مەيداندا كۆرسىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

«مۇسنەدى ئەھمەد»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «(ئاڭلىغان) خەۋەر كۆرگەن ئىشقا ئوخشاش بولمايدۇ.»

ئىلىمنىڭ كەمچىللىكى ئىلىمدىن دەل جايىدا پايدىلىنالماسلىق ياكى ئىلىمگە نالايىق ئىشلارنى قىلىپ قويغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىلىمنىڭ قەلبلەردىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى بىلەن بىرلەشسە؛ بۇلارغا تېخى زىددىيەتلىك خاراكتېر، ھاۋايى-ھەۋەسلەرگە بېرىلىش، شەھۋەتكە ئەل بولۇپ كېتىش، نەپسى خاھىشنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىشى، شەيتاننىڭ ئالدىشى، ئاللاھنىڭ

ۋەدىسىنى كىچىككەن ساناش، چەكسىز ئارزۇ-ئارمانغا بېرىلىش، غەپلەت ئۇيقۇسى، دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش، دۆك كېچىك ئىزدەش، ئادەتلەرنىڭ كەينىدىن سوكۇلداش قاتارلىقلار قوشۇلسا... شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىمانىنى ئاسمان-زېمىننى ساقلاپ تۇرغان ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشى ساقلاپ قالالمايدۇ. مانا، ئىنسانلاردا يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە تېپىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىمانى ۋە ئەمەللىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ھەتتاكى، ئۇلاردىكى ئىمان ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈپ قالىدۇ.

يۇقىرىقى سەۋەبلەرنىڭ ئاساسلىق ئاملى ئاڭ ۋە سەۋرنىڭ ئاجىزلىقىدۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا سەۋر ۋە مۇستەھكەم جەزمىيەتكە ئىگە ئادەملەرنى مەدھىيىلىدى ۋە ئۇلارنى دىنىنىڭ پېشۋالىرى قىلدى. «ئۇلار (كۆلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق.»[116]

## 18. ياخشى گۇمان ۋە ئۆزىنى ئالداش ئوتتۇرىسىكى پەرقلەر

ياخشى گۇمان ۋە ئۆزىنى ئالداش ئۆزئارا تامامەن پەرقلىنىدۇ. ئەمەل-ئىبادەتكە ئۈندەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان ياخشى گۇمان يوللۇق ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا بىكار-تەلەتلىككە،

[116] سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت

ئېرچىل گۇناھ ـ مەئسىيەت ئۆتكۈزۈشكە سەۋەب بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇ، ئۆزىنى ئالداش ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا بىراۋنىڭ ئۈمىدى ئۇنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا ئۈندىسە، گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن قول ئۈزۈشكە ئۈندىيەلىسە يوللۇق ئۈمىد بولىدۇ. ئەكسىچە، بىكار ـ تەلەتلىككە، ۋاقىت ئىسراپ قىلىشقا، لايغەزەللىككە ئۈندىسە، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۈمىدى ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بىر ئادەمنىڭ تېرىلغۇ يېرى بولسا، ئۇ ئادەم يەردىن مول ـ ھوسۇل ئېلىشنى ئۈمىد قىلسا ـ يۇ، لېكىن ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇق سالماستىن، ئېتىزنى ئاغدۇرۇپ، ئۇرۇق سېلىنغان، سۇغىرىلغان يەردەكلا مول ـ ھوسۇل بېرىدۇ، دەپ ياخشى گۇمان قىلغان بولسا؛ يەنە شۇنىڭدەك، بىرەيلەن توي قىلماستىن، ئايالغا يېقىن كەلمەستىن پەرزەنتلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلغان بولسا ياكى ئۆگەنمەستىنلا، ئىلىم يولىغا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلمەستىنلا كاتتا ئالىم بولۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلغان بولسا، ئېنىقكى، بۇ ئۇچىغا چىققان ھاماقەت ئادەمدۇر.

خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاللاھقا يېقىنلاشماستىن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنماستىن، چەكلىمىلىرىدىن قول ئۈزمەستىن كاتتا دەرىجىلەرگە ئېرىشىش، مەڭگۈلۈك ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېرىشىش ئۈمىدىدە بولغان، بۇ ھەقتە ئاللاھتىن ياخشى گۇماندا بولغانلارمۇ ئاجايىپ ئەقىلسىز ئادەملەردۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار، ھىجرەت قىلغانلار ۋە ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد

قىلغانلار ـ ئەنە شۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[117]

بۇ ئايەت ھەققىدە ئويلىنىپ باقايلى! بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلار ئاللاھقا شۇنداق ئىتائەت قىلىپ تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ئىكەنغۇ؟!

ئۆزىنى ئالداپ ياشايدىغان مەغرۇر ئادەملەر «ئاللاھنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى زايا قىلىۋەتكەن، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا پىسەنت قىلمىغان، ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە زۇلۇم قىلغان، ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىنى دەپسەندە قىلغان ئادەملەرنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىدىغانلار» دەپ قارايدۇ.

بۇ يەردىكى مەسىلىنىڭ تۈپ نىگىزى شۇكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇش ۋە ياخشى گۇماندا بولۇش پەقەت شەرىئەت، تەقدىر، ئاللاھنىڭ مۇكاپاتى ۋە مەرھەمىتى قاتارلىق ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ھېكمىتى تەلەپ قىلغان سەۋەبلەرنى ئورۇنداش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

بەندە سەۋەبلەرنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن ياخشى گۇماندا بولسا؛ ئاللاھنىڭ ياردەمسىز تاشلاپ قويماسلىقىدىن، مەنپەئەتلىك ئىشلارنى مۇيەسسەر قىلىشىدىن، ئەھمىيەتسىز ئىشلاردىن ساقلاپ قېلىشىدىن ئۈمىدۋار بولسا بولىدۇ.

---

[117] سۈرە بەقەرە 218 ـ ئايەت

## 19. ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇش بىلەن قۇرۇق ئارزۇ-ئارمان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر

ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولىدىغانلار ئۈمىدنىڭ تۆۋەندىكى ئۈچ شەرتتىن ئايرىلمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشى لازىم.

(1) ئۈمىد قىلغان نەرسىگە مۇھەببەت باغلاش

(2) ئۈمىد قىلغان نەرسىنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن خەۋپسىرەش

(3) ئۈمىد قىلغان نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش

يۇقىرىقى ئۈچ شەرتنى ئۆزىدە ھازىرلىمىغان ئۈمىد قۇرۇق ئارمان ھېسابلىنىدۇ. ئۈمىد بىلەن ئارمان تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئۈمىد قىلغان ئادەملەر ئۈمىد قىلغان نەرسىنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن خەۋپسىرەيدۇ. خەۋپسىرىگەن يولۇچى كېچىكىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(كېچىكىپ قېلىشتىن) قورققان ئادەم قاق سەھەردە ماڭىدۇ، سەھەر يولغا چىققان ئادەم مەنزىلگە يېتىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ ماللىرى قىممەتتۇر، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاللاھنىڭ مېلى جەننەتتۇر.»[118]

ئاللاھ تائالا ياخشى ئەمەل قىلغۇچىلارنى ئۈمىدۋار دەپ

[118] تىرمىزى رىۋايىتى

سۆيەتلىدى. شۇنىڭدەك يەنە خەۋپسىرەش تۇيغۇسىغا ئىگە دەپمۇ سۆيەتلىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، ئۈمىدۋارلىق ۋە مەنپەئەتلىك خەۋپسىرەش تۇيغۇسى ياخشى ئەمەل بىلەن بىر گەۋدىلەشكەندىلا ئاندىن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىنىڭ ھەيۋىسىدىن قورققۇچى كىشىلەر، پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان كىشىلەر، سەدىقە بېرىدىغان، ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتىپ بارىدىغانلىقىدىن دىللىرى قورقۇپ تۇرىدىغان كىشىلەر ـ ئەنە شۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، ياخشى ئىشلارنى (باشقىلارنىڭ) ئالدىدا قىلىشقا تىرىشقۇچىلاردۇر.»[119]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئۇلار (يەنى يۇقىرىقى ئايەتتە سۆيەتلەنگەن كىشىلەر) ھاراق ئىچىدىغان، زىنا قىلىدىغان، ئوغرىلىق قىلىدىغان كىشىلەرمۇ؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، ئى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى. لېكىن ئۇلار روزا تۇتىدىغان، ناماز ئوقۇيدىغان، سەدىقە قىلىدىغان ۋە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ قوبۇل قىلىنماسلىقىدىن خەۋپسىرەيدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىلاردۇر، دەپ جاۋاب بەردى.»[120]

ئاللاھ تائالا سائادەتمەن، بەختلىك ئادەملەرنى خەۋپسىرەش

[119] سۈرە مۇئمىنۇن 57، 59، 60، 61 ـ ئايەتلەر

[120] تىرمىزى رىۋايىتى ، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان.

تۈيغۇسى بىلەن تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، دەپ سۆپەتلىگەن بولسا، بەدبەخت، شەقىي ئادەملەرنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا خاتىرجەم ھالدا قىلىۋېرىدۇ، دەپ سۆپەتلىدى.

## 20. ساھابىلەرنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى

ساھابىلەرنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق، ئاللاھتىن قاتتىق قورققان ھالدا ئەمەل-ئىبادەتكە شۇنچىلىك زوق بىلەن بېرىلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. بىزدە كەمچىللىك، بىخەستەلىك ۋە بىغەملىك تولۇپ يېتىپتۇ. ۋاھالەنكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەنىكەن: «مەن مۇئمىنىنىڭ بېقىنىدىكى بىر تال موي بولۇپ قالسام بوپتىكەن!»[121]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنىكەن: «بارچە كەلگۈلۈك مۇشۇنىڭدىن كېلىدۇ.» ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەك تولا يىغلايتتى. ئۇ: يىغلاڭلار، ئەگەر يىغلىيالمىساڭلار يىغلىغاننى دوراڭلار، دېگەندى.»[122]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامازغا تۇرغاندا ئاللاھتىن قورققانلىقتىن گوياكى ياغاچتەكلا بولۇپ كېتەتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بىر (ئۇۋلانغان) قۇش ئېلىپ كېلىندى. ئۇ قۇشنى ئۆرىدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: «بىرەر ئوۋ ئوۋلانسا ياكى دەرەخ كېسىلسە، ئۇ پەقەت

[121] ئەھمەد رىۋايىتى
[122] ئەھمەد رىۋايىتى

مېنىڭ تەسبىھنى زايا قىلغىنىمدىن بولدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتقا چۈشكەن چاغدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەن: «مەن مۇسۇلمانلارنىڭ مىلىدىن ماۋۇ تونىنى، سۈت چېلىكىنى ۋە ماۋۇ قۇلنى ئىشلەتكەن ئىدىم، بۇلارنى دەرھاللا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ بەرگىن.» ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن يېيىلىدىغان، كېسىلىدىغان دەرەخ بولۇپ قالغان بولسام، دەپ ئارزۇ قىلىپ قالدىم.»

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: كاشكى مەن چارۋىلار يەيدىغان ئۆسۈملۈك بولۇپ قالغان بولسامچۇ!» دېگەنلىك خەۋىرى كەلدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچە ئىبادەتلىرىدە مەلۇم ئايەتلەرنى ئوقۇۋېتىپ، شۇ ئايەتلەرنىڭ تەسىرىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆيدە يېتىپ قالاتتى. باشقىلار ئۇنى كېسەل دەپ ئويلاپ، يوقلاپ كېلىشەتتى. ئۇ دائىم يىغلىغانلىقتىن ئىككى مەڭزىدە ياش ئىزىقچىلىرى پەيدا بولغان ئىدى. ئۇنىڭغا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئاللاھ سەن ئارقىلىق نۇرغۇن شەھەرلەرنى بەرپا قىلدى، نۇرغۇن جايلارنى فەتھە قىلدى ھەم نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى، دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: كاشكى جازا-مۇكاپاتسىز قۇتۇلسامچۇ! دېدى.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىستانلىققا كەلگەندە يىغلاپ ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كېتەتتى. ئۇ: جەننەت بىلەن دوزاخ ئارىسىدا قالسامكەن! ئىككىسىنىڭ

قايسىغا بۇيرۇلدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىغا كىرىدىغانلىقىمنى بىلىشتىن ئىلگىرى كۆپ بولۇپ كېتىشنى ئارزۇ قىلىمەن، دېگەن.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئارزۇنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىشى ۋە ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىپ كېتىشتىن بەك قورقاتتى. ئۇ: ئارزۇنىڭ كۆپ بولۇشى ئاخىرەتنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ. ھەۋەسكە ئەگىشىش ھەقتىن توسىدۇ. بىلىڭلاركى، دۇنيا ئارقىسىنى قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، قىيامەت يېقىنلىشىۋاتىدۇ. ئىنسانلار ئىچىدە دۇنيانى كۆزلەپ ياشايدىغانلارمۇ، ئاخىرەتنى كۆزلەپ ياشايدىغانلارمۇ بار. سىلەر ھەرگىزمۇ دۇنيا ھەۋەسكارلىرىدىن بولۇپ قالماڭلار. ئاخىرەت ھېرىسمەنلىرىدىن بولۇڭلار! بۇ دۇنيا پەقەت ئەمەل دۇنياسى، ئەتە (قىيامەت) ھېساب دۇنياسىدۇر، دەيتتى.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: قىيامەت كۈنى مەندىن بىلگەنلىرىڭگە قانداق ئەمەل قىلدىڭ، دەپ سورىلىشتىن بەك قورقىمەن، دەيتتى. ئۇ يەنە «مۇبادا ئۆلگەندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان ئىشلارنى بىلسەڭلار، ئىشتىھا بىلەن يېيەلمەيتتىڭلار، ئىشتىھا بىلەن ئىچەلمەيتتىڭلار، سالقىن ئۆيلەردە ئولتۇرمايتتىڭلار، كوچا-كويلاردا ئەھۋالىڭلارغا ئېچىنىپ ئۆز-ئۆزۈڭلارنى كاچاتلايتتىڭلار» دېدى. ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن «مەن مال-چارۋا يەيدىغان ئوت-چۆپ بولۇپ كەتسەمچۇ!»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپ يىغلىغانلىقتىن مەڭزىلىرى چېرىپ كەتكەن شوينىدەك بولۇپ كەتكەنىدى.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: كېسەلدىغان دەرەخ بولۇپ كەتسەمچۇ، يارىتىلمىغان بولسامچۇ، دەپ كېتەتتى. ئۇنىڭغا خىراجەت تەگلەنگەندە: مېنىڭ سېغىن ئۆچكەم، مىنىدىغان ئۇلىغىم، خىزمەتچىم بار، ئېشىنچە تونۇم بار، بۇلاردىن ھساپ بېرەلمەسلىكتىن قورقىمەن، دەپ رەت قىلغان.

تەمىمۇددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەلۇم بىر كېچىسى جاسىيە سۈرىسىنى ئوقۇۋېتىپ «يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھكار كۇپپارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمە دېگەن يامان!»[123] دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ شۇ ئايەتنى تەكرارلىغان.

ئەبۇ ئۇبەيدە ئامىر ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەن بوغۇزلاپ يېيىلدىغان، شورپىسى ئىچىلدىغان قوچقار بولۇپ قالغان بولسامچۇ! دەيتتى. بۇنىڭغا دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ.

سەھىھۇل بۇخارىدا «مۇئمىنلەرنىڭ سەزمەستىن ئەملى بىكار بولۇپ كېتىشتىن قورقىشى» دەپ ئالاھىدە بىر باپ كەلتۈرۈلگەن.

ئىبراھىم تەيمىي «سۆزۈمنى ئەملىمگە سېلىشتۇرۇپ باقسام، يالغانچى بولۇپ قېلىشىمدىن قورقىمەن» دېگەن.

---

[123] سۈرە جاسىيە 21 ـ ئايەت

ئىبنى ئەبى مۇلەيكە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئوتتۇز ساھابە بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىق بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلارنىڭ ھېچبىرى مېنىڭ ئىمانىم جىبرىئىلنىڭ ئىمانىدەك، مىكائىلنىڭ ئىمانىدەك دېمەيتتى.

ھەسەندىن مۇنداق نەقىل قىلىندى: مۇناپىق بولۇپ كېتىشتىن پەقەت مۇئمىنلا ئەنسىرەيدۇ، مۇناپىقلا خاتىرجەم يۈرىدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: خۇدا ھەققى، جاۋاب بەرگىنا! مېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇناپىقلارنىڭ قاتارىدا ئاتىدىمۇ؟ دېگەندە، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ياق ئاتىمىدى، ئەمدى سەندىن كېيىن ھېچكىمنى ئاقلىمايمەن، دېدى.

مەن ئۇستاز ئىبنى تەيمىيەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۇقىرىقى ئەسەردە «مەن ئەمدى باشقا ئادەملەرنىڭ مۇناپىق ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بەرمەيمەن» دېمەكچى.

ئىبنى قەييىم مۇنداق دەيدۇ: بۇ، سوئال-سوراقسىز جەننەتكە كىرىدىغان يەتمىش مىڭ كىشىنىڭ قاتارىدىن بولۇشقا دۇئا قىلىپ قويۇشنى سورىغان ساھابىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇكاشە سەندىن بۇرۇن سوراپ بولدى» دەپ جاۋاب بەرگىنىگە ئوخشاش بىر گەپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۇكاشىلا يەتمىش مىڭ كىشىنىڭ قاتارىغا

كىرەلەيدۇ، باشقىلار بۇ قاتارغا كىرەلمەيدۇ، دېمەكچى ئەمەس ئىدى. ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېلىقى ئادەمگە دۇئا قىلىپ قويسا، باشقا ساھابىلەر ئارقىمۇ-ئارقا دۇئا سورىغىلى تۇراتتى، ئاخىرىنى توختىتىپ بولغىلى بولمايتتى. بەزىدە تېخى ھېلىقى يەتمىش مىڭ كىشىنىڭ قاتارىغا كىرىش سالاھىيىتى بولمىغان كىشىلەرمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولۇشنى تەلەپ قىلىپ دۇئا سوراپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۇكاشە سەندىن بۇرۇن سوراپ بولدى» دېيىش ئارقىلىق بۇ ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئالغىنى تۈزۈك ئىدى. (توغرىسىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر.)

## ئىككىنچى بۆلۈم

# گۇناھ - مەئسىيەت ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر

### 1. گۇناھ - مەئسىيەتلەرنىڭ زىيانلىرى

بىز «دەرتلەر داۋاسى» ناملىق بۇ كىتابىمىزنىڭ تېمىسىدىكى دەرتلەر (ئىنچىل داۋاملاشسا ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرىتىنى بۇزىدىغان قەلبىي كېسەللەر)نىڭ چارىلىرى ھەققىدە قايتا بىر توختىلايلى.

شۇنى بىلىۋېلىش لازىمكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر زىيانلىقتۇر. ئۇنىڭ قەلبكە كۆرسىتىدىغان زىيىنى زەھەرنىڭ بەدەنگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىگە ئوخشايدۇ. دۇنيا-ئاخىرەتتە قانداقكى بىر كېسەللىك ۋە رەزىللىك بولسا، ئۇنىڭ سەۋەبچىسى گۇناھ-مەئسىيەتتۇر.

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنى ھوزۇر-ھالاۋەت، شاد-خۇراملىق ماكانى بولغان جەننەتتىن دەرت-ئەلەم، قايغۇ-ئازاب، بالايى-مۇسىبەت دۇنياسىغا چىقارغىنى نېمە؟

ئىبلىسنىڭ قوغلاندى، لەنەتكەردە قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان؛ ئۇنى بارلىق قەبىھ رەزىللىكلەرنىڭ، ئېپلاسلىقنىڭ، پەسكەشلىكنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن نەرسە زادى نېمە؟

ئـى ئاللاھـم، سـاڭا بويۇنتاۋلـق قىلىشـتىن، چەكلىمىلىرىڭگـە پەرۋاسـىزلىق قىلىشـتىن ئـۆزۈڭ ساقلىغايسـەن!

نـۇھ ئەلەيھىسسـالامنىڭ قەۋمىنـى سـۇغا غـەرق قىلدۇرۇۋەتكەن، ئـاد قەۋمىنـىڭ بـوران ئاپىتىگـە دۇچـار بولۇشـىغا سـەۋەب بولغان، سـەمۇد قەۋمىنـىڭ قاتتىـق بىـر ئـاۋاز بىلـەن ھـالاك قىلىنىشـىغا سـەۋەب بولغـان نەرسـە زادى نېمـە؟!

لـۇت قەۋمىنـىڭ دۆم كۆمتۈرۈۋېتىلىشـىگە، پۈتۈنلـەي ھـالاك قىلىنىشـىغا، تـاش ياغدۇرۇلۇشـقا، ئۇلارغـا ھېچبىـر ئادەملەرگـە كەلمىگـەن ئازابلارنـىڭ كېلىشـىگە سـەۋەب بولغىنـى زادى نېمـە؟ شـۇلاردەك گۇنـاھ قىلغانلارنـى جازالاشـقا ئاللاھ قادىـردۇر، ئاللاھنـىڭ ئازابـى زالىملارغـا يىـراق ئەمـەس.

شـۇئەيب قەۋمىگـە سـايىغا ئوخشـايدىغان ئـازاب بۇلۇتـى ئەۋەتىلىـپ، ئۇلارغـا يالقۇنلـۇق ئوتلارنـىڭ ياغدۇرۇلىشـىغا سـەۋەب بولغىنـى نېمـە؟

پىرئـەۋن ۋە ئۇنـىڭ گۇماشـتىلىرىنىڭ دېڭىزغا غـەرق قىلىنىـپ، جانلىـرى كۆيدۈرۈلـۈپ، جەھەننەمگـە تاشلىنىشـىغا نېمـە سـەۋەب بولدى؟

قارۇننـى بالا ـ چاقىلىـرى، مال ـ بىساتلىرى بىلـەن قوشـۇپلا يەر يۇتقۇزۇۋېتىلىشـكە سـەۋەب بولغىنـى نېمە؟

نـۇھ ئەلەيھىسسـالامنىڭ قەۋمىدىـن باشـقا نۇرغـۇن ئاھالىلەرنـى خىلمۇ ـ خىـل ئازاب ـ ئۇقۇبەتلەرگـە گىرىپتـار قىلغىنـى، پۈتۈنلـەي دۆم كۆمتۈرۈۋېتىشـكە سـەۋەب بولغىنـى نېمـە؟

ئەنتاكىيە ئاھالىسىنى بىر ئاۋاز بىلەنلا پۈتۈنلەي كۆككۆم-تالقان قىلىۋېتىشكە سەۋەب بولغىنى نېمە؟

بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە دەسلەپتە كۆچتۈڭگۈر بىر خەلقنى مۇسەللەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەھەللىلىرىنىڭ ئاختۇرۇلۇشىغا، ئەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈپ، ئاياللىرى، بالىلىرىنىڭ ئەسىر ئېلىنىشىغا، مەھەللىلىرىنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ، مال-مۈلكىنىڭ بۇلىنىشىغا سەۋەب بولغان: (ئۇلارغا ياردەم بېرىلىپ قەددىنى رۇسلىغاندىن كېيىن) يەنە ئىككىنچى قېتىم شۇ كۆچلۈك قەۋمنى ئۇلارغا مۇسەللەت قىلىپ ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھالاك قىلىشقا، قولدىن كېلىدىغانلىكى ئەسكىلىكلەرنى قىلىشقا، ھەممە نەرسىلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە سەۋەب بولغىنى نېمە؟

ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش، پالىنىش، يۇرت-مەھەللىلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشىغا؛ زالىم پادىشاھلارنىڭ زۇلمىغا ئۇچراش، سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ كېتىش، مايمۇن، چوشقىلارغا ئايلىنىپ قېلىش قاتارلىق خىلمۇ-خىل جازالارغا ئۇچرىشىغا سەۋەب بولغىنى زادى نېمە؟ ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا (يەنى يەھۇدىيلارغا) قىيامەتكىچە چوقۇم قاتتىق ئازابلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭ (ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى) ئەلۋەتتە تېز جازالىغۇچىدۇر، (ئىتائەت قىلغۇچىلارغا) ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.»[124]

[124] سۈرە ئەئراف 167 ـ ئايەت

ئابدۇراھمان ئىبنى جۇبەير دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «قىبرىس پەتھ قىلىنغان كۈنى قىبرىسلىكلەر (ئەسىر سۈپىتىدە) تەقسىم قىلىندى. ئۇلار ئۆزئارا يىغلاشقىلى تۇردى. مەن ئەبۇ دەردانىڭ ئۆزى يالغۇز يىغلاپ ئولتۇرغانلىقى كۆرۈپ: ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى شۇنچە ئەزىز قىلغان تۇرسا، سەن نېمىگە يىغلايسەن؟ دېسەم، ئۇ: ۋاي ساڭا، ئى جۇبەير! ئادەملەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بوي سۇنمىغاندا ئۇلارنى جازالاش ئاللاھقا نېمىدېگەن ئوڭاي ھە! قىبرىسلىكلەر كۈچلۈك، غالىپ، پادىشاھى بار خەلق ئىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا پەرۋاسىزلىق قىلىۋىدى، ئاقىۋىتى مانا سەن كۆرگەندەك بولدى، دەپ جاۋاب بەردى.»[125]

ئەمرى ئىبنى مۇررە مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىشىلەرنىڭ گۇناھى چېكىگە يەتمىگۈچە ئۇلار ھەرگىزمۇ ھالاك بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، دەيدۇ. [126]

ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ‹ئۇممىتىم ئىچىدە گۇناھ-مەئسىيەت ئومۇملىشىپ كەتسە ئاللاھ ئۇلارغا ئومۇميۈزلۈك ئازاپ ئەۋەتىدۇ› دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. مەن يا رەسۇلۇللاھ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ياخشى ئادەملەر بار ئەمەسمۇ؟! دېسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلارغۇ بار، دېدى. مەن

[125] ئەھمەد رىۋايىتى
[126] ئەھمەد ۋە ئەبى داۋۇد رىۋايىتى. ئەلبانى سەھىھ دېگەن

ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ، دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: باشقىلارغا كەلگەن ئازاب ئۇلارغىمۇ كېلىدۇ. ئەمما ئۇلار كېيىن ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ، دېدى.»[127]

ھەسەن بەسرى رەھمەھۇللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ناۋادا قارىلىرى ھۆكۈمرانلارغا مايىل بولۇپ كەتمىسىلا، ياخشىلىرى يامانلىرىنى ئاقلىمىسىلا، ياخشىلىرى يامانلىرىنى چوڭ بىلىپ كەتمىسىلا ـ بۇ ئۈممەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ۋە ھىمايىسىدە بولىدۇ. ئەگەر ئۇلاردا يۇقىرىقى ئىشلار تېپىلىپ قالسا ئاللاھ ئۇلاردىن قولىنى كۆتۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇلارغا زوراۋان، زالىملارنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار خەلققە قاتتىق ئازاپ سالغىلى تۇرىدۇ. ئاندىن ئاللاھ بۇ ئۈممەتنى نامراتچىلىق ۋە يوقسۇللۇققا مۇپتىلا قىلىدۇ.»

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئادەم ئۆزى قىلغان خاتالىق تۈپەيلى رىزىقتىن مەھرۇم قالىدۇ.»[128]

سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بارلىق خەلقلەر سىلەرگە خۇددى قاچىدىكى تاماققا يوپۇرۇلغاندەك يوپۇرۇلۇپ كەلگىلى تۇرىدۇ. ساھابىلەر: سانىمىزنىڭ ئازلىقىدىن شۇنداق بولامدۇ؟

[127] ئەھمەد رىۋايىتى
[128] ئەھمەد رىۋايىتى

يـا رەسـۇلۇللاھ! دېيـدى. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام: يـاق، ئـۇ چاغـدا سـانىڭلار كـۆپ، لېكـىن سـىلەر سـەلنىڭ كۆپۈكىگـە ئوخشـاپ قالىسـىلەر؟ دۈشـمەنلىرىڭلارنىڭ قەلبىدىـن سـىلەرنىڭ ھەيـۋەڭلار كۆتۈرۈلـۈپ كېتـىپ، سـىلەرنىڭ قەلبىڭلارغـا قورقۇنـچ چۈشـىدۇ، دېـدى. ساھابىلەر: قورقۇنـچ دېگەنلـىرى نېمـە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: قورقۇنـچ دېگىنىمىز ـ ھاياتنى ياخشـى كـۆرۈپ كېتـىپ، ئۆلۈمنـى يامـان كـۆرۈش، دەپ جـاۋاب بەرگـەن.»[129]

ئەنـەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلـدۇ: «مـەن مـىراج كېچىسـى قوغۇشـۇن تىرناقلـىرى بىلـەن يۈزلىرىنـى ۋە مەيدىلىرىنـى تاتىلاۋاتقـان بىـر قەۋمنىـڭ قېشـىدىن ئۆتتـۈم. جىبرىئـىل ئەلەيھىسسـالامدىن: ئـۇلار كىملـەر؟ دەپ سـورىدىم. جىبرىئـىل ئەلەيھىسسـالام: ئـۇلار كىشـىلەرنىڭ گۆشـلىرىنى يەيدىغانـلار (غەيۋەتخـورلار) ۋە كىشـىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىغـا چېقىلىدىغانـلار، دەپ جـاۋاب بـەردى.»[130]

ئەبـى ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسـالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلـدۇ: «زامـان ئاخىرىـدا بىـر ئادەملـەر مەيدانغـا كېلىـدۇ. ئـۇلار دىنىنـى دەپ دۇنيالىقتىـن ۋاز كەچكـەن. ئـۇلار كىشـىلەرگە شـۇنچە مۇلايـم كۆرۈنـىدۇ. تىللـىرى شـېكەردىن تاتلىـق، قەلبـى بۆرىنىـڭ قەلبىـدەك (ۋەھشـىي).

[129] ئەھمەد رىۋايىتى
[130] ئەھمەد رىۋايىتى

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (مېنىڭ رەھمىتىمدىن) مەغرۇرلىنىپ كېتىۋاتامدۇ! ئۇلار ماڭا قارشى جۈرئەتلىك بولۇپ كەتتىمۇ! ئۆزۈم بىلەن قەسەم، مەن ئۇلارغا شۇنداق بىر پىتنە ئەۋەتىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىر-بېسىق ئادەممۇ گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالىدۇ.»[131]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئىسلامنىڭ پەقەت نامىلا قالىدۇ. قۇرئاننىڭ پەقەت شەكلىلا قالىدۇ. ئۇ زامانلار مەسچىتلەر ئاۋاتلاشقاندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ھىدايەتسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆلىمالىرى جاھاندىكى ئەڭ ناچار ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ، پىتنە شۇلاردىن تارقىلىپ، شۇلارنىڭ ئىچىگە قايتىدۇ.»

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر يۇرتتا زىنا-پاھىشە ۋە جازانىخورلۇق ئەۋج ئالسا، ئاللاھ تائالا ئۇ يۇرتنىڭ ھالاكىتىگە رۇخسەت قىلىدۇ.»

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئىلىمگە كۆچەپ ئەمەلنى تاشلاپ قويسا؛ تىلىدا دوستلىشىپ، قەلبىدە يامان كۆرۈشسە؛ سىلە-رەھىمنى ئۈزسە، ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ، ئۇلارنى گاس، كور قىلىۋېتىدۇ.»

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئون مۇھاجىرنىڭ ئونىنچىسى ئىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى مۇھاجىرلار،

[131] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى ئاجىز دېگەن

بەش تۈرلۈك ئىش بار. مەن ئاللاھقا سىغىنىپ شۇ ئىشلارنىڭ سىلەردە يۈز بېرىپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. بىر قەۋمدە زىنا-پاھىشە ئەۋج ئېلىپ، ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىپ قالسا، ئاللاھ تائالا ئۇ قەۋمنى ۋابا كېسىلى ۋە بۇرۇنقى كىشىلەردە كۆرۈلمىگەن ھەرخىل كېسەللەرگە گىرىپتار قىلىدۇ. بىر قەۋم جىڭ-تارازىدا ساختىلىق ئىشلەتسە، ئاللاھ ئۇلارنى ئاچارچىلىققا، تۇرمۇش بېسىمىغا، ھۆكۈمەتنىڭ زۇلۇمىغا مۇپتىلا قىلىدۇ. بىر قەۋم زاكات بېرىشتىن باش تارتسا، ئاللاھ ھۆل-يېغىننى كېمەيتىۋېتىدۇ. ناۋادا چارۋىلار نەزەرگە ئېلىنمىسا، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. بىر قەۋمدە ۋەدە، ئەھدىلىرىگە ۋاپاسىزلىق ئەۋج ئېلىپ كەتسىلا، ئاللاھ ئۇلارغا يات دۈشمەنلەرنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ. ئۇ ھۆكۈمرانلار ئۇلارنىڭ قول-ئىلكىدىكى نەرسىلەرنى تارتىۋالىدۇ. بىر قەۋمنىڭ ئىماملىرى ئاللاھنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىش-پائالىيەت ئېلىپ بارمىسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزئارا جەڭچى-جېدەلگە مۇپتىلا قىلىدۇ.»[132]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سىلەردىن بۇرۇنقىلارنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن خاتا ئىش قىلىپ قويسا، ئۇنىڭ خاتالىقىنى توسۇپ، ئاگاھلاندۇرىدىغان بىر ئادەم كېلەتتى-دە، بىر كۈن ئۆتسىلا خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇنىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ، يەپ-ئىچىشىدىغان

[132] ئىبنى ماجە رىۋايىتى

ئىش بار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە قارشى قىلىپ قويدى. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇت ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدا لەنەت قىلدى. ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشىغا ئاسىيلىقى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقى سەۋەب بولدى. جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، يا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىق توسسىلەر، يول تاپالمىغاننىڭ قولىدىن يېتىلەپ ھەققەتكە يېتەكلەيسىلەر ياكى ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ قەلبىڭلارنى ئۆزىگە قارشى قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن كېيىن خۇددى (بۇرۇنقىلارغا) لەنەت قىلغاندەك سىلەرگىمۇ لەنەت قىلىدۇ.»[133]

ئىبراھىم ئىبنى ئەمرى سەنئانىيدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تائالا يۇشەئ ئىبنى نۇنغا «مەن قەۋمىڭنىڭ ياخشىلىرىدىن 40مىڭنى، ناچارلىرىدىن 60مىڭنى ھالاك قىلىمەن» دەپ ۋەھىي قىلدى. ئۇ، ئى پەرۋەردىگارىم، ناچارلارنىغۇ ھالاك قىلالا، ئەمما ياخشىلارنى نېمىشقا ھالاك قىلىلا؟ دەپ سورىدى. ئاللاھ تائالا: «ئۇ «ياخشى»لار مەن ئۈچۈن ئاچچىقلانمىدى (مەن نارازى بولىدىغان ئىشلارغا ئاچچىقلانمىدى)، يامانلار بىلەن ھەمتاۋاق، ھەمداستىخان بولۇشتى، دەپ جاۋاب بەردى.

ئەبى ئىمراندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تائالا بىر مەھەللىنى مەھەللىدىكىلەر بىلەن قوشۇپ دۇمكۆمتۈرۈۋېتىش

[133] ئەھمەد رىۋايىتى

ئۆچۈن ئىككى پەرىشتە ئەۋەتتى. پەرىشتىلەر ئۇ مەھەللىدە مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتقان بىر ئادەمنى ئۇچراتتى. پەرىشتىلەر: ئى پەرۋەردىگارىم، بۇ مەھەللىدە پالانى بەندەڭ باركەن، ئۇ ناماز ئوقۇۋېتىپتۇ، دېدى. ئاللاھ تائالا: مەھەللە ۋە مەھەللىدىكىلەرنى ھېلىقى ئادەم بىلەن قوشۇپلا دۇمكۈمتۈرۈۋېتىڭلار! چۈنكى، (ھېلىقى مەھەللىدىكى بولمىغۇر ئىشلارغا قارىتا) ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭگۈپ باقمىغان، دېدى.»

مىسئەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر پەرىشتە بىر مەھەللىنى يەر يۇتقۇزۇۋېتىشكە پەرمان قىلىندى. ئۇ پەرىشتە: ئى پەرۋەردىگارىم، بۇ مەھەللىدە تولىمۇ ئىبادەتگۈي بىر بەندەڭ بارئىكەنغۇ! دېدى. ئاللاھ تائالا ئۇ پەرىشتىگە: ئاۋۋال شۇ ئادەمدىن باشلا! چۈنكى، (شۇ يەرلەردە يۈز بېرىۋاتقان بولمىغۇر ئىشلارغا ئېچىنىپ) ئۇنىڭ چىرايى بىرەر سائەتمۇ ئۆڭگۈپ باقمىغان، دەپ ۋەھيي قىلدى.»

ۋەھب ئىبنى مۇنەببەھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «داۋۇد ئەلەيھىسسالام خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندا، ئۇ ئاللاھقا ‹ئى پەرۋەردىگارىم، مېنى كەچۈر، دېدى› ئاللاھ تائالا سېنى كەچۈردۈم. ئەمما بۇ گۇناھىڭ ۋابالىنى بەنى ئىسرائىل تارتىدۇ. داۋۇت ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم، ئۆزۈڭ ھېچ كىشىگە زۇلۇم قىلمايدىغان ئادىل زاتسەن، نېمىشقا مېنىڭ خاتالىقىمنىڭ ئۇۋالى باشقىلارغا بولىدۇ؟ دېدى. ئاللاھ ئۇنىڭغا «سەن خاتالىق ئۆتكۈزگەندە، ئۇلار سېنى توسۇشقا ئالدىرىمىدى» دەپ ۋەھيي قىلدى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن ۋە يەنە بىرەيلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىردۇق. ھېلىقى ئادەم: ئى مۇئمىنلارنىڭ ئانىسى، بىزگە يەر تەۋرەش توغرىسىدا سۆزلەپ بەرسەڭ! دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا «كىشىلەر زىناغا يول قويسا، ھاراق ئىچىشسە، نەغمە-ناۋاغا بېرىلىپ كەتسە، ئاللاھ ئاسماندا تۇرۇپ بۇلارغا قاتتىق كۆڭدەشلىك قىلىدۇ، ئاندىن زېمىنغا: ئى يەر، ئۇلارنى تەۋرىتىۋەتكىنە! دەيدۇ. ناۋادا ئۇلار تەۋبە قىلسا قۇتقۇزۇپ قېلىنىدۇ، تەۋبە قىلمىسا زېمىن ئۇلارغا دۆمكۆمتۆرۈۋېتىلىدۇ» دېدى. ھېلىقى ئادەم: بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن ئازابمۇ؟ دەپ سورىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: يوقسۇ، بەلكى بۇ، مۇئمىنلارغا نەسىھەت ۋە رەھمەت بولىدۇ، كاپىرلارغا ئازاب، جازا ۋە ئاللاھنىڭ نارازىلىقى بولىدۇ، دېدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن مېنى بۇ ھەدىستىنمۇ بەك خۇرسەن قىلىدىغان ھەدىس ئاڭلاپ باقمىدىم، دېگەن.

ئىبنى ئەبى دۇنيا مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يەر تەۋرىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىنى يەرگە قويۇپ: ئى زېمىن، جىم تۇر! تېخى ۋاقتى كەلمىدى، دېدى. ئاندىن ساھابىلىرىگە يۈزلىنىپ: پەرۋەردىگارىڭلار ئۆزىنى رازى قىلىشىڭلارنى سوراۋاتىدۇ، ئاللاھنى رازى قىلىڭلار! دېدى. ئاندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە بىر قېتىم يەر تەۋرىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئى ئادەملەر، يەر سىلەر قىلىپ

قويغان ئىشلار تۈپەيلىدىن تەۋرەيدۇ، جىنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناۋادا يەر يەنە تەۋرىسە مەن سىلەر بىلەن تۇرمايمەن، دىدى.

ئىبنى ئەبى دۇنيا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە يەر تەۋرىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەرگە قولىنى قويۇپ، نىمە بولدى، نىمە بولدى! ئەگەر قىيامەت قايىم بولىدىغان ئىش بولسا زىمىن ئۆزىنىڭ خەۋەرلىرىنى سۆزلەيتتى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «قاچانكى قىيامەت بولسا، زىمىندا بىرەر گەز ياكى بىرەر غىرىچ يەر قالماي، ھەممىسى سۆزلىگۈلى تۇرىدۇ» دىدى.

سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنىڭ دەۋرىدە مەدىنىدە يەر تەۋرىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دىدى: ئى ئادەملەر، بۇ نىمە ئىش؟ سىلەرنىڭ بىدئەت پەيدا قىلىشىڭلار نىمە دىگەن تىز بولۇپ كەتكەن ھە! ناۋادا يەر قايتا تەۋرىسە مەن بۇ يەردە سىلەر بىلەن تۇرمايمەن.»[134]

كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبهىسىزكى، يەرنىڭ تەۋرىشى يۈز بېرىۋاتقان گۇناھ-مەئسىيەتلەر تۈپەيلىدىندۇر. يەر، پەرۋەردىگارىنىڭ ئۆزىگە غەزەپ قىلىشىدىن قورقۇپ تەۋرەيدۇ.»

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ھەر قايسى رايۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىگە

---

[134] ئەھمەد رىۋايىتى

مۇنداق مەكتۇپ يوللىغان: «شۈبھىسىزكى، يەرنىڭ تەۋرىشى ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە كايىغانلىقىدۇر. مۇئەييەن ۋاقىتلاردا سىرتلارغا چىقىپ ئىبادەت قىلىڭلار، كىمنىڭ قېشىدا بىر نەرسە بولسا سەدىقە قىلسۇن! شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(كۇفرىدىن ۋە گۇناھتىن) پاك بولغان ئادەم مەقسىتىگە يەتتى. ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ نامىنى ياد ئەتتى، ئاندىن ناماز ئوقۇدى.»[135]

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز يەنە مۇنداق بۇيرىدى: ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن دۇئا قىلىڭلار! ئادەم ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلغان ئىدى: «پەررۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغفىرەت قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز» . [136]

نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن دۇئا قىلىڭلار! «ئەگەر ماڭا مەغفىرەت قىلمىساڭ ۋە رەھىم قىلمىساڭ، زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمەن» . [137]

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بىلەن دۇئا قىلىڭلار! «(پەرۋەردىگارىم!) سەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەفسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم.»[138]

---

[135] سۈرە ئەئلا 14،15 ـ ئايەتلەر

[136] سۈرە ئەئراف 23 ـ ئايەت

[137] سۈرە ھۇد 47 ـ ئايەت

[138] سۈرە ئەنبىيا 87 ـ ئايەت

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «كىشىلەر پۇل-پۇچەكتە بېخىللىشىپ كەتسە، سودا-سېتىقتا شەكلى ئۆزگەرگەن جازانىلەرنى قىلسا، دېھقانچىلىق بىلەنلا بولۇپ، ئاللاھ يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتسە، ئاللاھ ئۇلارغا بالا-مۇسىبەت چۈشۈرىدۇ. ئۇلار ئۆز دىنىغا قايتقانغا قەدەر مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ.»[139]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن ساھابىلەرنىڭ ھېچبىرىنى ئۆزىنىڭ مال-مۈلكىگە قېرىندىشىدىنمۇ لايىقراق ئەمەس، دەپ قارايمەن.»

ئۇ يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «كىشىلەر پۇل-پۇچەكتە بېخىللىشىپ كەتسە، سودا-سېتىقتا شەكلى ئۆزگەرگەن جازانىلەرنى قىلسا، ئاللاھ يولىدىكى جىھادنى تەرك ئەتسە، دېھقانچىلىق بىلەنلا بولۇپ كەتسە، ئاللاھ ئۇلارغا بالا-مۇسىبەت چۈشۈرىدۇ. ئۇلار ئۆز دىنىغا قايتقانغا قەدەر مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ.»

ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پىتنە-پاسات ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن جازاسىدۇر.»

بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ بەزىسى بۇختۇنەسسەرنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە قارىتا مۇنداق دېگەنىكەن: «قىلغان يامانلىقلىرىمىز تۈپەيلىدىن ئاللاھ بىزگە ئاللاھنى تونۇمايدىغان، بىزگە رەھىم قىلمايدىغان زالىمنى ھۆكۈمران قىلىپ قويدى.»

[139] ئەھمەد رىۋايىتى

بۇختۇنەسسەر دانىيال ئەلەيھىسسالامدىن: سېنىڭ قەۋمىڭنى ماڭا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن نەرسە نېمە؟ دەپ سورىدى. دانىيال ئەلەيھىسسالام: سېنىڭ گۇناھىڭنىڭ ئېغىرلىقى ۋە قەۋمىمنىڭ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىشى، دەپ جاۋاب بەردى.

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قاچانكى ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى جازالىماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ بوۋاقلىرىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ، ئاياللىرىنى تۇغماس قىلىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۇلارغا جازا ئەۋەتىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە رەھىم قىلىنىپ ساقلىنىپ قالىدىغانلار بولمايدۇ.»

مالىك ئىبنى دىنار مەن مۇنداق بىر ھېكمەتنى ئوقۇغان دېيدۇ: «ئاللاھ تائالا: «مەن شاھىنشاھ ئاللاھتۇرمەن، بارلىق شاھلارنىڭ قەلبى مېنىڭ قولۇمدا. كىملەركى ماڭا ئىتائەت قىلسا شاھلارنى ئۇلارغا رەھمەت قىلىپ بېرىمەن. ناۋادا ئاسىيلىق قىلسا، شاھلارنى ئۇلارغا جازا قىلىپ قويىمەن. سىلەر پادىشاھنى تىللاش بىلەن بولۇپ كەتمەي، ماڭا تەۋبە قىلىڭلار. مەن ئۇلارنى سىلەرگە رەھىمدىل قىلىپ بېرىمەن» دېيدۇ.»

ھەسەن بەسرى مۇنداق دېيدۇ: «ئاللاھ بىرەر قەۋمگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا ئۇلارغا ئېغىر-بېسىق، مېھرىبان كىشىلەرنى باش قىلىدۇ. قەۋملەرنىڭ ئىقتىسادىنى سېخىي ئادەملەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. ناۋادا بىر قەۋمگە يامانلىقنى ئىرادە قىلسا ھاماقەت ئادەملەرنى ئۇلارغا باش قىلىپ

قويىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى بېخىل ئادەملەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ.»[140]

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسا ئەلەيھىسسالام: ئى پەرۋەردىگارىم، ئۆزلىرى ئاسماندا، بىز زېمىندا، سىلىنىڭ ئاچچىقلانغانلىقلىرىنى ياكى مەمنۇن بولغانلىقلىرىنى قانداق بىلىمىز، دەپ سورىدى. ئاللاھ تائالا: سىلەرگە ئەڭ ئەسكى ئادەملەرنى باش قىلىپ قويغىنىم مېنىڭ سىلەرگە بولغان نارازىلىقىمنىڭ ئىپادىسى، دېدى.»[141]

ئىبنى ئەبى دۇنيا فۇزەيل ئىبنى ئىيازنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا بەزى پەيغەمبەرلەرگە مۇنداق ۋەھىي قىلغان: قاچانكى مېنى تونۇيدىغانلار ماڭا ئاسىيلىق قىلغىلى تۇرسا، ئۇلارنى مېنى تونۇمايدىغانلارنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويىمەن.»[142]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ كاززاب ئەمىرلەرنى، گۇناھكار ۋەزىرلەرنى، خائىن ياردەمچىلەرنى، زالىم ئارىپلارنى، پاسىق قارىلارنى ئەۋەتمەي تۇرۇپ، قىيامەتنى قايىم قىلمايدۇ. ئۇلار كۆرۈنۈشتە راھىبلاردەك پەرھىزكار كۆرۈنگەن بىلەن، ئۇلارنىڭ قەلبى تاپتىنمۇ سېسىق. ئۇلارنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرى ھەر خىل. ئاللاھ ئۇلارغا زۇلمەتلىك ئېغىر پىتنىلەرنى ئەۋەتىدۇ،

[140] ھەيسەمى بۇ ھەدىسنى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىز دېگەن
[141] ئەھمەد رىۋايىتى
[142] ئاجىز

ئۇلار شۇ پىتنىدە قايمۇقۇپ يۈرىدۇ. مۇھەممەدنىڭ جىنى ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئىسلام بىر-بىرلەپ يېقىلىدۇ، ھەتتاكى «ئاللاھ، ئاللاھ» دەيدىغان ئادەممۇ قالمايدۇ. چوقۇمكى سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسىلەر ياكى ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئەڭ ئەسكى ئادەملەرنى باش قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار سىلەرگە دەرتلىك ئازابلارنى تېتىقۇزىدۇ. ئاندىن كېيىن سىلەردىن ياخشى ئادەملەر دۇئا قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ دۇئايى ئىجاۋەت بولمايدۇ. ئەلۋەتتە سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسسىلەر ياكى ئاللاھ سىلەرگە كىچىكلىرىڭلارغا رەھىم قىلمايدىغان، چوڭلىرىڭلارغا ھۆرمەت قىلمايدىغان كىشىلەرنى ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ.»[143]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر قەۋم جىنىڭ-تارازىلاردا ساختىلىق ئىشلىتىپلا قالسا، ئاللاھ ئۇلاردىن يامغۇرنى چەكلەپ قويىدۇ. بىرەر قەۋمدە زىنا-پاھىشە ئەۋج ئېلىپ كەتسە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈم-يېتىمنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. بىرەر قەۋمدە جازانىخورلۇق ئەۋج ئېلىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساراڭ بولۇپ قالىدىغانلار كۆپىيىپ كېتىدۇ. بىرەر قەۋمدە قاتىللىق ئەۋج ئېلىپ كەتسە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۇلارغا ھۆكۈمران قىلىپ قويىدۇ. بىرەر قەۋمدە بەچچىۋازلىق ئەۋج ئېلىپ كەتسە، ئۇلاردا يەر يۇتۇپ كېتىدىغان ئىشلار كۆپ يۈز بېرىدۇ. بىرەر قەۋم ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن

[143] ھەسەن ھەدىس

توسۇشنى تەرك ئەتسە، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، دۇئالىرى ئىجاۋەت بولمايدۇ.»[144]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ قېشىمغا ھاسىرىغان ھالدا كىردى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۇنىڭ ھاسىراپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان بىر ئىش بارلىقىنى پەملىدىم. ئۇ گەپ قىلماستىنلا تاھارەت ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ھۇجرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نېمە قىلىدىغىنىغا قاراپ تۇرسام، ئۇ، مىنبەرگە چىقىپ ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى. ئاندىن كېيىن: ئى ئادەملەر، شۇبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا سىلەرگە مۇنداق دەيدۇ: مەن دۇئايىڭلارنى ئىجاۋەت قىلمايدىغان، ياردەم تەلەپ قىلساڭلار، ياردەم بەرمەيدىغان، سورىساڭلار بەرمەيدىغان كۈن كېلىشتىن بۇرۇن ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇڭلار.»[145]

ئەمرى زاھىد مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ نارازى بولىدىغان ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۆزىگىمۇ ھېچقانداق پايدا-زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان ئادەملەردىن قورقۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن چەكلىمەيلا بىپەرۋا ھالدا كېتىپ قېلىشىڭ، ئۆزۈڭدىن غاپىل بولغانلىقىڭ ۋە ئاللاھتىن يۈز ئۆرىگەنلىكىڭنىڭ ئىپادىسىدۇر.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مەخلۇقلاردىن قورقۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تەرك قىلىدىكەن،

[144] مۇئجەم تەبەرانىدا بايان قىلىنغان
[145] ئەھمەد رىۋايىتى

ئۇنىڭدىن ئىتائەت تارتىۋېتىلىدۇ. ناۋادا ئۇ، بالىسىنى ياكى خىزمەتكارلىرىنى بىرەر ئىشقا بۇيرىسا، ئۇلار ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا سەل قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ.»

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئادەملەر، سىلەر «ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى گۇناھتىن ساقلاڭلار، سىلەر قاچانكى توغرا يولدا بولساڭلار، باشقىلارنىڭ ئاداشقىنى سىلەرگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىسىلەر، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرىدۇ»[146] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىسىلەر-يۇ، توغرا چۈشەنمەيۋاتىسىلەر! مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «شۈبھىسىزكى، كىشىلەر زالىملارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئۇلارنى توسمىسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرىدۇ.»[147]

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «خاتالىق مەخپىي قىلىنسا زىيىنىنى پەقەت قىلغۇچىلا تارتىدۇ. ناۋادا خاتالىق ئوچۇق-ئاشكار بولۇپ مەيدانغا چىقسا، ئۇنىڭغا تۈزىتىش بېرىلمىسە، ئۇنىڭ ۋابالى ھەممە ئادەمگە بولىدۇ.»

ئىمام ئەھمەد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پات-يېقىندا ئاۋات يۇرتلار خاراپ بولۇپ كېتىدۇ،

[146] سۈرە مائىدە 105 - ئايەت

[147] ئەھمەد رىۋايىتى (بۇ ھەدىس مەزكۇر ئايەتنى «بۇ ئايەت ھەر ئادەم ئۆز ئىشىغا پۇختا بولسۇن، باشقىلار بىلەن كارى بولمىسىمۇ بولىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ چۈشەنگەنلەرگە قارىتىلغان)

دېدى. ساھابىلەر: ئاۋات يۇرتلار قانداقسىگە خاراپ بولۇپ كېتىدۇ، دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: قاچانكى، خەلق ئىچىدىكى ئەسكىلەر ياخشىلاردىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسا، قەبىلە مۇناپىقلارنى باش قىلىپ تەيىنلىسە، ئاۋات يۇرتلار خاراپ بولۇپ كېتىدۇ-دېدى.»

ھەسسان ئىبنى ئەتىييە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «پات-يېقىندا ئۇممىتىم ئىچىدىكى ئەڭ ناچار كىشىلەر ياخشى كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالىدۇ. ھەتتا خۇددى ھازىر بىزنىڭ ئىچىمىزدە مۇناپىقلار يوشۇرۇنۇپ يۈرگەندەك، ئۇ كۈنلەردە مۇئمىنلەرمۇ يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ.»

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىسبەت بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، ئۇ كۈندە مۇئمىننىڭ قەلبى تۇز سۇدا ئېرىگەندەك ئېرىپ كېتىدۇ. ساھابىلەر: يارەسۇلۇللاھ، نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ؟ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇئمىنلار خاتا ئىشلارنى كۆرىدۇ-يۇ، ئەمما ئۇنى تۈزىتىشكە قادىر بولالمايدۇ، دېدى.»

جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرەر قەۋمدە گۇناھ-مەئسىيەتلەر قىلىنسا، قەۋمدىكى گۇناھ-مەئسىيەت قىلمىغانلار قىلغانلاردىن كۆپ ۋە كۈچلۈك تۇرۇپ، گۇناھ قىلغۇچىلارنى تۈزىتىشكە ئۇرۇنمىسا، ئاللاھ ئۇلارنى ئومۇميۈزلۈك جازالايدۇ.»

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى بىر ئادەم كەلتۈرۈلۈپ، دوزاخقا تاشلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى سۆرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ خۇددى تۈگمەننىڭ ئەتراپىدىن ئايلانغان ئېشەكتەك دوزاختا ئايلىنىدۇ. دوزاختىكىلەر ئۇنىڭ چۆرىسىگە كېلىپ: ئى ئادەم، ساڭا نېمە بولدى؟ سەن بىزنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توساتتىڭغۇ؟! دەيدۇ. ئۇ ئادەم: مەن ياخشىلىققا بۇيرۇيتتىم، ئەمما ئۆزۈم قىلمايتتىم. يامانلىق توساتتىم-يۇ، ئۆزۈم ئۇنى قىلىۋېرەتتىم، دەيدۇ.»[148]

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: «بەنى ئىسرائىللارنىڭ بىر ئالىمى بولۇپ، نۇرغۇن ئەر-ئاياللار ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلاتتى. ئالىم يىغىلغانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى، ئۆتمۈشتىكى ئىبرەتلىك ۋەقەلەر توغرىسىدا ئۇلارغا قىسسە بايان قىلىپ بېرەتتى. ئۇ بىر كۈنى پەرزەنتلىرىدىن بىرىنىڭ ئاياللارغا كۆز قىسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە: ئالدىرىمىغىن ئوغلۇم، ئالدىرىمىغىن، دەپلا قويدى. ئاندىن ئۇ ئادەم كارىۋاتتىن يىقىلىپ كېتىپ يۇلۇنى ئۈزۈلۈپ كەتتى. خوتۇنىنىڭ ھامىلىسىمۇ چۈشۈپ كەتتى، پەرزەنتلىرى ئۆلۈپ كەتتى. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇنداق ۋەھى قىلدى: «پالانى ئالىمغا خەۋەر بەرگىن، مەن ئۇنىڭ نەسلىدىن مەڭگۈ سىددىق ئادەم چىقارمايمەن. ئۇ، ئوغلى گۇناھ ئىش قىلىۋاتسا ئاچچىقلىنىشىنىڭ ئورنىغا ‹ئالدىرىمىغىن ئوغلۇم› دەپ قويۇش

[148] بۇخارى رىۋايىتى

بىلەنــلا چەكلەنــدى.»[149]

ئابدۇلــلا ئىبنــى مەســئۇد رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ پەيغەمبــەر ئەلەيھىســساالمنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى رىۋايــەت قىلىــدۇ: «كۆزگــە ئېلىنمايدىغــان (كىچىــك) گۇناھلاردىــن ســاقلىنىڭلار. شۇبھىســىزكى، ئــۇ گۇناھــلار بىــر ئادەمــدە يىغىلىــپ، يېغىلىــپ ئاخىرىــدا ئۇنــى تۈگەشــتۈرۈۋېتىدۇ. پەيغەمبــەر ئەلەيھىســساالم بۇنىڭغــا مىســال كەلتــۈرۈپ مۇنــداق دېــدى: (كىچىــك گۇناھلارنىــڭ يىغىلىــپ بىــر ئادەمنــى ھــاالك قىلىشــى) چۆللــۈك زېمىنغــا چۈشــكەن، ئۇســتا بىــر ئــادەم كېلىــپ (تاماق ھازىرلاش ئۈچــۈن ئــوت قالىماقچــى بولغــان). كىشــىلەر بىردىــن ئىككىدىــن تەمــەچ تىرىــپ كېلىــپ، بىــر دۆۋە بولغانــدىــن كېيىــن، ئۇتــۇن دۆۋىســىگە ئــوت يېقىــپ تامــاق پىشــۇرغان بىــر قەۋمنىــڭ ئەھۋالىغــا ئوخشــايدۇ.»[150]

ئەنــەس ئىبنــى مالىــك رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق رىۋايــەت قىلىــدۇ: «شۇبھىســىزكى، بىــز پەيغەمبــەر ئەلەيھىســساالمنىڭ دەۋرىــدە ھــاالك قىلغۇچــى گۇناھــلار دەپ قارايدىغــان نۇرغــۇن ئىشــلارنى ســىلەر قىلىدىنمۇ كىچىــك كــۆرۈپ (پەرۋاســىز ھالــدا) قىلىۋاتىســىلەر.»[151]

ئابدۇلــلا ئىبنــى ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ پەيغەمبــەر ئەلەيھىســساالمنىڭ مۇنــداق دېگەنلىكىنــى رىۋايــەت قىلىــدۇ: «بىــر ئايــال بىــر مۈشــۈككە يەيدىغــان، ئىچىدىغــان نەرســە بەرمەي ياكى

[149] ئەھمەد رىۋايىتى
[150] ئەھمەد رىۋايىتى
[151] بۇخارى رىۋايىتى

ئۇنى زېمىندىكى جانلىقلارنى تۇتۇپ يېگىلى قويماي، سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن دوزاختا ئازابلاندى.»[152]

ھۇزەيفەدىن: بەنى ئىسرائىل بىر كۈندىلا دىندىن چىقىپ كەتكەنمۇ؟ دەپ سورىلىۋىدى. ئۇ: ياق، بەنى ئىسرائىل بىر ئىشقا بۇيرۇلسا، قىلمايتتى. بىر ئىشتىن چەكلەنسە شۇنى قىلاتتى. ئۇلار شۇنداق قىلىۋېرىپ ئاخىرى بىر ئادەم كېيىمنى سېلىپ تاشلىغاندەكلا دىنىدىن چىقىپ كەتكەن، دەپ جاۋاب بەردى.

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھ-مەئسىيەت كاپىرلىقنىڭ ئەلچىسى، سۆيۈش جىمانىڭ ئەلچىسى، ناخشا-مۇزىكا زىنانىڭ ئەلچىسى، يات ئەر-ئاياللارنىڭ بىر-بىرىگە قارىشى ئىشقنىڭ ئەلچىسى، كېسەل ئۆلۈمنىڭ ئەلچىسى.

«ھۇلىيە» دېگەن كىتابتا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ئى، گۇناھكار، گۇناھىڭنىڭ ئاقىۋىتىدىن خاتىرجەم بولۇپ كەتمە! سەن قىلغان ھەر بىر گۇناھ تېخىمۇ چوڭ بىر گۇناھقا سەۋەب بولىدۇ. گۇناھ قىلىۋاتقانىدا ئوڭ-سول تەرىپىڭدىكى پەرىشتىلەردىن ھايا قىلماسلىقىڭ قىلغان گۇناھىڭدىن ئېغىرراق. گۇناھلارنى قىلىپ قويۇپ، ئاللاھنىڭ جازاسىدىن پەرۋاسىز ھالدا، كۈلۈپ ئوينىشىپ كېتىشلىرىڭ قىلغان گۇناھىڭدىن ئېغىرراق. گۇناھ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىسەڭ خوش بولۇپ كەتكىنىڭ، گۇناھ قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىسەڭ

[152] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

قايغۇرۇپ كەتكىنىڭ شۇ گۇناھنى قىلغاندىن ئېغىرراق. سەن گۇناھ قىلىۋاتقاندا شامال پەردەڭنى تەۋرەتسە، سەن «ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەننى ئويلىماستىن، پەردىنىڭ تەۋرىشىدىن خەۋپسىرەپ قالغىنىڭ قىلىۋاتقان گۇناھىڭدىن ئېغىرراق. ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇشىغا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن نۇرغۇن سورۇنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىگە سەۋەب بولغىنى نېمە، بۇنى بىلەمسەن؟! بىر بىچارە ئادەم ئەييۇب ئەلەيھىسسالامدىن زالىمدىن قوغداپ قېلىشنى ئۆتۈنسە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەن، زالىمنى زۇلمىدىن توسمىغان، شۇڭلاشقا ئاللاھ ئەييۇب ئەلەيھىسسالامنى خىلمۇ-خىل بالا-مۇسىبەتلەرگە دۇچار قىلغان.»

ۋەلىد ئەۋزائىي بىلال ئىبنى سەئەددىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «سەن خاتالىقلارنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي، ئاسىيلىق قىلىنىۋاتقان زاتنىڭ كاتتىلىقىغا قارا!»

فۇزەيل ئىبنى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: «سەن گۇناھنى قانچىكى كىچىك كۆرسەڭ، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا شۇنچە چوڭ ھېسابلىنىدۇ. سەن گۇناھنى قانچىكى چوڭ كۆرسەڭ، ئۇ، ئاللاھنىڭ ئالدىدا شۇنچە كىچىك ھېسابلىنىدۇ.»

مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھيى قىلدى: ‹مېنىڭ مەخلۇقلىرىم ئىچىدە ئەڭ ئاۋۋال ئۆلگىنى ئىبلىستۇر. ئۇ ماڭا ئاسىيلىق قىلغان ئىدى، ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى ئۆلۈك ھېسابلايمەن.»

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مۇئمىن خاتالىق ئۆتكۈزسە ئۇنىڭ قەلبىگە بىر قارا چېكىت ئۇرۇلىدۇ. قاچانكى تەۋبە قىلىپ، گۇناھتىن قول يىغسا ۋە ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلسا، ئۇنىڭ قەلبى سۈزۈلىدۇ. ناۋادا گۇناھلاردىن قول ئۈزمەي داۋاملاشتۇرۇۋەرسە قەلبىدىكى قارىلىق زورىيىپ قەلبنى قاپلايدۇ. بۇ، ئاللاھ تائالا «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن» دېگەن ئايەتتە تىلغا ئالغان قارىلىقتۇر.»[153]

ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بەندە گۇناھ قىلسا ئۇنىڭ قەلبىگە بىر قارا چېكىت ئۇرۇلۇپ، ئاخىرى ئۇنىڭ قەلبى كۈلرەڭ قويغا ئوخشاپ قالىدۇ.»

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى قۇرەيش خەلقى، سىلەر ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمىساڭلارلا بۇ ئىشنىڭ (خەلىپىلىكنىڭ) ئىگىسى بولۇپ تۇرىسىلەر. ناۋادا ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلساڭلار ئاللاھ خۇددى مۇشۇ ياغاچ ياغاچنى غاجىلىغاندەك غاجىلايدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتىدۇ، دەپ قولىدىكى ياغاچنى كۆرسەتتى. ئاندىن كېيىن ياغاچنى ياغاچقا سۈرگەن ئىدى، ئۇ ياغاچ ئاقىرىپ كەتتى.»[154]

ۋەھەب مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا بەنى

[153] تىرمىزى رىۋايىتى ، ھەسەن، سەھىھ ھەدىس
[154] ئەھمەد رىۋايىتى

ئىسرائىلغا مۇنداق دېگەن: «مەن ئىتائەت قىلىنسام رازى بولىمەن، رازى بولسام بەرىكەت بېرىمەن، مېنىڭ بەرىكىتىمنىڭ چېكى يوق. ناۋادا ئاسىيلىق قىلىنسام غەزەبلىنىمەن، غەزەبلەنسەم لەنەت قىلىمەن، مېنىڭ لەنىتىم يەتتىنچى ئەۋلادىغىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ.»[155]

ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق مەكتۇپ يازدى: «شۈبھىسىزكى بىر ئادەم ئاللاھنى نارازى قىلىدىغان ئىشنى قىلسا، ئۇنى ماختايدىغان ئادەملەر سۆكىدىغان بولۇپ قالىدۇ.»[156]

ئەبۇ جەئدى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەر ئادەم ئۆزى تۇيماي قېلىپ مۇئمىنلارنىڭ كۆڭلىدە لەنەتكەردە بولۇپ كېتىشتىن ئاگاھ بولۇشى لازىم، دېدى ۋە نېمشقا لەنەتكەردە بولۇپ كېتىدۇ، بىلەمسەن! دېدى. مەن: ياق، بىلمەيدىكەنمەن، دېسەم، ئۇ: بىر بەندە يالغۇز يەرلەردە ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇيلىمىغان يەردىن مۇئمىنلارنىڭ قەلبىگە ئۇنىڭغا قارشى نەپرەت تۇيغۇسىنى سېلىپ قويىدۇ، دېدى.»

«ئەززۇھدۇ» ناملىق كىتابتا مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: «مۇھەممەد ئىبنى سىرىن قەرزدار بولۇپ قېلىپ، غەمگە چۈشۈپ قالغاندا «بۇ غەملەر مەن قىرىق يىلدىن بۇيان

[155] ئەھمەد رىۋايىتى
[156] ئەھمەد رىۋايىتى

ئۆتكۈزۈپ قويغان گۇناھلىرىم تۈپەيلىدىن بولدى› دېگەن.»

**گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەزىدە دەل ۋاقتىدا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ**

گۇناھ-مەئسىيەت توغرىسىدا دىققەتنى چېكىدىغان بىر نۇقتا بار. بۇ نۇقتىدا نۇرغۇن ئادەملەر خاتالىشىدۇ. بەزىدە گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ جازاسى شۇ ۋاقتىدا يۈز بەرمەيدۇ ياكى كىچىككىنە يۈز بەرگەچكە، گۇناھ قىلغان ئادەم ئۇنتۇپ قالىدۇ-دە: گۇناھ قىلىۋەرسەممۇ ھېچ ئىش بولمىدىغۇ؟ دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

چىقمىسا چاڭ-توزان يىقىلغان ھامان،
يىقىلىپ بولغاندا چىقماس ھېچقاچان.

سۇبھانەللاھ! بۇ خاتا قاراش قانچىلىغان ئادەملەرنى ھالاكەتكە باشلىغان، قانچىلىغان نېئمەتلەرنىڭ قولدىن كېتىشىكە سەۋەب بولغان، قانچىلىغان ئادەملەرگە ئازاپ-ئۇقۇبەتلەرنى كەلتۈرگەن-ھە!

ئادەتتىكى نادان ئادەملەر ئۇياقتا تۇرسۇن، نۇرغۇنلىغان ئالىم، پازىل كىشىلەرمۇ بۇ خاتا قاراشلارغا ئالدىنىپ كەتكەن. بۇ تەنتەكلەر گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ خۇددى ئاستا خاراكتېرلىق زەھەر ياكى ساختا خاراكتېرلىق جاراھەتكە ئوخشاش بىر مەزگىلدىن كېيىن بولسىمۇ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەن.

ئەبــۇ دەردا رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دەيــدۇ: «ئاللاھنــى كــۆرۈپ تۇرغانــدەك ئىبــادەت قىلــڭلار، ئۆزۈڭلارنــى ئۆلــۈك دەپ قــاراڭلار. شــۇنى بىلىڭلاركــى، كاللاڭلارنــى چىرمىۋالىدىغــان كۆپتــىن، ھاجەتكــە يەتكــۈدەك ئــاز ياخشــى. ياخشــىلىق كونىرىمايــدۇ، گۇنــاھ ئۇنتۇلمايــدۇ.»[157]

بــەزى گۇناھلارنىــڭ جازاسـى نــەق بولىــدۇ. سۇلايمان تەيمى مۇنــداق دەيــدۇ: «بىــر ئــادەم ھېچكىشــى كۆرمىگەنــدە خۇپىيانــە گۇناھلارنــى قىلىــدۇ، ئــۇ ئادەم شــۇ ھامانلا شــۇ ئىشــى تۈپەيلىدىــن مالامەتكــە قالىــدۇ.»

يەھيــا ئىبنــى مۇئــاز رازى مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــى پەرۋەردىگارىــم، مــاڭا مۇســىبەت بېرىــپ دۈشــمەنلىرىمنى خــۇش قىلمىغــن، دەپ دۇئــا قىلىۋاتقــان ئاقىللاردىــن ھەيرانمــەن. ۋاھالەنكــى، ئــۇ ئــۆزى دۈشــمەنلىرىنى خــۇش قىلىــدۇ. باشــقىلار: بــۇ قانــداق ئىــش؟ دەپ سورىۋىدى: ئــۇ: ھېلىقــى ئــادەم ئاللاھقــا ئاســىيلىق قىلىــدۇ، شــۇنىڭ بىلــەن قىيامــەت كۈنــى ھەممــە دۈشــمەن ئۇنىــڭ ھالىغــا خــۇش بولىــدۇ، دەپ جــاۋاب بــەردى.»

زۇننــۇن مۇنــداق دەيــدۇ: «بىــر ئــادەم خۇپىيانــە ھالــدا ئاللاھقــا خىيانەت قىلغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ چۈمپەردىسىنى ئېچىۋېتىدۇ.»

## 2. گۇنــاھ-مەئسىيەتنىڭ ئــاسارەتلىرى

گۇناھ-مەئســىيەتنىڭ كىشــىلەردە پەيــدا قىلىدىغــان نۇرغــۇن ئاســارەتلىرى بــار بولــۇپ، تۆۋەنــدە ئۇلاردىــن بىــر قانچىنــى

[157] ئەھمەد رىۋايىتى

كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

### 1. ئىلىم-مەرىپەتتىن مەھرۇم بولۇش

شۈبھىسىزكى، ئىلىم ئاللاھنىڭ نۇرىدۇر. ئاللاھ ئۇنى قەلبلەرگە تاشلايدۇ. گۇناھ-مەئسىيەت نۇرنى ئۆچۈرىدۇ.

ئىمام شافىئىي مۇنداق دەيدۇ:

دەرت تۆككەنتىم ۋەكىئكە،
ئەس-ئىقتىدار ناچار دەپ.
يول كۆرسەتتى ئۇ ماڭا:
گۇناھلارنى تاشلاڭ دەپ.
دېدى: بىلگىن ئى تالىپ!
ئىلىم بىلەن نۇر بىر گەپ.
ئىلاھىي نۇر ھېچقاچان،
ئاسىيلارغا بەرمەس نەپ.

### 2. رىزىقتىن مەھرۇم بولۇش

مۇسنەددە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: «شۈبھىسىزكى بىر بەندە ئۆزى قىلغان گۇناھلار تۈپەيلىدىن رىزىقتىن مەھرۇم بولىدۇ.» شۇنداقلا، بىر ئادەم ئاللاھقا قانچىكى تەقۋالىق قىلغانسېرى ئۇنىڭ رىزقى كەڭ بولىدۇ. تەقۋالىقتىن قانچە يىراقلاشقانسېرى نامراتچىلىققا قالىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزگەندىنمۇ بەكرەك كەڭ رىزىققا سەۋەب بولىدىغان نەرسە يوق.

### 3. ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئارىسىدا يېتىمسىراش تۇيغۇسى ھېس قىلىپ قېلىش

ئاسىي ئادەملەرنىڭ ئىچىدە دائىم بىر خىل ياتسىراش تۇيغۇسى بولىدۇ. بۇ تۇيغۇ ئۇ ئادەم بىلەن ئاللاھنىڭ ئارىسىغا توسالغۇ بولۇۋالىدۇ-دە، ئۇ ئادەم لەززەت، راھەت دېگەنلەرنى ھېس قىلالمايدۇ. ناۋادا دۇنيانىڭ پۈتۈن لەززەتلىرى ئۇ ئادەمگە تەل بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ ياتسىراش تۇيغۇسىنى باسالمايدۇ. بۇ، قەلبىدە ھاياتلىق بار ئادەملەرلا ھېس قىلالايدىغان بىر تۇيغۇ. ئۆلۈك ئادەملەر جاراھەتتىن ئاغرىق ھېس قىلمايدۇ ئەمەسمۇ؟! (ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىنماي) پەقەت مۇشۇ تۇيغۇدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئېتىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئەقىللىق ئادەملەر گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئەتكەن بولاتتى.

بىر ئادەم دائىم كۆڭلىنىڭ يېرىم تۇرىدىغانلىقى، كۆڭلىدە بىر خىل يېتىمسىراش تۇيغۇسىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا بىر ئارىفقا دەرت تۆكۈپتۇ.

ئارىف مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

گۇناھلار يېتىرقاش ئېلىپ كەلسە ئالسا،
تەرك ئەت گۇناھنى، ئازادە ياشا.

ئىنسانىنىڭ قەلبىدە گۇناھ-مەئسىيەتتىن پەيدا بولغان ياتسىراش تۇيغۇسىدىنمۇ بەكرەك ھەسرەتلىك بىر تۇيغۇ

بولمىسا كېرەك! (ئاللاھ ئەڭ ياخشى ياردەمچىدۇر)

### 4. باشقىلار بىلەن ئارىسىدا يېتىمسىراش تۇيغۇسى ھېس قىلىش

گۇناھكار ئادەم بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا يېتىمسىراش تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ گۇناھكار ئادەم ئۆزى بىلەن ياخشى ئادەملەر ئارىسىدا بىر ھالەتتە شەكىللىنىپ قالغانىدەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ.

ئۇ ئادەمدە يېتىمسىراش تۇيغۇسى قانچە كۈچەيگەنسېرى كىشىلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ سورۇنلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغىلى تۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن ئورتاقلىشىدىغان پايدا-مەنپەئەتلەر ئازىيىشقا باشلايدۇ. ئاللاھ تائالادىن قانچە يىراقلاشقانسېرى شەيتاننىڭ يوللارغا يېقىنلاشقىلى تۇرىدۇ. بۇ تۇيغۇ ۋايىغا يەتكەندە ئۇنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالىدۇ-دە، ئايالى ۋە بالىلىرى، يېقىن-يۇرۇقلىرى ئارىسىدىمۇ، ئۆزىدىمۇ بۇ تۇيغۇلارنى ھېس قىلغىلى تۇرىدۇ. ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆزىدىنمۇ يىرگىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بىر قىسىم سەلەف ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ قويسام، شۇنىڭ تەسىرى ئۇلىغىمنىڭ ۋە ئايالىمنىڭ خۇلقىدا كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.»

### 5. ئىشى ئوڭ كەلمەسلىك

گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىشلىرى ئوڭ كەلمەيدۇ. ئۇ بىر ئىشقا تۇتۇش قىلغان ھامان ئالدىدا نۇرغۇن

توسالغۇلار پەيدا بولىدۇ ياكى قىيىنچىلىقلار يۈز بەرگىلى تۇرىدۇ. تەقۋادارلىق قىلغان ئادەملەرنىڭ ئىشلىرى ئوڭايلاشقاندەك، پاسىقلىق قىلغان ئادەملەرنىڭ ئىشلىرى قىيىنلىشىپ كېتىدۇ. قىيىنچىلىقلار ۋە توسالغۇلارنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمىگەن ئادەم قانداقسىگە ياخشىلىق ئىشىكلىرىنى تاپالسۇن!

### 6. قەلبى قارىداپ كېتىش

گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار قەلبىنىڭ خۇددى كېچىدەك قارىداپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى مەنىۋىي قاراڭغۇلۇق بەئەينى ماددىي قاراڭغۇلۇققا ئوخشاپ قالىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىتائەت نۇر، گۇناھ-مەئسىيەت زۇلمەتتۇر. زۇلمەت كۈچەيگەنسېرى گاڭگىراش ئېغىرلىشىدۇ. ھەتتاكى ئۇ ئادەم ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا بىدئەت ۋە ئازغۇنلۇقلارغا، ھالاكەتلەرگە چۈشۈپ قالىدۇ. خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە يالغۇز سىرتقا چىققان ئەمادەك قايمۇقۇپ قالىدۇ. گۇناھكار ئادەمنىڭ قەلبىدىكى قارىلىق كۈچەيگەنسېرى كۆزگە كۆرۈنگىلى تۇرىدۇ. ئاندىن يەنە كۈچىيىپ چىرايىغىمۇ چىقىدۇ ۋە باشقا ئادەملەرنىڭ كۆزىگىمۇ قارا (قورقۇنۇشلۇق) كۆرۈنگىلى تۇرىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ياخشىلىق يۈزلەرگە يورۇقلۇق، قەلبلەرگە نۇر بېغىشلايدۇ، رىزقنى كەڭ قىلىدۇ، بەدەنگە كۈچ ئاتا قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ. يامانلىق چىرايىنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ، قەلبنى قارايتىۋېتىدۇ، بەدەننى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ، رىزىقنى كېمەيتىۋېتىدۇ، باشقىلارنىڭ قەلبىدە يامانلىق قىلغۇچىلارغا

نەپرەت پەيدا قىلىدۇ.»

### 7. مەنىۋىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىق

گۇناھ-مەئسىيەت قەلب ۋە جىسمانىيەتنى تەڭلا ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. قەلبنى ئاجىزلاشتۇرۇپلا بولدى قىلماستىن، بەلكى تېخى پۈتۈن ھاياتىدىنمۇ ئايرىۋېتىدۇ.

مۇئمىننىڭ كۈچى قەلبىدە بولىدۇ. ئۇنىڭ قەلبى كۈچەيگەنسېرى جىسمانىيىتى كۈچەيگىلى تۇرىدۇ. گۇناھكار ئادەملەر گەرچە قارىماققا بەدىنى كۈچلۈكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ۋاقتى كەلگەندە ئەڭ ئاجىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قاۋۇل بەدەنلىرى ئەڭ زۆرۈر پەيتلەردە كارغا كەلمەي قالىدۇ. پارس ۋە رۇملارنىڭ جىسمانىي كۈچى ھەققىدە ئويلىنىپ باقايلى! ئۇلار كۈچكە شۇنچە ئېھتىياجلىق بولغان شۇ مىنۇتلاردا ئۇلارنىڭ كۈچى ئەسقاتتىمۇ؟ مۇئمىنلار جىسمانىي ۋە روھىي كۈچى ئارقىلىق ئۇلارنى بويسۇندۇرمىدىمۇ؟!

### 8. تائەت-ئىبادەتتىن مەھرۇم بولۇش

گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار جازاغا ئۇچرىماي قالغان تەقدىردە، ئۇنىڭ ئورنىغا تائەت-ئىبادەتتىن مەھرۇم بولىدۇ. باشقا تائەت-ئىبادەت يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. گۇناھ ئارقىلىق ئۇ ئادەملەر دۇنيا ۋە دۇنيادىكى پۈتۈن نەرسىلەردىن ئارتۇقراق بولغان نۇرغۇن ياخشىلىق يوللىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالى بۇزۇلۇپ قالغان تاماقنى يەۋالغان ئادەم باشقا ياخشى تاماقلارنىمۇ يېيەلمىگەندەكلا بىر

ئىش. (ئالـلاھ ئـەڭ ياخشى ياردەمچىدۇر)

### 9. ئۆمۈرنى قىسقارتىۋېتىدۇ

شۈبھىسىزكى گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۆمۈرنى قىسقارتىپ، بەرىكەتنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئېنىقكى، ياخشىلىق ئۆمۈرنى ئۇزارتقاندەك گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ.

گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ئۆمۈرنى ۋە رىزىقنى قىسقارتىش توغرىسىدا ئەھلى ئىلىملەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئوخشىمىغان قاراشلىرى بار:

بىر قىسىم ئەھلى ئىلىملەر مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھ-مەئسىيەت گۇناھ قىلغۇچىلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ، بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ بەرىكىتىنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ.» بۇ توغرا قاراش. ئەمما بۇ، گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ قىسمەن تەسىرلىرىدۇر.

يەنە بىر قىسىم ئەھلى ئىلىملەر مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھ-مەئسىيەت گۇناھ قىلغۇچىلارنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىۋېتىدۇ، دېگەنلىك، گۇناھ-مەئسىيەت خۇددى رىزىقنى كېمەيتكەندەك ئۆمۈرنى ھەقىقەتەن قىسقارتىۋېتىدۇ، دېگەن بولىدۇ. ئالـلاھ تائالا رىزىقنىڭ بەرىكىتىنى ئاشۇرىدىغان ۋە كېمەيتىدىغان نۇرغۇن سەۋەبلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئۆمۈرنىڭمۇ ئۇزارتىدىغان ۋە قىسقارتىدىغان سەۋەبلىرى بولىدۇ.

ئۆمۈر سەۋەب ئارقىلىق ئۇزارغاندەكلا سەۋەب ئارقىلىق قىسقىرايدۇ. رىزىق، ئەجەل، بەخت-سائادەت، بەختسىزلىك، ساغلاملىق، كېسەللىك، بايلىق، نامراتلىق قاتارلىقلار گەرچە

ئاللاھ تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە بولغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئۆزى خالىغان نۇرغۇن سەۋەبلەرنى ۋاستە قىلدى.

يەنە بىر قىسىم ئەھلى ئىلىملەر مۇنداق دەيدۇ: گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ ئۆمۈرنى تۈگەشتۈرۈشى مۇھەققەق. چۈنكى ھەقىقى ھاياتلىق قەلبنىڭ ھاياتلىقى. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا كاپىرلارنى ئۆلۈك دەپ سۈپەتلىگەن. ئۇلار بۇ قاراشلىرىغا مۇنۇ ئايەتنى دەلىل قىلىدۇ: «ئۇلار تىرىك ئەمەس ئۆلۈكتۇر»[158]

ھاياتلىق ماھىيەتتە قەلبنىڭ ھاياتلىقىدۇر. ئىنسانىنىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ مۇددىتىدۇر. ئۇنداق بولغانىكەن، ئىنسانىنىڭ ئاللاھ يولىدا ئۆتكۈزگەندىن باشقا ھاياتى بولمايدۇ. بۇ ھايات ئىنسانىنىڭ ھەقىقى ئۆمرىدۇر. ياخشىلىق، تەقۋادارلىق، ئەمەل-ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقىت ئىنسانىنىڭ ھەقىقى ئۆمرىدۇر. ئىنسانىنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئۆمرى بولمايدۇ.

خۇلاسىكالام، بەندە ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆمۈپ كەتسە، ئۇ ھەقىقى ھاياتىنى نابۇت قىلىۋەتكەن بولىدۇ. ئۇلار نابۇت قىلىۋەتكەن بۇ ھاياتىغا ھامان بىر كۈنى ئېچىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «كاشكى مەن (دۇنيادىكى) ھايات ۋاقتىمدا ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسامچۇ!»[159]

ئۆمرىنى گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەملەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرى ھەققىدە ئويلىنىپ بېقىشى لازىم.

[158] سۈرە نەھل 21 ـ ئايەت
[159] سۈرە فەجر 24 ـ ئايەت

ئەگەر ئويلىنىپ باقمايلا كىتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ پۈتۈن ئۆمرىنى زايا قىلىۋەتكەن، ھاياتىنى بىكار ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. ناۋادا ئويلىنىپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قول ئۈزۈپ، توغرا يولدا ماڭمىغان دېگەن تەقدىردىمۇ بۇرۇن خاتا يوللاردا ئۇزاق يۈرۈپ كەتكەن بولغاچقا، نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا، توسالغۇلارغا دۇچ كېلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ۋاقتىنى كەلسە-كەلمەس يوللاردا ئۆتكۈزۈشى ھەقىقەتەن ئۆمۈرنى زايە قىلىۋەتكەنلىكتۇر.

مەسىلىنىڭ نېگىزى شۇكى، ئىنساننىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىنىڭ ھەممىسىدۇر. پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنمىگەن، پەرۋەردىگارىنىڭ سۆيگۈسى بىلەن بەھرىلەنمىگەن، ئۇنى ئەسلەش بىلەن راھەتلەنمىگەن، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ ياشىمىغان ئادەملەر ھايات دەپ قارالمايدۇ.

### 3. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىر-بىرىنى سۆرەپ كېلىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىر-بىرىنى سۆرەپ كېلىدۇ. گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى تۇغىدۇ. شۇنداق قىلىپ گۇناھكار گۇناھتىن ئايرىلالماس، پۈتتىنى تارتالماس ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «يامانلىقنىڭ جازاسى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن يامانلىقتۇر. ياخشىلىقنىڭ مۇكاپاتى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ياخشىلىقتۇر. بىراۋ ياخشى ئەمەل قىلسا شۇ ياخشى ئەمەلنىڭ ئەتراپىدىكى ياخشىلىقلارمۇ: ئى ئادەم مېنىمۇ قىلامسەن! دېگىلى تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ياخشىلىق قىلغۇچى ياخشىلىقلاردا ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كېتىدۇ-دە، ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرى كۆپىيىدۇ. قاتمۇ-قات پايدىغا ئېرىشىدۇ.

يامانلىقلارمۇ ياخشىلىقلارغا ئوخشاشلا بىر-بىرىنى سۆرەپ كېلىدۇ. بىر يامانلىق يەنە بىر يامانلىقنى تۇغىدۇ. ھەتتاكى ياخشىلىقلار ياكى گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىر بەندىنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن زىچ بىرلىشىپ، ئۇنىڭ ئايرىلماس بىر سۈپىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ناۋادا ياخشىلىق قىلغۇچىلار ياخشىلىقتىن ئايرىلىپ قالسا، ئىچى سىقىلىپ، شۇنچە كەڭرى دۇنيا تار كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئۆزىنى گويا سۇدىن ئايرىلغان، سۇغا قايتقاندىلا راھەت تېپىپ، كۆڭلى ئارامغا چۈشۈپ، خۇرسەنلىك ھېس قىلالايدىغان بېلىققا ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

گۇناھ قىلغۇچىلار گۇناھتىن ئايرىلىپ ئەمەل-ئىبادەتكە ئارىلىشىپ قالسا، يەنە ئەسلىدىكى پاسىقلىق ھالىتىگە قايتقانغا قەدەر ئىچى سىقىلىپ يۈرىكى ئاغرىغىلى تۇرىدۇ. قىلىۋاتقان ئىشلىرى (ئەمەل-ئىبادەتلىرى) شۇنچە قىيىن تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. نۇرغۇنلىغان پاسىقلار گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ھوزۇر ھېس قىلمىغان، قىلىۋاتقان ۋاقتىدا ئىچىدە كۈچلۈك ئىنتىلىش بولمىغان تەقدىردىمۇ، گۇناھ-مەئسىيەتتىن ئايرىلىپ قالغاندىكى ياكى گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلىش ئىمكانىيىتى بولماي قالغاندىكى بىئاراملىق تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇ گۇناھلارنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ھەسەن ئىبنى ھانىي بىر شېئىرىدا مۇنداق دەيدۇ:

دەسلەپكى قەدەھنى ئىچتىم ھوزۇر دەپ،
كېيىنكىنى ئۇنىڭغا شىپا بولسۇن دەپ.

يەنە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

كىيسلىم ئۆزىگە ئۆزىدۇر دورا،
گويياكى زابويغا هاراقتۇر دورا.

بىراۋ تائەت-ئىبادەت يولىدا ئىزچىل تىرىشىپ، ئاخىرىدا تائەت-ئىبادەتكە كۆنۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆزىگە ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ھەتتاكى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىپ تائەت-ئىبادەتكە ئۈندەيدىغان ۋە قىزىقتۇرىدىغان؛ تائەت-ئىبادەتسىز ھوزۇر-ھالاۋەتلەر ۋە سورۇن-باراۋەتلەردىن بىئاراملىق ھېس قىلدۇرىغان پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىدۇ.

بىراۋ گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە كۆنۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ، كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى شەيتانلارغا تاشلاپ قويىدۇ، شەيتانلار ئۇنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە كۈشكۈرتىدۇ. بىرىنچى خىل ھالەتتىكى، تائەت-ئىبادەت قوشۇنلىرى بولۇپ، ئۇلار ھېلىقى ئادەمنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئىككىنچىسى بولسا، گۇناھ-مەئسىيەت گۇماشتىلىرى، ئۇلار ئاسىيلارغا مەدەت بېرىدۇ، ئۇلارنىڭ گۇپپاڭچىلىقىنى قىلىدۇ.

## 4. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ياخشىلىق ئىرادىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر ياخشىلىق ئىرادىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. بۇ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ئەڭ قورقۇنۇشلۇق تەسىرىدۇر.

گۇناھ مەئسىيەتلەر قەلبلەرنى بوشاشتۇرۇپ، گۇناھقا بولغان ئىرادىلەرنى كۈچەيتىپ، ئاستا-ئاستا تەۋبە ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ھەتتاكى گۇناھكارنىڭ قەلبىدىن تەۋبىگە بولغان ئىنتىلىشمۇ پۈتۈنلەي يوقايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ قەلبى نىمجان ھالەتكە كەلسە، ئاللاھقا تەۋبە قىلىدۇ. ئېغىزىدا كاززاپلارچە تەۋبە، ئىستىغپارلارنى كۆپ ئېيتىدۇ-يۇ، لېكىن قەلبى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چىڭ باغلانغان بولغاچقا، ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي تارتالمايدۇ. ئىمكانىيەت تاپقان ھامان قايتا گۇناھ قىلىش كويىدا بولىدۇ. مانا بۇ، ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ تېز تۈگەشتۈرىدىغان كېسەلدۇر.

### 5. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئادەتلىنىپ قېلىشقا سەۋەب بولىدۇ

گۇناھكارلار گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن يىرگىنمەيدىغان، نەپرەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ-دە، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن، كەينىدە سۆز-چۆچەك بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار گۇناھ-مەئسىيەت (پىسقى-پۇجۇر) تەشەببۇسچىلىرىنىڭ قارىشىدا تولۇق ئېچىلغانلىق، راۋرۇس لەززەتلەنگەنلىك (ياشاشنى بىلگەنلىك) دەپ قارىلىدۇ. ھەتتاكى ئۇلار ئۆزى ئۆتكۈزگەن گۇناھ-مەئسىيەتلەر، شەرمەندىچىلىكلەر بىلەن پەخىرلىنىپ، بىلمىگەن ئادەملەرگىمۇ سۆزلەپ بەرگىلى تۇرىدۇ.

بـۇ خىلدىكـى ئادەملـەر ئاللاھنىـڭ ئەپۇسـىغا ئېرىشـەلمەيدۇ. تەۋبـە قىلـىش پۇرسـىتى بېرىلمەيـدۇ. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: «ئۈممىتىمدىــن گۇناھ-مەئسـىيەتنى داۋراڭ سـالغۇچىلاردىن باشـقىلار (تەۋبـە قىلسـا) ئاللاھنىـڭ ئەپۇسـىغا ئېرىشـەلەيدۇ. بەزىلەرنىـڭ گۇناھىنـى ئالـلاھ يۆگـەپ قالسـا، ئـۇلار: مـەن مۇنـداق قىلدىـم، مۇنـداق مۇنـداق ئىشلارنى قىلدىـم، دەپ داۋراڭ قىلىـش ئارقىلـىق، ئۆزىنىـڭ چاۋىسـىنى ئـۆزى چىتقـا يېيىـپ، ئالـلاھ يوشـۇرغاننىمۇ ئاشـكارىلاپ ئۆزىنـى رەسـۋا قىلىـدۇ.»[160]

## 6. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئىلگىرىكى ئاسىيلارنىڭ قالدۇرغان مىراسىدۇر

ھەرقانـداق گۇناھ-مەئسـىيەت ئىلگـىرى ئالـلاھ ھـالاك قىلغـان مەلـۇم بىـر قەۋمنىـڭ مىراسـىدۇر.

بەچچىۋازلىق لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن قالغان.

جىڭ-تارازىـدا ئېگىز-پەس قىلـىش (جازانىخورلۇق) شـۇئەيب ئەلەيھىسسـالامنىڭ قەۋمىدىـن قالغان.

يـەر يۈزىـدە بۇزۇقچىلىـق قىلـىش ۋە ئۆزىنـى چـوڭ چاغـلاش پىرئـەۋن ۋە ئۇنىـڭ ياللاقچىلىرىدىـن قالغـان.

تەكەببۇرلۇق ۋە زومىگەرلىك ھۇد ئەلەيھىسسـالامنىڭ قەۋمىدىن قالغان.

---

[160] بۇخارى رىۋايىتى

دېمەك، ھەرقانداق ئاسىي ـ گۇناھكارلار ئاللاھنىڭ ئۆتمۈشتە ھالاك قىلىنغان دۈشمەنلىرى سىياقىدىكى ئادەملەردۇر.

مالىك ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ بىرىگە مۇنداق ۋەھيي قىلدى: قەۋمىڭگە ئېيت، ئۇلار دۈشمەنلىرىم كەچكەن كېچىكلەرنى كەچمىسۇن، دۈشمەنلىرىم سىياقى بولۇۋالمىسۇن، دۈشمەنلىرىم يۈرگەن يوللاردا يۈرمىسۇن، دۈشمەنلىرىمنىڭ داستىخانلىرىدا غىزالانمىسۇن... ! ناۋادا ئۇلار شۇنداق قىلسا، مېنىڭ دۈشمەنلىرىمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى ئۆمەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن قىيامەتتىن بۇرۇن ھېچقانداق شېرىكى بولمىغان يىگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنغانغا قەدەر قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم. مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسىدا قىلىندى. خارلىق ۋە پۈچەكلىك ماڭا خىلاپلىق قىلغانلارغا قىلىندى. كىمكى بىر قەۋمگە ئوخشىۋالسا، ئۇ شۇلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.»[161]

## 7. گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پەرۋەردىگارى ئالدىدا خار-زەبۇندۇر

گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن پەرۋەردىگارى ئالدىدا قەدىرسىز، ئېتىبارسىز ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «ئاسىيلار

[161] ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

ئاللاھقا پەرۋا قىلماستىن، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلىدى، ناۋادا ئۇلار ئاللاھنى چوڭ بىلگەن بولسا، گۇناھ-مەئسىيەتتىن ساقلانغان بولاتتى. ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىئېتىبار، قەدىرسىز بولغان ئادەمنى كىممۇ ھۆرمەتلىسۇن!»

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ.»[162]

ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئېتىبارسىز، قەدىرسىز ئادەملەر قارىماققا باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلەنگەندەك، كىشىلەرنىڭ مەدھىيىسىگە سازاۋەر بولغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە باشقىلار ئۇنىڭغا ھاجەتمەن بولۇپ قالغاچقا ياكى ئۇنىڭ ئەسكىلىكىدىن قورقۇپ شۇنداق ھۆرمەتلىگەن قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئۇلار كۆڭلىدە ئۇنى ياقتۇرمايدۇ، ئۆچ كۆرىدۇ، پەس كۆرىدۇ.

## 8. گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارغا كىچىك تۇيۇلۇپ قالىدۇ

بىراۋ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرغانسېرى گۇناھنى چوڭ بىلمەيدىغان، كۆڭلىدە ئۇنى كىچىك ھېسابلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ھالاكەتكە يۈز تۇتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەت بىر ئادەمنىڭ كۆزىگە قانچىكى كىچىك كۆرۈنگەنسېرى، ئۇ گۇناھ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە شۇنچە ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ.

[162] سۈرە ھەج 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، مۇئمىن گۇناھقا خۇددى تاغ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۈستىگە تاغ دومىلاشتىن قورققان ئادەمدەك قارايدۇ. پاسىق گۇناھلىرىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا قونۇۋالغان، قورۇۋەتسە ئۇچۇپ كېتىدىغان چىۋىندەك كۆرىدۇ.»

## 9. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ پالاكىتى

گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزگۈچىلەر گۇناھنىڭ جازاسىنى ئۆزىلا تارتىپ قالماستىن ئۇنىڭ پالاكىتى، ۋابالى گۇناھ ئۆتكۈزمىگەن باشقىلارغىمۇ يېتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ياۋا ئۆردەكلەرمۇ زالىملارنىڭ شۇملۇقىدىن ئۇۋىسىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ.»

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، مال-چارۋىلار ئاسىي ئىنسانلارغا لەنەت قىلىدۇ. ناۋادا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، يامغۇر ياغماي قالسا، ئۇلار: بۇ ئاپەتلەر ئىنسانلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن بولدى، دېيىشىدۇ.»

ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: زېمىندىكى مال-چارۋىلار، ھاشاراتلار ھەتتاكى قوڭغۇز ۋە چايانلارغىچە «بىز ئىنسانلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن قۇرغاقچىلىققا دۇچار بولدۇق» دېيىشىدۇ. گۇناھكارلار ئۆزىلا لەنەتكە قالماستىن، ئۇلارنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن باشقا بىگۇناھ ئىنسانلارمۇ لەنەتكە ئۇچرايدۇ.

## 10. گۇناھ-مەئسىيەتلەر خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ

شەكسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. شان-شەرەپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن).»[163] يەنى شان-شەرەپنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق ئاللاھتىنلا سورىسۇن، ئىتائەتسىزلىك قىلىپ تۇرۇپ شان-شەرەپكە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس.

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى پەرۋەردىگارىم، مېنى ئۆزۈڭگە بولغان ئىتائىتىم ئارقىلىق ئەزىز قىلغىن، ساڭا مەئسىيەت قىلىپ قويۇش ئارقىلىق خار قىلما.»

ھەسەن بەسرى مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا ئاسىيلار ئات-خېچىرلارغا مېنىپ يىراق-يىراقلارغا كەتكەن تەقدىردىمۇ گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ ۋابالى ئۇنى چوقۇم تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاسىيلارنى خار قىلماي قويمايدۇ.»

ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك مۇنداق دەيدۇ:

كۆردۈمكى، گۇناھلار ئۆلتۈرەر دىلنى،
گۇناھتا چىڭ تۇرماق خار قىلار سېنى.
گۇناھنى تەرك قىلساڭ قەلب ياشنىغاي،

---

[163] سۈرە فاتىر 10 ـ ئايەت

ياخشىسى «ياق!» دېگىن گۇناھقا قېنى!
پادىشاھ، راھىب ۋە ناچار موللىدىن،
كىملەر بەك كۆپ بۇزغاي ئەقىدە-دىنىنى.

## 11. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئەقىلگە تەسىر كۆرسىتىدۇ

شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئەقىلنى بۇزۇپ قويىدۇ. ئەقىلدە بىر خىل نۇر بولۇپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەر نۇرنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. ئەقىلنىڭ نۇرى ئۆچسە، ئەقىل ئاجىزلىششقا، كېمىيىشكە باشلايدۇ.

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئەقلى-ھوشى جايىدا ئادەم ھېچقاچان ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلمايدۇ. بۇ ناھايىتى ئېنىق بىر مەسىلە. ناۋادا ئۇنىڭ ئەقلى جايىدا بولسا ئىدى، ئەقلى ئۇنى گۇناھ-مەئسىيەتتىن توسۇپ قالغان بولاتتى. ئەقلى ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئېلكىدە، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇ مەيلى قەيەردە بولمىسۇن ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى ئۇنىڭ بىللە ئىكەنلىكىنى؛ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇنى گۇناھلاردىن توسۇۋاتقانلىقىنى؛ ئىماننىڭ نەسىھەت قىلىۋاتقانلىقىنى؛ ئۆلۈمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى، دوزاخنىڭ ئۇنىڭغا: مەن خەتەرلىك، كەينىڭگە ياندە، دەپ خىتاب قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن بولاتتى. گۇناھ-مەئسىيەت قىلىش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھېسابسىز ياخشىلىقلىرى ۋە راھەت-پاراغەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقان ئادەمنىڭ

ئەقلى ـ ھوشى جايىدا بولسا، شۇنداق مىسلىسىز ياخشىلىقلارنى تاشلاپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى تاللارمىدى! بۇ تاللاش نورمال ئەقلى بار، ھوش ـ كاللىسى جايىدا ئادەمگە نىسبەتەن ئادەتتىكىچە بىر تاللاشمىدى؟!

## 12. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر كۆپەيگەنسېرى گۇناھكارنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ

گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر كۆپەيگەنسېرى گۇناھكارنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، ئۇ، غاپىللارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى ئاللاھ تائالانىڭ «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن» دېگەن ئايىتىدىكى «گۇناھلىرى» دېگەن سۆزنى قاتمۇ ـ قات گۇناھ قىلىش دەپ چۈشەندۈرگەن.

ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: قەلبىنى قارايتىدىغان گۇناھ، قەلبى كور بولغانغا قەدەر قاتمۇ ـ قات گۇناھ قىلىشتۇر.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: گۇناھ ـ مەئسىيەت كۆپەيگەنسېرى گۇناھكارلارنىڭ قەلبىنى چىرمىۋالىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان (دىلى قارىيىش) گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر تۇپەيلىدىن دىلنىڭ داتلىششىنى كۆرسىتىدۇ. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر زورايغانسېرى دات قارىلىققا ئايلىنىدۇ. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر تېخىمۇ كۈچىيىپ قەلبلەرنىڭ خاراكتېرىگە ياكى قۇلۇپ ۋە مۆھۈرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. قەلبلەر پەردە ۋە قاپ ئىچىگە قامىلىپ قالىدۇ. ھىدايەت ۋە ئاگدىن كېيىن

قەلبى قارىداپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ قەلبى نورمال تەبىئىتىنى يوقىتىدۇ-دە، دۈشمەنلىرى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ ۋە ئۇنى قەيەرگە يېتىلىسە شۇ يەرگە سوكۇلدايغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

## 13. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ لەنىتىگە دۇچار قىلىدۇ

شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ لەنىتىگە دۇچار قىلىدۇ.

***ئاللاھ تائالانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغۇچىلار:***

زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار.

سىلە-رەھىمنى ئۈزگەنلەر.

ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئازار بەرگەنلەر.

ئاللاھ تائالا نازىل قىلغان ئوچۇق پاكىت ۋە ھىدايەتلەرنى يوشۇرغانلار.

پاك گۇناھسىز مۇئمىنەلەرگە بوھتان چاپلىغۇچىلار.

كاپىرلارنىڭ يولىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يولىدىن توغرا دەپ قارىغۇچىلار.

ئەرچە ياسىنىۋالغان ئاياللار، ئايالچە ياسىنىۋالغان ئەرلەر.

پارىخورلار، پارا بەرگۈچىلەر، ئارىدا دەللاللىق قىلغۇچىلار...

***پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغۇچىلار:***

مەڭ چەككۈچى، چەكتۈرگۈچى ئاياللار.

چاچ ئۇلىغۇچى، ئۇلاتقۇچى (يالغان چاچ سالغان، سالدۇر-غانلار).

مەڭزلىرىنىڭ تۈكىنى قىرغان، قىردۇرغان ئاياللار.

چىش ئىنچىكىلەتكۈچى ئاياللار ۋە ئىنچىكىلەتتۈرگەن ئاياللار.

جازانە يىگۈچى، بەرگۈچى، جازانە ئىشلىرىغا كاتىبلىق قىلغان، گۇۋاھ بولغانلار.

تەلىن (تويى قىلىپ ئاجراشمىغىچە يارىششقا بولمايدىغان ئاياللارنى رەسمىيەت يۈزىسىدىن باشقىلارغا مۇددەتلىك خوتۇن قىلىپ بېرىش) قىلدۇرغان ئەر ۋە ئايال.

ئوغرىلار.

هاراقكەش، ساقىي، هاراق ئىشلەپچىقارغۇچى، هاراق زاۋۇتىدا ئىشلەيدىغانلار، هاراق ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىلار، هاراقنىڭ پۇلىنى خەجلىگەنلەر، هاراق توشۇغۇچىلار ۋە هاراق هاۋالىچىلىرى.

چىگرا بەلگىلىرى، يول بەلگىلىرى قاتارلىقلارنى ئۆزگەر-تىۋەتكۈچىلەر.

ئاتا-ئانىسىغا لەنەت قىلغۇچىلار.

جانلىق نەرسىلەرنى بازا قىلىپ ئوق ئېتىش مەشىقى

قىلغۇچىــلار.

ئايالغـا ئوخشىمـاقچى بولغان ئەرلـەر (ئايالچـە ياسـىنىۋالغانلار ياكـى ئوپېراتسـىيە ئارقىلـىق ئايالغـا ئۆزگەرتىلـەر)

ئەرگـە ئوخشىماقچى بولغان ئايالـلار (ئەرچـە ياسـىنىۋالغان، ئەرگـە ئۆزگىرىۋالغـان ئايالـلار).

ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغان، قان قىلغانلار.

بىدئـەت پەيـدا قىلغـان ياكـى بىدئەتچىلەرنىـڭ چاپىنىنـى كۆتۈرگۈچىلـەر.

جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزغۇچىلار.

بەچچىۋازلار.

ئاتا-ئانىسىغا ھاقارەت قىلغۇچىلار.

ئەمانى يولدىن ئاداشتۇرۇۋەتكۈچىلەر.

چارۋىلارغا باسقۇنچىلىق قىلغۇچىلار.

مال-چارۋىلارنىـڭ يۈزىگـە ئـەن سـالغۇچىلار (كۆيـدۈرۈپ، داغـلاپ، كېسـىپ ئـەن سـالغۇچىلار).

مۇسۇلمانغا زىيان سالغان ياكى ئۇنى ئالدىغانلار.

قەبـرە زىيـارەت قىلغۇچـى ئايالـلار ۋە قەبرىلەرنـى مەسـجىد قىلىۋالغۇچىــلار، قەبرىلەرگــە چــراغ ياققۇچىــلار.

ئېـرى بـار ئايالنـى بۇزغانـلار (باشـقىلارنىڭ ئائىلىسـگە بـۇز-غۇنچىلىـق سـالغانلار).

خوجايىنىنىڭ قولىدىكى قۇلنى بۇزغانلار.

ئايال كىشىنىڭ مەقتىدىن جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بارغانلار.

ئېرىنى رەت قىلىپ، يالغۇز ئۇخلىغان ئاياللار، تاكى ئاتقۇچە پەرىشتىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ.

ئۆزىنى دادىسىدىن باشقىلارغا نىسبەت بەرگەنلەر.

قېرىندىشىغا تىغ تەڭلىگەنلەر، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا لەنەت قىلىدۇ.

ساھابىلەرنى تىللىغانلار.

## 14. گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئايىدىن مەھرۇم قالىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە پەرىشتىلەرنىڭ دۇئايىدىن مەھرۇم قالىدۇ. شۇبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىنى مۇئمىن ئەر-ئاياللارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرىغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان پەرىشتىلەر ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «پەرۋەردىگارىمىز! سېنىڭ رەھمىتىڭ ۋە ئىلمىڭ ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تەۋبە قىلغانلارغا ۋە سېنىڭ يولۇڭغا ئەگەشكەنلەرگە مەغفىرەت

قىلغىن، ئۇلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر.»

مانا بۇ، پەرىشتىلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم» ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن، ئۇنىڭدىن باشقا يوللارنى تەرك ئەتكەن مۇئمىنلەرگە قىلغان دۇئاسى. مۇئمىنلاردىن باشقىلار بۇ دۇئانىڭ ئۆزىگە يېتىشىدىن ئۈمىد كۈتمىسۇن. چۈنكى ئۇلار بۇ دۇئا قارىتىلغان مۇئمىنلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆزىگە ھازىرلىمىغان كىشىلەردۇر.

## 15. ئاسىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چۈشىدە كۆرگەن جازالىرى

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىدىن سىلەردىن چۈش كۆرگەنلەر بارمۇ؟ دەپ كۆپ سورايتتى. بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشلىرىنى ئۆرۈيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئەتىگەندە مۇنداق دەپ بەردى: كېچىسى ئىككى پەرىشتە كېلىپ، مېنى تۇرغۇزۇپ، ماڭا: يۈر، دېدى. مەن ئۇلار بىلەن يۈردۈم. بىز يېنىچە ياتقان بىر ئادەمنىڭ يېنىغا

كەلـدۇق. ئۇنـىڭ ئۈسـتىدە بىـر ئـادەم تـاش تۇتـۇپ تۇراتتـى ۋە تـاش بىلـەن ئۇنىڭ ئۈسـتىگە تاشـلىنىپ، كاللىسـىنى يەنجىيتتى. تـاش دومـلاپ ئۇنـىڭ ئالدىغا كېلەتتى. ئۇرغۇچى تاشـنى ئېلىپ، ئۇرۇلغۇچىنـىڭ كاللىسـى سـاقىيىپ ئەسـلىگە كەلگىچـە كۈتـۈپ تۇراتتـى. ئۇنـىڭ كاللىسـى ئەسـلىگە كەلگەنـدىن كېيىـن، يەنـە ئاۋۋالقـىدەكلا ئۇنـىڭ ئۈسـتىگە تاشـلىنىپ كاللىسـىنى يەنجىيتتى. پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام مۇنـداق دېـدى: مـەن پەرىشـتىلەرگە (سـۇبھانەللاھ) بـۇ ئىككـى ئـادەم نېمە ئادەم؟ دېسـەم، پەرىشـتىلەر مـاڭا: يـۈر، يـۈر، دېـدى. بىـز يـۈرۈپ ئوڭدىسـىغا ياتقـان بىـر ئادەمنىـڭ يېنىغـا كەلـدۇق. بىـر ئـادەم ئۇنـىڭ بىـر تەرىپىـدە تـۇرۇپ كانـار بىلـەن ئۇنـىڭ جاۋغىيىدىـن، بۇرنىدىـن ۋە كۆزىدىـن بوينىغىچـە تىلاتتـى. ئانـدىن يۈزىنـىڭ ئىككىنچـى تەرىپىنىمـۇ شـۇنداق قىلاتتـى. بـۇ تەرىپىنـى تىلـىپ بولغۇچە ئـاۋۋال تىلىنغان تەرىپى سـاقىيىپ ئەسـلىگە كېلەتتى. ئەسـلىگە كەلگەن تەرىپىنى يەنـە ئاۋۋالقـىدەكلا تىلاتتـى. مـەن: سـۇبھانەللاھ، بـۇ ئىككـى ئـادەم نېمـە ئادەملـەر؟ دەپ سـورىدىم. پەرىشـتىلەر مـاڭا: يـۈر، يـۈر، دېـدى. بىـز يـۈرۈپ تونۇرغـا ئوخشـايدىغان بىـر گوداڭغـا كەلـدۇق. سـەمۇرە ئىبنـى جۇندۇبنىـڭ ئېسـىدە قېلىشـىچە، پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: گوداڭدىـن قىيـا ـ چىيـا ئاڭلىنىـپ تۇراتتـى. گوداڭغـا قارىساق، قىپيالـڭاچ ئـەر ـ ئايالـلار بـار ئىكـەن. ئۇلارنـىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئوتنىـڭ يالقۇنى كېلىـپ تۇرۇپتـۇ. بـۇ يالقـۇن ئۇلارغـا كەلگەنـدە، ئۇلار ۋارقىرىشـىپ كېتەتتـى. مـەن پەرىشـتىلەردىن: بـۇلار كىملـەر؟ دەپ سـورىدىم. پەرىشـتىلەر مـاڭا: يـۈر، يـۈر، دېـدى. بىـز يـۈرۈپ بىـر ئۆسـتەڭگە

يېتىپ كەلدۇق. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب ئېيتىدۇكى، ئېسىمدە قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆستەڭ قاندەك قىزىل ئىدى. ئۆستەڭدە بىر ئادەم ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۆستەڭ بويىدا بىر ئادەم يېنىغا نۇرغۇن تاش يىغىۋالغان ئىدى. ھېلىقى ئۆستەڭدە ئۈزۈۋاتقان ئادەم تاش يىغىۋالغان ئادەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاغزىنى ئاچاتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا تاش سېلىپ قوياتتى. مەن پەرىشتىلەردىن: بۇلار كىملەر؟ دەپ سورىدىم. ئۇلار ماڭا: يۈر، يۈر، دېدى. بىز يۈرۈپ ناھايىتى قەبىھ سۈرەتلىك بىر ئادەمنىڭ قېشىغا كەلدۇق. ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئوت بولۇپ، ئۇ ئوتنى قوچۇيتتى ۋە ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. پەرىشتىلەردىن: بۇ نېمە ئادەم؟ دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: يۈر، يۈر، دېدى. بىز يۈرۈپ ئۆسۈملۈكلىرى ئىگىز، باھارنىڭ خىلمۇ-خىل گۈل-چېچەكلىرى بىلەن تولغان بىر باغچىغا كەلدۇق. باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بويىنىڭ ئىگىزلىكىدىن بېشىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئادەم تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن بالىلار تۇرۇپتۇكى، بۇنداق كۆپ بالىلارنى زادى كۆرمىگەن ئىدىم. پەرىشتىلەردىن: بۇ كىم؟ ئۇلار كىملەر؟ دەپ سورىدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: يۈر، يۈر، دېدى. بىز يۈرۈپ شۇنداق چوڭ باغقا يېتىپ كەلدۇقكى، بۇنداق چوڭ ۋە چىرايلىق باغنى زادى كۆرمىگەن ئىدىم. پەرىشتىلەر مېنى: باغقا چىق، دېدى. بىز باغقا چىقىپ ئالتۇن كىسەك بىلەن كۈمۈش كىسەكتىن سېلىنغان بىر شەھەرگە يېتىپ باردۇق. شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا بېرىپ ئېچىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدۇق، بىزگە شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىپ بېرىلدى. شەھەرگە كىردۇق.

بۇ يەردە بىزنى بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى ئەڭ چىرايلىق، يېرىمى ئەڭ قەبىھ بولغان كىشىلەر كۈتۈۋالدى. پەرىشتىلەر ئۇلارغا: بېرىڭلار، ئاشۇ ئۆستەڭگە چۈشۈڭلار، دېدى. قارىساق توغرىسىغا ئېقىۋاتقان بىر ئۆستەڭ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ سۈيى ئاقلىقتا گويا سۈتتەك ئىدى. ئۇلار بېرىپ ئۆستەڭگە چۈشتى. ئاندىن بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى قەبىھلىك يوقىلىپ، ئۇلار ئەڭ چىرايلىق شەكىلگە كىرگەن ئىدى. پەرىشتىلەر ماڭا: بۇ سېنىڭ مەنزىلگاھىڭ ئەدنى جەننىتى بولىدۇ، دېدى. كۆزۈمنى يۇقىرىغا تىكىپ قارىسام، ئاق بۇلۇتتەك بىر ساراي تۇرۇپتۇ. پەرىشتىلەر ماڭا: مانا بۇ سېنىڭ ئورنۇڭ، دېدى. مەن پەرىشتىلەرگە: سىلەرگە ئاللاھ بەخت ئاتا قىلسۇنكى، مېنى قويۇۋېتىڭلار، ئۇنىڭغا كىرىمەن، دېدىم. پەرىشتىلەر: هازىر كىرىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭغا كېلەچەكتە كىرىسەن، دېدى. مەن پەرىشتىلەرگە: كېچىدىن بۇيان ئاجايىپ ئەهۋاللارنى كۆردۈم، ئۇلارنى دەپ بەرسەڭلار، دېدىم. پەرىشتىلەر ماڭا: ئۇلاردىن سېنى خەۋەردار قىلىپ قويايلى. سەن ئالدىدا كۆرگەن، كالللىسى تاش بىلەن يەنجىلىۋاتقان ئادەم قۇرئاننى ئۆگىنىپ تاشلىۋەتكەن ۋە پەرز ناماز ۋاقتىدا ئۇخلايدىغان ئادەم. سەن كۆرگەن جاۋغاي، بۇرۇن ۋە كۆزلىرىدىن تارتىپ بويىنغىچە تىلىنىۋاتقان ئادەم ئەتىگەندە ئۆيىدىن چىقىپ، سىرتتا يالغان-ياۋىداقلارنى تارقىتىدىغان ئادەم. تونۇرغا ئوخشايدىغان گوداڭدا تۇرغان ئەر-ئاياللار بولسا، پاھىشىۋازلار. سەن كۆرگەن ئۆستەڭدە ئۈزۈۋاتقان، ئاغزىغا تاش تىقىلغان ئادەم بولسا جازانىخوردۇر. ئوتنىڭ يېنىدا

تـۇرۇپ ئۇنـى قوچۇۋاتقـان ۋە ئەتراپـىدا ئايلىنىـپ تۇرغـان ئـادەم دوزاخقا مەسئۇل پەرىشتە مالىكتۇر. باغدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق ئـادەم ئىبراھىـم ئەلەيھىسسالامدۇر. ئۇنىڭ چۆرىسىدىكى بالىلار ئىسلام تەبىئىتى بىلەن تۇغۇلغانلاردۇر، دېدى. سەمۇرە مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلاردىن بىرى: ئى رەسۇلۇللاھ، مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرەمدۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مۇشرىكلارنىڭ بالىلىرىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. بەدەنلىرىنىڭ يېرىمى چىرايلىق، يېرىمى قەبىھ كەلگەن كىشىلەر ياخشى ئىشلارغا يامان ئىشلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلغانلاردۇر، ئاللاھ ئۇلارنى كەچۈرسۇن، دېدى.

## 16. گۇناھ-مەئسىيەتلەر زېمىندا بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر زېمىندا نۇرغۇن بۇزۇقچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ سۇ، ھاۋا، زىرائەت، مېۋە-چېۋە، ئۆي-تۇرالغۇ قاتارلىقلاردا تەڭپۇڭسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى.»[164]

مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: زالىم ھۆكۈمران ھاكىمىيەت بېشىغا چىقسا، زۇلۇم ۋە بۇزۇقچىلىق قىلىشقا باشلايدۇ. ئاللاھ

[164] سۈرە رۇم 41 ـ ئايەت

شۇلارنىڭ كاساپىتىدىن يامغۇرنى چەكلەپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىتىز-ئېرىقلار، جانلىقلار ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇزغۇنچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مۇجاھىد ئاللاھ تائالانىڭ «ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى» دېگەن ئايىتىنى ئوقۇدى، ئاندىن مۇنداق دېدى: ھەي ئادەملەر، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان دېڭىز سىلەر كۆرۈۋاتقان مۇئەييەن دېڭىز ئەمەس، لېكىن ھەرقانداق بىر مەھەللە بىر ئېقىن بويىغا جايلاشقان بولىدۇ. شۇ ئېقىن مەھەللىگە نىسبەتەن دېڭىز ھېسابلىنىدۇ.

ئىكرەمە يۇقىرىقى ئايەتتىكى دېڭىز سۆزى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان دېڭىز سىلەرگە تونۇشلۇق بولغان دېڭىزنى دېمەكچى ئەمەس، لېكىن ھەرقانداق بىر مەھەللە ئېقىن بويىغا جايلاشقان بولىدۇ.»

يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «فەساد» دېگەن كەلىمىدىن مەقسەت بەندىلەر گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆمۈپ كەتكەندە ئاللاھ ئۇلارغا چۈشۈرىدىغان بەرىكەتسىزلىك، يامانلىق، دەرت-ئەلەملەردىن ئىبارەتتۇر. بەندىلەر بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزۈپلا قويىدىكەن، ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتىدۇ. بەزى سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر بىرەر گۇناھ-مەئسىيەت پەيدا قىلساڭلارلا، ئاللاھ تائالا ئۆز دەرگاھىدىن بىر ئازاب چۈشۈرىدۇ.»

توختالغان گەپ، يۇقىرىقى ئايەتتىكى «فەساد» سۆزىدىن گۇناھ ۋە گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان بارلىق ۋاستىلەر كۆزدە تۇتۇلغان. بۇ قاراشقا ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى» دېگەن ئايىتى دەلىل بولالايدۇ. مانا بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز دەل مۇشۇنداق. ئاللاھ تائالا قىلغانلىرىمىزنىڭ ئاز بىرقىسمىنى بىزگە تېتىتتى. ناۋادا قىلغان گۇناھ-مەئسىيەتلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە قارىتا جازالىغان بولسا، يەر يۈزىدە ھېچقانداق جانلىق قالمىغان بولاتتى.

## 17. گۇناھ-مەئسىيەتلەر يەر يۈتۈپ كېتىش ۋە يەر تەۋرەشلەرگە سەۋەب بولىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر يەر يۈتۈپ كېتىش ۋە يەر تەۋرەشلەرگە سەۋەب بولىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەر سەۋەبىدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەمۇد ئاھالىسى خارابىلىكىدىن ئۆتكەندە، ساھابىلەرنى بۇ يۇرتقا كىرىشتىن توستى. ناۋادا كىرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، يىغلاپ تۇرۇپ كىرىشكە رۇخسەت بەردى. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ شۇملۇقى سۇغمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارىغاچقا، ئۇ يەرنىڭ سۇلىرىدىن ئىچىشنى، بۇلاقلىرىدىن سۇ تارتىشنى ۋە شۇ مەھەللىنىڭ سۈيى بىلەن تۆگىلەرگە ھەلەپ ئېتىپ بېرىشنى چەكلىدى. شۇنىڭدەك، گۇناھ-مەئسىيەتلەر مېۋە-چېۋىلەردىكى مول-ھوسۇلنىڭ كېمىيىپ كېتىشىگە ۋە نۇرغۇن تەبىئىي ئاپەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ.

«مۇسنەدى ئەھمەد»دە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ: «بەنى ئۇمەييەنىڭ ئاشلىق ئىسكىلاتىدا خورمىنىڭ ئۇرۇقىدەك چوڭلۇقتا بىر تال بۇغداي تېپىلغان. بۇغداي ئايرىم بىر خالتىغا سېلىنغان بولۇپ، خالتىغا ‹بۇ بۇغداي ئادالەت زامانىدا ئۆنگەن› دەپ يېزىلغان. ئاللاھ تائالا چۈشۈرگەن ئايەتلەرنىڭ كۆپىنچىسى بەندىلەر قىلغان گۇناھلار تۈپەيلىدىن بولىدۇ.»

يېزىدا ياشايدىغان پىشقەدەملەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇلار مېۋە-چېۋىلەرنىڭ ھازىرقىدىن چوڭراق بولغانلىقىنى كۆرگەنىكەن. ئۇلار مېۋە-چېۋە ۋە زىرائەتلەردىكى ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئاپەتلەرنىڭ يېقىندىن بۇيان ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى بايان قىلىشماقتا.

## 18. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ چىراي-تۇرۇق ۋە شەكىل-قىياپەتلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى

گۇناھ-مەئسىيەتلەر چىراي-تۇرۇق، شەكىل-قىياپەتلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. «تىرمىزى»دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېگىزلىكىنى ئاتمىش گەز ياراتقان. ئادەملەرنىڭ بوي-تۇرقى ئېزچىل كىچىكلەپ ھازىرقىدەك ھالەتكە كەلگەن.»

ئاللاھ تائالا زېمىننى زالىملاردىن، گۇناھكار ۋە خائىنلاردىن پاكلاشنى ئىرادە قىلسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بىر ئادەمنى ئەۋەتىدۇ. ئۇ زۇلۇم، تەڭسىزلىكلەرگە

توشۇپ كەتكەن بۇ دۇنيانى ئەدلى-ئادالەتكە پۈركەيدۇ. ئىسا ئەلەيھىسسالام يەھۇدى ۋە ناسارالارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان دىنىنى ئىجرا قىلىدۇ. دۇنيا بەرىكەتكە پۈركىنىپ بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ. بىر توپ ئادەملەر بىر دانە ئانارنى يەيدۇ ۋە ئۇنىڭ پوستىدا سايىدايدۇ. بىر ساپ ئۈزۈم بىر تۆگە ئېغىرلىقىدەك بولىدۇ. بىر تال ئۈزۈم دانىچىسى بىر توپ ئادەمگە يېتىدۇ. زېمىن گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن پاكلانغانلىقى تۈپەيلى گۇناھ-مەئسىيەتلەر ۋە كاپىرلىقلار ئۆچۈرۈۋەتكەن بەرىكەتلەر ئەسلىگە كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ زېمىنغا ئەۋەتكەن جازالارنىڭ قالدۇقلىرى زېمىنغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ قالدۇقلار بۇرۇنقى ئۈممەتلەرنىڭ جازالىنىشىغا سەۋەب بولغان. ئۇلار يەنە ئۆزى شۇ سەۋەب ئەۋەتىلگەن جىنايەتلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، كۆرۈلۈۋاتقان جىنايەت، گۇناھ-مەئسىيەت كۆرۈنۈشلىرى بۇرۇنقىلارغا ئەۋەتىلگەن شۇ ئازابلارنىڭ، جازالارنىڭ يۈز بېرىشىدىن دېرەكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى، كائىناتتىكى قانۇنىيىتى باشتىن-ئاخىر بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، ئېغىر جىنايەتلەرگە ئېغىر جازا، يەڭگىل جىنايەتلەرگە يەڭگىل جازا بېرىلىدۇ. ئاللاھ تائالا بەرزەخ ئالەمدە ۋە ھېساب ئالەمدە مۇشۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

شەيتان بار يەردە بەرىكەت بولمايدۇ. ناۋادا بىر ئادەمنى شەيتان ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالسا، ئۇنىڭ ئۆمرىدىن، رىزقىدىن، ئىش-پائالىيەتلىرىدىن، گەپ-سۆزلىرىدىن بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شەيتانغا ئەل بولغان ئادەمنىڭ ھاياتىدا شەيتانغا

ئەل بولغانلىقىنىڭ تەسىرى كۆرۈلىدۇ. شەيتانغا ئەل بولغانلىكى جايلاردا بەرىكەتسىزلىك يۈز بېرىدۇ. شەيتانىنىڭ جايى جەھەننەم بولغاچقا، شەيتانغا ئەل بولغانلارنىڭ ھاياتىمۇ جەھەننەمدىكىدەك ئۆتىدۇ. جەھەننەم دېگەندە راھەت، رەھمەت، بەرىكەت نەدە تۇرۇپتۇ؟!

## 19. گۇناھ-مەئسىيەتلەر كۈنداشلىق (غورۇر) تۇيغۇسىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبلەردىكى كۈنداشلىق(غورۇر) تۇيغۇسىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بەدەنگە جان قانداق زۆرۈر بولسا، كۈنداشلىق (غورۇر) تۇيغۇسى ئىنساننىڭ ئىسلاھاتى ۋە ھاياتى ئۈچۈن شۇنداق زۆرۈردۇر. دېمەك، كۈنداشلىق (غورۇر) تۇيغۇسى ئىنساننىڭ ھارارىتى ۋە ئوتىدۇركى، ئىنسان شۇ ئوت ئارقىلىق گويا تۆمۈر ۋە مېتاللار ئوت ئارقىلىق دات ۋە ئارىلاشمىلاردىن پاكلانغاندەك، رەزىللىكلەر ۋە ئىپلاسلىقلاردىن پاكلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئېسىل، ئەڭ ھىممەتلىكراقى ئۆزىگە، خاس ئادەملىرىگە ۋە ئومۇمي كىشىلەرگە نىسبەتەن كۈنداشلىقى قاتتىقراق بولغىنىدۇر.[165] شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە نىسبەتەن ھەممىدىن كۈنداشلىقى قاتتىق ئىدى. ئاللاھنىڭ كۈنداشلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭكىدىنمۇ قاتتىقتۇر. «سەھىھۇل بۇخارى»دا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

[165] ئېسىل، ئالىي ھىممەتلىك ئادەملەر ئۆزى، خاس ئادەملىرى ۋە ئومۇمي كىشىلەرنىڭ يامان يوللارغا كىرىپ قېلىشىغا يول قويمايدۇ، ۋىجدانى باشقىلارنى يامانلىقتىن توسۇشقا ئۈندەيدۇ. غورۇرى كۈچلۈك بولىدۇ.

مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «سىلەر سەئىدنىڭ كۈنداشلىقىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ مېنىڭ كۈنداشلىقىم ئۇنىڭدىن ئېغىر، ئاللاھنىڭ كۈنداشلىقى مېنىڭدىنمۇ ئېغىر».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈن تۇتۇلغان كۈندە خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھەممەد ئۈممىتى! قۇلى ياكى دېدىكىنىڭ زىنا قىلىشىغا ئاللاھتىنمۇ بەكرەك كۈنداشلىقى كېلىدىغان بىر كىشى يوق.»[166]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھتىن كۈنداشلىقى قاتتىقراق كىشى يوق. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا يوشۇرۇن-ئاشكارا زىنا-پاھىشەنىڭ ھەممىنى ھارام قىلدى. تەۋبىنى ئاللاھتىن بەكرەك قوبۇل قىلىدىغان بىر كىشى يوق. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا بىشارەت بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. مەدھىيىنى ئاللاھتىن بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشى يوق، شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۆزىنى مەدھىيىلىدى.»[167]

مەزكۇر ھەدىستە قەبىھلىك، رەزىللىك، ئىپلاسلىقلارنى يامان كۆرۈش مەنىسىدىكى كۈنداشلىق (غورۇر) بىلەن ئاللاھنىڭ ئادالىتى، رەھمىتى، ئېھسانىغا سەۋەب بولىدىغان تەۋبىنى بىللە بايان قىلىندى. ئاللاھ تائالانىڭ كۈنداشلىقى شۇنچە قاتتىق تۇرۇقلۇق، بەندىسىنىڭ تەۋبە قىلىشىنى شۇنچە ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرماي تۇرۇپ بىر

[166] مۇسلىم رىۋايىتى
[167] مۇسلىم رىۋايىتى

بەندىنى بىرەر جىنايىتى تۈپەيلىدىنلا جازالىمايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ئۆزرە قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرىدىغان، بىشارەت بېرىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، كىتابلارنى نازىل قىلغان. مانا بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ غايەت زور ساخاۋىتى، ئېھسانى ۋە چېكىگە يەتكەن كامالىتىدۇر.

نۇرغۇن كۆنداشلىقى قاتتىق كىشىلەرنىڭ تەلۋە غورۇرى باشقىلارنىڭ ئۆزرىسىگە ئادىل پوزىتسىيە تۇتماستىن، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلماستىن، تېزلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىشكە، «تېرە ئۈستىدە پۇل قىلىۋېتىش»كە سەۋەب بولىدۇ. بەلكى ھېلىقى خاتالىقنىڭ ئۆزىدە بىر ئۆزرە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلارنىڭ تەلۋە غورۇرى خاتالىق ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلغۇدەك پۇرسەت بەرمەيدۇ.

يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر باركى، ئۇلار تولىمۇ قوبۇلچان. ئۇلارنىڭ قوبۇلچانلىقى ئۇلارنى كۆنداشسىز، غورۇرسىز بىر ئادەمگە ئايلاندۇرۇۋەتكەن. ئۇلارنىڭچە ئۆزرىنىڭ چېكى يوق، ئۆزرە قوبۇل قىلىنمايدىغان يەرلەردىمۇ ئۆزرىسى بار دەپ تۇرۇۋالىدۇ. تېخى بەزىلەر تەقدىرنى باھانە قىلىپ ئۆزرە ئېيتقىلى تۇرىدۇ. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ھالەتلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كۆنداشلىق (غورۇر) ئىچىدە ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغانلىرى ۋە ئاللاھ يامان كۆرىدىغانلىرى بار. ئاللاھ يامان كۆرىدىغان كۆنداشلىق (كۆنداشلىقى تۇتقاندا كۆزى ھېچ

نەرسىنى كۆرمەيدىغان) تەرسا، تەلۋىلەرنىڭ كۆنداشلىقىدۇر.»

ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان كۆنداشلىق (غورۇر) باشقىلارنىڭ ئۆزرىسىنى ئاڭلاپ باقىدىغان، كۆنداشلىق قىلىشقا توغرا كەلگەن يەردە كۆنداشلىق قىلىدىغان، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك ئۆزرىلەرنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆنداشلىق (غورۇر) ىدۇر. كىمدە مۇشۇنداق كۆنداشلىق (غورۇر) تېپىلىدىكەن، ئۇ، مەدھىيىگە لايىق ئادەمدۇر.

بارلىق كامالەت سۈپەتلىرى ئاللاھقا مۇجەسسەملەنگەچكە، ئاللاھ مەدھىيىگە سازاۋەردۇر. ھېچ ئادەم ئاللاھنى ئاللاھ ئۆزى مەدھىيىلىگەندەك، ئۆزى ئۇلۇغلىغاندەك لايىقىدا مەدھىيىلەپ بولالمايدۇ. كۆنداشلىقى بار ئادەم ئاللاھ تائالاغا كۆنداشلىق دېگەن سۈپەتتە ئۇيغۇنلاشقان بولىدۇ. كىمكى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرەر سۈپەتتە ئاللاھ بىلەن ئۇيغۇنلاشسا، شۇ سۈپەت ئۇ ئادەمنى ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا يېتىلەپ ئاپىرىدۇ ۋە ئۇنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، رەھمىتىگە ئۇلاشتۇرىدۇ، ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا رەھىمدىلدۇر، ئۇ رەھىمدىل ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ. سېخىيدۇر، سېخىي ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ. ئالىمدۇر، ئالىملارنى ياخشى كۆرىدۇ. كۈچلۈكتۇر، كۈچلۈك مۇئمىنلارنى ئاجىز مۇئمىنلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. ھايالىقتۇر، ھايالىق كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. گۈزەلدۇر، گۈزەل (پاكىزە) كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. تاقتۇر، تاقنى ياخشى كۆرىدۇ.

ناۋادا گۇناھ-مەئسىيەت قىلغۇچىلار باشقا جازاغا ئۇچرىماستىن،

ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن نىسىۋىدار بولۇش شارائىتىدىن مەھرۇم قالغان بولسىمۇ، بۇ يېتەرلىك جازا بولالايتتى. شۈبھىسىزكى، خىيال ۋەسۋەسىگە، ۋەسۋەسە نىيەتكە، نىيەت كۈچىيىپ ئىرادىگە ئايلىنىدۇ-دە، ئەمەلىي ھەرىكەت ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ ئىشلار ئاخىرىدا گۇناھ قىلغان ئادەمنىڭ خاراكتېرىگە، ئايرىلماس خاسلىقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. گۇناھ ئۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرى ۋە ئايرىلماس خاسلىقىغا ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، گۇناھتىن قول ئۈزۈش گويا ئەسلى خاسلىقلىرىدىن ئايرىلىش مۇمكىن بولمىغاندەك مۇمكىنسىز بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ.

دېمەك، ئىنسان گۇناھ-مەئسىيەتكە قانچىكى باش چۆكۈرۈپ كەتكەنسېرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆزگىرىش، خاس ئادەملىرىگە، ئائىلىسىگە، ئومۇمىي كىشىلەرگە قارىتا كۈنداشلىق (غورۇر)ى ئاجىزلىشىشقا باشلايدۇ. ھەتتاكى، ئۆزى ياكى باشقىلارنىڭ رەزىللىكلىرىدىن يىرگەنمەيدىغان، ئىپلاسلىقلىرىدىن نەپرەتلەنمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلار شەكسىزكى ھالاكەتكە يۈز تۇتقانلاردۇر.

نۇرغۇنلىغان ئادەملەر رەزىللىك، ئىپلاسلىق، پەسكەشلىكلەردىن نەپرەتلەنمەيلا قالماستىن، بەلكى پاھىشە ۋە زۇلۇملارنى بېزەپ باشقىلارغا چىرايلىق كۆرسىتكىلى تۇرىدۇ. باشقىلارنى ئۇنىڭغا ئۈندەيدۇ، قىزىقتۇرىدۇ. يامان ئىشلار يولىدا ھارغۇچە چاپىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەڭ ئىپلاس ئادەملەردۇر. ئۇلارغا جەننەت ھارام قىلىنغان. شۇنىڭدەك زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزغا رۇخسەت قىلغان، زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزنى چىرايلىق

كۆرسەتكەن، مەدھىيىلىگەن ئادەملەر كۆنداشلىقى يوق، غورۇرى يوق، ۋىجدانسىز ئادەملەردۇر.

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن ئايان بولدىكى، دىن دېمەك كۆنداشلىق (غورۇر) دېمەكتۇر. كۆنداشلىقى بولمىغان ئادەمدە دىن بولمايدۇ. كۆنداشلىق (غورۇر) قەلبلەرنى ياشارتىدۇ، قەلبلەر بەدەنلەرگە كۈچ بېغىشلايدۇ. بەدەندىكى كۈچ يامان ئىللەتلەرگە، پاھىشەلەرگە قارشى تۇرىدۇ. كۆنداشسىزلىق (غورۇرسىزلىق) قەلبلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، ئۆلگەن قەلبنىڭ جىسمانىي بەدىنىمۇ ئۆلۈك بولىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن ئۆلگەن بەدەننىڭ قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى بولمايدۇ.

قەلبتىكى كۆنداشلىق (غورۇر) بەدەننىڭ ئىممۇنىت كۈچىگە ئوخشايدۇ. كۈچلۈك ئىممۇنىت كۈچىگە ئىگە بەدەننىڭ كېسەللەرگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى يۇقىرى بولىدۇ. بەدەننىڭ ئىممۇنىت كۈچى يوقاپ كەتسە، كېسەل ھېچقانداق قارشىلىقسىزلا بەدەنگە كىرىۋالىدۇ ـ دە، بەدەننى تۈگەشتۈرىدۇ. كۆنداشلىق (غورۇر) گوياكى سۇ كالىسىنىڭ مۆڭگۈزىگە ئوخشايدۇ. سۇ كالىسى مۆڭگۈزى ئارقىلىق ئۆزىنى ۋە باللىرىنى قوغدايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ مۆڭگۈزى سۇنۇپ كەتسە يىرتقۇچلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرايدۇ.

## 20. گۇناھ ـ مەئسىيەت ھاياسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ

گۇناھ ـ مەئسىيەت قەلبىي ھاياتنىڭ جەۋھىرى بولغان ھايانىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ھايا ـ نومۇس

هەرقانداق ياخشىلىقنىڭ نېگىزىدۇر. هايا ـ نومۇسنىڭ يوقلىشى بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ يوقالغانلىقىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «هايا ـ نومۇس ــ هەممە ياخشىلىق دېمەكتۇر.»[168]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەرنىڭ تىلىدا داستان بولغان ‹هايا قىلمساڭ خالىغىنىڭنى قىل› دېگەن سۆز ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزلىرىدىندۇر.»[169]

مەزكۇر هەدىسكە ئالىملار تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئىزاھلىما بەرگەن.

بىرىنچى، تەهدىت ۋە ئاگاهلاندۇرۇش مەزمۇنىدا دەپ قارىغۇچىلار.

كىمكى هايا قىلمىسا، خالىغانلىكى رەزىل، قەبىھ ئىشلارنى قىلىدۇ. چۈنكى، رەزىللىك ۋە قەبىھلىكلەردىن قول ئۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغىنى هايا ۋە نومۇستۇر. بىراۋنىڭ هايا ـ نومۇس تۇيغۇسى ئۆلسە رەزىللىك، قەبىھلىكلەردىن توسىدىغان نەرسە قالمايدۇ. بۇ، ئەبى ئۇبەيدەنىڭ چۈشەنچىسىدۇر.

ئىككىنچى، رۇخسەت ۋە يول قويۇش مەزمۇنىدا دەپ قارىغۇچىلار.

بۇ قاراشتىكىلەر يۇقىرىقى هەدىسنى «ئاللاهتىن هايا قىلىنمايدىغانلا ئىش بولسا، ئۇنى قىلىۋەر!» دېگەنلىك

[168] مۇسلىم رىۋايىتى
[169] بۇخارى، ئەهمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

بولىدۇ، دەپ چۈشەنگەن. شۈبھىسىزكى، تەرك ئېتىشكە، قول ئۈزۈشكە تېگىشلىك ئىشلار ئاللاھتىن ھايا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردۇر. بۇ، ئىمام ئەھمەدنىڭ چۈشەنچىسىدۇر. [170]

بەزىلەر «بۇ ھەدىستىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى خىل قاراشنى تەڭلا يەكۈنلەشكە بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. بۇلارغا جاۋابەن شۇنداق دەيمىزكى: «ئىككى خىل ئۇقۇمنى تەڭلا يەكۈنلەشكە بولمايدۇ. گەرچە ئورتاق ئۇقۇملۇق سۆزلەرنى شۇ سۆز دائىرىسىدىكى بارلىق مەنىلەرگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندىمۇ ئىككى خىل ئۇقۇمنى تەڭلا يەكۈنلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر يەكۈنلىگەن تەھدىت ئۇقۇمى بىلەن ئىككىنچى خىل قاراشتىكىلەر يەكۈنلىگەن رۇخسەت ئۇقۇمى ئوتتۇرىسىدا زىتلىق بار. لېكىن بۇ، ھەرگىزمۇ «يۇقىرىقى ئىككى خىل قاراش بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىدۇ» دېگەنلىك ئەمەس.

شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر ھايا-نومۇس تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. تېخى بىراۋ گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆمگەنسېرى ھايا-نومۇس تۇيغۇسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالىدۇ. ھەتتا بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ ھاياسىزلىقى، نومۇسسىزلىقى شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، باشقىلار ئۇنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرى ۋە گۇناھلىرىنى بىلىپ قالسا، گۇناھ-مەئسىيەتلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ

[170] نۇرغۇن كىشىلەر ئەسلى شەرىئەتتە يوللۇق، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان ئىشلاردىمۇ زورۇقۇپ، باشقىلاردىن ئەنسىرەپ يۈرىشىدۇ. بۇ ئۆزىگە قىلىنغان زۇلۇم ھېسابلىنىدۇ. ئىمام ئەھمەد يۇقىرىقى ھەدىسنى «ئەسلى شەرىئەتتە چەكلەنمىگەن ئىشلار بولسا، باشقىلار بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەي قىلىۋەر» دېگەن مەزمۇندا دەپ چۈشەنگەن. (ت)

قالسا پەرۋايىغا كەلمەيدۇ. بەلكى، تېخى نۇرغۇن ئاسىيلار، شەرمەندىلەر ئۆزى قىلغان شەرمەندىلىكلەرنى باشقىلارغا ئۆزى سۆزلەپ بەرگىلى تۇرىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئۇلارنىڭ ھايا-نومۇس تۇيغۇسىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ دەرىجىگە يەتكەن، بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىنسانىنىڭ تۈزىلىپ كېتىشى، ئادەم بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

ھايالىق كىشىنى كۆرسە گەر شەيتان،
ئېيتاركەن: بۇنىڭغا يوق مەندە ئىمكان.

ئەرەب تىلىدا «ھايا» كەلىمىسى «ھايات» كەلىمىسى بىلەن تومۇرداشتۇر. تىلىمىزدىكى يامغۇر سۆزى ئەرەب تىلىدا «ھايا» دېگەن ئىبارە بىلەنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. سۆزلەردىكى بۇ تومۇرداشلىق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئايرىلماس مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرىدۇ. دېمەك، ھايا-نومۇس بولمىغان ئادەمدە ھاياتلىق يوقتۇر. ئۇ، دۇنيادا ئۆلۈك، ئاخىرەتتە بەختسىز، شەقىي ئادەمدۇر. گۇناھ-مەئسىيەت ھاياسىزلىقنى، غورۇرسىزلىقنى چىللايدۇ. گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن ھاياسىزلىق ۋە غورۇرسىزلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. كىمكى ئاللاھتىن ھايا قىلىپ گۇناھ-مەئسىيەتتىن قول ئۈزسە، ئاللاھ قىيامەتتە ئۇنى جازالاشتىن ھايا قىلىدۇ. ھايا-نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۆمگەن ئادەملەرنى ئاللاھ پەرۋاسىز ھالدا جازالاۋېرىدۇ.

## 21. گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبتىكى ئىلاھىي بۈيۈكلۈك تۇيغۇنى سۇسلاشتۇرىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاللاھ تائالانىڭ قەلبتىكى بۈيۈكلۈك سىمالىرىنى ئاجىزلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئاللاھنىڭ قەلبتىكى ھەيۋىتىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ناۋادا بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ ھەيۋىسى ئورۇن ئالسا، ئۇ، ھەرگىزمۇ گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە دادىل قەدەم ئالالمايدۇ. بىر قىسىم ئۆزىنى ئالداپ ياشايدىغان تەنتەكلەر مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكىدىن ئۈمىدۋار بولغاچقا، گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزۈپ قويىدۇم، بۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ قەلبىمدىكى سىماسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس. بۇ ئۆزىنى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىراۋنىڭ قەلبىدە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكى ئورۇنلاشقان بولسا، شۈبھىسىزكى ئۇ، ئاللاھقا ھۆرمەت قىلىشى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ بۈيۈكلۈك سىمالىرىنى مۇقەددەس بىلىشى لازىم. ئاللاھقا بولغان ھۆرمەت ۋە ئاللاھتىن ئەيمىنىش تۇيغۇسى ئۇ ئادەمنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن چەكلىيەلىشى كېرەك. گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە دادىل قەدەم باسقان ئادەملەر ئاللاھ تائالانى تېگىشلىك رەۋىشتە قەدىرلىيەلمىگەن ئادەملەردۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى كۆزىگە ئېلىپمۇ قويمىغان ئادەم قانداقسىگە ئاللاھنىڭ قەدرىنى قىلالىسۇن، قانداقمۇ ئاللاھنى ئۇلۇغلىيالىسۇن، قانداقمۇ ئاللاھنى چوڭ بىلەلىسۇن!؟ بۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىشتۇر. قىپقىزىل ساختىپەزلىكتۇر. گۇناھكارلارنىڭ قەلبىدىن ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈك سىماسى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس تۇيغۇسى كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى

ۋە گۇناھكارلارنىڭ ئىلاھىي ھەق-ھوقۇقلارغا سەل قارايدىغان بولۇپ قېلىشى ئۇلارغا يېتەرلىك جازا بولالايدۇ.

گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ يەنە بىر جازاسى شۇكى، گويا ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان، پەرۋا قىلمىغاندەك، ئاللاھ تائالامۇ ئۇنى باشقىلارغا كىچىك كۆرسىتىپ قويىدۇ. باشقىلار ئۇنى كۆزگە ئىلمايدۇ، ئۇنىڭغا پەرۋامۇ قىلىپ قويمايدۇ. بىراۋ ئاللاھنى قانچە ياخشى كۆرسە، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە، سۆيگۈسىگە شۇنچە ئېرىشەلەيدۇ. بىراۋ ئاللاھتىن قانچە ئەيمەنسە باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن شۇنچە ئەيمىنىدۇ. بىراۋ ئاللاھنى قانچە ئۇلۇغلىسا باشقىلارمۇ ئۇنى شۇنچە ھۆرمەتلەيدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمىغان، ئاللاھنى ئۇلۇغلىمىغان ئادەم قانداقسىگە باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە، قەدىرلىشىگە ئېرىشەلىسۇن؟! ئاللاھنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلمىغان ئادەمنى ئاللاھ باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە مۇيەسسەر قىلامدۇ؟! گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن ئۆزىنى تارتمىغان، ئاللاھتىن قورقۇپ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئەتمىگەن ئادەمنى باشقىلار كۆزگە ئىلماي قالماسلىقى مۇمكىنمۇ!؟

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى گۇناھلارنىڭ جازاسىغا ئالاقىدار ئايەتلەردە يۈقىرىقى مەزمۇنلاردىن ئۇچۇر بەرگەن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا گۇناھكارلارنى قىلغان گۇناھلىرىغا يارىشا جازالايدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى پەردىلىۋېتىدۇ، قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ قەلبىگە مۆھۈر ئۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار

ئاللاھنى ئۇنتۇغانـدەك ئاللاھمۇ ئۇلارنى تاشـلىۋېتىدۇ. ئـۇلار ئاللاھنىڭ دىنىنى كۆزگە ئىلمىغانـدەك ئاللاھمۇ ئۇلارغا پـەرۋا قىلىپمۇ قويمايـدۇ. ئـۇلار ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى زايا قىلىۋەتكەنـدەك ئاللاھمۇ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلـۈپ يۈرمەيدۇ. ئاللاھ تائـالا «قۇرئـان كەرىم»دە بارلىق مەخلۇقاتلارنىڭ ئىنسـانغا سەجدە قىلغانلىقى توغرىسىدىكى ئايەتتە مۇنـداق دەيـدۇ: «ئاللاھنىڭ خارلىشـىغا ئۇچرىغـان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچـى چىقمايـدۇ.»[171]

شۈبھىسىزكى، گۇناھكارلار ئاللاھقا سەجدە قىلىشنى كۆزگە ئىلمىۋىدى، ئۇنى ئادەتتىكىچە بىر ئىشقۇ دەپ قاراپ تەرك قىلىۋىدى، ئاللاھ ئۇلارنى خار قىلدى. ئاللاھ خار قىلغان ئادەمنى كىممۇ ئىززەتكە، ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرەلىسۇن؟! ئاللاھ ئىززەتكە، ھۆرمەتكە سازاۋەر قىلغان ئادەمنى كىممۇ خارلىيالىسۇن!؟

## 22. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاللاھنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكار ئادەمگە ئاللاھنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. گۇناھكارنى شەيتانغا ئەل قىلىپ بېرىدۇ. مانا شۇ ھالغا كەلگەنـدە، ئىنسان قۇتۇلدۇرۇۋالغۇسىز ھالاكەتكە يۈزلەنگەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن،

[171] سۈرە ھەج 18 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر.»[172]

ئاللاھ تائالا مۇئمىنلارنى تەقۋادار بولۇشقا ۋە تەقۋادارلىقنى تەرك ئېتىپ، ئاللاھنى ئۇنتۇغان مۇئمىنلەرگە ئوخشاپ قالماسلىققا بۇيرىدى. تەقۋادارلىقنى تەرك ئەتكەن مۇئمىنلارنى ئۆزىنى ئۆزىگە ئۇنتۇلدۇرۇش (ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى؛ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلايدىغان ئامىللارنى؛ مەڭگۈلۈك ھايات ۋە ئۇ يەردىكى لەززەت، خۇشاللىق، ھوزۇر ـ ھالاۋەتكە زۆرۈر بولغان تەييارلىقلارنى ئۇنتۇلدۇرۇش) بىلەن جازالىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئاللاھ تائالانىڭ بۈيۈكلۈكىنى ئۇنتۇغان ۋە ئاللاھتىن قورقمىغان، ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئورۇندىمىغان كىشىلەر يۇقىرىقىدەك ئۆزىنى ئۆزىگە ئۇنتۇلدۇرۇش ئارقىلىق جازالاندى. ئەمەلىيەتتىمۇ، گۇناھكار ئادەملەر ئۆزىنىڭ پايدا ـ مەنپەئەتلىرىگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەي زايا قىلىۋېتىدۇ. ئۆزىگە مەنپەئەتلىك ئىشلار يادىغا كەلمەيدۇ. ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ، ھاۋايى ـ ھەۋەسىگە ئەگىشىدۇ. ئۇلار پايدا ـ مەنپەئەتلەرنى، دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك پايدا مەنپەئەتلىرىنى، مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. مەڭگۈلۈك بەخت ـ سائادەتلەرنى ئۆتكۈنچى بولۇتتەك ياكى بىردەملىك خىيالغا ئوخشايدىغان ئادەتتىكى ئەرزىمەس لەززەتلەرگە تېگىشىۋېتىدۇ.

[172] سۈرە ھەشر 18، 19 ـ ئايەتلەر

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

بۇ هايات شېرىن چۈش ياكى بىر سايە،
ئاقىللار هاياتنى قىلماس هېچ غايە.

بەندىنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قېلىشى ۋە ئۆزىگە پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قېلىشى؛ روهىنىڭ ئاللاھتىن ئالىدىغان نېسىۋىسىنى، ئۇلۇشىنى ئۇنتۇپ قېلىشى؛ ئاللاھتىن ئالىدىغان نېسىۋىنى خارلىققا، ئەرزىمەس ماتالارغا تېگىشىشى ئەڭ ئېغىر جازادۇر. بۇ، ئاللاھنىڭ ھەققىنى زايا قىلغانلىقتۇر.

بەدەل بار ھەر نەرسە قىلىنسا زايە،
يوق بەدەل رەببىمىز قىلىنسا زايە.

ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىگە ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ، ئەمما ئاللاھ تائالا زايە قىلىنسا ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچ نەرسە باسالمايدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئارقىلىق باشقا ھەممە نەرسىدىن بىهاجەت بولغىلى بولىدۇ. ئەمما ھېچقانداق نەرسە بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن بىهاجەت بولغىلى بولمايدۇ. ئاللاھ ئارقىلىق ھەر نەرسىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، ئەمما ھېچ نەرسە ئاللاھتىن قۇتقۇزالمايدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىدىن قوغداپ قالىدۇ، ئەمما ھېچ نەرسە ئاللاھتىن قوغداپ قالالمايدۇ. ئۇنداقتا كىممۇ مۇشۇ زاتقا كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇدەك ۋاقىتتىمۇ ئىبادەت قىلماي

تۇرالسۇن؟! قانداقمۇ ئۇنى ئەسلىمەي تۇرالسۇن! قانداقمۇ ئۇنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى زايە قىلىۋەتسۇن!

ناۋادا ئۇ ئادەم ئاللاھقا ئىبادەت قىلمىسا، ئەسلىمىسە، ئەمر-پەرمانلىرىغا بوي سۇنمىسا، ئاللاھ ئۇ ئادەمگە ئۆزىنى ئۆزىگە ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ ئادەم ئۆزىگە ئىنتايىن ئېغىر زۇلۇملارنى سالغىلى تۇرىدۇ. بەندە پەرۋەردىگارىغا زۇلۇم سالالمايدۇ، بەلكى ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدۇ.

## 23. گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارنى ئىخلاسمەنلەر سېپىدىن چىقىرىۋېتىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارنى ئىخلاسمەنلەر سېپىدىن چىقىرىۋېتىدۇ-دە، ئۇلارنى ئىخلاسمەنلەرنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قويىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىخلاس ئىراۋىنىڭ قەلبىدە يىلتىز تارتسا، ئۇنى گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن توسىدۇ. ئاللاھنى ئەسلەش، ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاش، ئاللاھتىن قورقۇش، چىن قەلبىدىن ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇش ئارقىلىق ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلغىلى ۋە گويا ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېسسىياتلارغا كەلگىلى بولىدۇ. مانا مۇشۇ تۇيغۇ، مۇشۇ ھېسسىيات كىشىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، خىيالىغا كەلتۈرۈشتىنمۇ ساقلاپ قالىدۇ. ناۋادا كىشىلەر ئىخلاسنى تەرك ئەتسە، ئۆزىنىڭ خاس بۇرادەرلىرىدىن ۋە ئازادە-كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىدىن، راھەت-پاراغەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى مۇئمىنلەر سېپىدە توختىتىپ قالىدۇ.

ناۋادا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «زىناخور مۇئمىنلىك ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ. ھاراقكەش مۇئمىنلىق ھالىتىدە ھاراق ئىچمەيدۇ. ئوغرى مۇئمىنلىق ھالىتىدە ئوغرىلىق قىلمايدۇ. بۇلاڭچى باشقىلارنىڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى مۇئمىنلىق ھالىتىدە تۇرۇپ بۇلىمايدۇ.»[173] دېگەن ھەدىسىدە بايان قىلىنغاندەك ئىمان دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ئاسىيلىقلارنى قىلسا، ئۇلارغا ھەر دائىم تەۋبە دەرۋازىسى ئوچۇقتۇر. ئاللاھ ساقلىسۇنكى، يۇقىرىقىدەك گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز لازىم.

## 24. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ھەر قانداق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قىلىدۇ

كىمكى مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلپەتچىلىكىدىن ۋە ئۇلارغا بولغان ئىلاھىي مۇداپىئە[174] دىن ئايرىلىپ قالسا، «قۇرئان كەرىم»دە مۇئمىنلەرگە ۋەدە قىلىنغان بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرگە يۈزلەرچە ياخشىلىقلارنى ۋەدە قىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن ھەر بىرى دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەردىن قىممەتلىكتۇر.

بۇيۈك ئەجىرلەرگە ئېرىشىدۇ: «ئاللاھ مۇئمىنلەرگە (ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئىبارەت) بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىدۇ.»[175]

دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى يامانلىقلاردىن ساقلىنىپ قالىدۇ:

[173] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[174] ئاللاھ ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى ئۆزى قوغدايدۇ
[175] سۈرە نىسا 146 ـ ئايەت

«ئاللاھ مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ، ئاللاھ ھەر قانداق خىيانەتچى، ناشۈكۈر بەندىنى دوست تۇتمايدۇ.»[176]

ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ گۇناھىنى تىلەيدۇ: «ئەرشنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋە ئەرشنىڭ چۆرىسىدىكى پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىدۇ، ھەمدى ئېيتىدۇ، ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىدۇ، مۇئمىنلەرگە مەغفىرەت تىلەيدۇ.»[177]

ئاللاھ ئۇلارغا ئىگە چىقىدۇ. ئاللاھ ئىگە چىققانلار ھېچقاچان خارلانمايدۇ: «ئاللاھ مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسىدۇر.»[178]

ئاللاھ پەرىشتىلەرنى ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، دەپ ۋەھيي قىلدى.»[179]

پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە پاك رىزىقلارغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئاللاھ ئۇلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدۇ: « غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.»[180]

[176] سۈرە ھەج 38 ـ ئايەت
[177] سۈرە غافىر 7 ـ ئايەت
[178] سۈرە بەقەرە 257 ـ ئايەت
[179] سۈرە ئەنفال 12 ـ ئايەت
[180] سۈرە مۇنافىقۇن 8 ـ ئايەت

ئالـلاھ ئۇلارنـى ئـۆز پاناھىغا ئالـىدۇ: « ئالـلاھ ھەقىقەتـەن مۇئمىنلـەر بىلـەن بىللـىدۇر.»[181]

ئالـلاھ تائـالا دۇنيـا ۋە ئاخىرەتتـە ئۇلارنىـڭ مەرتىۋىسـىنى يۇقـىرى قىلـىدۇ: «ئالـلاھ سـىلەردىن ئىمـان ئېيتقانـلار ۋە ئىلـىم بېرىلگەنلەرنـى بىـر قانچـە دەرىجـە يۇقـىرى كۆتۈرىـدۇ.»[182]

ئالـلاھ ئـۆز رەھمىتىدىـن ئۇلارغـا ئىككـى كىپـل ئەۋەتـىدۇ، ئـۇلار بىلـەن بىللـە ماڭىدىغـان نـۇر بېرىدۇ ۋە ئۇلارنىـڭ گۇناھىنى مەغپىـرەت قىلـىدۇ.

ئالـلاھ تائـالا مۇئمىنلـەر ئارىسـىدا دوسـتلۇق پەيـدا قىلـىدۇ. ئالـلاھ ئۇلارنـى ياخشـى كۆرىـدۇ. پەرىشـتىلىرىگە، پەيغەمبەرلىرىگە ۋە ياخشـى بەندىلىرىگـە ئۇلارنىـڭ مېھرىنـى سالىدۇ.

ئەنسـىز كۈنلـەردە ئۇلارنـى ئەمىنلىككـە ئېرىشـتۈرىدۇ: «ئىمان ئېيتقـان ۋە (ئەمەللىرىنـى) تۈزىگـەن كىشـلەرگە غـەم قىلـش، قايغـۇرۇش يوقتـۇر.»[183]

ئـۇلار ھـەر بىـر مۇئمىن-مۇسـۇلمان بىـر كېچە-كۈنـدۈزدە ئـون يەتتـە قېتىـم ئالالاھتىـن توغـرا يـول تىلـەپ قىلىـپ دۇئـا قىلىدىغـان ئىنئـام قىلىنغانـلار قاتارىغـا داخـل بولـىدۇ.

قۇرئـان ئۇلارغـا ھىدايـەت ۋە شـىپا بولـىدۇ: «ئـۇ ئىمـان كەلتۈرگەنلەرگـە ھىدايەتتـۇر ۋە (دىللاردىكـى شەك-شـۈبھەگە) شـىپادۇر، ئىمـان ئېيتمايدىغانلارنىـڭ قۇلاقلىـرى (قۇرئاننـى

[181] سۈرە ئەنفال 19 ـ ئايەت
[182] سۈرە مۇجادەلە 11 ـ ئايەت
[183] سۈرە ئەنئام 48 ـ ئايەت

ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ).»[184]

دېمەك، ئىمان ھەرقانداق ياخشىلىقنىڭ سەۋەبىدۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بارلىق ياخشىلىقلارغا ئىمان ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى بارلىق يامانلىقلار ئىمانسىزلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئىماندىن ئايرىپ تاشلايدىغان، ئىمان بىلەن ئۆزى ئارىسىغا ھاڭ شەكىللەندۈرىدىغان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى قىلىپ تۇرۇپ، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟!

گۇناھ-مەئسىيەتلەردە ئىزچىل داۋاملاشقان ئادەملەرنىڭ قەلبىنى دات بېسىپ كېتىش، ئاخىرىدا ئىسلامدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىش خەۋپى بار. شۇڭلاشقا بۇرۇنلاردا دىنىنى چۈشەنگەن مۇسۇلمانلار قەلبىنىڭ داتلىشىپ كېتىشىدىن ۋە ئاقىۋەتتە ئىسلامدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىشتىن قاتتىق ئەنسىرىگەن ئىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىسى مۇنداق دېگەن: «سىلەر گۇناھتىن قورقساڭلار، مەن كاپىرلىقتىن قورقىمەن.»

[184] سۈرە فۇسسىلەت 44 ـ ئايەت

## 25. گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبنىڭ ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە يۈزلىنىشىنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدۇ ياكى ئۇ ئىنساننى كەينىگە چېكىندۈرۈۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى توسۇپ، توختىتىپ، ئاللاھ تەرىپىگە بىر قەدەممۇ ئالغىلى قويمايدۇ. دېمەك، گۇناھ-مەئسىيەت ئاللاھ يولىدا داۋاملىششقا توسالغۇ بولىدۇ. ئاللاھقا يۈزلەنگەنلەرنىڭ يولىنى كېسىپ تاشلايدۇ. ئىزدىنىۋاتقانلارنى كەينىگە چېكىندۈرۈۋېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، قەلب ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتى ئارقىلىقلا ئاللاھ تەرىپىگە يۈزلىنەلەيدۇ. قەلبلەر كېسەلگە دۇچار بولسا، ئاللاھ تەرىپىگە يۈزلەندۈرىدىغان قۇۋۋەت ئاجىزلايدۇ. قەلبنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى پۈتۈنلەي يوقالسا، ئىلاھىي رىشتىدىن ئۈزۈل-كېسىل ئايرىلىپ قالىدۇ-دە، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ناھايىتى قىيىنغا توختايدۇ.

گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ ياكى ئۇنى قورقۇنۇشلۇق كېسەللەرگە گىرىپتار قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنداق قەلبلەر شەكسىزكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاناھ تەلەپ قىلغان «ئەندىشە، قايغۇ، ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق، قورقۇنچاقلىق، بېخىللىق، قەرزدارلىق، بوزەكلىك» قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولىدۇ. بۇ سەككىز سۈپەتنىڭ ھەر ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ.

دېمەك، ئەندىشە بىلەن غەم-قايغۇ قوشكېزەكتۇر. ناۋادا كۆڭۈلدىكى غەشلىكلەر كەلگۈسىگە ئالاقىدار بولسا، بۇ ئادەمدە

ئەندىشە شەكىللىنىدۇ. ناۋادا ئۆتمۈشكە ئالاقىدار بولسا قايغۇ شەكىللىنىدۇ.

ئاجىزلىق ۋە ھورۇنلۇق قوشكېزەكتۇر. بىراۋ ئېقتىدارسىزلىق سەۋەبىدىن ئۇتۇق ۋە غەلىبەلەرنى قولدىن بېرىپ قويسا، بۇ ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ناۋادا ئىرادىسىزلىك سەۋەبىدىن قولدىن بېرىپ قويسا، بۇ ھورۇنلۇقتۇر.

قورقۇنچاقلىق ۋە بېخىللىق قوشكېزەكتۇر. بىراۋ جىسمانىي جەھەتتە چىقىمسىز بولسا قورقۇنچاق، ئىقتىسادىي جەھەتتە چىقىمسىز بولسا بېخىل دەپ ئاتىلىدۇ.

قەرزدارلىق بىلەن بوزەكلىك قوشكېزەكتۇر. ناۋادا باشقىلار ھەقلىق ھالەتتە بىراۋغا پوخۇرلۇق قىلغان بولسا، بۇ، پوخۇرلۇق قىلىنغۇچىنىڭ قايسى خىل شەكىلدە بولمىسۇن، قەرزدار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ناۋادا ھەقسىز، بىكاردىن-بىكار پوخۇرلۇق قىلغان بولسا، بۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ بوزەكلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

خۇلاسىكالام، يۇقىرىقى سەككىز خىل ھالەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك سەۋەبى گۇناھ-مەئسىيەتتۇر. گۇناھ-مەئسىيەتلەر يەنە «ئېغىر ئەھۋالدا قېلىش، بەختسىزلىك، بالا-قازا، دۈشمەنلەرنى خۇش قىلىدىغان ئىشقا دۇچار بولۇش»نىڭ، شۇنىڭدەك ئىلاھىي نېئمەتلەرنىڭ قولدىن كېتىشى، ئىلاھىي ئەمىنلىكنىڭ ئىلاھىي جازاغا ئۆزگىرىپ كېتىشىگە ۋە نارازىلىقىغا ئۇچراشقا سەۋەب بولىدۇ.

## 26. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ. قولدىن كەتكەن ھەر قانداق نېئمەتلەرگە ۋە دۇچار بولغان ھەرقانداق جازالارغا گۇناھ-مەئسىيەتلەر سەۋەبكاردۇر. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بالا-مۇسىبەت پەقەت گۇناھ-مەئسىيەت سەۋەبىدىنلا يۈز بېرىدۇ، ئۇنى تەۋبە ئارقىلىقلا كۆتۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ.»

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە (يەنى جىنىڭلار ياكى مېلىڭلارغا) ھەرقانداق بىر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ سىلەرنىڭ قىلغان گۇناھىڭلار تۈپەيلىدىن كەلگەن بولىدۇ، ئاللاھ نۇرغۇن گۇناھىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ (ئەپۇ قىلمايدىغان بولسا، بالا ۋە مۇسىبەتتىن ھېچ قۇتۇلماس ئىدىڭلار).»[185]

«بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»[186]

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئاللاھ تائالا «بەندىلەر ئىتائەتنى گۇناھ-مەئسىيەتكە، شۈكۈرنى كۇپرىلىققا، ئاللاھنى رازى

[185] سۈرە شۇرا 30 - ئايەت
[186] سۈرە ئەنفال 53 - ئايەت

قىلىدىغان ئىشلارنى نارازى قىلىدىغان ئىشلارغا ئالماشتۇرمىسىلا، ئۇلارغا بەرگەن نېئمەتلىرىنى ئازابقا ئالماشتۇرمايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.» ناۋادا ئالماشتۇرۇپلا قالسا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلغىنىغا ماس ھالدا جازا بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەرگىزمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ.

ناۋادا بەندە گۇناھ-مەئسىيەتنى ئىتائەتكە ئالماشتۇرسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا چۈشۈرگەن جازانى ئامانلىققا، خارلىقنى ئەزىزلىككە ئالماشتۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېئمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېئمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت-ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ). ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان ئاللاھتىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ.»[187]

ئىلاھىي ئەسەرلەردە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مېنىڭ ئەزەمىتىم ۋە بۈيۈكلىكىم بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ بىر بەندەم مەن ياخشى كۆرىدىغان ئىش ئۈستىدە تۇرۇپ، مەن يامان كۆرىدىغان ئىشلارغا يۆتكىلىپلا كېتىدىكەن، مەن ئۇنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ھالدىن

[187] سۈرە رەئد 11 ـ ئايەت

يامـان كۆرىدىغـان ھالەتكـە كەلتـۈرۈپ قويىمـەن. بىـر بەنــدەم مـەن يامـان كۆرىدىغـان ئىشـتىن مـەن ياخشـى كۆرىدىغـان ئىشـقا يۆتكىلىپلا قالسا، مـەن ئۇنـى ئـۆزى يامـان كۆرىدىغـان ئىشـتىن ياخشـى كۆرىدىغـان ئىشـقا يۆتكـەپ قويىمـەن.»

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

پاراغەت ئىچىدە ئۆتسە ھاياتىڭ،
دىققەت قىل، كەتكۈزەر ئۇنى مەئسىيەت.
گۇناھنى تائەتتە تۇرمساڭ قوغلاپ،
كۆپ ئۆتمەي رەببىمىز جازالار دەھشەت.
يىراق تۇر زۇلۇمدىن بار كۈچۈڭ بىلەن،
زالىملىق كەلتۈرەر ئېغىر ئاقىۋەت.
كەزدۈرگىن قەلبىڭنى ئىنسانلار ئارا،
ئايانىدۇر زالىمدىن قالغان ئالامەت.
ئۇلارنىڭ ئۆي ـ جايى، خارابىلىرى،
شاھىدتۇر ئۇلارغا، ئەمەس، بۇ، تۆھمەت.
زۇلۇم، ئۇ، زالىمغا ئەڭ ئېغىر زىيان،
زۇلۇم، ئۇ، زالىمغا كەلتۈرەر قىسمەت.
قالدىغۇ زالىمدىن باغۇ ـ ۋارانلار،
قالدىغۇ قەسىرلەر ئاجايىپ ھەيۋەت.
ھوزۇردىن ئايرىلىپ، كىردى دوزاخقا،
كۆرگىنى دۇنيادا چۈش بولدى پەقەت.

## 27. گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبتە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ پەيدا قىلىدۇ

ئاللاھ تائالا گۇناھكارلارنىڭ گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرى تۈپەيلى ئۇلارنىڭ قەلبىگە ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ تاشلايدۇ. قاچانلا قارىسىڭىز ئۇلارنىڭ ئاللىقانداقتۇر نەرسىلەردىن خەۋپلىنىۋاتقانلىقىنى ۋە ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرىسىز.

شۈبھىسىزكى، تائەت ـ ئىبادەت ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم قورغانىدۇر. قورغان ئىچىگە كىرگەنلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئازاب ـ ئۇقۇبەتلەردىن ئەمىن بولىدۇ. كىمكى بۇ قورغاندىن چىقىپ كېتىدىكەن، ئۇنى تەرەپ ـ تەرەپتىن قورقۇنچلار ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلارنىڭ قورقۇنچلىرى ئامانلىققا ئايلىنىدۇ. ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ خاتىرجەملىكى خەۋپ ۋە ئېسەنكىرەشلەرگە ئايلىنىدۇ. ئاسىيلارنىڭ قەلبى گويا شامال ئېغىزىدىكى توخۇ پېيىدەك تۇراقسىز بولىدۇ. شامال پەردىسىنى قايرىسا كىم مېنى ئىزدەپ كەلگەندۇ دەپ تەشۋىشلىنىدۇ. ئاياغ تېۋىشى ئاڭلانسىلا مېنى بىراۋ تەنقىدلىگىلى كەلگەنمىكىن، دەپ خەۋپسىرەيدۇ. گويا ھەر نەرسە ئۇنىڭغا قارشى چۇقان كۆتۈرۈۋاتقاندەك، بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر شۇنىلا مارىلاۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ. كىمكى ئاللاھتىن قورقسا ئاللاھ ئۇنى ھەرقانداق نەرسىلەردىن خاتىرجەم قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھتىن قورقمىسا ئاللاھ ئۇنى ھەممە نەرسىدىن قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

ياراتتى رەببىمىز ئىنساننى شۇنداق،
جىنايەت، خەۋپنى قىلدىغۇ قوشماق.

## 28. گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكاردا يېتەرقاش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارنىڭ قەلبىدە مىسلىسىز دەرىجىدە قورۇنۇش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنى ھەر دائىم يالغۇز ھېس قىلىدۇ.

گۇناھكار ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدا، ۋە باشقا مەخلۇقاتلار ئوتتۇرىسىدا بىر خىل ياتسىراش تۇيغۇسىنى ھېس قىلىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلىرى قانچىكى ئېغىرلاشقانسېرى ياتسىراش، يېتەرقاش تۇيغۇسى شۇنچە كۈچلىنىپ كېتىدۇ. ھاياتتىكى ئەڭ ئېغىر كۈن دائىم خەۋپسىرەپ، ھەممە نەرسىگە يات نەزەر بىلەن قاراپ يۈرىدىغان ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدۇر. ئەڭ ئېسىل تۇرمۇش چىقىشىپ، كۆنۈشۈپ ئۆتىدىغانلارنىڭ تۇرمۇشىدۇر. ئەقىللىق ئادەم گۇناھ-مەئسىيەت قىلغاندىكى لەززەت بىلەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان، خەۋپ، ئەنسىزچىلىك، يېتەرقاش تۇيغۇلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولسا، گۇناھكارنىڭ قانچىلىك ئېغىر كۈنگە قالىدىغانلىقىنى، قانچىلىك ئېغىر زىيان تارتىدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. چۈنكى، گۇناھكار ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان ئازادىچىلىك، خاتىرجەملىك ۋە ھالاۋەتنى

گۇناھ مەئسىيەت ئارقىلىق دۇچار بولىدىغان ياتسىراش ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان قورقۇنچ ۋە زىيانلارغا تىگىشىۋەتكەن ئادەمدۇر.

گۇناھلار يىتىرقاش ئىلكىگە ئالسا،
تەرك ئەت گۇناھنى، ئازادە ياشا.

گەپنىڭ پوسكاللىسى شۇكى، تائەت-ئىبادەت ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئىنسان ئاللاھقا قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئازادىلىك تۇيغۇسى شۇنچە كۈچىيىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاللاھ تائالادىن يىراقلاشتۇرىدۇ. ئىنسان ئاللاھتىن قانچە يىراقلاشقانسېرى ياتسىراش، يېتىمسىراش تۇيغۇسى شۇنچە كۈچىيىدۇ.

بىراۋ دۈشمىنى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر يىتىرقاشنى ھېس قىلىدۇ. بۇ، دەل ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ يىراقلىقىدىن پەيدا بولغان تۇيغۇدۇر. ناۋادا بىراۋ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ، مۇناسىۋەت شەكىللەندۈرۈپ ياشىسا، گەرچە ئارىلىق يىراق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۆزى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يېقىنلىقنى، ئۈلپەتداشلىقنى ھېس قىلىدۇ.

ئىككى تەرەپ ئارىسىدا شەكىللىنىپ قالغان ھاڭ ياتسىراش ۋە يالغۇزسىراش تۇيغۇسىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبىدۇر. بۇ ھاڭ قانچىكى كېڭەيگەنسېرى ياتسىراش ۋە يېتىمسىراش تۇيغۇسى شۇنچە كۈچىيىپ كېتىدۇ. دېمەك، غەپلەت ياتسىراش،

يالغۇزسىراش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن شەكىللەنگەن ياتسىراش، يالغۇزسىراش تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. شېرىك ۋە كۇپرىلىقتىن شەكىللەنگەن ياتسىراش، يالغۇزسىراش تۇيغۇسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىدۇ. بىراۋ گۇناھ-مەئسىيەت، شېرىك ۋە كۇپرىغا قانچىلىك ئارىلىشىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدىكى ياتسىراش ۋە يېتىمسىراش تۇيغۇلىرى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. گۇناھكار ئادەملەردىكى يېتىمسىراش، ياتسىراش، ئۈركۈش، قورقۇنۇش تۇيغۇلىرى قەلبىنى چىرمىۋالىدۇ ۋە چىرايىغىمۇ چىقىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم باشقىلاردىن قورقۇپ، ئۈركۈپلا ياشايدىغان باشقىلارمۇ ئۇنىڭدىن ئۈركىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

## 29. گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبلەرنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر ساغلام ۋە مۇستەھكەم قەلبلەرنى كېسەل قىلىپ، نورمال يۆنىلىشىدىن بۇرۇۋېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ قەلبلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرلىرى كېسەللەرنىڭ بەدەنگە كۆرسىتىدىغان تەسىرگە ئوخشايدۇ. بەلكى گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كېسەللىدۇر. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تەرك ئەتمەي تۇرۇپ، قەلبلەرنى داۋالىغىلى بولمايدۇ.

ئاللاھقا يۈزلەنگەن كىشىلەرنىڭ ئورتاق قارىشى شۇكى، قەلبلەر پەرۋەردىگارىغا يۈزلەنمىگىچە ئارزۇ-ئارمانلىرىغا ئېرىشەلمەيدۇ. قەلبلەر ساغلام، ساپ بولمىغىچە پەرۋەردىگارىغا

يۇزلىنەلمەيدۇ. قەلبلەردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى كېسەللەرنىڭ داۋاسىنى تاپمىغىچە قەلبلەر ساغلام بولالمايدۇ ۋە تازىلانمايدۇ. قەلبنى كېسەللەر ھاۋايى-ھەۋەسلەردۇر. ئۇنىڭ دورىسى ھاۋايى-ھەۋەسلەرنى تىزگىنلەشتۇر. ناۋادا ھاۋايى-ھەۋەسلەر تىزگىنلەنمىگەندە قەلبنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالىدۇ-دە، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ ياكى چالا ئۆلۈك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

شۇنىڭدەك ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە چەك قويالىغان ۋە ئۇنى تىزگىنلىيەلىگەن كىشىلەر جەننەتكە كىرىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك جەننەت ئەھلىنىڭ قەلبمۇ مۇشۇ دۇنيادىلا نەق جەننەتتە ياشايدۇ. بۇلار بىلەن ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى قويۇپ بېرىپ، بولۇشىغا ياشاپ ئۆتكەنلەرنىڭ راھەت-پاراغىتى، ھوزۇر-ھالاۋىتى بىر-بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. بەلكى بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرق خۇددى دۇنيا نېئمەتلىرى بىلەن ئاخىرەت نېئمەتلىرى ئارىسىدىكى پەرقتەكلا تەسۋىرلىگۈسىزدۇر. قەلبى يۇقىرىقى تۇيغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پەرقلەرنى بىۋاستە ھېس قىلىپ باقمىغان كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ.

«مۇئمىنلەر شەك-شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ. كاپىرلار شەك-شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ»[188] دېگەن ئايەت ئاخىرەتنىڭ مۇكاپات ۋە جازالىرىغىلا قارىتىلغان ئەمەس. بەلكى دۇنيا ھاياتى، قىيامەتكىچە بولغان قەبرە ھاياتى ۋە جەننەت ياكى دوزاختىكى مۇقىم ئورنىدىن ئىبارەت ئىنسان چوقۇم بېسىپ

[188] سۈرە ئىنفىتار 13،14 - ئايەتلەر

ئۆتىدىغان ئۈچ باسقۇچنىڭ ھەممىگە قارىتىلغان. بۇ دۇنيادا جەننەتتە ياشىغانلار قالغان ئىككى ھاياتتىمۇ جەننەتتە ياشايدۇ. بۇ دۇنيادا دوزاختا ياشىغانلار قالغان ئىككى ھاياتتىمۇ دوزاختا ياشايدۇ. بۇ دۇنيادا كۆڭلى خاتىرجەم، قەلبى ئارامدا، ئىلاھىي سۆيگۈ پەيزىگە چۆمگەن ئادەمدىنمۇ بەكرەك ھوزۇر-ھالاۋەتتە، جەننەتتە ياشىغان ئادەم بولامدۇ؟!

بۇ دۇنيادا غەم-قايغۇ ۋە ئەندىشە ئىچىدە، قەلبى سىقىلىپ، ئاللاھ ۋە ئاخىرەتتىن غاپىل ھالدا ئاللاھنىڭ غەيرىگە باغلىنىپ، ئاللاھقا پەرۋا قىلماي ياشىغان ئادەمدىنمۇ بەكرەك ئازابتا، دوزاختا ياشىغان ئادەم بولامدۇ؟! ھاياتتا بىراۋ قايسى يولدا ياشىسا، قەبرە ۋە ئاخىرەتتىمۇ نىسىۋىسى شۇنداق بولىدۇ. ئاللاھنى قويۇپ، باشقىلارنى ياخشى كۆرۈپ ۋە ئۇلارغا ئۈمىد باغلاپ ياشىغانلارغا ئاللاھ تائالا دەرتلىك ئازاب تېتىقۇزىدۇ.

ئاللاھتىن باشقىغا مۇھەببەت باغلاپ ياشىغانلار مۇشۇ دۇنيادىلا ئۈچ قېتىم ئازابلىنىدۇ. مۇھەببەت باغلىغان نەرسىسىگە ئېرىشىش يولىدا قاتتىق ئازاب چېكىدۇ. ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشتىن ۋە ئۇنىڭدىن كۆرەلمەسلىكتىن، مەنپىئەتلىنەلمەسلىكتىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئېزىتىرايلىق تۇيغۇلار ئىلكىدە ئەنسىرەپ، خەۋپسىرەپلا ياشايدۇ. ناۋادا ئېرىشكەن نەرسىدىن مەھرۇم قالسا، ئۇنىڭ ئازابى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. مانا بۇ ئاللاھتىن باشقىغا مۇھەببەت باغلىغانلار تارتىدىغان مۇشۇ دۇنيادىكى ئۈچ تۈرلۈك ئازابتۇر.

ئەمما قەبرىدىكى مەڭگۈلۈك ھىجران ئازابى، ئاللاھقا خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق بۇيۇك نېئمەتتىن مەھرۇم قالغانلىق ئازابى، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمىگەنلىك ئازابى، باغرىنى خۇن قىلغان ھەسرەت-نادامەتلەر، غەم-قايغۇ، دەرد-ئەلەملەر گويا ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى قۇرت يېگەندەك غاجىلايدۇ. بۇ خىل ھالەت ئاللاھ جەسەتكە جاننى قايتۇرۇپ بەرگەنگە قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىدۇ. جەسەتكە جان قايتۇرۇلغاندا بولسا، ئازاب تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا باغلانغان، ئاللاھقا مۇشتاق بولغان، ئىلاھىي سۆيگۈدىن شادلانغان، ئاللاھنى ئەسلەش ئارقىلىق كۆڭلى ئارام تاپقان كىشىلەر ھېس قىلىدىغان ھالاۋەتلەرنى ھەرگىزمۇ ھېس قىلالمايدۇ.

ئاللاھقا باغلانغان، ئاللاھقا مۇشتاق بولغان، ئىلاھىي سۆيگۈدىن شادلانغان، ئاللاھنى ئەسلەش ئارقىلىق كۆڭلى ئارام تاپقان كىشىلەر قەبرى روھ قىلىنغاندا خۇشاللىقتىن «ۋاھ، قالتىسقۇ!» دېيىشىپ شادلىنىپ كەتكەنىكەن.

يەنە بەزىلەر «ناۋادا ئەھلى جەننەتلەر جەننەتتە بىز ھازىر ياشىغاندەك ياشايدىغان بولسا، ئۇنداقتا جەننەت ھاياتىمۇ بەك پەيزىكەن» دېگەنىكەن.

قەلبى ئاللاھقا ئۇلاشقان بەزى كىشىلەر مۇنداق دېگەن: ھەقىقى مىسكىنلەر دۇنيادا لەززەتنىڭ تەمىنى تېتالماي، دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن تەمنى ھېس قىلالماي ئۆلۈپ كەتكەنلەردۇر. دۇنيادىكى لەززەت ۋە شېرىن تەم دىللارنىڭ

ئاللاهقا باغلىنىشىدۇر.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: ناۋادا پادىشاھلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بىز ھازىر ھېس قىلىۋاتقان راھەتنى بىلىپ قالغان بولسا، قىلىچ كۆتۈرۈپ بىزدىن شۇ راھەتنى تالاشقان بولاتتى.

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: شۈبھىسىزكى، دۇنيا جەننەتتۇر. كىمكى دۇنيادىكى جەننەتتە ياشىمىغان بولسا، ئاخىرەتتىكى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

قىممەتلىك نىسىۋىنى ئەرزىمەس ماتالارغا سېتىۋېتىپ پۇتۇنلەي زىيان تارتقان ئادەمنىڭ ئەھۋالى ئاجايىپ ھەيران قالارلىق، ھە! ئۇلار ئۇتتۇرىدىكى ھەقىقى قىممەتنى بىلمىسە سورىشى كېرەك ئىدىغۇ!

سېتىۋالغۇچى ئاللاھ، پۇلى جەننەت، ۋاكالەتچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولغان تىجارەتنى رەت قىلىپ، قولىدىكى نەرسىلىرىنى غايەت دەرىجىدىكى خارلىققا سېتىۋەتكەن ئادەملەر... تىۋۋا، بۇ نېمىدېگەن ھەيران قالارلىق ئىش، ھە؟!

قىلمىسا بىر ئادەم ئۆزىگە ھۆرمەت،
كىم قىلار بەخشەندە ئۇنىڭغا ئىززەت!

«ئاللاھنىڭ خارلىشىغا ئۇچرىغان ئادەمگە ھۆرمەتلىگۈچى چىقمايدۇ»[189]

---

[189] سۈرە ھەج 18 ـ ئايەت

## 30. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاڭسىزلىق ۋە دېتسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبلەرنى كور قىلىپ، ئۇنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. مەرىپەت يوللىرىغا توسالغۇ پەيدا قىلىپ ھىدايەتكە ئېرىشكىلى قويمايدۇ.

ئىمام مالىك ئىمام شاپىئىي بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇنىڭدا چېچەنلىك ئالامەتلىرىنى بايقاپ مۇنداق دېگەنىكەن: ھېس قىلىشىمچە ئاللاھ ساڭا نۇر ئاتا قىپتۇ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ زۇلمىتى بىلەن نۇرنى ئۆچۈرۈپ قويما!

ئىنساننىڭ قەلبىدىكى نۇر ئاجىزلىشىۋېرىپ ئاخىرىدا يوقىلىپ كېتىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەر كۆچەيگەنسېرى قەلبنى قارىدىتىپ زۇلمەت كېچىگە ئوخشاش قىلىپ قويىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر قەلبىنىڭ قارىلىقىدىن ھالاك بولىدۇ. بۇلار گويا قاراڭغۇ كېچىدە ئېگىز-پەس يوللاردا كېتىۋاتقان ئەماغا ئوخشايدۇ.

ساقلىقتىنمۇ زور بايلىق بارمۇ؟! قەلبنىڭ كورلىقىدىنمۇ تېز ھالاك قىلىدىغان نەرسە بارمۇ جاھاندا؟!

قەلبتىكى زۇلمەت ۋە قارىلىق زورىيىپ، قەلبتىن باشقا ئەزالارغا سىرغىيدۇ-دە، قەلبنىڭ قارىلىقى چىرايىغىمۇ چىقىپ كېتىدۇ. قەلبتىكى قارىلىقنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا قاراپ چىرايى نۇرلۇق ياكى خۇنۇك بولىدۇ. ناۋادا قەلبى قارا، دىلى كور ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، قەبرىسى زۇلمەتكە توشقۇزىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ماۋۇ قەبرىدىكىلەر زۇلمەت ئىچىدە. مېنىڭ ئۇلارغا دۇئا قىلىشىم

سـەۋەبلىك ئالـلاھ ئۇلارنـى نۇرلاندۇرىـدۇ.»[190]

مەھشـەرگاھ كۈنـدە بـۇ قـارا يۈزلەرنـىڭ كۆمـۈردەك قاپقـارا بـوپ كەتكەنلىكىنـى ھەممـە ئـادەم ئوپئوچـۇق كۆرىـدۇ. بـۇ ئازابـلار ھېلىقى گۇناھـكار چۈشتەك ياشىغان بىـر نەچچە ۋاقىت ئەمـەس بەلكـى دۇنيانـىڭ باشـتىن-ئاخىر بارلىـق لەززەتلىرىگـە سېلىشـتۇرغاندىمۇ نېمىدېگـەن ئېغىر-ھـە!

## 31. گۇنـاھ-مەئسىيەتلـەر گۇنـاھكارلارنى روھى چۈشكۈن قىلىپ قويىدۇ

گۇناھ-مەئسـىيەتلەر گۇناھكارنىـڭ روھىنـى چۈشـۈرۈپ ئۇنـى ئـۆز كونتروللۇقىغـا ئېلىۋالـىدۇ. ئۇنـى خـار قىلىـپ، كۆزگـە ئېلىنمـاس، ئېتىبارسـىز بىـر نەرسـىگە ئايلانـدۇرۇپ قويىـدۇ. تائەت-ئىبادەتلـەر بەندىلەرنـىڭ روھىنـى ئۇرغۇتـۇپ، ئۇنـى پاكلايـدۇ ۋە ئالىيجانابلىققا ئىگـە قىلىـدۇ. ئالـلاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «روھىنـى پـاك قىلغـان ئـادەم چوقـۇم مۇرادىغـا يېتىـدۇ. نەپسـنى (كۇفـرى ۋە پىسـقى-فۇجۇر بىلـەن) كەمسـىتكەن ئـادەم چوقـۇم نائۈمىـد بولىـدۇ.»[191]

دېمەككـى، ئاللاھقـا ئىتائـەت قىلىـپ، تائەت-ئىبـادەت قىلغـان ئـادەم روھىنـى يۈكسـەلدۈرەلەيدۇ، ئالىيجانـاب روھقا ئىگە بولالايـدۇ، روھىـي غالىبلاردىـن بولالايـدۇ. روھىغـا ئەھمىيـەت بەرمىگـەن، گۇناھ-مەئسـىيەتلەر ئارقىلىـق روھىنـى خارلىغـان،

---

[190] ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[191] سۈرە شەمس 9، 10 - ئايەتلەر

دەپسەندە قىلغان ئادەملەر زىيان تارتىدۇ.

ئاسىيلار گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆزىنى تۆۋەن ئىلىشتۇرغان ئادەملەردۇر. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۇ ئادەمنى ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئالدىدىمۇ تۆۋەن ئورۇنغا، باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ئالدىدىمۇ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. تائەت-ئىبادەت ۋە ياخشىلىقلار ئىنساننىڭ روھىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئىپتىخار تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئەڭ پاك ۋە ئالىيجاناب روھقا ئىگە قىلىدۇ. ئىنسان ئەسلى ئاللاھنىڭ ئالدىدا شۇنچە ئەرزىمەس، كىچىك بىر مەخلۇق تۇرۇقلۇق، تائەت-ئىبادە ۋە ئىتائەت ئارقىلىق شۇنچە بۈيۈك ئىززەتلەرگە، شەرەپلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئىنساننى گۇناھ-مەئسىيەتتىن بەكرەك خار قىلىدىغان، تائەت-ئىبادەتتىن بەكرەك ئەزىز ۋە شەرەپلىك قىلىدىغان نەرسە يوق.

## 32. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئاسىيلارنى شەيتاننىڭ چاڭگىلىغا تاشلاپ بېرىدۇ

ئاسىيلار دائىم شەيتان چاڭگىلىدا، شەھۋەت ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلەر كونتروللۇقىدا ياشايدۇ. دېمەك ئۇ، ئەسىر ئېلىنغان تۇتقۇندۇر. ئەڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنغاندىنمۇ ئېغىر كۈندە ياشايدىغان تۇتقۇن بولمىسا كېرەك! ھاۋايى-ھەۋەسلەر تۈرمىسىدىنمۇ تارراق كامىر بولمىسا كېرەك! شەھۋەت ئىشكەللىرىدىنمۇ بەكرەك قىينايدىغان ئىشكەل بولمىسا كېرەك! ئەسىر ئېلىنغان، تۈرمىگە قامالغان، ئىشكەللەنگەن قەلب

قانداقمۇ ئاللاھ تەرىپىگە، ئاخىرەت تەرىپىگە يۈزلىنەلىسۇن! بۇنداق قاتمۇ-قات ئىشكەل، قاتمۇ-قات باغلاقتا تۇرغانلارنىڭ ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىيالىشى مۇمكىنمۇ!؟

ئىنساننىڭ قەلبى ئىشكەللىنىپ، قامال قىلىنغانسېرى ئۇنىڭغا تەرەپ-تەرەپلەردىن خىلمۇ-خىل ئاپەتلەر يوپۇرۇلۇپ كەلگىلى تۇرىدۇ. قەلبلەر ئۇچارلىقلارغا ئوخشايدۇ. ئۇچارلىقلار قانچىكى ئېگىز ئۇچقانسېرى خەتەرلەردىن شۇنچە يىراق بولىدۇ. قانچىكى پەس ئۇچقانسېرى قاپقانلارغا چۈشۈپ قېلىشى، خىلمۇ-خىل بالايى-ئاپەتلەرگە گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شەيتان ئىنساننىڭ بۆرىسى.»[192]

پادىچىسى بولمىغان قوي ئاسانلا بۆرىگە يەم بولىدۇ. شۇنىڭدەك بىر ئادەمگە ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھاپىزەتچى بولمايدىكەن ئۇنى شەيتاننىڭ ئوۋلىشى شەكسىزدۇر. تەقۋادارلىق ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مۇھاپىزىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. تەقۋادارلىق ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ بۆرىسى (شەيتىنى) ئارىسىدىكى قورغاندۇر. تەقۋادارلىق ئىنسان بىلەن دۇنيا ئازابلىرى ئارىسىدىكى قورغاندۇر. ئۇ ئىنسان بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئازابلىرى ئارىسىدىكى قالقاندۇر. قوي پادىچىغا يېقىنراق تۇرسا يىرتقۇچتىن ساقلىنىپ قېلىشقا پايدىسى بار. پادىچىغا قانچە يىراق تۇرسا ھالاكەتكە شۇنچە يېقىن تۇرغان بولىدۇ. بۆرىمۇ پادىدىن ئايرىلغان قوينى ئوۋلايدۇ.

[192] ئەلبانى ئاجىز دېگەن

دېمەك، قەلب ئاللاھتىن قانچە يىراقلاشسا، ئۇ ناھايىتى تېزلا ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ. ئاللاھقا قانچە يېقىن بولسا ھالاكەتتىن شۇنچە يىراق بولىدۇ. ئاللاھتىن يىراقلىششىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. بەزىلەر بەك يىراقلىشىدۇ، بەزىلەر بوشراق يىراقلىشىدۇ. غاپىللىق قەلبنى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەر غاپىللىقنىمۇ بەكرەك يىراقلاشتۇرىدۇ. بىدئەت گۇناھ-مەئسىيەتلەردىنمۇ بەكرەك يىراقلاشتۇرىدۇ. مۇناپىقلىق ۋە مۇشرىكلىق يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىدىن بەكرەك يىراقلاشتۇرىدۇ.

## 33. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئىززەت-ئابرۇينى چۈشۈرۈۋېتىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئىنساننىڭ ئاللاھ ئالدىكى ۋە ئىنسانلار ئالدىدىكى ئىززەت-ئابرۇيىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئالدىدا ھۆرمەت ۋە ئىززەتكە ئەڭ مۇناسىپ ئادەملەر ئەڭ تەقۋادار، ئاللاھقا ئەڭ يېقىن تۇرغان، ئاللاھقا ئەڭ بەك ئىتائەت قىلغان ئادەملەردۇر. بەندىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ھۆرمىتى ۋە ئىززىتى ئۇنىڭ ئاللاھقا قىلغان تائەت-ئىبادەتلىرى ۋە تەقۋادارلىقىغا قارىتا بولىدۇ. ناۋادا بەندە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ئىززەت-ھۆرمىتىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى بەندىلىرىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرىۋېتىدۇ. ناۋادا بىر ئادەم ئۆزى بىللە ياشاۋاتقان كىشىلەردىن ئۆزگىچە تېگىشلىك ھۆرمەتكە، ئىززەتكە ئېرىشەلمىسە، باشقىلار ئۇنىڭغا

پەرۋاسىز مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى كۆزگە ئىلمىسا، بۇنىڭدىن مۇ خار، بۇنىڭدىنمۇ بىچارە ھايات بولامدۇ؟! بۇنداق ئادەملەر نامسىز، قەدىرسىز، ھالسىز ھالەتتە ياشايدۇ-دە، ھاياتتا ھېچقانداق خۇشاللىقى، ھۆرمىتى بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى، تىلغا ئېلىنماسلىق، قەدىرسىزلىك، ئابرويسىزلىق بارلىق غەم-قايغۇ، ھەسرەت-نادامەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ لەززىتىگە قارىغاندا ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان نادامەتلىرى، ئەلەملىرى نېمىدېگەن ئېغىر-ھە!

كىشىلەرنىڭ تىلىدا داستانغا ئايلىنىش، قەدىر-قىممەتكە سازاۋەر بولۇش، ئىززەت-ھۆرمەتلەرگە مۇشەررەپ بولۇش، ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ بۈيۈك نېئمەتلەردىندۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى باشقىلارغا نىسىپ بولمىغان ھۆرمەت، قەدىر-قىممەت، ئابرويلارغا ئىگە قىلغان ۋە ئۇلارنى تىللاردا داستان قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن. ئۇلارنى بىز پاك-خىسلەتلىك، ئاخىرەتنى ئەسلەپ تۇرىدىغان سەممىي كىشىلەر قىلدۇق.»[193]

ئاللاھنىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نامىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كېيىنكىلەر ئىچىدە تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدىغان قەدىر-قىممەت ۋە ئىززەت-ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرۈشنى تىلەپ مۇنداق دۇئا قىلغان: «كېيىنكىلەر ئارىسىدا ياخشى

[193] سۈرە ساد 45، 46 ـ ئايەتلەر

نامىنــى قالدۇرغــن.»[194]

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا بىزنىڭ رەھمىتىمىزنى ئاتا قىلدۇق، ئۇلارنىڭ نامىنى بەلەن ۋە يۇقىرى قىلدۇق.»[195]

ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سېنىڭ شۆھرىتىڭنى ئۈستۈن قىلدۇق.»[196]

ئىنسانلار پەيغەمبەرلەرگە قانچىكى ئەگەشكەنسېرى، ئۇلارغا ئاتا قىلىنغان شەرەپ، ھۆرمەتلەردىن نېسىۋىدار بولىدۇ. شۇنىڭدەك پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى، ئۇلارغا قانچىكى قارشىلىق قىلغانسېرى شەرەپ، ھۆرمەت، قەدىر-قىممەتلەردىن مەھرۇم قالىدۇ.

## 34. گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارنى مالامەتكە دۇچار قىلىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارنىڭ شەرەپ ۋە ئىپتىخارىنى يوقىتىپ، ئورنىغا ھاقارەت ۋە كەمسىتىش نامىرىنى يۆكلەپ قويىدۇ.

گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارنىڭ مۇئمىن، ياخشى، ئىخلاسمەن، تەقۋادار، ئىتائەتمەن، ئاللاھقا قايتقۇچى، ئاللاھنىڭ دوستى، پەرھىزكار، سالىھ، ئابىد، ئاللاھتىن

[194] سۈرە شۇئەرا 84 - ئايەت
[195] سۈرە مەريەم 50 - ئايەت
[196]

قورقىدىغان، تەۋبە قىلغۇچى، پاك، ئالقىشلانغان... دېگەندەك شەرەپلىك ناملىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بۇزۇق، ئاسىي، گەدەنكەش، رەزىل، بۇزغۇنچى، ئىپلاس، زىناخور، ئوغرى، قاتىل، يالغانچى، خائىن، بەچچە، رەھىمسىز، ئالدامچى... دېگەندەك ناملارنى يۆكلەپ قويىدۇ. مانا بۇ، پاسىقلارنىڭ ناملىرىدۇر.

بۇناملار بىلەن ئاتالغانلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدۇ. دوزاختا كىرىدۇ. دۇنيادا خار ۋە رەسۋا ھالەتتە ياشايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىماندىن كېيىن پاسىقلىق بىلەن ئاتىلىش نېمىدېگەن يامان!»

مۇئمىن، ياخشى، ئىخلاسمەن، تەقۋادار، ئىتائەتمەن، ئاللاھقا قايتقۇچى، ئاللاھنىڭ دوستى، پەرھىزكار، سالىھ، ئابىد، ئاللاھتىن قورقىدىغان، تەۋبە قىلغۇچى، پاك، ئالقىشلانغان... دېگەندەك شەرەپلىك ناملار بىلەن ئاتالغانلار بولسا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ۋە جەننىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ناۋادا گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك قەبىھ ناملاردىن باشقا جازاسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئاقىل ئادەملەرنىڭ ئەقلى ئۇنداق گۇناھ-مەئسىيەتلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىدىن چەكلىگەن بولاتتى. ناۋادا تائەت-ئىبادەت ۋە ئاللاھقا قىلىنغان قۇللۇقنىڭ يۇقىرىقى شەرەپلىك ناملاردىن باشقا مۇكاپاتى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئەقىل چوقۇم ئۇ ئىشلارغا بۇيرۇغان بولاتتى. (ئاللاھ بەرگەننى توسقۇچى، ئاللاھ بەرمىگەننى بېرەلىگۈچى، ئاللاھ يىراق قىلغاننى يېقىنلاشتۇرالىغۇچى، ئاللاھ

يىقىــن قىلغاننــى يىراقلاشــتۇرالىغۇچى يوقتــۇر.)

«ئاللاھنىــڭ خارلىشــىغا ئۇچرىغــان ئادەمگــە ھۆرمەتلىگۈچــى چىقمايــدۇ. ئالــلاھ خالىغىنىنــى قىلىــدۇ.»[197]

## 35. گۇنـاھ-مەئسـيەتلـەر ئـەقـىلـگە تـەسـر كۆرسـتـىدۇ

گۇناھ ـ مەئسـىيەتلەر ئەقىلنى كېمەيتىۋېتىـدۇ. ئىككى ئاقىـل بولـۇپ، بىـرى ئاللاھقـا ئىتائـەت قىلىدىغـان، يەنـە بىـرى ئاسـي بولسـا، ئاللاھقـا ئىتائـەت قىلىدىغـان ئادەمنىـڭ ئەقلـى تولـۇق، مۇكەممـەل، پىكـرى ساغلام، قاراشـلىرى توغـرا بولىـدۇ. شۇڭلاشـقا «قۇرئـان كەرىم»نىـڭ خىتابلىـرى ئەقىللىـق ئادەملەرگـە قارىتىلغـان.

ئالـلاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «ئـى ئەقىـل ئىگىلىـرى! مـاڭا تەقۋادارلىــق قىلىــڭلار.»[198] «ئـى ئەقىــل ئىگىلىــرى! نىجـات تېپىشـىڭلار ئۈچـۈن ئاللاھتىـن قورقـۇڭلار.»[199] «پەقـەت ئەقىللىق ئادەملـەرلا بۇنىڭدىـن پەندى-نەسـىھەت ئالىـدۇ.»[200] «قۇرئـان كەرىم»دە بۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ.

ئـۆزى ئاللاھنىــڭ چاقىرىقىــدا ۋە ئۇنىــڭ دائىرىســىدە ئىكەنلىكىنــى، ئاللاھنىــڭ ئۆزىنــى كــۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنــى بىلىــپ تــۇرۇپ، ئۇنىــڭ نازۇ-نېئمەتلىرىدىــن بەھرىمـەن بولـۇپ تــۇرۇپ، ھــەر قاچــان ئاللاھنىــڭ نارازىلىقىغــا، غەزىپىگــە ۋە

[197] سۈرە 18 ـ ئايەت
[198] سۈرە بەقەرە 197 ـ ئايەت
[199] سۈرە مائىدە 100 ـ ئايەت
[200] سۈرە بەقەرە 629 ـ ئايەت

لەنتىگە دۇچار قىلىدىغان؛ ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان، ئاللاھنىڭ رەھمىتى، رازىلىقى ۋە سۆيگۈسىدىن؛ ئاللاھنىڭ ھامىيلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا قىلغان مۇئامىلىلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرىدىغان؛ ئاللاھنىڭ جازاسىغا لايىق ئاسىيلار قىلىدىغان تاالاي جىنايەتلەرنى ئۇيپئوچۇق سادىر قىلغان ئادەملەرنى قانداقمۇ ھوش-كاللىسى جايىدا، ئەقىللىق ئادەم دېگىلى بولسۇن!

مەڭگۈلۈك ھوزۇر-ھالاۋەت ۋە بۈيۈك مۇكاپاتلارنى تاشلاپ، بەلكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى تاشلاپ، چۈش كەبىي تېز ئاخىرلىشىدىغان مەزگىللىك ياكى نەچچە سائەتلىك لەززەتلەرنى تاللىۋالغان ئادەملەرنى قانداقمۇ ئاقىل دېگىلى بولسۇن! بۇنداق ئادەملەرنى چورتلا ئەقىلسىز دەيلى دېسە، ئۇلاردا ئاز-تولا ئەقىل ئىپادىلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ. ناۋادا ئۇلاردا ھەقىقىي ئەقىل بولمىغان بولسا، جىن چېپىلىپ قالغان كىشىلەردەك مۇئامىلە قىلىنغان بولاتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى جىن چېپىلىپ قالغانلارنىڭ ئەھۋالى ۋە ئاقىۋىتىدىنمۇ خەتەرلىك ۋە ئېغىرراق بولۇپ قالىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ئەقىلگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى دەل مۇشۇ تەرەپتىندۇر.

ئەمما گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىمۇ ئەقىلگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىراق بارلىق كىشىلەردە ئىنسانچە كەمتۈكلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن گۇناھكارلار بىلەن گۇناھسىزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەقلىي نۇقسانلار تازا ئېنىق گەۋدىلىنىپ كەتمەيدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولمىسا ئىدى، ئىتائەتمەن بەندىلەر

ئاسىيلارنىڭ ئەقلىي چولتىلىقنى ئوپئوچۇق ھېس قىلالىغان بولاتتى. لېكىن ئەقلىي كەمتۈكلۈكتىن ئىبارەت ئاپەت ئومۇمىيلىققا ئىگە، ساراڭلىق قىسمەن ئادەملەردە بولىدۇ.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، ناۋادا ئۇلارنىڭ ئەقلى ساغلام بولغان بولسا، لەززەت ۋە خۇشال-خۇراملىققا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى بارلىق نازۇ-نېئمەتلەر ئىلكىدە بولغان ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى. ئۇ زاتنى نارازى قىلىپ، غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويسا، ئۇنىڭ ئازابىغا مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. ئۇ زاتنىڭ رازىلىقى ئارقىلىق خۇرسەنلىككە، كۆڭۈل خاتىرجەملىكى، قەلبىي ھايات، روھىي لەززەت، پاك تۇرمۇش، ئېسىل نازۇ-نېئمەتلەرگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. ناۋادا ئاللاھنىڭ قېشىدىكى نازۇ-نېئمەت، ھوزۇر-ھالاۋەتلەردىن مىسقال مىقداردا ئېلىنىپ پۈتۈن دۇنيادىكى ھوزۇر-ھالاۋەت ۋە راھەت-پاراغەتلەرگە تەڭلەشتۈرۈلگەن بولسا، ئەلۋەتتە دۇنيانىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنەرسىگە ئەرزىمىگەن بولاتتى. قەلبلەر ئاللاھنىڭ قېشىدىكى ھوزۇر-ھالاۋەتلەردىن كىچىككىنە تېتىپ قالغان بولسا، پۈتۈن دۇنيا ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەرگەن تەقدىردىمۇ ئاللاھنىڭ قېشىدىكى ھوزۇر-ھالاۋەتلەردىن ۋاز كەچمىگەن بولاتتى. بۇلار ئاللاھنىڭ قېشىدىكى ھوزۇر-ھالاۋەتلەردىن بەھرىمەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باشقا ئادەملەر بەھرىلىنىۋاتقان ھاياتىي نېئمەتلەردىنمۇ كاتتىراق نېئمەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار مەنىۋىي ۋە ماددىي نېئمەتلەرنىڭ ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئۇلار ئىرىشكەن نىسۋىلىرىگە باشقىلارنىڭكىدەك غەم-قايغۇ، ئازاب-دەرت، ئازار-كۈلپەتلەر ئارىلىشىۋالمايدۇ. ئۇلار تېخى بۇ نېئمەتلەرگە ئىرىشىپلا توختاپ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ كاتتا نېئمەتلەردىن ئۈمىدلىنىپ، دۇنيادا تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىنىڭ مۇكاپاتلىرىنى كۈتۈپ ياشايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر قىينالساڭلار، ئۇلارمۇ خۇددى سىلەرگە ئوخشاش قىينىلىدۇ، سىلەر ئۇلار ئۈمىد قىلمايدىغان نەرسىنى (يەنى شېھىت بولۇشنى، ساۋابنى ۋە غەلىبىنى) ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىسىلەر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[201]

مەرۋايىتنى ماياققا، ئېپارنى تېزەككە ئالماشتۇرغان؛ ئاللاھ ئىنئام قىلغان پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار، شەھىدلەر ۋە سالىھلارنىڭ ساھىبلىقىنى ئاللاھ غەزەپ قىلغان ۋە لەنەت قىلغان دوزىخىلارنىڭ ئۈلپەتچىلىكىگە ئالماشتۇرغان ئادەم نېمىدېگەن ئەقىلسىز-ھە!

## 36. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەندە بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىسىدىكى رىشتىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ئەڭ زىيانلىق تەسىرى شۇكى، ئۇ، بەندە بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىسىدىكى رىشتىنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ناۋادا بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى رىشتە ئۈزۈلۈپ كەتسە، بەندە بارلىق ياخشىلىق يوللىرىدىن،

[201] سۈرە نىسا 104 - ئايەت

ياخشىلىق ۋاستىلىرى ۋە سەۋەبلىرىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۇنىڭغا يامانلىق، پىشكەللىك دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. بارلىق ياخشىلىق يوللىرىدىن مەھرۇم قالغان، ئۆزى بىلەن ئىگىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ تاشلىغان، يامانلىق دەرۋازىلىرى ئۇنىڭغا ئېچىلغان؛ دۈشمەنلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان؛ دوست ـ دۈشمەننى ئېلىشتۇرۇپ قويغان؛ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشكە تېگىشلىك كىشىلەر بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇشۇپ، مۇناسىۋەت باغلاشقا تېگىشلىك زاتتىن ۋاز كەچكەن ئادەمگە غەلىبە، ئۇتۇق، ئۈمىد دېگەنلەر نەدە تۇرۇپتۇ؟!

بەزى سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسان ئاللاھ بىلەن شەيتاننىڭ ئارىسىدا قويۇلغان. ناۋادا ئاللاھ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇنى شەيتان ئالداپ كېتىدۇ. ناۋادا ئۇنى ئاللاھ ئۆز ھىمايىسىگە ئالسا، شەيتان ئۇنىڭغا يېقىنمۇ كېلەلمەيدۇ.» بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق، ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس جىنلاردىن ئىدى. ئۇ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى. مېنى قويۇپ ئىبلىسنى ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنى دوست قىلىۋالامسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئىبلىس زالىملار ئۈچۈن نېمدېگەن يامان بەدەل! (يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئورنىغا شەيتانغا چوقۇنۇش نېمدېگەن يامان!).»[202]

[202] سۈرە كەھف 50 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلىدىم. ئۇنىڭ قەدرىنى يۇقىرى قىلدىم. ئۇنى باشقىلاردىن پەزىلەتلىك قىلدىم. بارلىق پەرىشتىلىرىمنى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ سەجدە قىلىشقا بۇيرۇدۇم. ئۇلار ماڭا ئىتائەت قىلىپ مەن دېگەندەك قىلدى. مېنىڭ ۋە ئادەمنىڭ دۈشمىنى شەيتان بۇيرۇقۇمغا بوي سۇنمىدى. ماڭا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتتى. ئەھۋال مانا شۇنداق تۇرسا، ئەمدى سىلەر قانداقسىگە مېنى قويۇپ شەيتان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى دوست تۇتۇپ، ئۆزۈڭلەرگە باشپاناھ قىلىۋالسىلەر؟! قانداقسىگە ماڭا سەركەشلىك قىلىپ تۇرۇپ شەيتانغا ئەگىشىسىلەر؟ مېنىڭ نارازىلىقىمغا پەرۋا قىلماي ئۇنى دوست تۇتۇۋالسىلەر؟! ئۇ سىلەرنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭلار ئەمەسمۇ؟! مەن سىلەرنى دۈشمەن تۇتۇشقا بۇيرۇغان شەيتاننى سىلەر دوست تۇتۇپ كېتىۋاتىسىلەرغۇ؟! كىمكى پادىشاھنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوستلىشىۋالسا پادىشاھنىڭ نەزىرىدە ھەممىسى باراۋەردۇر. شۈبھىسىزكى، مۇھەببەت ۋە ئىتائەت پەقەت سۆيگىنىنىڭ دوستلىرىنى ياخشى كۆرۈش، دۈشمەنلىرىنى دۈشمەن تۇتۇش ئارقىلىق ۋايىغا يېتىدۇ. بىراۋنى ياخشى كۆرىمەن دەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتۇۋالسا، ئۇنىڭ ياخشى كۆرىمەن دېگىنىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ بۇ قانداق مەنتىقە ئۆزى!؟ ئىنسانلار بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت گوياكى بۆرە بىلەن قوزىچاق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتۇر. ئەقىللىق ئادەم قانداقسىگە ئۆزىنىڭ ۋە بىردىنبىر خوجىسىنىڭ دۈشمىنىنى دوست تۇتۇۋالىدۇ؟!

ئاللاھ تائالا شەيتاننىڭ دۈشمەنلىكىنى ۋە ئۇنى دوست تۇتۇشنىڭ قەبىھ ئىش ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: « ھالبۇكى، ئۇلار سىلەرگە دۈشمەندۇر». «ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ ئەمرىدىن چىقتى.»

مانا بۇ ئايەتلەر شەيتاننىڭ پەرۋەردىگار ۋە ئىنسانلارغا دۈشمەن ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شەيتانلار ئاللاھ ۋە ئىنسانلارنى يامان كۆرگەچكە ئىنسانلارغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئىنسانلار نېمىشقا ئۇنى دوست تۇتىسۇن؟! نېمىدەپ پەرۋەردىگارىنى قويۇپ شەيتاننى ئۆزىگە باشپاناھ قىلىۋالسۇن؟! بۇ نېمىدېگەن رەزىل ئىش-ھە!

يۇقىرىقى ئايەتلەردە «ئىبلىس مېنىڭ پەرىشتىلىرىمگە قوشۇلۇپ، ئاتاڭلار ئادەمگە سەجدە قىلمىدى، مەن ئۇنى يامان كۆرۈپ قالدىم. ئۇ شۇ تۈپەيلىدىن سىلەرنىمۇ ئۆزىگە دۈشمەن كۆرىدۇ. ئۇ سىلەرنى دۈشمەن كۆرۈپ تۇرسا سىلەر ئاراڭلاردا سۆلھى-سالا قىلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ ئۆتۈۋاتىسىلەر» دېگەندىن ئىبارەت تەنقىدىي مەزمۇن بار.

## 37. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەرىكەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۆمۈرنىڭ، رىزىقنىڭ، ئىلىمنىڭ، ئەمەلنىڭ ۋە ئىبادەتنىڭ بەرىكىتىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا گۇناھ-مەئسىيەتلەر دىن ۋە دۇنيانىڭ بەرىكىتىنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلارنىڭ ئۆمرىدە، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا ئازراقمۇ بەرىكەت

قالمايدۇ. زېمىندىكى بەرىكەتلەرمۇ پەقەت گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئارقىلىقلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان-زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق. لېكىن ئۇلار ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق.»[203]

«ئەگەر ئۇلار توغرا يولدا بولسا ئىدى، ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرەتتۇق (يەنى رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرەتتۇق)، كىمكى پەرۋەردىگارىنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قاتتىق ئازابقا دۇچار قىلىدۇ.»[204] بەرھەق، ھەر ئادەم ئۆزى قىلغان خاتالىقلىرى تۈپەيلىدىن رىزقتىن مەھرۇم قالىدۇ.

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا مۇنداق ئىلھام قىلدى: ھەر بىر ئادەم ئۆزىگە تېگىشلىك رىزقىنى كامىل ئېلىپ بولماي تۇرۇپ ۋاپات بولمايدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھتىن چىرايلىقچە تەلەپ قىلىڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ قېشىدىكى نەرسىلەرگە پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىقلا ئېرىشكىلى بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، رازىلىق ۋە چىنپۈتۈشتە خۇشال-خۇراملىق بار. گۇمان ۋە ئاچچىقلىنىشتا غەم-قايغۇ بار.»[205]

[203] سۈرە ئەئراف 96 - ئايەت
[204] سۈرە جىن 16،17 - ئايەتلەر
[205] جامىئۇسسەغىردە رىۋايەت قىلىنغان

ئىمام ئەھمەد «ئەززۇھدۇ» ناملىق كىتابتا مۇنداق بىر ئەسەرنى تىلغا ئالىدۇ: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: مەن ئاللاھتۇرمەن، مەندىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر. ناۋادا مەن رازى بولسام بەرىكەت ئاتا قىلىمەن، مېنىڭ بەرىكىتىمنىڭ چېكى بولمايدۇ. ناۋادا مەن غەزەپلەنسەم لەنەت قىلىمەن، مېنىڭ لەنىتىم يەتتىنچى ئەۋلادىغىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ.»

رىزىقنىڭ كۆپلۈكى باياشاتلىقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس. يىل، ئايلارنىڭ كۆپلۈكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلىك ھېسابلانمايدۇ. بەلكى ئەڭ مۇھىمى بەرىكەتتۇر.

بىراۋنىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ ھايات مۇددىتى دېمەكتۇر. باشقىلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ھايات ئەمەس. بەلكى، ھايۋانلارنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ ھاياتىدىن ئەۋزەلرەك! شۈبھىسىزكى، ئىنساننىڭ ھاياتى ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ھاياتى ۋە روھىنىڭ ھاياتىدۇر. ياراتقۇچىسىنى تونۇمىغان، ياراتقۇچىسىغا مۇھەببەت باغلىيالمىغان، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلالمىغان، ئۇنىڭغا قايتالمىغان، ئۇنى ئەسلەپ ئامانلىق ھېس قىلالمىغان، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ ئازادە تۇيغۇغا چۆمەلمىگەن ئىنساننىڭ قەلبىدە ھاياتلىق يوقتۇر. بۇ خىل ھاياتلىقتىن مەھرۇم بولغانلار پۈتۈن ياخشىلىقلاردىن قۇرۇق قالىدۇ. پۈتۈن دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى سەرپ قىلىپمۇ بۇ ھاياتلىققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. بەندە قولدىن بېرىپ قويغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئورنىنى توشقۇزغىلى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئاللاھتىن مەھرۇم قالسا ئۇنىڭ ئورنىنى توشقۇزىدىغان ھېچ

نەرسە يوق، ئەلۋەتتە.

قانداقسىگە نامرات باينىڭ، ئاجىز كۈچلۈكنىڭ، ئۆلۈك ئەبەدىي تىرىكنىڭ، مەخلۇق ياراتقۇچىنىڭ ئورنىنى باسالىسۇن؟! قانداقسىگە ئۆزى ئۆزىنىڭ ھېچ نەرسىسىگە ئىگە بولالمايدىغان ئادەم ئۆز زاتىدىن كامالى، بايلىقى، بارلىقى، ھاياتى، رەھمىتى بولغان زاتنىڭ ئورنىنى باسالىسۇن؟! قانداقسىگە زەررە ئېغىرلىقىدا بىر نەرسىگە قادىر بولالمايدىغان ئادەم ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ھەقىقىي خوجىسى ئاللاھنىڭ ئورنىنى باسالىسۇن؟!

شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەت رىزىق ۋە ۋاقىتنىڭ بەرىكىتىنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى، گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە شەيتان ھەمراھتۇر. ئۇلارغا شەيتان خوجا بولۇۋالىدۇ. شەيتان ھەرقايسى ئىش ئورۇنلىرىدىكىلەرنى ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەدلى-ئادالەت قالايمىقان بولۇپ كېتىدۇ. شەيتانغا باغلانغان، شەيتانغا جۈر بولغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ بەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا يېگەندە، ئىچكەندە، كىيگەندە، مىنگەندە، جىما قىلغاندا ئاللاھنىڭ نامىنى زىكرى قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىش ئارقىلىق شەيتاننى قوغلىغىلى بولىدۇ. شەيتان قوغلانغان يەردە بەرىكەت بولۇشى شەكسىز. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن بولمىغان ھەر قانداق ئىشنىڭ بەرىكىتى تارتىۋېتىلىدۇ. بەرىكەت ئاتا قىلىدىغىنى پەقەتلا ئاللاھتۇر. بارلىق بەرىكەتلەر پەقەت ئاللاھ تەرىپىدىندۇر. ئاللاھقا نىسبەت بېرىلگەن ھەر قانداق نەرسە بەرىكەتلىكتۇر. ئاللاھنىڭ

كالامى بەرىكەتلىك، رەسۇلى بەرىكەتلىك. ئاللاھنىڭ مۇئمىن بەندىلىرى ھەم ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا بەرىكەتتۇر. بەيتۇللاھ بەرىكەتلىك، ئاللاھنىڭ زېمىنلىرىنىڭ ئېسىلى بولغان شام زېمىنى بەرىكەتلىكتۇر. ئاللاھ تائالا شام زېمىنىنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئالتە يېرىدە بەرىكەتلىك دەپ سۈپەتلىدى. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىشى بەرىكەت ئاتا قىلالمايدۇ. ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقى، مۇھەببىتى ۋە رازىلىقىغا مەنسۇپ بولمىغان ھېچ نەرسىدە بەرىكەت يوق. كائىناتتىكى ھەر نەرسىنى ئاللاھ ياراتقان، ئۇنى ئاللاھ پەرۋىش قىلىدۇ. ئۆزى، گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى ئاللاھتىن يىراقلاشقان كىشىلەردە بەرىكەت ۋە ياخشىلىق بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىشلاردا ئاللاھقا قانچىلىك يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە بەرىكەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بەرىكەتنىڭ كۆشەندىسى لەنەتتۇر. ئاللاھ لەنەت قىلغان زېمىن، ئاللاھ لەنەت قىلغان ئادەم ياكى ئاللاھ لەنەت قىلغان ئىش ياخشىلىق ۋە بەرىكەتتىن تولىمۇ يىراقتۇر. مەلئۇنغا يېقىنلاشقان، ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە ئورناتقانلارنىڭ ھەممىسى بەرىكەتسىزلىككە دۇچار بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىبلىسقا لەنەت قىلىپ، ئۇنى ئۆزىدىن ئەڭ يىراق قىلىۋەتتى. ئىبلىسقا ئەگەشكەنلەر ئۇنىڭغا قانچىكى يېقىنلاشقانسېرى ئاللاھنىڭ لەنىتىگە شۇنچە ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۆمۈر، رىزىق، ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ بەرىكىتىنى ئۆچۈرۈۋېتىدىغان ئەڭ چوڭ ئامىلدۇر. ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىنغان ۋاقىت، ئاسىيلىق يولىدا سەرپ قىلىنغان ئېقتىساد، ئاسىيلىققا

ئىشلىتىلگەن بەدەن، يۈز-ئابروي، ئىلىم ياكى ئەمەل ئۆز ساھىبىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. ئىنسانغا ھەقىقى مەنپەئەت بېرىدىغىنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە سەرپ قىلىنغان ئۆمۈر، ئىقتىساد، كۈچ-قۇۋۋەت، يۈز-ئابروي، ئىلىم ۋە ئەمەلدۇر.

بۇ ھاياتتا يۈز يىللارچە ياشاپ، ئون يىل ئۆمۈر كۆرىدىغان ئادەملەر بار. شۇنىڭدەك دۆۋە-دۆۋە ئالتۇن-كۈمۈشلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق ھەقىقى ئىقتىسادى مىڭ تەڭگىگە يەتمەيدىغانلارمۇ بار. يۈز-ئابروي ۋە ئىلىممۇ دەل شۇنداق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا لەنەتگەردىدۇر. دۇنيادىكى نەرسىلەر لەنەتگەردىدۇر. ئەمما ئاللاھنىڭ زىكرى، ئاللاھنى دوست تۇتقۇچىلار، ئىلىم ئۆگەنگۈچى ياكى ئۆگەتكۈچىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا.»[206] يەنە بىر ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر لەنەتگەردىدۇر. لېكىن ئاللاھقا تەۋە، ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنغان ئىشلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا.» مانا مۇشۇ ھەقىقى بەرىكەتتۇر، ھەقىقى بەرىكەت پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىنغان ئىشلاردىدۇر. (ئاللاھ ھەممىزنى بەرىكەتسىزلىكتىن ساقلىغاي!)

## 38. گۇناھ-مەئسىيەتلەر پەسكەشلىككە ئېلىپ بارىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئەسلىدە ئاللاھ ياخشى ئادەملەردىن بولۇش ئۈچۈن تەييارلىغان كىشىلەرنى گۇناھلىرى تۆپەيلىدىن

[206] تىرمىزى رىۋايىتى

ناچار، پەسكەش ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ياخشى ۋە يامان دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ياخشىلار جەننەتتە، يامانلار جەھەننەمدە بولىدۇ. ئىتائەتمەن بەندىلەر دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ جەننىتىدە ياشايدۇ. گۇناھكارلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ دوزىخىدا ياشايدۇ. ئىتائەتمەنلەر ئاللاھنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىك بەندىلىرىدۇر. ئاسىيلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئەڭ خارلاردۇر.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەن قىيامەتنىڭ ئالدىدا قىلىچ بىلەن ئەۋەتىلدىم. مېنىڭ رىزقىم نەيزەمنىڭ سايىسىدا قىلىندى. خارلىق ۋە پۇچەكلىك ماڭا خىلاپلىق قىلغانلارغا قىلىندى.»[207]

ئادەم قانچىكى گۇناھ-مەئسىيەت قىلغانسېرى تۆۋەنلەپ ئەڭ ناچار ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. قانچىكى تائەت-ئىبادەت قىلغانسېرى دەرىجىسى كۆتۈرۈلۈپ، ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ ئالىيجاناب ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ.

گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن تائەت-ئىبادەتلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قىلىدىغان بەزى كىشىلەر بار. بۇلارنىڭ قايسى ئىشى يەنە بىرىنى بېسىپ كەتسە، ئۇ شۇ تۈرگە تەۋە بولىدۇ. يۈز بالداق ئۆرلەپ، بىر بالداق چۈشكەن ئادەم بىر بالداق ئۆرلەپ يۈز بالداق چۈشكەن ئادەمگە ئوخشاش بولمايدۇ.

بۇ ھەقتە ئادەمنىڭ خىيالىغا كېچىپ قالىدىغان بىر قىسىم

[207] تىرمىزى رىۋايىتى

خاتا قاراشلار بار. ئۇ بولسىمۇ، بىر بەندە بەزىدە بىرەر خاتالىقلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن شۇنچىلىك يىراققا قوغلىنىپ كېتىدۇكى، ئۇنىڭ بىر بالداق قوغلىنىشىغا مىڭ بالداق ئۆرلىشىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم خىيالىي تۇرۇپلا بىر ئېغىز گەپنى قىلىپ قويىدۇ-دە، شۇ تۈپەيلىدىن دوزاخنىڭ مەشرىق بىلەن مەغرىب ئارىسىدەك يىراق چوڭقۇرلۇقىغا تاشلىنىدۇ.» مۇنداق چوڭقۇرغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم قانداق ئۆرلەپ بولالايدۇ؟ سەللا دىققەت قىلمىغاندا بۇنداق چوڭقۇرلارغا چۈشۈپ كېتىش تۇرغانلا گەپ!

كىشىلەر ئىچىدە غەپلەتكە چۈشۈپ قىلىپ، ھوشىنى تېپىپلا ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ كېلىۋالىدىغان ياكى قانچە ئۇيغانغانسېرى شۇنچە ئەسلىدىكىدىنمۇ يۇقىرى بالداققا چىقالايدىغانلار بار.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا تائەت-ئىبادەتنى كۆڭۈلگە پۈكمەيدىغان ئادەتتىكىچە بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلار بار. بۇلار تائەت-ئىبادەتكە بېرىلىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالسا ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتىپ كېلەلىشى ياكى كېلەلمەسلىكى ياكى بۇرۇنقىدىنمۇ يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشەلىشى مۇمكىن. ئۇ، بۇرۇنقىدىن ھىممەتلىكراق ياكى ھىممەتسىزراق ياكى بۇرۇنقى بىلەن ئوخشاش ھىممەتكە كېلەلىشى مۇمكىن!

بەندىلەر چوڭ بولسۇن ياكى كىچىك بولسۇن گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇلار سەممىي تەۋبە قىلىش ۋە

چـﻪن قەلبىدىـﻦ ئاللاھقا قايتىش ئارقىلىق ئۆزىنى تۈزۈۋالالايدۇ.

ئۆلىمالار گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزگەنلەر تەۋبە قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ كېلەلەمدۇ-يوق؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولدى.

بەزىلەر «تەۋبە گۇناھنىڭ ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇ گۇناھنى قىلمىغاندەك ھالەتكە كەلتۈرۈۋېتىدۇ» دېگەن قاراشقا ئاساسلىنىپ گۇناھكار تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئەسلىدىكى گۇناھ قىلمىغان ھالەتكە قايتىپ كېلەلەيدۇ، دەپ قارىدى.

يەنە بەزىلەر «تەۋبە پەقەت گۇناھنىڭ جازاسىنى ساقىت قىلىدۇ» دېگەن قاراشقا ئاساسلىنىپ، گۇناھكار تەۋبە قىلىش ئارقىلىق گۇناھنىڭ جازاسىدىن پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن ساقلىنىپ قالالايدۇ. ئەمما ئەسلىدىكى گۇناھ قىلمىغان ھالىتىگە قايتىپ كېلەلمەيدۇ، دەپ قارىدى.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە مەزكۇر ئىككى قاراشقا مۇنداق ئاقىلانە ھۆكۈم چىقاردى: «ئەمەلىيەت شۇكى، تەۋبە قىلغۇچىلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىنمۇ يۇقىرىراق مەرتىۋىگە يېتەلەيدىغانلار ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلى دەرىجىسىگە يېتەلەيدىغانلار ياكى يېتەلمەيدىغانلارمۇ بولىدۇ (بۇ تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ ئىخلاسى ۋە ئىرادىسىگە قارىتا بولىدۇ).»

مېنىڭچە، گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ تەۋبىدىن كېيىن ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ كېلەلىشى ياكى كېلەلمەسلىك مەسىلىسى تەۋبىنىڭ كۈچى ۋە مۇكەممەللىكىگە ۋە گۇناھقا ئېچىنىپ ئۆزىنى تۈۋەن تۇتۇپ، ئاللاھقا يېلىنىپ، ئاللاھقا

قايتالىغانلىقىغا، ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆكەلىگەنلىكىگە قاراشلىق. مەزكۇر ئىشلار كۆچەيگەنسېرى گۇناھ ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن بۇرۇنقى ھالىتىدىنمۇ ساپ ھالەتكە قايتالايدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ خاتالىقى بەزىدە ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولۇپمۇ قالىدۇ. چۈنكى ھېلىقى خاتالىقلار ئۇنىڭ كۆرەڭلىك ۋە ئۆزىگە ئىشىنىپ كېتىش كېسەللىرىگە مەلھەم بولىدۇ. ئۇنى ئۆز مەركەزچىلىك ئىدىيىسى ۋە ئۆزىنى «ئاكاڭ قارىغاي» قىلىپ كۆرسىتىش ئىللەتلىرىدىن خالاس قىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ھېس قىلدۇرۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان، ئۆزىنى بىچارە ھېس قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ. ئۆزىگە ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇتۇپ، ئۆزىنىڭ تولىمۇ ئاجىز بەندە ئىكەنلىكىنى، پەرۋەردىگارىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە، ئەپۇسىغا، مەغپىرىتىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىدىكى تائەت-ئىبادەت كۆرەڭلىكىنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. كىبىر، مەغرۇرلۇقلىرىنى ياكى ئۆزىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە چاغلاش تۇيغۇلىرىنى سۇندۇرىدۇ. ئۇنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزگەن؛ گۇناھكار سۈپىتىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇنىڭدىن ھايا قىلغان؛ ئۇنىڭدىن قورققان؛ ئۆزىنىڭ تائەت-ئىبادەتلىرىنى ئاز ھېس قىلغان؛ خاتالىقلىرىنى كۆپ ھېس قىلغان؛ ئۆزىنىڭ تولىمۇ كەمتۈك ۋە مالامەتكە لايىق ئادەم ئىكەنلىكىنى؛ پەرۋەردىگارىنىڭ كامالەت، مەدھىيە ۋە ۋاپا بابىدا يېگانە زات ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ۋاپا ۋە مەدھىيە ئاللاھقىلا خاس،
مالامەت ئەسلىدە ئىنسانغىلا ماس.

يۇقىرىقى كىشىلەر ئاللاھ تەرىپىدىن نىسىپ بولغان ھەر قانداق نېئمەتلەرنى كۆپ ھېس قىلىپ قوبۇل قىلىدۇ. ئۆزىنى ئۇ نېئمەتلەرگە نالايىق دەپ قارايدۇ. ئۆزىگە يەتكەن ھەر قانداق جازا ياكى بالا-مۇسىبەتلەرنى ئۆزىگە ھەق، ئۆزىنى تېخىمۇ ئېغىر جازاغا لايىق؛ پەرۋەردىگارىم ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلىپ، مېنى جىنايىتىمگە لايىق جازالىمىدى، ئاللاھنىڭ جازاسى ماڭا بەك يەڭگىل بولدى؛ ئەسلى ماڭا تېگىشلىك جازاغا مەندەك ئاجىز بەندە تۆگۈل مۇستەھكەم تاغلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، دەپ قارايدۇ. شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر قانچىكى كىچىك بولغان تەقدىردىمۇ، بارلىق نېئمەتلەرنى ئاتا قىلغۇچى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارغا نىسبەتەن ئىنتايىن قەبىھ ۋە رەزىل ئىشتۇر.

مۇئمىن بولسۇن ياكى كاپىر بولسۇن ئاقسۆڭەكلەر ۋە مەشھۇر ئادەملەرگە ئەيىبلىك ھالەتتە ئۇچرىشىپ قېلىشنى؛ ئۇلارغا ناچار ئىشلار ئۈستىدە كۆرۈنۈپ قېلىشنى ياقتۇرمايدىغان تۇرسا، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئىنسان قانداقمۇ ئۇڭايسىزلانمىسۇن؟!
ناۋادا ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن رەھمىتى غالىپ، جازاسىدىن

مەغپىرىتى ئىلگىرى بولمىغان بولسا، ئاللاھقا نالايىق ھالەتتە ئۇچرىشىپ قالغانلارنى زېمىنغا دۈمكۈمتۈرۈۋەتكەن بولاتتى. ناۋادا ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە ئېغىر-بېسىقلىقى بولمىغان بولسا، بەندىلەرنىڭ گۇناھى تۈپەيلىدىن ئاسمان ۋە زېمىن تەۋرەپ كەتكەن بولاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى (قۇدرىتى ۋە گۈزەل ھېكمىتى بىلەن) چۈشۈپ كېتىشتىن توختىتىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار چۈشۈپ كەتسە، ئۇلارنى ھېچ ئەھەدى توختىتىپ تۇرالمايدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەلىمدۇر (يەنى كۇپپارلار ئازابقا تېگىشلىك بولسىمۇ، ئۇلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر.»[208]

بۇ ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئاللاھنىڭ «ھەلىم ۋە مەغفىرەت قىلغۇچى» دېگەن ئىككى ئىسمى ھەققىدە ئويلىنىپ باقايلى!

ناۋادا ئاللاھ جىنايەتچىلەرنى جىنايىتىگە قارىتا جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان؛ ئاسىيلارنىڭ ئاسىيلىقىنى كەچۈرۈم قىلمايدىغان بولسا ئىدى، ئاسمان ۋە زېمىن مۇستەھكەم تۇرالمىغان بولاتتى...

ئاللاھ تائالا بەزى كاپىرلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇلارنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىدىن) ئاسمانلار پارچىلىنىپ كەتكىلى، يەر يېرىلىپ كەتكىلى، تاغلار گۇمران بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى.»[209]

[208] سۈرە فاتىر 41 ـ ئايەت
[209] سۈرە مەريەم 90 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا ئادەم ئاتا ۋە ھەۋۋا ئانىنى ئاللاھنىڭ چەكلىمىسىگە پەرۋاسىز قاراپ، قىلىپ قويغان بىر خاتالىقى تۈپەيلىدىن جەننەتتىن چىقىرىۋەتتى. ئىبلىسنىمۇ خاتالىقى ۋە ئاللاھنىڭ پەرمانىغا بوي سۇنمىغانلىقى تۈپەيلىدىن قوغلاندى قىلىۋەتتى.

ناۋادا بىز گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىپ، ئاللاھنىڭ جەننىتىنى چۈشەپلا ياشايدىغان بولساق تولىمۇ ئەخمەقلىق قىلغان بولىمىز.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

گۇناھتىن قول يىغاي دېمەستىنلا ھېچ،
مەڭگۈلۈك جەننەتتىن ئۈمىدىمىز بار.
بىر گۇناھ تۈپەيلى ئادەم ۋە ھەۋۋا،
جەننەتتىن قوغلاندى، خەۋىرىمىز بار.

خۇلاسىكالام: بەندە گۇناھ - مەئسىيەتتىن كېيىن تەۋبە قىلسا، بەزىدە بۇرۇنقىدىنمۇ يۈكسەك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. بەزى خاتالىقلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى، ھىممىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، قەلبىنى كېسەل قىلىپ قويىدۇ-دە، ئۇنىڭ تەۋبە دورىسى خاتالىق كېسەللىكىدىن تامامەن ساقايتالمايمۇ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەۋبە قىلغان تەقدىردىمۇ ئەسلىي ھالىتىگە قايتالمايدۇ. گۇناھ - مەئسىيەتتىن كېيىن تەۋبە قىلىپ ئۆزىنى تۈزىۋالغاندىن كېيىن قەلبى ساغلام ھالىتىگە

كەلسە گۇناھ-مەئسىيەتتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى دەرىجىسىگە كېلەلەيدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلىرى پەقەت گۇناھ-مەئسىيەت ۋە خاتالىقلار توغرىسىدىكى مەزمۇنلار. ئەمما شەك-شۈبھە ۋە مۇناپىقلىقتا ئوخشاش ئىمانغا دەز كەتكۈزىدىغان، ئىمانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىش قىلىپ قويغان ئادەملەرگە ئىسلامنى يېڭىلاشتىن باشقا يول يوق!

## 39. گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرنى دۈشمەنلىرىگە كىچىك كۆرسىتىپ قويىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئىلگىرى جۈرئەت قىلالمىغانلارغا يول ئېچىپ، گۇناھكارنى دۈشمەنلىرىگە كىچىك كۆرسىتىپ قويىدۇ. شەيتان ئۇلارغا جۈرئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزگىلى، ئىغۋاگەرچىلىك قىلغىلى، ۋەسۋەسە قىلغىلى، قورقۇتقىلى، غەم-قايغۇ تاشلىغىلى تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا پايدا-زىيانلىق ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويىدۇ. شەيتان ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇۋېلىپ، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشقا كۈشكۈرتىدۇ.

ئادىمىي شەيتانلارمۇ بار-يوق يەرلىرىدە قولىدىن كېلىشىچە ئۇنىڭغا زىيان سالغىلى تۇرىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەر، خىزمەتكارلىرى، بالىلىرى، قولۇم-خوشنىلىرى، ھەتتاكى چارۋا-ماللىرىغىچە ئۇنى كۆزىگە ئىلماس بولۇۋالىدۇ.

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دېگەنىكەن: «مەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپلا قالسام، ئۇنى ئايالىمنىڭ، چارۋا-

ماللىرىنىڭ خۇي-پەيلىدىن ھېس قىلىمەن.»

شۇنىڭدەك ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار ھۆكۈمران كۆچلەرگىمۇ كىچىك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. ئۇلار ئاسىيلارنى پەرۋاسىز جازالاۋېرىدۇ. ئاسىي، گۇناھكارلارنىڭ نەپسىمۇ ئۆزىگە بوي سۇنماس بولۇۋالىدۇ. ناۋادا ئۇ ياخشىلىق ئىشلارنى نىيەت قىلغان تەقدىردىمۇ نەپسى ئىرادىسىگە بوي سۇنماي، مەجبۇرىي ياكى ئىختىيارى ھالدا ئۇنى ھالاكەتكە سۆرەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، تائەت-ئىبادەت ئاللاھنىڭ قورغىنىدۇر. كىمكى قورغان ئىچىگە كىرسە ئەمىنلىككە ئېرىشىدۇ.

ناۋادا ئىنسان قورغاندىن يىراقلاشسا قاراقچىلار ۋە باشقىلار ناھايىتى ئوڭايلا ئۇنى نىشانغا ئالىدۇ. بەندە ئاللاھقا قانچىكى ئاسىيلىق قىلغانسېرى ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقى ئۆزىگە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنى بۇنداق ئاپەتلەردىن ھېچ نەرسە ساقلاپ قالالمايدۇ. ئاللاھنى ئەسلەش، ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىش، سەدىقە، باشقىلارغا ئىلىم ۋە ھۆنەر-كەسىپ ئۆگىتىپ قويۇش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش بەندىنىڭ قالقىنىدۇر ۋە ئۇنىڭ كېسەللەرگە قارشى تۇرىدىغان ئېمىمۇنىت كۈچىدۇر. ناۋادا ئېمىمۇنىت كۈچ يوقالسا، خىلمۇ-خىل كېسەللەر تەرەپ-تەرەپلەردىن ئۇنى ئۆز ئىسكەنجىسىگە ئېلىۋالىدۇ-دە، ئۇنى ھالاك قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنساننى چوقۇم ساقلايدىغان، قوغدايدىغان بىر توسما بولۇشى لازىم. شۈبھىسىزكى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئىزچىل تىركىشىش ھالىتىدە تۇرىدىغان بولۇپ، قايسى غالىپ

ئورۇننى ئىگەللىسە شۇ بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ياخشىلىق تەرەپ كۈچەيسە يامانلىققا قاقشاتقۇچ زەربە بېرەلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىلگىرى توختالغان ئىدۇق. جەزمەنكى ئاللاھ تائالا ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى ئۆزى قوغدايدۇ. ئىمان تەستىق، سۆز ۋە ئەمەلدۇر. ئىماننىڭ كۈچى قانچىلىك بولسا، ئىنسان ئاللاھ تەرىپىدىن شۇنچىلىك ئەمىنلىككە، قوغداشقا ئېرىشەلەيدۇ. (ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆزى قوغدىغاي)

## 40. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۆزىنى ئۆزىنىڭ خائىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ

شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئادەم ئۆزىگە ئەڭ ئېھتىياجلىق پەيتلەردە ئۇنى ئۆزىنىڭ خائىنىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئاخىرىتى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقا تولىمۇ ئېھتىياجلىق. شۇ ئېھتىياجلارنى قانچىكى كۆپ بىلگەن ئادەم شۇنچە ئالىم ھېسابلىنىدۇ. ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنى بويسۇندۇرالىغان ۋە ئۇنى پايدىلىق ئىشلارغا سەرپ ئېتىپ، زىيانلىق ئىشلاردىن چەكلىيەلىگەن ئادەم ھەقىقى كۈچلۈك ۋە دانا ئادەمدۇر. كىشىلەرنىڭ مەرىپىتى، ھىممىتى ۋە قەدىر-قىممىتى دەل مۇشۇ نۇقتىدا پەرقلىنىدۇ. بەخت ۋە بەختسىزلىك سەۋەبلىرىنى قانچىكى بەك بىلگەن ئادەم شۇنچە ئارىپ ھېسابلىنىدۇ. بەختسىزلىكتىن يىراقلىشىپ بەخت يولىغا ماڭغان ئادەم توغرا يولدىكى ئادەمدۇر. ناۋادا بۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتسا ئۇ ئىنتايىن ئەقىلسىز، گالۋاڭ ئادەمدۇر.

ئىنسان ئەرزىمەس، ۋاقىتلىق نىسىۋىلەرنى قويۇپ يۇقىرى مەرتىپەتلەرنى ۋە ئەبەدىيلىك بۈيۈك نىسىۋىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئۆزىگە تولىمۇ ئېھتىياجلىق پەيتلەردە گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۇنى ئۆزىگە خىيانەت قىلدۇرىدۇ-دە، ئۇنى بۇنداق ئىلمىي كامالەتلەردىن، ئۆزىگە ئەڭ مۇناسىپ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇشتىن، ھەر ئىككى دۇنيادا ئۆزىگە ئەڭ مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىن توسۇپ قويىدۇ.

ئىنسان بىرەر كىلىشمەسلىككە يولۇقۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ گۇناھكار نەپسى، قەلبى ۋە پۈتۈن ئەزالىرى ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىدۇ. بۇ گويا داتلىشىپ كەتكەن غىلاپلىق قىلىچ كۆتۈرۈۋالغۇچىنىڭ دۈشمەنگە يولۇققاندا، قانچە تىرىشىپ باقسىمۇ قىلىچ غىلاپتىن سۇغۇرۇلغىلى ئۇنىماي، دۈشمەنگە جايلىنىپ كەتكىنىگە ئوخشايدۇ.

گويا شۇنىڭغا ئوخشاش قەلبمۇ گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئارقىلىق داتلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئۇنى كېسەل چىرمىۋالىدۇ. قەلبىنى كېسەل چىرمىۋالغانلار دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كەلگەندە قەلبدە ھېچقانداق ئىنكاس پەيدا بولمايدۇ. دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى قەلبتۇر. باشقا ئەزالار قەلبكە ئەگىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. قەلبتىن ئىبارەت بۇ مەركەزدە كۈچ ۋە ئېنىرگىيە بولمىسا دۈشمەنلەرنى قانداقمۇ چېكىندۈرگىلى بولسۇن؟!

ناۋادا ئىنسانىنىڭ روھىيىتى پەرۋەردىگارىغا تەلپۈنۈۋاتقان روھ

بولسا، شەھۋەتلەر ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئارقىلىق كىرلىشىپ ۋە ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. ناۋادا ئۇ روھ يامانلىقتا ئىنتىلىۋاتقان روھ بولسا، شەھۋەت ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئارقىلىق تېخىمۇ كۈچىيىپ، تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ كېتىدۇ. ئىنساندىكى يامانلىققا ئىنتىلىدىغان روھ كۈچەيگەنسېرى پەرۋەردىگارىغا تەلپۈنىدىغان روھى ئاجىزلىششقا باشلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا ئاسىي روھ ئۇ ئادەمنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئېلىۋالىدۇ.

ئىنساندىكى پەرۋەردىگارغا تەلپۈنىدىغان روھ ئۆلسە، ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمايدۇ. بەلكى ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتى پەقەت ئەلەملىك، قايغۇلۇق بىر ھاياتقا ئايلىنىدۇ، خالاس.

دېمەك، پەرۋەردىگارغا تەلپۈنىدىغان روھى ئۆلگەن ئادەم بىرەر ئېغىرچىلىقلارغا ياكى بالا ـ مۇسىبەتلەرگە دۇچ كەلگەندە قەلبى، تىلى ۋە بارچە ئەزالىرى ئۇنىڭغا خىيانەت قىلىپ، ئەڭ ئەھمىيەتلىك نەرسىلەردىن يۈز ئۆرۈيدۇ. قەلبىدە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھقا قايتىش ۋە ئاللاھقا تاپشۇرۇش، ئاللاھقا زار ـ تەزەررۇ قىلىش، ئاللاھ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش تۇيغۇسى بىخلانمايدۇ. ئاللاھنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدۇ. ناۋادا ئاللاھنى تىلغا ئالغان تەقدىردىمۇ قەلبى بىلەن تىلى بىرلەشمەي، قۇرۇق شوئارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. تىل بىلەن قەلب ئارىسىدا توساق پەيدا بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئاللاھنى تىلغا ئېلىشى ھېچقانداق تەسىر پەيدا قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ دىلى بىلەن تىلى بىرلىشەلمەيدۇ ـ دە، ئۇنىڭ دۇئالىرى ياكى

زىكىرلىرى پەرۋاسىزلارنىڭ، غاپىللارنىڭ دۇئا ياكى زىكىرلىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ناۋادا ئۇ باشقا ئەزالىرىدىن تىلى ۋە دىلىغا ئەگىششىنى تەلەپ قىلسا ئۇلارنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭغا بوي سۇنمايدۇ ۋە ئىتائەت قىلمايدۇ.

يۇقىرىقىلار گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ئاپەتلىرىدۇر. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئارقا سېپىگە كۆڭۈل بۆلمەي، ئۇلار بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرماي زايا قىلىۋېتىپ، دۈشمەن ھۇجۇم قىلغاندا ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئەسكەرلىرىگە «بار كۈچۈڭلارنى ئىشقا سېلىپ مېنى قوغداڭلار» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ.

گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەھۋالى مانا شۇنداق. ئەمما سەكراتتىكى ئەھۋال بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك ۋە تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق بولىدۇ. بۇلارنىڭ قەلبى ۋە تىلى سەكراتتا ئۇ ئادەمگە خىيانەت قىلىدۇ. تېخى شاھادەت كەلىمىسىگىمۇ كەلمەي تۇتۇلۇپلا قالىدۇ. نۇرغۇن ئاسىيلار بۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن. ئۇلارغا «لا ئىلاھە ئىللاللاھ» دېگىن دېيىلگەندە، بەزىلىرى: «ۋاي، ۋاي، مەن ئۇنداق دېيەلمەيدىكەنمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يەنە بەزىلەرگە سەكراتقا چۈشكەندە كەلىمە شاھادەت تەلقىن قىلىنغاندا «تۇز، تاپان، قاغا، چىللىك... مەن ئۇتتۇم» دېگەچ جان ئۈزگەنىكەن.

يەنە بەزىلەر سەكراتتا ئېغىزى شاھادەتكە كەلمەي ھاياتىدا كۆپ ئەسلىگەن ئەسلىملىرىنى تىلغا ئېلىپ جان ئۈزگەنىكەن.

يەنە بەزىلەرگە كەلىمە شاھادەت تەلقىن قىلىنغاندا «لاي، لالاي لاي، لاي لا لاي لاي» دېگەچ جان ئۈزگەنىكەن.

يەنە بەزىلەرگە كەلىمە شاھادەت تەلقىن قىلىنغاندا «ئۇ گەپلەرنىڭ ماڭا پايدىسى يوق، مەن گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى چالا قويماي قىلغانمەن» دېگەچ جان ئۈزگەنىكەن.

يەنە بەزىلەرگە كەلىمە شاھادەت تەلقىن قىلىنغاندا «ئۇ گەپلەرنىڭ ماڭا پايدىسى يوق مەن ھاياتىمدا ناماز ئوقۇپ باقمىغان تۇرسام» دەپ كەلىمە شاھادەتنى ئېغىزىدىن چىقارماي جان ئۈزگەنىكەن.

يەنە بەزىلەرگە كەلىمە شاھادەت تەلقىن قىلىنغاندا «مەن سەن دېگەن گەپلەرنى ئىنكار قىلىمەن» دېگەچ جان ئۈزگەنىكەن.

يەنە بەزىلەرگە كەلىمە شاھادەت تەلقىن قىلىنغاندا «ئۇ گەپلەرنى دەي دېسەملا تىلىم تۇتۇلۇپ قالىدىكەن» دېگەچ جان ئۈزگەنىكەن.

باشقىلارنىڭ دەپ بېرىشىچە بەزى تىلەمچىلەر سەكراتتا «پۇل، پۇل، سەدىقە بالانى يەر، سەدىقە بېرىڭلار» دېگەچ جان ئۈزگەنىكەن.

ئاڭلىشىمچە بەزى تىجارەتچىلەر سەكراتقا چۈشكەندە، ئۇنىڭغا كەلىمە شاھادەت تەلقىن قىلىنسا «ماۋۇ ئەرزان، ماۋۇ بەك خېرىدارلىق مال، ماۋۇ مۇنداق، ماۋۇ ئانداق» دېگەچ جان ئۈزگەنىكەن.

خۇدايا تــوۋا، كىشــىلەر بۇنــداق ئىبرەتلەردىــن نۇرغۇنلىرىغا شــاھىت بولــدى. بىــز ئاڭلىمىغــان، بىلمىگەنلىرىدىــن يەنــە كۆپلىگــەن ئىبرەتلــەر بــار.

بىــر ئادەمنىڭ ئەس ـ ھوشــى جايىــدا، كۈچ ـ قۇۋۋىتى، ئىدراكى تولــۇق چاغلىرىــدا شــەيتان ئۇنــى ئۆزىگــە ئەگەشــتۈرۈۋېلىپ، ئالالھقا ئاســىيلىق قىلغىلــى ســالالىغان، قەلبىنــى ئالالھنــى ئەسلەشــتىن، تىلىنــى ئالالھنــى سۆزلەشــتىن، باشــقا ئەزالىرىنــى ئالالھقا ئىتائــەت قىلىشــتىن غەپلەتتــە قويالىغــان يەردە، ئــۇ ئادەم ئاجىزلىشــىپ، بــار خىيالــى تارتىۋاتقــان ســەكراتنىڭ ئاغرىــق ـ ئەلەملىرىگە مەركەزلىشــىپ قالغــان چېغىدا، شــەيتان بــار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنــى ئازدۇرۇشقا پۇرسەت كۈتۈۋاتقان ۋاقتىــدا ئــۇ ئادەمنىــڭ ئەھۋالــى قانــداق بــولار؟!

مانــا بــۇ ۋاقىتــلار ئــۇ ئادەمنىــڭ ئــەڭ ئاخىرقى ئەمــەل پۇرســىتى تۇرســا، بۇنــداق ۋاقىتتــا شــەيتان كۈچىيىــپ، ئــۇ ئــادەم تېخىمــۇ ئاجىزلىشــىپ كېتىدىغــان تۇرســا، بــۇ چاغــدا شــەيتاننىڭ چاڭگىلىدىــن قانداقمــۇ قۇتۇلــۇپ قالالايــدۇ؟!

«ئالــلاھ مۇئمىنلەرنــى مۇستەھكەم ئىمــان بىلــەن دۇنيــادا ۋە ئاخىرەتتــە مەھكــەم تۇرغۇزىــدۇ. ئالــلاھ زالىمــلار (يەنــى كۇپپــارلار) نــى گۇمــراھ قىلىــدۇ، ئالــلاھ خالىغىنىنــى قىلىــدۇ.»[210]

ساق ـ ســالامەت، تىنچ ـ ئامــان ۋاقىتلىرىــدا قەلبــى ئالالھتىــن غاپىــل ياشــىغان، ھاۋايى ـ ھەۋەســلىرىگە ئەگىشــىپ ياشــىغان ئادەملەرنىــڭ ئۆمرىنىــڭ ئاخىرىدىكى ئاقىۋىتــى قانداقمــۇ ياخشى

[210] سۈرە ئىبراھىم 27 ـ ئايەت

بولسۇن؟!

ئاللاھتىن غاپىل ياشىغان ئادەملەرنى ئاللاھ ئۆز رەھمىتىدىن يىراق قىلىدۇ. ئۇنى ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە تاشلاپ بېرىدۇ. شەھۋىتىگە قۇل قىلىپ بېرىدۇ. تىلى دائىم ئويۇن-تاماشا، بىھۇدە گەپ-سۆزلەر بىلەن، باشقا ئەزالىرى ياخشى ئەمەلدىن خالىي، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش بىلەن ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. (ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلىپ بەرگەي)

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىن ئەنسىرەش ۋە خەۋپسىرەش تەقۋادار بەندىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغانىدەك، گويا خاتىرجەملىك توختامى بار كىشىلەردەك بىپەرۋا ياشاش گۇناھكار، زالىملارنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.

«ياكى سىلەر ھۆكۈم قىلغان نەرسەڭلارنىڭ بولۇشىغا بىز سىلەر بىلەن قىيامەت كۈنى ئاندىن ۋاختى توشىدىغان مەھكەم بىر ئەھدى تۈزۈشكەنمۇ؟ ئۇلاردىن سوراپ باققىنكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قايسىسى يۇقىرىقى ئىشلارغا كېپىللىك قىلالايدۇ؟.»[211]

پەرۋاسىز يامان ئىش قىلغان ھوي ئادەم،
ئەمىنلىك توختامنى كۆرسىتە قېنى؟!
شەھۋەت ۋە ئەمىنلىك سەندە مۇجەسسەم،
ھالاك قىپ كېتەتتى بىرىلا سېنى!

[211] سۈرە قەلەم 39، 40 ـ ئايەتلەر

مۇھسىنلار ئەندىشە ئىچىدە يۈرسە،
كىرمىدىڭ ئۇ يولغا، تاشلىدىڭ ئۇنى.
كەتكۈزدۈڭ تېرىمنى كالۋالىق قىلىپ،
تېرىمىسىز، ئورمىدا چىقامدۇ دېنى؟!
ۋاي ئەجەپ، باقىيغا قىزىقمىدىڭ ھېچ،
پانىينى بىلدىڭ سەن ھەممىنىڭ جېنى.
باقىينى تاللىغان، پانىينى قويۇپ
ئۇ دۆتمۇ، يا سەنمۇ ئېيتقىنا قېنى؟!

## 41. گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبلەرنى كور قىلىپ قويىدۇ

چوقۇمكى گۇناھ-مەئسىيەتلەر قەلبلەرنى كور قىلىۋېتىدۇ ياكى قەلبلەرنىڭ نۇرىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىز ئىلگىرىكى مەزمۇنلاردا گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ قەلبلەرنى چوقۇم ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەنىدۇق. قاچانكى قەلب كورلىشىپ ياكى ئاجىزلىشىپ كەتسە ھىدايەتنى تونۇيالماي قالىدۇ. قەلبنىڭ ھىدايەتكە چۈشىنى ۋە ھىدايەتنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشى قەلبنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى بويىچە بولىدۇ.

ئىنسانىي مۇكەممەللىك ھەق بىلەن باتىلنى ئېنىق پەرق قىلىپ، باتىلنى تاشلاپ ھەقنى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسقا تايىنىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ھەر ئىككى دۇنيالىق مەرتىۋىسى پەقەت ئۇلارنىڭ مەزكۇر ئىككى ئاساستىن ئالغان

نىسۋىسى بويىچە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئىككى ئاساس بويىچە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى مەدھىيىلىگەن: «ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن.»[212]

يۇقىرىقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغىنى ھەقىقەتنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى كۈچ ۋە دىنى ئىشلاردىكى بەسىرەت (ئەقىل كۆزى)دۇر. دېمەك، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ھەقىقەتنى مۇكەممەل ئاڭقىرالايدۇ ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىجرا قىلالايدۇ، دەپ سۈپەتلىدى.

بۇ نۇقتىدىن ئىنسانلار تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل بولىدۇ:

ھەقىقەتنى ئىجرا قىلىشتا كۈچلۈك ۋە دىنى ئىشلاردا بەسىرەت (ئەقىل كۆزى)گە ئىگە كىشىلەر. بۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا باشقا مەخلۇقاتلارغا نىسبەتەن ئەڭ ھۆرمەتلىك ۋە ئۇلۇغ كىشىلەردۇر.

يۇقىرىقى ئۇلۇغ، ھۆرمەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەكسىچە، دىندا بەسىرىتى يوق، ھەقىقەتنى ئىجرا قىلىدىغان كۈچ ـ قۇۋۋىتى يوق ئادەملەر. ئۇلار ئىنسانلار ئىچىدە كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇلار پىكرى خۇنۈك، قىزىققان، قەلبى كېسەل ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار يۇرت ـ مەھەللىلەرنى قىستاڭ قىلىش، مال باھاسىنى ئۆستۈرۈشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. ئۇلار بىلەن ئۆلپەتداش بولغانلار پەقەت نۇمۇس ۋە ھاقارەتتىن باشقىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

---

[212]

ھەقنى ئاڭقىرىغان ۋە تونۇغان بولسىمۇ، ئەمما ئاڭ ـ تونۇشى ئاجىز كىشىلەر. بۇلار بۇنداق ئاجىز ئىگى ئارقىلىق ھەقىقەتنى ئىجرا قىلالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا دەۋەتمۇ ئېلىپ بارالمايدۇ. مانا بۇ ئاجىز مۇئمىننىڭ ئەھۋالىدۇر. «كۈچلۈك مۇئمىن ئاللاھ ئالدىدا ئاجىز مۇئمىندىن ياخشىراق ۋە سۆيۈملۈكرەكتۇر».

ئۆزى كۈچلۈك، ھىممەتلىك، ئىرادىلىك بولسىمۇ، لېكىن دىندىكى بەسىرىتى، ئاڭ ـ تونۇشى ئاجىز كىشىلەر. ئۇلار ھەتتا ئاللاھنىڭ دوستلىرى بىلەن شەيتاننىڭ دوستلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ. بەلكى ھەرقانداق قارا نەرسىنى خورما، ھەرقانداق ئاق نەرسىنى پاختا، ئىششىپ قالغان ئادەمنى سېمىز، ئاچچىق دورىنى زەھەر دەپ ئويلاپ يۈرىۋېرىدۇ.

مەزكۇر تۆت تىپ ئىچىدە بىرىنچىسىدىن باشقىلار دىنى پېشۋالىققا، يېتەكچىلىككە ۋە رەھبەرلىككە يارىمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق.»[213]

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا دىنى پېشۋالارنىڭ پەقەت سەۋر ۋە شەكسىز ئىشەنچ ئارقىلىقلا دىنى پېشۋالىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ ۋە «سۈرە ئەسىر» دە بارلىق زىيان تارتقۇچى كىشىلەر ئىچىدىن ئۇلارنى ئايرىپ چىقىرىۋالىدۇ: «زامان بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى

[213] سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت

قىلغان، بىر-بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر-بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.»[214]

مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تائالا زىيان تارتمايدىغانلىقنى تىلغا ئالغان كىشىلەر ئۆزى ھەقىقەتنى چۈشىنىپ، ئاڭقىرىپ، سەۋر قىلىپلا توختاپ قالغانلار بولماستىن، بەلكى ئۆزئارا ھەقنى ۋە سەۋرنى تەۋسىيە قىلغان، ئۆزئارا ھەققە ۋە سەۋرگە يېتەكلەشكەن ۋە قىزىقتۇرۇشقان كىشىلەردۇر.

ئۇنداقتا ھەقنى ئاڭقىرىغان ۋە سەۋرگە تەۋسىيە قىلىشقانلاردىن باشقا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى زىيان تارتىدىغان ئىش بولسا، ناھايىتى ئېنىقكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ قەلب كۆزىنى ئەما قىلىپ قويىدۇ-دە، ھەقىقەتنى توغرا رەۋىشتە تونۇپ يېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى ۋە ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ-دە، ئۇ ئادەم سەۋرسىز، تاقەتسىز، چىدامسىز بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇ ئادەمنىڭ قەلبىگە ھەر خىل گادىرماچ خىياللار كېلىۋالىدۇ. قىلىۋاتقان ئىشلىرى بىلەن ھېس تۇيغۇلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. باتىلنى ھەق، ھەقنى باتىل كۆرۈپ قالىدۇ. ياخشىنى يامان، يامانىنى ياخشى دەپ قاراپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۆنىلىشلىرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۇ، ئاللاھ ۋە ئاخىرەت يولىدىن يېنىپ كۆڭلى تارتقان باتىل يوللارغا كىرىپ كېتىدۇ. دۇنيا ھاياتىغا رازى بولۇپ، بىپەرۋا، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىدىن غاپىل

[214] سۈرە ئەسىر

هالەتتە ياشايدۇ. ئاللاھقا ئۇچرىششقا تەييارلىقمۇ كۆرمەيدۇ. ناۋادا گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ مۇشۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق جازا ۋە ياساقلىرى بولمىغان بولسىمۇ، بۇ جازالار ئۇنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشىگە يېتەتتى. (ئاللاھ ھەممىمىزگە ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل كۆرۈدىغان ئاڭ، بەسىرەت ئاتا قىلغاي)

تائەت-ئىبادەت قەلبلەرنى كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم قىلىدۇ. قەلبلەرنى نۇرلاندۇرىدۇ ۋە ئۇنى جۇلالاندۇرۇپ، سۈزۈكلەشتۈرىدۇ. ھەتتا قەلبلەر گوياكى ئەينەككە ئوخشاش نۇرغا توشىدۇ. شەيتان بۇنداق قەلبلەرگە يېقىنلاشقان ھامان بۇ قەلبلەر شەيتانغا شۇنداق بىر زەربە بېرىدۇكى، شەيتان ئۇنىڭدىن گويا تۆلكە يولۋاستىن قاچقاندەك قاچىدۇ. بۇنداق قەلبكە ئىگە كىشىلەر شەيتاننى ناھايىتى تېزلا مەغلۇپ قىلىۋېتىدۇ. شەيتانلا توپلىشىپ «بۇ نېمە ئەھۋال، بۇنىڭغا ئىنسان تەرىپىدىن زەربە يېتىپتۇ» دېيىشىدۇ.

جۇلالىق ھۆر قەلب نۇرى كارامەت،
كەلتۈرەر شەيتانغا بۇ نۇر پالاكەت.

بۇنداق نۇرانە قەلب بىلەن زۇلمەت باسقان، زىددىيەتلىك، شەيتان ئۇۋۋا قىلىۋالغان قەلبلەر ئوخشاش بولامدۇ؟! بۇنداق قەلبلەرگە شەيتان ئۇچراشقاندا «ياشاپ كەت! سەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغان بىر ھەمراھىنىڭ قۇربانى

بولىدۇ» دەيدۇ.

ھەمراھمەن مەن ساڭا دۇنيا ـ ئاخىرەت،
سەن ماڭا ھەمراھسەن ھەر جايدا ئەبەت.
دوزىخى بوپ كەتسەڭ قىيامەت كۈنى،
ئىككىمىز كۆرىمىز ئوخشاش ئاقىۋەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن (يەنى قۇرئاندىن) يۈز ئۆرۈيدىكەن، بىز ئۇنىڭغا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىمىز (شەيتان ئۇنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ)، شەيتان ئۇنىڭغا ھەمىشە ھەمراھ بولىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، شەيتانلار ئۇلارنى (يەنى ئازغۇن كۇپپارلارنى) توغرا يولدىن توسىدۇ، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنى توغرا يولدا دەپ گۇمان قىلىدۇ. كاپىر ئادەم (ھەمراھى بىلەن قىيامەت كۈنى) دەرگاھىمىزغا كەلگەن چاغدا (ھەمراھىغا): «كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارامدا شەرق بىلەن غەربنىڭ ئارىسىدەك ئارىلىق بولسا ئىكەن. (سەن) نېمە دېگەن يامان ھەمراھ! (چۈنكى سەن مېنىڭ بەختسىزلىكىمگە سەۋەبچى بولدۇڭ)» دەيدۇ. (ئۇلارغا) «(دۇنيادىكى چاغدا) زۇلۇم قىلغانلىقىڭلار (يەنى شېرىك كەلتۈرگەنلىكىڭلار) ئۈچۈن بۈگۈن سىلەرنىڭ ئازابتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ» دېيىلىدۇ.»[215]

مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تائالانى ئەسلەشتىن ۋە ئۇنىڭ

[215] سۈرە زۇخرۇف 36،37،38،39 ـ ئايەتلەر

كىتابىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى؛ ئۇنىڭدىكى ھەقىقەتلەرگە كۆز يۇمغان، «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن قەلب كۆزىنى ئىشقا سالمىغانلارنى جازالاش يۈزىسىدىن ئاللاھ تائالا شەيتاننى مۇسەللەت قىلىپ قويىدىغانلىقى؛ شەيتان ئۇلاردىن ھەر ۋاقىت ئايرىلماي، ئۇلارنىڭ ئۆلپىتىگە ۋە دوستىغا ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بېرىلىدى. شەيتان نېمىدېگەن يامان ئۆلپەت، نېمىدېگەن يامان ھەمراھ-ھە!

ئېمىلداش ئۇلار، ئايرىلماسقا قەسەم ئىچىشكەن،

قەسەمگە ئانامنىڭ مەممىسى بەدەل دېيىشكەن.

ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، جەزمەن شەيتان ھەمراھىنى، دوستىنى ئاللاھنىڭ يولىدىن ۋە ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ئۇلاشتۇرىدىغان يوللاردىن توسىدۇ. شەيتانغا جۆرە بولغان بۇ ئازغۇن شەيتاننىڭ يولىنى توغرا دەپ ئويلاپ مېڭىۋېرىدۇ. ھەتتاكى قىيامەت كۈنى ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە «كاشكى سەن بىلەن مېنىڭ ئارام مەشرىق بىلەن مەغرىبتەك يىراق بولۇپ كەتسىچۇ! دۇنيادىمۇ ياخشىلىق كەلتۈرمىدىڭ. ھىدايەتكە ئەگىشىپ بولغىنىمدىن كېيىن ئازدۇرۇپ، ھەقتىن توسۇپ، كۈشكۈرتۈپ ھالاكەتكە ئىتتەردىڭ، سەن بۇگۈن ماڭا نېمىدېگەن رەزىل ھەمراھ!» دەيدۇ.

دۇنيادىكى كېلىشمەسلىك ياكى پىشكەلچىلىكلەر بىرلا ئادەمنىڭ بېشىغا كەلمەي كۆپرەك ئادەمنىڭ بېشىغا كەلسە، كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغۇچىلار بىر-بىرىگە قاراپ تەسەللى

تېپىپ قالىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەت كەرىمىدە «بۇگۈن سىلەرنىڭ ئازابتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ» دېيىش ئارقىلىق بۇ ھەمراھلارنىڭ ئۇنداق تەسەللىيلەرگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، بىر-بىرىگە يەتكەن ئازاب ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللىي تاپالمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر شائىرەسى خەنسا ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى بىر قەسىدىسىدە بىر جامائەتچىلىكنىڭ بېشىغا كەلگەن ئورتاق مۇسىبەتنىڭ يالغۇز بىر ئادەمگە كەلگەن مۇسىبەتتىن يەڭگىل بولىدىغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەندى:

كۆرمىگەن بولسام گەر نۇرغۇن كىشىنىڭ،
قېرىندىشى دەردىدە يۈرگىنىنى يىغلاپ.
(ئۆزۈمنى دەرياغا ئاتقان بولاتتىم،
ۋە ياكى) ئۆلەتتىم (ئۆزۈمنى تىغلاپ).
گەر ئۇلار يىغىسى مېنىڭدەك ئەمەس،
ۋە لېكىن تۇرىمەن ئۆزۈمنى ئالداپ.

ئاللاھ تائالا دوزىخىيلارنى بىر-بىرىدىن تەسەللىي تاپىدىغان راھەتتىن مەھرۇم قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇگۈن سىلەرنىڭ ئازابتا ئورتاق بولغانلىقىڭلار سىلەرگە پايدا بەرمەيدۇ.»[216]

[216] سۈرە زۇخرۇف 39 - ئايەت

## 42. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئىنساننىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدۇر

گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان شەيتانغا مەدەت بولۇپ، شەيتاننىڭ ئىنسانغا قارشى كۆرەش قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. شەيتان ئىنساندىن مىنۇت-سېكۇنت ئايرىلمايدۇ. ئۇ ئۇخلاپ قالمايدۇ، غاپىل قالمايدۇ. شەيتان ۋە شەيتاننىڭ شايكىلىرى ھەر دائىم ئىنساننى كۆزىتىپلا تۇرىدۇ. ئۇ ھەر دائىم بار كۈچى بىلەن ئىنسانغا زىيانكەشلىك قىلىدۇ. ئىنسانغا قولىدىن كېلىشىچە ھىيلە-مىكىر، سۇيىقەستلەرنى قىلغىلى تۇرىدۇ. ئىنسانغا قارشى ھەرىكەتتە جىنلار ئىچىدىكى شەيتانلار ۋە ئادىمىي شەيتانلاردىن ياردەم سورايدۇ. ئىنسانغا تۇزاقلارنى قۇرۇپ، قېپىنچىلىق تۇغدۇرغىلى تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئەتراپىغا ئۆزىنىڭ گۇماشتىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تور-قاپقانلارنى قۇيىدۇ ۋە گۇپپاڭچىلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: «مانا بۇلار، سىلەرنىڭ ۋە ئەجدادىڭلارنىڭ دۈشمىنى ئىنساندۇر. بۇنى قەتئىي قولدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. ئۇ جەننەتكە كىرىپ، بىز دوزاخقا كىرىپ كەتسەك بولمايدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىپ، بىز غەزىپىگە يولۇقساق بولمايدۇ. بىز مۇشۇ ئىنسانلارنىڭ كاساپىتىدىن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلىنىپ، رەسۋالارغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمىزنى بىلىسىلەرغۇ! ئۇنداق بولغانىكەن، بىز ھەسرەتلىرىمىزگە، مۇسىبەتلىرىمىزگە ئۇلارنى شېرىك قىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن بار تېرىشچانلىقىڭلارنى كۆرسىتىڭلار! بىز ئۇلارنىڭ ياخشىلىرى بىلەن جەننەتكە شېرىك بولالمىغان ئىكەنمىز، ئۇلار بىزگە

جەھەننەمدە شېرىك بولسۇن! ئاللاھ تائالانىڭ بىلدۈرۈشىچە، بىزنىڭ بارلىق مۇسىبەتلىرىمىز مۇشۇ دۈشمىنىمىز سەۋەبىدىن بوپتىكەن. بىزمۇ بۇلارغا ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ قويايلى!

ئاللاھ تائالا ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى شەيتان ئارقىلىق سىنىدى ۋە بۇ ئىككى سەپتىكىلەرگە نۇرغۇن ياردەمچى قوشۇنلارنى سەپلەپ بەردى. ئۇلار شۇ قوشۇنلىرى بىلەن بىر سەپ ھاسىل قىلىپ بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرەت ھاياتىغا نىسبەتەن بىر تىنىقتەكلا قىسقا بۇ ھاياتتا ئۆمۈرلۈك كۆرەش باشلىنىپ كېتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلارغا جەننەتنى بېرىپ، جانلىرىنى ۋە ماللىرىنى سېتىۋالدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلغانلىقى، ۋەدىگە ئاللاھتىنمۇ بەكرەك ۋاپادار بىرىنىڭ يوقلىقى توغرىسىدا تەۋرات، ئىنجىل ۋە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ساماۋىي كىتابلىرىدا خەۋەر بەردى. ئاندىن بۇ سودىنىڭ قىممىتىنى بىلگەنلەر، جانلىرىنى سېتىۋالغۇچىنىڭ كىملىكىنى، تاپشۇرۇلىدىغان پۇلنىڭ نېمىلىكىنى، بۇ توختام ۋە پۈتۈمنىڭ كىمنىڭ قولى ئارقىلىق ئىمزالانغانلىقىنى بىلگەنلەرنىڭ بۇ سودىدىن خۇشال بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق غەلىبە بارمۇ؟! بۇ تىجارەتتىنمۇ پايدىلىق تىجارەت بارمۇ؟!

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر

تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، دائىمى تۇرالغۇ بولغان جەننەتلەردىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ)، بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتتۇر. سىلەرگە مەرھەمەت قىلىنىدىغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېئمەت ئاللاھتىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلبە (يەنى مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى)دۇر، (ئى مۇھەممەد!) مۇئمىنلەرگە (بۇ روشەن مەرھەمەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.»[217]

ئاللاھ تائالا شەيتانغا بارچە مەخلۇقلار ئىچىدە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن مۇئمىنلارنى ئازدۇرۇشقا، بولۇپمۇ مۇئمىنلار ئىچىدىكى مۇجاھىدلارنى ئازدۇرۇشقا ئىمكان بەرمىدى. جىھاد ۋە مۇجاھىد ئاللاھ ياراتقان بارچە مەخلۇقلار ئىچىدە ئەڭ يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە. ئۇلار ئاللاھقا ئەڭ يېقىن. جىھاد ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالى. ئاللاھ تائالا جىھاد تۇغىنى ئىنسانلارنىڭ جەۋھىرى بولغان قەلبكە چەگدى. قەلب ئاللاھنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاش، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ۋە ئىخلاس قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئاللاھقا قايتىشتىكى بىردىنبىر مەركەز. شۇنداق بولغاچقا،

[217] سۈرە سەف 13، 12، 11، 10 ـ ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا بۇ جىھادنى مۇئمىنلارگە تاپشۇردى. مۇئمىنلارگە ئايرىلماس پەرىشتىلەر بىلەن مەدەت بەردى. «ھەر بىر ئادەمنىڭ ئالدى-كەينىدە ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ئۇنى قوغدايدىغان نۆۋەتچى پەرىشتىلەر بار.»[218]

پەرىشتىلەر بىر تۈپى كەتسە، بىر تۈپى كېلىپ ئىنسانلارنى نۆۋەتلىشىپ قوغدايدۇ. پەرىشتىلەر ئىنسانلارنىڭ قەدىمىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ ۋە ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۇز ھىمايىسىگە ئالىدۇ. ئۇلارغا ئاللاھنىڭ كارامىتىنى ۋەدە قىلىدۇ ۋە سەۋرىگە ئۈندەيدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھقا ياراش سائەتلىك ئىش، ئەمما ئۇنىڭ راھىتى مەڭگۈلۈك بولىدۇ.»

ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ۋەھىي ۋە كالاملىرى بىلەن مەدەت بېرىدۇ. ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىدۇ ۋە كىتابلىرىنى نازىل قىلىپ كۈچىگە كۈچ، قۇۋۋىتىگە قۇۋۋەت، تەييارلىقىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ. تېخى ئۇنىڭدىن سىرت ئىنسانغا پىلانچى ۋە يېتەكچى قىلىپ ئەقىل ئاتا قىلىدۇ. ئىنسانغا كۆرسەتمە ۋە نەسىھەتچى بولسۇن دەپ مەرىپەتنى ئاتا قىلىدۇ. ئىنساننى بەقارار قىلسۇن، كۈچلەندۈرسۇن ۋە ياردەم بەرسۇن دەپ ئىمان ئاتا قىلىدۇ. ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرسۇن دەپ جەزمىيەتنى ئاتا قىلىدۇ. يۇقىرىقى ئىنئاملارغا نائىل بولغان ئىنسان گوياكى ئاللاھ ئۆزىنىڭ دوستلىرى ۋە ئەسكەرلىرىگە بەرگەن دۈشمەنلەرگە قارشى جىھادتىكى ۋەدىلىرىنى ئۆز

[218] سۈرە رەئدە 11 - ئايەت

كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاندەك؛ ئەقىل ئەسكەرنىڭ ئىشىنى پىلانلاۋاتقان؛ مەرىپەت جەڭگە ئالاقىدار ئىشلار، سەۋەبلەر ۋە ئۇنىڭغا تېگىشلىك مەسىلىلەر ھەققىدە يوليورۇق بېرىۋاتقان؛ ئىمان ئۇنى بەقارار قىلىۋاتقان ۋە كۈچەيتىۋاتقان، سەۋر ئاتا قىلىۋاتقان؛ جەزمىيەت تۇيغۇسى ئۇنى ئالغا ئىنتىلدۈرۈۋاتقان، بار ۋۇجۇدى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ئۈندەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ.

ئاللاھ تائالا جىھاد قىلغۇچىلارغا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن مەدەتلەرنى بېرىدۇ. كۆز ئۇلارنىڭ جىسەكچىسىگە، قۇلاق خەۋەرچىسىگە، تىل تەرجىمانىغا، قول-پۇتلىرى ياردەمچىلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى ۋە ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر مۇجاھىدقا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئاللاھتىن ئۇنى يامانلىقلاردىن ساقلاشنى ۋە جەننەتكە مۇشەررەپ قىلىشنى سورايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇجاھىدلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ۋە قوغداشنى ئۆزى ئۈستىگە ئالغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى «ئۇلار مېنىڭ قوشۇنلىرىم، ئاللاھنىڭ قوشۇنلىرى غەلىبىگە ئېرىشىدۇ» دەپ سۈپەتلىگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ قوشۇنىدۇر، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ قوشۇنى مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر.»[219]

«بىزنىڭ قوشۇنىمىز چوقۇم غەلىبە قىلغۇچىلاردۇر.»[220]

ئاللاھ تائالا بۇ جىھاد ۋە كۈرەشنىڭ ماھىيىتىنى مۇنۇ

---

[219] سۈرە مۇجادەلە 22 ـ ئايەت
[220] سۈرە سافقات 173 ـ ئايەت

ئايەتتە مۇنداق تۆت سۆزگە يىغىنچاقلايدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! تائەت ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىدامىلىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار).»[221]

جىھاد پەقەت يۇقىرىقى تۆت ئىش ئارقىلىقلا مۇكەممەللىشىدۇ. سەۋر پەقەت دۈشمەن بىلەن توقۇنۇشقاندا چىدامچانلىق كۆرسىتىش، دۈشمەنلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئۇلار بىلەن مەيداندا چۈشۈش دېمەكتۇر.

ناۋادا ئۇزاق مەزگىل دۈشمەن بىلەن تىركىشىش ياكى كۈچ سىنىشىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغاندا، چېگرالارنى ياخشى ساقلاش ۋە ئىزچىل تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇش لازىم. قەلبلەرگە شەيتان كىرىۋالماسلىق ئۈچۈن ئۇنى ياخشى نازارەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كۆز، قۇلاق، تىل، قورساق، قول، پۇت چېگرالىرىنى ياخشى قوغداش لازىم. يۇقىرىقى چېگرالاردىن دۈشمەنلەرنىڭ كىرىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭ جاسۇسلۇق قىلىشى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. دۈشمەن كىرىۋېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرقانداق يوچۇقلارنى ياخشى نازارەت قىلىش كېرەك.

ساھابىلەر پەيغەمبەرلەردىن قالسىلا ئەڭ ياخشى، شەيتاندىن ناھايىتى ياخشى قوغدانغان ۋە ئۆزىنى ساقلىغان كىشىلەر

[221] سۈرە ئال ئىمران 200 ـ ئايەت

تۇرۇقلۇق، ئوھۇد كۈنىدە نازارەت قىلىشقا، قوغداشقا بۇيرۇلغان جايلارغا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ يەردىن دۈشمەن كىرىۋېلىپ نۇرغۇن بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈردى.

مەزكۇر سەۋر، كۆرەش ۋە تەييارلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنىڭ مەركىزى نۇقتىسى تەقۋالىقتۇر. تەقۋالىقى بولمىغان كىشىلەرنىڭ سەۋرىسى، كۆرەشلىرى ۋە تەييارلىقلىرى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. تەقۋادارلىق پەقەت سەۋر قىلىش ئارقىلىقلا ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

### ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئوخشىمىغان ئىككى كۈچنىڭ ئېلىشىشى

قاراپ باقىدىغان بولساق، ئىچىمىزدە ئۆزئارا قارشى ئىككى قوشۇننىڭ ئېلىشىۋاتقانلىقىنى، ئىككى ئەسكەرنىڭ ئۆزئارا توقۇنۇشۇۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. بىر نۆۋەت بىز يېڭىلساق يەنە بىر نۆۋەت بىزنىڭ رەقىبىمىز يېڭىلىدۇ.

كاپىرلارنىڭ شاھى شەيتان ئۆزىنىڭ يانتاياقچىلىرىنى ۋە قۇيرۇقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ، قەلبنىڭ تولۇق قوغدىنىپ مەملىكەت كۇرسىسىدا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى، ياردەمچىلىرىنىڭ ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەسكەرلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ ئاتاكىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىۋاتقانلىقىنى بايقايدۇ. شەيتان بۇ قەلبكە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بەزى رەھبەرلىرىنى ۋە ئەسكەرلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭ ئالاھىدە يېقىن كىشىلىرى كىم؟ دەپ سورايدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئەسكىرى نەپس دەپ جاۋاب بېرىلىدۇ. شەيتان چاپارمەنلىرىگە

مۇنداق دەيدۇ: نەپسىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا كىرىپ، ئۇنىڭ نىيمىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا قاراپ بېقىڭلار! ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى تەقلەپ بېرىڭلار! خاھ ئويغاق، خاھ ئۇخلىغان ۋاقىتلىرىدا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنى كۆز ئالدىدىن كەتمەيدىغان قىلىۋېتىڭلار! بۇ خىل ھالەتكە كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنى شەھۋەت قارماقلىرى ۋە كانارىلىرىغا ئىلىپ سۆرەپ كېلىڭلار! ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىگەللەپ ئۆزلۈڭلەرگە ئەگەشتۈرۈپ بولساڭلار ئۇلارنىڭ كۆز، قۇلاق، تىل، ئىغىز ۋە پۇت-قوللىرى سىلەرگە ئەگەشتى دېگەن گەپ. سىلەر بۇ چېگرالارنى ياخشى مۇداپىئە قىلىڭلار! سىلەر بۇ چېگرالار ئارقىلىق قەلبكە كىرەلىسەڭلار، قەلبنى ئۆلتۈرەلەيسىلەر ياكى ئەسىرگە ئالالايسىلەر ياكى ئىغىر ياردار قىلالايسىلەر. بۇ چېگرالاردىكى پوستىنى بوشاشتۇرۇپ قويماڭلار. بولمىسا ئۇ يەردىن باشقا قوشۇنلار كىرىۋېلىپ، سىلەرنى قوغلاپ چىقىرىدۇ. ناۋادا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىساڭلار، قارشى سەپنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە سۇسلاشتۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىڭلار. ئۇلار ھەرگىزمۇ قەلبنى كونترول قىلىۋالمىسۇن. ناۋادا قەلبكە كىرىۋالدى دېگەن تەقدىردىمۇ كۈچى ئاجىز ھالەتتە كىرسۇنكى، قەلبكە تەسىر كۆرستەلمىسۇن!

## كۆز چېگراسى

ئىبلىس ئەتراپىدىكى قوللىغۇچىلىرىغا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ناۋادا يۇقىرىقى چېگرالارنى قامال قىلىپ بولساڭلار، كۆزلەرنى شەيئىلەرگە ئىبرەت نەزىرى بىلەن قارىغىلى قويماڭلار.

كۆزلىرىنى نېمىگە قارىسا تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش، ئويۇن مەقسىتىدە قارايدىغان قىلىۋېتىڭلار! ناۋادا كۆزلەر شەيئىلەرگە ئىبرەت كۆزى بىلەن قاراپ قالسا، ئۇنى دەرھال بۇزۇپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن، تولىمۇ سۆيۈملۈك، تولىمۇ قولاي بولغان غەپلەت، شەھۋەت، كۆڭۈل ئېچىش نەزىرى بىلەن قارايدىغان قىلىۋېتىڭلار. كۆزلەرنىڭ چېگرالىرىنى قاتتىق مۇداپىئە قىلىڭلار. بىز مەقسىتىمىزگە كۆزلەر ئارقىلىق يېتەلەيمىز. مەن ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشتا، بۇزۇشتا كۆزدىن ئۈنۈملۈكرەك ۋاستە بار دەپ قارىمايمەن. مەن قەلبلەرگە شەھۋەت ئۇرۇقلىرىنى تىكىپ قويىمەن. ئۇ ئۇرۇقلارنى ئارزۇ-ئارمان سۇلىرى بىلەن سۇغىرىمەن. ھەمىشە ئۇنى پەرۋىش قىلىپ ناھايىتى كۈچەيتىۋېتىمەن. ئۇنى شەھۋەت تىزگىنىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ پاكلىقىدىن ۋاز كەچكۈزىمەن. بۇ چېگرانى قوغداشقا قەتئىي سەل قارىماڭلار! قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ئۇنى بۇزۇۋېتىڭلار. قەلبنى چېگرا مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، پەرۋاسىز قىلىۋېتىڭلار. كۆزلەرگە «شەيئىلەرگە قانچە قارىغانسېرىڭ، ياراتقۇچىغا شۇنچە كۆپ تەسبىھ ئېيتالايسەن. ئۇنىڭ يارىتىشتىكى ئاجايىباتلىرى ھەققىدە ئويلىنالايسەن. بۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەر ئاللاھنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە يارىتىلغان. ئاللاھ كۆزلەرنى بىكارغا ياراتمىغان. بۇ كۆرۈنۈشلەر قارىماسلىق ئۈچۈن يارىتىلمىغان» دەپ پىچىرلاڭلار. ناۋادا يۇقىرىقى باسقۇچتا بىلمىسىز، چولتا ئەقىل كىشىلەر ئۈستىدىن غەلبە قىلالىساڭلار، ئۇلارغا يەنە «بۇ كۆرۈنۈشلەر ھەقىقەت كۆرۈنۈشلىرى ياكى ھەقنىڭ جۇلاسى» دېگىلى تۇرۇڭلار.

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى «ئىنتىھاد»[222] قارىشىغا قايىل بولۇشقا چاقىرىشقان. ناۋادا بۇ قاراشنى قوبۇل قىلمىسا، ھېچبولمىغاندا «ھۇلۇل»[223] قارىشىغا قايىل قىلىشقان. بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماستىن ئۇنى يۇقىرىقى قاراشلار ئارقىلىق ناسارالار سېپىگە ئەكىرىپ قويۇشقان. ئاندىن ئۇلارنى ئىپپەتلىك بولۇش، ئۆزىنى ساقلاش، ئابدىلىق ۋە زاھىتلىققا چاقىرىشقان. ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى يەمچۈك قىلىپ تۇرۇپ نادانلارنى ئوۋلاشقان. مانا بۇلار مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزباسارلىرىم ۋە بۆيۈك قوشۇنلىرىمدۇر. بەلكى تېخى مەنمۇ بەزىدە ئۇلارنىڭ قوشۇنى ۋە ياردەمچىلىرى بولۇپ قالىمەن.

### قۇلاق چېگراسى

ئىبلىس ئەتراپىدىكى قوللىغۇچىلىرىغا يەنە مۇنداق دەيدۇ: قۇلاق چېگرىلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەم قامال قىلىپ، ئىشلىرىڭلارنى بۇزىدىغان نەرسىلەرنى قەتئىي كىرگۈزمەڭلار. قۇلاقلاردىن پەقەت نەپسكە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان، شېرىن تۇيۇلىدىغان، قولايلىق دەپ قارىلىدىغان باتىللا كىرسۇن. باتىل پىكىر ۋە باتىل گەپ-سۆزلەرگە ناھايىتى تاڭسۇق، جەلىبكار، ئەقىللەرنى لال قىلىدىغان سۆزلەرنى تاللاپ بېرىڭلار ۋە ئۇ گەپلەرنى كۆڭۈلگە ناھايىتى يېقىشلىق نەرسىلەرگە

[222] ئازغۇن سوپىلارنىڭ قارىشىدىكى بەندىنىڭ ئاللاھقا قوشۇلۇپ، بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىشى.

[223] ئاللاھنىڭ نۇرىنىڭ بىر بەندىدە جۇلالىنىشى، ئىتتىھاد بىلەن ھۇلۇل ئارىسىدىكى پەرق شۇكى، ئىتتىھاد ماقامىغا يەتكەن كىشى ئاللاھ بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. قەتئىي ئايرىلمايدۇ. ئەمما ھۇلۇل ماقامىدا بولسا، ئىلاھىي نۇر ياكى ھېكمەت ئۇ ئادەمدە تەجەللىي قىلىدۇ، ئايرىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقىمۇ بار... يۇقىرىقىلار سوپىلارنىڭ ئىستىلاھى...

ئارىلاشتۇرۇۋالار.

ئۇلارغا شۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇ گەپلەرگە مايىللىق كۆرۈلسە، دەرھال شۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى تۆككىلى تۇرۇۋالار. بۇ سۆزلەرنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى بايقىساڭلار ئۇلارنىمۇ شۇنداق گەپ-سۆزلەرنى سۆزلەيدىغان قىلىپ قويۇۋالار. بۇ چېگرانى ناھايىتى ياخشى مۇداپىئە قىلىڭلار! ئۇنىڭدىن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كالامى ياكى باشقا نەسىھەتچىلەرنىڭ سۆزلىرى ئۆتۈپ قالمىسۇن! ناۋادا بۇ چېگرادىن يۇقىرىقى كالام ياكى گەپ-سۆزلەر ئۆتۈپ قېلىپ، سىلەر ئۇتۇقۇقا ئېرىشەلمىسەڭلار، قارشى گەپلەرنى قېلىش ئارقىلىق ياكى ئۇلار ئاڭلاپ قالغان ھەق سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ قارىشىدا ھەيۋەتلىك، ئادەتتىن تاشقىرى مۇقەددەس كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇ سۆزلەرنى توغرا چۈشەنگىلى، تەپەككۇر قىلغىلى، بۇ كالام ۋە گەپ-سۆزلەر توغرىسىدا ئويلانغىلى، ئۇنىڭدىن نەسىھەت قوبۇل قىلغىلى قويماڭلار. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كالاملىرى ياكى نەسىھەتچىلەرنىڭ ھەق سۆزلىرىنى ھەيۋەتلىك، ئادەتتىن تاشقىرى مۇقەددەس كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ھەق كالاملار ئوتتۇرىسىغا توسالغۇ پەيدا قىلغىلى بولىدۇ. ئۇلار بۇ كالاملارنى چۈشىنىش ئۆزىگە نېسىپ بولمايدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. ناۋادا يۇقىرىقى ئۇسۇللار كار قىلمىسا، يۇقىرىقى گەپ-سۆزلەرنى تولىمۇ ئادەتتىكىچە، ئەرزىمەس قىلىپ كۆرسىتىڭلار ۋە ئۇلارنى ھەممە ئادەم مۇھىم ۋە چوڭ دەپ قارايدىغان ۋە باشقىلارغا يوچۇن بىلىنىدىغان، بازارلىق ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلۈش

كىرەكتەك؛ ھەقىقەت ئاقمايدىغاندەك، ھەقىقەت تەرىپىدە تۇرىدىغانلار نۇرغۇن قارشىلىقلارغا دۇچ كېلىدىغاندەك؛ ھەقىقى پايدا ئالىمەن دېگەنلەر ھەقىقەتنى ئۆتۈنۈپ بېرىپ تۇرۇشى كېرەكتەك تۇيغۇلارغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ؛ ئۇلارغا باتىلنى قوبۇل قىلالايدىغان، يەڭگىل شەكىلدە تاشلاپ بېرىپ، ھەقىقەتنى يامان كۆرسىتىپ، ئېغىر بىلىندۈرۈپ تۇرۇپ تارتىپ چىقىدۇ!

بۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئادىمىي شەيتاندىن ئىبارەت ئاكا-ئۇكىلىرىغا قاراپ باقايلى. ئۇلار ياخشىلىقنى بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى ئارتۇق ئىش، باشقىلارنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشقانلىق، ھالاكەتكە يۈز تۇتقانلىق، كىشىلەر ئىچىدە پىتنە پەيدا قىلغانلىق دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چولتا ئەقىل، كالتە پەم كىشىلەرگە ئۇلارنى قىزىقتۇرىدىغان، كۆڭلىگە ياقىدىغان سۆزلەرنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ. بۇلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق. ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر-بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ.»[224] ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتتە ئۇلارنىڭ باتىل گەپلىرىنى شېرىن سۆز دەپ ئاتىدى. چۈنكى باتىل تەرەپتىكىلەر قولىدىن كېلىشىچە گەپنى ياساپ، يېقىشلىق قىلغىلى تۇرىدۇ-دە، تۇراقسىز ئادەملەر بۇ گەپلەر ئارقىلىق ئالدىنىپ قالىدۇ.

[224] سۈرە ئەنئام 112 - ئايەت

خۇلاسىكالام، شەيتان قۇلاق چېگرالىرىنى قامال قىلىپ، ئۇنىڭدىن بەندىگە زىيانلىق نەرسىلەرنى ئۆتكۈزىدۇ. مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى توسۇپ قالىدۇ. ناۋادا ئەھمىيەتلىك گەپ-سۆزلەر كىرىپ قالدى دېگەن تەقدىردىمۇ شەيتان ۋە ئادىمىي شەيتانلار ئۇنى ئۆز پېتىچە ئەمەس، بەلكى بۇزۇپ چۈشەندۈرىدۇ.

### تىل چېگراسى

ئىبلىس ئەتراپىدىكى قوللىغۇچىلىرىغا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى بۇرادەرلەر، ئىنسانلارنىڭ تىللىرىنى ياخشى قامال قىلىڭلار! ئۇ ناھايىتى مۇھىم چېگرادۇر. ئۇ ئىنساننىڭ باشقا ئەزالىرىغا نىسبەتەن شاھلىق رولىنى ئۆتەيدۇ. تىللارنى پايدىسىز قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئەمەك قىلىڭلار. ئاللاھنى ئەسلەش، ئىستىغپار ئېيتىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش، مەنپەئەتلىك ئىلىم يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت پايدىلىق ئىشلارغا كەلگەندە ئۇنىڭغا توسالغۇ بولۇڭلار! سىلەر تىل چېگرالىرىنى ياخشى قامال قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى مۇھىم ئىككى نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىلەر. بۇ ئىككى نەتىجىنىڭ قايسى بىرىگە ئېرىشسەڭلار، سىلەر يەنە زور ئۇتۇمگە ئېرىشكەن بولىسىلەر.

بىرىنچى: باتىل گەپلەرنى دېگىلى سالالايسىلەر. ئۇ باتىل گەپ قىلغان ھامان سىلەرنىڭ بۇرادىرىڭلارغا، سىلەرنىڭ ئەسكىرىڭلارغا، سىلەرنىڭ ياردەمچىڭلارغا ئايلىنىدۇ.

ئىككىنچى: ھەقىقەتتىن سۈكۈت قىلدۇرالايسىلەر. گويا

بىرىنچى خىلدىكى كىشىلەر سۆزلەش ئارقىلىق سىلەرنىڭ بۇرادىرىڭلارغا ئايلانغانىدەك، ھەقىقەتتىن سۈكۈت قىلغان ئادەممۇ سىلەرنىڭ گاچا بۇرادىرىڭلارغا ئايلىنىدۇ. تېخى ئىككىنچى خىلدىكىلەرنىڭ پايدىسى بىرىنچى خىلدىكىلەردىن زور ۋە ئۈنۈملۈكرەك بولىدۇ. بىر نەسىھەتچىنىڭ «باتىلنى سۆزلىگەن تىللىق شەيتان، ھەقتىن سۈكۈت قىلغان تىلسىز شەيتان» دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭلار؟!

تىل چېگراسىنى ناھايىتى ياخشى قوغداڭلار! بۇ يوچۇقتا بار كۈچۈڭلار بىلەن پوستتا تۇرۇپ، ئۇنى مۇستەھكەم قامال قىلىڭلار! ئۇ ھەقنى سۆزلەپ قالمىسۇن، باتىلدىن توختاپ قالمىسۇن! باتىل سۆزلەرنى ۋە ئۇ سۆزلەرنى قىلىشنى بار كۈچۈڭلەر بىلەن چىرايلىق كۆرسىتىڭلار. ھەق سۆزدىن ۋە ئۇنى سۆزلەشتىن ھەرخىل ئاماللار بىلەن قورقۇتۇڭلار.

ئى باللىرىم! شۇنى ئۇنتۇماڭلاركى، تىلى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئادەم ھالاك بولغان. تىل تۈپەيلىدىن نۇرغۇن ئادەم دوزاخلارغا مەھكۇم بولغان. مەن قانچىلىغان ئادەملەرنى تىلى تۈپەيلىدىن ئۆلۈمگە، ئەسىرلىككە، ياردارلىققا مەھكۇم قىلغانلىقىمنى بىلەمسىلەر؟!

ئىبلىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئى باللىرىم! مەن سىلەرگە بىر ۋەسىيەت قىلاي، ئۇنى ئېسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار. بىرىڭلار ئىنسانلار ئىچىدىن چىققان بۇرادىرىڭلارنىڭ تىلىدا سۆزلەڭلار. يەنە بىرىڭلار ئۇنىڭ ئاڭلىغۇچىسى قىياپىتىدە تۇرۇپ سۆزلەڭلار. سۆزلىگەندە ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ھەيۋەتلىك،

ئـەڭ قايـىل قىلارلىق سۆزلەرنى تاللاپ سۆزلەيدۇ. ئۇنى ئىنسانلار ئىچىدىن چىققان بۇرادەرلىرىگە ئۆگىتىپ قويىدۇ. سىلەر ھەرخىل ئامال بىلەن ئادىمىي شەيتانلارغا ياردەم بېرىڭلار. ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئادەملەر قېشىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ يوللىرىغا چازا قۇرۇڭلار. مەن ئۇلارنىڭ پەرۋەردىگارىغا نېمىدەپ قەسەم قىلغانلىقىمنى ئاڭلىغان بولغىيتىڭلار ھەقچان؟! مەن مۇنداق قەسەم قىلغان: «سېنىڭ مېنى ئازدۇرغانلىقىڭدىن ئۇلار (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىغا ۋەسۋەسە قىلىش) ئۈچۈن چوقۇم سېنىڭ توغرا يولۇڭ ئۈستىدە ئولتۇرىمەن. ئاندىن ئۇلارغا چوقۇم ئالدىدىن، ئارقىسىدىن، ئوڭدىن، سولدىن ھۇجۇم قىلىمەن، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ (نېمەتلىرىڭگە) شۈكرى قىلغۇچىلار ئەمەسلىكىنى كۆرىسەن.»[225]

ئىبلىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئـى پەرزەنتلىرىم، قاراپ بېقىڭلار! مەن ئىنسانلارنىڭ يوللىرىنى قانداق قامال قىلدىم. ئۇلار مەن قامال قىلغان يولدىن باشقا يوللاردىن ئۆتىمەنلا دەيدىكەن، مەن ئۇ يوللارنىمۇ قامال قىلىمەن. ھەتتاكى پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن بولسىمۇ مەقسىتىمگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، شەيتان ئىنساننىڭ بارلىق يوللىرىنى قامال قىلىپ، ئۇنى ئىسلامدىن توسۇپ «سەن ئۆزۈڭنىڭ ۋە ئەجدادلىرىڭنىڭ دىنىنى تاشلاپ مۇسۇلمان بولامسەن؟!» دېگىلى تۇرىدۇ. ئۇ ئادەم شەيتاننىڭ

[225] سۈرە ئەئراف 16، 17 ـ ئايەتلەر

گېپىنى ئاڭلىماي مۇسۇلمان بولۇۋېرىدۇ. ئاندىن شەيتان ئۇنىڭ ھىجرەت يولىنى توسۇپ «زېمىنلىرىڭنى تاشلاپ ھىجرەت قىلامسەن؟!» دېگىلى تۇرىدۇ. ئۇ ئادەم شەيتانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي ھىجرەت قىلىۋېرىدۇ. ئاندىن شەيتان ئۇنىڭ جىھاد يولىنى توسۇپ: «جىھاد قىلامسەن، سەن جىھاد قىلىپ ئۆلتۈرۈلسەڭ، ماللىرىڭنى باشقىلار بۆلۈشىدۇ، خوتۇنۇڭنى باشقىلار ئالىدۇ؟!» دېگىلى تۇرىدۇ.»[226]

ئىبلىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى باللىرىم، سىلەر بارلىق ياخشىلىق يوللىرىنى قامال قىلىڭلار! بىرەر ئادەم سەدىقە قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ ئالدىنى توراپ، دىلىغا «ماللىرىڭنى مۇشۇنداق چىقىم قىلىۋەرسەڭ مۇشۇ سائىلغا ئوخشاش بولۇپ قالىسەن» دەپ ۋەسۋەسە قىلىڭلار! سىلەر مېنىڭ سەدىقە سورالغان بىر ئادەمنىڭ تىلىغا «بۇ دېگەن بىزنىڭ مال، بۇنى سىلەرگە بېرىۋەتسەك، سىلەرگە ئوخشاش بولۇپ قالامدۇق؟!» دېگەن گەپنى تاشلاپ قويغانلىقىمنى ئاڭلىمىغانمۇ؟!

ئىبلىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى باللىرىم، ھەج يوللىرىنى قامال قىلىڭلار! كىشىلەرگە «ھەج يولى تولىمۇ خەۋپلىك، جاپالىق يول، بۇ يولغا ماڭغۇچىلار ئۆزىنى ۋە مېلىنى تۈگەشتۈرىدۇ» دەپ ۋەسۋەسە قىلىڭلار.

شۇنىڭدەك بارلىق ياخشىلىق يوللىرىنى قامال قىلىپ، ئۇلارنى ئۈركىتىپ، ئۇ يولنىڭ قىيىنچىلىق ۋە ئاپەتلىرىنى

---

[226] ئەھمەد ۋە نەسەئىي رىۋايىتى

ئەسلىتىڭلار. ئاندىن كېيىن گۇناھ-مەئسىيەت يوللىرىنى قامال قىلىپ، ئۇ يوللارنى كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسەتكىلى تۇرۇڭلار. دىللىرىغا گۈزەل ھېس قىلدۇرۇڭلار. بۇ جەھەتتە ئاياللاردىن ياخشى پايدىلىنىڭلار، ئۇلارنى ياردەمچى قىلىڭلار. ئاياللار ئارقىلىق كىشىلەرنى ئازدۇرۇڭلار. ئاياللار سىلەرگە تولىمۇ ياخشى ھەمكاردۇر.

ئاندىن كېيىن قول ۋە پۇت چېگرالىرىنى ياخشى مۇداپىئە قىلىڭلار. ئۇلارنى سىلەرگە زىيانلىق ئىش-ھەرىكەتلەردە بولغىلى قويماڭلار.

### يامانلىققا ئىنتىلگۈچى نەپس

ئىبلىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئي پەرزەنتلىرىم، بىلىڭلاركى، بۇ چېگرالارنى قوغداشتىكى ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچىڭلار يامانلىققا ئىنتىلگۈچى نەپستۇر. سىلەر ئۇ نەپس بىلەن ھەمكارلىشىڭلار. مەدەت بېرىڭلار. يامانلىققا ئىنتىلگۈچى نەپس بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئارام تاپقان نەپسلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئارام تاپقان نەپسنى سۇندۇرۇش ۋە كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچۈڭلار بىلەن تىرىشىڭلار. بۇنىڭ بىردىنبىر يولى ئارام تاپقۇچى نەپسنىڭ ئوزۇقلۇق يولىنى كېسىپ تاشلاشتۇر. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق يولى كېسىپ تاشلىنىپ، يامانلىققا ئىنتىلگۈچى نەپس كۈچەيسە ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى سىلەرگە بوي سۇنغىلى تۇرسا قەلبنى قورغىنىدىن چىقىشنى تەلەپ قىلىڭلار-دە، دەرھاللا ئۇنى مەملىكىتىن چەتلەشتۈرۈڭلار. ئۇنىڭ ئورنىغا يامانلىققا

ئىنتىلگۈچى نەپسنى ھۆكۈمران قىلىپ قويۇۋېلار. يامانلىققا ئىنتىلگۈچى نەپس پەقەت سىلەر خالايدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ. سىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلمايدۇ. سىلەر كۆرسەتمە بەرگەن ئىشلاردا سىلەرگە قەتئىي خىلاپلىق قىلمايدۇ. بەلكى سىلەر بىر ئىشقا بۇيرۇساڭلار دەرھاللا ئۇنى بىجا كەلتۈرىدۇ. ناۋادا قەلب بىلەن يامانلىققا تەلپۈنگۈچى نەپس ئارىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلسە، سىلەر ئۇنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن نەپس بىلەن قەلب ئارىسىنى نىكاھلاپ قويۇڭلار ۋە ئۇلارنى بىر-بىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىڭلار. قەلبكە يامانلىققا تەلپۈنگۈچى نەپسنى يېڭى توي قىلغانلاردەك ئەڭ چىرايلىق شەكىلدە كۆرسىتىڭلار. ئۇلارغا مۇنداق دەڭلار: ھازىرغىچە ئۇرۇشنىڭ دەردىنى تارتقاندەك، نەيزە-قىلىچنىڭ تەمىنى تىتقاندەك ۋىسالنىڭ تەمىنى تىتىڭلار. يېڭى توينىڭ پەيزىنى سۈرۈڭلار. نەپس بىلەن قەلب ئارىسىدىكى مەسلىنى بۇ ئۇرۇش ۋە جەڭگى-جېدەللەرگە سىلىشتۇرۇپ بېقىڭلار. جەڭگى-جېدەلنى ئاخىرلاشتۇرۇڭلار. ئۇرۇش دېگەن بىر كۈندە تۈگىمەيدۇ. بۇ جەڭگى-جېدەللەر ئۆلگىچە داۋاملىشىدۇ. ئىزچىل ئۇرۇش قىلىش ئارقىلىق كۈچلىرىڭلار ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ.»

ئىبلىس سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى زور قوشۇن بار. ناۋادا بۇ قوشۇنلار بىلەن بىر سەپ بولالىساڭلار سىلەر مەڭگۈ مەغلۇپ بولمايسىلەر.»

بىرىنچى: غەپلەت قوشۇنى. سىلەر پۈتۈن چارە-ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ ئادەم باللىرىنىڭ قەلبىنى ئاللاھتىن، ئاخىرەتتىن

غاپىل قالدۇرۇڭلار. بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن بۇ قوشۇندىنمۇ پايدىلىنىشتىنمۇ ئۆنۈملۈك يول يوق. قەلب ئاللاھتىن غاپىل بولسا، ئۇنى پۈتۈنلەي ئىگەللىيەلەيسىلەر ۋە ئازدۇرالايسىلەر.

ئىككىنچى: شەھۋەت قوشۇنى. شەھۋەتنى ئۇلارنىڭ قەلبىگە ياساپ كۆرسىتىڭلار ۋە كۆزلىرىگە چىرايلىق كۆرسىتىڭلار. سىلەر غەپلەت ۋە شەھۋەت قوشۇنلىرى ئارقىلىق ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىڭلار. ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشتا بۇ ئىككى قوشۇندىن ياخشىراق ھەمكار بولمايدۇ. غەپلەت ۋە شەھۋەتنى ئۆزئارا ياردەملەشتۈرۈڭلار ۋە بۇ ئىككى غاپىلنى بىرلەشتۈرۈپ ئاللاھنى ئەسلەيدىغان نەپسكە قارشى ھەرىكەت قىلىڭلار. ئاللاھنى ئەسلەيدىغان نەپس ئۆزى يالغۇز ھالدا غەپلەتكە بېرىلگەن نەپس ۋە ئۇنىڭ شەيتىنى، شەھۋەتكە بېرىلگەن نەپس ۋە ئۇنىڭ شەيتىنى، شەيتانغا ئەگەشكەن نەپس قاتارلىق بەش نەرسىگە قارشى تۇرالمايدۇ. ناۋادا بىر توپ كىشىلەر يىغىلىپ ئاللاھنى ئەسلەش، ئاللاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرى، چەكلىمىرىنى ۋە دىنىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق سىلەرگە زىيان سالماقچى بولسا، سىلەر ئۇلارغا قارشى تۇرالماي قالساڭلار دەرھال بىكار-تەلەت ئادىمىي شەيتانلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارغا يېقىنلاشتۇرۇڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىڭلار.

ئومۇمەتەن قىلىپ ئېيتقاندا، سىلەر بارلىق ئىشلارغا ئۆزىگە تېگىشلىك ئادەملەرنى تەيىنلەڭلار. مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئادىمىي شەيتانلارنى ھەمكارلاشتۇرۇپ ۋە ياردەمگە چاقىرىپ، ئىنساننىڭ شەھۋەت ۋە ئىرادە يوللىرىدىن ھۇجۇم

قىلىشقىلار. ئاللاھ ئۇلارنى بەرداشلىق بېرىشكە ۋە سىلەر بىلەن كۆرەش قىلىشقا، چېگرالارنى مۇستەھكەملەپ سىلەرنىڭ كىرىۋېلىشىڭلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بۇيرۇغان بولسا، سىلەرمۇ بەرداشلىق بېرىڭلار ۋە ئۇلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىڭلار، ئۇلارنىڭ چېگرالىرىنى قامال قىلىش ئۈچۈن تىرىشىڭلار. ئۇلارنىڭ ئاچچىقى ۋە شەھۋىتى قوزغالغاندا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئۇلارنى مەغلۇب قىلىڭلار. ئىنسانلارنى ئۇۋلاشتا، ئۇلارنى ئازدۇرۇشتا غەزەبلىنىش ۋە شەھۋەتتىنمۇ قىممەتلىك يەمچۈك يوق.

شۇنى بىلىڭلاركى، ئىنسانلار ئىچىدە شەھۋىتىگە قۇل بولغان، ئەمما ئاچچىقى ئانچە يامان ئەمەس ئادەملەر بار. بۇلارنى ئازدۇرۇشتا ئۇلارنىڭ شەھۋىتىنى ئاساس قىلىش ۋە ئاچچىقلىنىش يوللىرىنى داغدامىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ئاچچىقى يامان ئەمما شەھۋىتى ئانچە كۈچلۈك بولمىغان ئادەملەرمۇ بار. ئۇلارنى ئازدۇرۇشتا شەھۋىتى بىلەن تولا ھەپىلەشمىسەڭلارمۇ بولىدۇ. ئەمما شەھۋەت چېگرالىرىنى بىكار تاشلاپ قويماسلىق كېرەك. ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان ئادەملەر ئەلۋەتتە شەھۋىتىنىمۇ كونترول قىلالمايدۇ. سىلەر ئۇلاردىكى شەھۋەت ۋە غەزەپ يوللىرىنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، غەزەبنى تۇتقا قىلىپ شەھۋەتكە، شەھۋەتنى تۇتقا قىلىپ غەزەبكە ئۈندىيەلەيسىلەر...

شۇنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلاركى، ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشتا شەھۋەت ۋە غەزەب ئىنتايىن مۇھىم ئەڭگۈشتەر. ئىنسانلارنىڭ

ئاتىسى ئادەم شەھۋىتىنى دەپ جەننەتتىن چىقىرىلغان. ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرىپ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشكەن، قان تۆكۈشكەن، مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈشكەن.

بىلىڭلاركى، غەزەب ئىنساننىڭ قەلبىدىكى بىر تال چوغقا ئوخشايدۇ. شەھۋەت ئىنساننىڭ قەلبىدىن بىخلىنىدۇ. سۇ چوغنى ئۆچۈرىدۇ. يەنى تاھارەت، ناماز، زىكىر-تەسبىھلەر قەلبتىكى غەزەپ چوغلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. سىلەر ھوشيار تۇرۇڭلاركى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئاچچىقى كەلگەندە، شەھۋىتى قوزغالغاندا تاھارەت ئېلىپ قالمىسۇن، ناماز ئۆتەپ قالمىسۇن. ناۋادا شۇ ئىشلارنى قىلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ۋە شەھۋەتلىرى ئۆچۈپ قالىدۇ. چۈنكى پەيغەمبىرى ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: «شۈبھىسىزكى، غەزەپ ئىنساننىڭ قەلبىدىكى بىر تال چوغدۇر. قاراپ بېقىڭلار، ئىنسان ئاچچىقلانغاندا كۆزلىرى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟! كىمكى مۇشۇنداق ھالەتكە كېلىپ قالسا دەرھال تاھارەت ئالسۇن!»

پەيغەمبىرى ئۇلارغا «ئوتنى سۇ ئۆچۈرىدۇ» دەۋاتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا «شەيتانلارغا سەۋر ۋە ناماز بىلەن قارشى تۇرۇڭلار» دەپ تەۋسىيە قىلىۋاتىدۇ. سىلەرمۇ ئىنسانلارنىڭ شەھۋىتىنى ۋە غەزىپىنى قوزغاش ئارقىلىق ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىڭلار. ئىنسانلارنى مەغلۇپ قىلىشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ ئۆتكۈر قورال غەپلەت ۋە ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىشتۇر.

ئىنسانلارنىڭ سىلەردىن قوغدىنىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ۋە مۇستەھكەم قورغىنى ئاللاھنى ئەسلەشتۇر ۋە ھاۋايى-

ھەۋەسكە ھاي بېرىشتۇر. بىراۋنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسىگە قارشىلىق قىلىشقا ئاجىزلىقى، ئۇنى كونترول قىلالمىسلىقى، ئۇنى بېسىقتۇرالمىسلىقى كۆرسەتكەنلەر، ئۇنىڭ ئۆزىگىچە يېقىنلاشماقتىلار، سايىسىدىنمۇ يىراق قېچىشلار.

دېمەك، گۇناھ-مەئسىيەتلەر قورال ۋە مەدەتتۇركى، ئىنسان ئۇ قوراللار ۋە مەدەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى ئۆزىگە قارشى كۈچەيتىپ قويىدۇ ۋە مەدەت بېرىپ قويىدۇ. شەيتاندىن ئىبارەت دۈشمەن ئىنساننى ئۆز قورالى ئارقىلىق ھالاك قىلىدۇ. ئىنسان گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىگە قارشى شەيتان بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. مانا بۇ ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىكتۇر.

نادانلار ئۆزىگە سالغان زىياننى،
دۈشمەنمۇ ئۇنچىلىك سالالماس ئۇنى.

ئۆزىگە شەرەپ، ئىپتىخار، ئەڭ بۈيۈك نېسىۋىلەرنى ئىستەيدىغان بىر ئادەمنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنى خار ۋە زەبۇنلۇقلارغا مۇپتىلا قىلىشى ناھايىتى ھەيران قالارلىقتۇر.

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەنىكەن: نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىگە شەرەپ ۋە ئىپتىخار ئىستەيدىغانلىقىنى داۋراڭ قىلىدۇ-يۇ، ئەمما گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنى خارلايدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزىنىڭ

باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە لايىق ئالاھىدە ئادەم بولۇشنى ئىستەيدۇ-يۇ، ئۆزىنى زايا قىلىپ، ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بىلەن بىر سەپ بولۇپ ئۆزىگە زىيانلىق ئىشلارنى قىلسا، دۈشمەنلەر قىلمىغان زىيانكەشلىكنى ئۆزىگە ئۆزى قىلسا، بۇنى ئۇچىغا چىققان نادانلىق دېمەي نېمە دېگۈلۈك؟!

(ئاللاھ ھەممىمىزنى شەيتانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغان روھقا ئىگە قىلسۇن)

## 43. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەندىگە ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ناۋادا بەندە ئۆزىنى ئۆزى ئۇنتۇپ قالسا، ئۆزىگە سەل قارايدىغان، ئۆزىنى تاپتىن چىقىرىۋېتىدىغان، ئۆزىنى ھالاك قىلىۋېتىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئادەم قانداقسىگە ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ! ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغان ئادەمنىڭ ئېسىدە نېمە قالىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى ئۇنتۇپ قالدى دېگەن قانداق گەپ زادى؟!

بەرھەق، ئىنساننىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇشى ئىنتايىن ئېغىر ئۇنتۇشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر.»[227]

[227] سۈرە ھەشر 19 ـ ئايەت

ئىنسانلار ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىشىدى، ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۇنتۇلدۇرۇۋەتتى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھنى ئۇنتۇدى (يەنى ئاللاھنىڭ تائەتىنى تەرك ئەتتى)، ئاللاھمۇ ئۇلارنى ئۇنتۇدى (يەنى ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ پەزلىدىن ۋە رەھمىتىدىن مەھرۇم قىلدى).»[228]

ئاللاھ تائالانى ئۇنتۇپ قالغانلار تۆۋەندىكىدەك ئىككى تۈرلۈك جازاغا ئۇچرايدۇ:

1. ئاللاھمۇ ئۇ بەندىنى ئۇنتۇيدۇ
2. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزىگە ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرىۋېتىدۇ

ئاللاھ بەندىنى ئۇنتۇسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، تاشلىۋېتىدۇ، بەندىنى ئۆزى بىلەن ئۆزى ئاۋارە ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھالغا كىلىپ قالغان ئادەمنىڭ ھالاكىتى قاش بىلەن كىرپىكتەك يېقىندۇر.

ئاللاھ بەندىگە ئۆزىنى ئۆزىگە ئۇنتۇلدۇرۇۋەتسە، ئۇ ئۆزىنىڭ بۈيۈك نېسىۋىلىرىنى، بەخت ـ سائادەت، نىجاتلىق، ئىسلاھات سەۋەبلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ھەتتا بەندە ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ ـ دە، بۇنىڭغا ئالاقىدار ھېچ قانداق ئىش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ. ئۇ ئۆزى قىزىققۇدەك بىر ئىشنى ئەسلىمەيدۇ، كۆڭلىگىمۇ پۈكمەيدۇ. ئۇ نىشان قىلغۇدەك، ئىز قالدۇرغۇدەك بىر ئىشلار دىلىغىمۇ كەچمەيدۇ.

[228] سۈرە تەۋبە 67 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلار ئۆزىدىكى ئەيىب-نۇقسانلارنى، ئۆزىدىكى سەۋەنلىكلەرنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ-دە، ئۇلارنى تۈزىتىش خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇلارغا روھىدىكى ۋە قەلبىدىكى كېسەللىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. كېسەللەرنىڭ دورىسىنى قىلىشمۇ ئۇلارنىڭ خىيالىغا كەلمەيدۇ. ئۇلار ئۆزىنى تۈگەشتۈرىدىغان، ھالاك قىلىدىغان بۇ كېسەللەر ۋە ئىللەتلەرنى تۈگىتىشكە تىرىشمايدۇ. دېمەك، بۇ ئادەملەر قاتمۇ-قات كېسەللىكلەرنىڭ ئاسارىتىدە قالغان ئادەملەردۇر. ئۇنىڭ كېسەللىرى ئۇنى ھالاكەتكە سۆرەپ بارىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەللىكىنىمۇ ھېس قىلمايدۇ. ئۇنىڭ دورىسىنى قىلىش خىيالىغىمۇ كەچمەيدۇ. مانا بۇ، شەخس ۋە كوللېكتىپقا ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئەڭ ئېغىر جازادۇر.

بىر ئادەمگە ئۆزىگىمۇ كۆڭۈل بۆلمەي زايا قىلىۋېتىش، ئۆزىنىڭ مەنپەئەت ۋە شىپالىرىنى ئۇنتۇپ قىلىش، بەخت-سائادەت، نىجاتلىق، ئىسلاھات ۋە باقىي ئالەمدىكى مەڭگۈلۈك ھوزۇر-ھالاۋەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر جازا بولامدۇ؟!

بۇ ھەقتە ياخشىراق ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنى زايا قىلىۋەتكەنلىكىنى ۋە ئاللاھتىن ئالىدىغان نېسىۋىلىرىنى زايا قىلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇلار ھاماقەتلەرچە قىممەت نەرسىلىرىنى ئەرزان سېتىۋەتكەنلەردۇر. شۈبھىسىزكى ئۇلارنىڭ بۇ قىلغانلىرى سەكراتتىكى ۋاقتىدا قىسمەن ئايدىڭلىشىدۇ، بولۇپمۇ قىيامەت كۈنىدە پۈتۈنلەي

ئايدىڭلىشىدۇ. قىيامەت كۈنىدە بەندىنىڭ مۇشۇ دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈن ۋە ئۆزىنىڭ ئاخىرىتى ئۈچۈن قىلغان سودىلىرىنىڭ پايدا-زىيانلىرى ئايرىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ھەر ئادەم بۇ ھاياتتا ئۆزىنىڭ ئاخىرىتى ئۈچۈن تىجارەت قىلغۇچىلاردۇر.

ئۆزلىرىنى پايدا تاپقۇچى دەپ قاراپ، ئاخىرەتنى قولدىن بېرىپ دۇنيانى تاللىغان، باقىي ئالەمدىكى مەڭگۈلۈك جەننەتنى قولدىن بېرىپ، دۇنيا لەززەتلىرىنى تاللىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي زىيان تارتقۇچىلاردۇر. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھالاۋەتلىرىنى ھاياتى دۇنيادا كۆرۈپ بولغان، ھاياتى دۇنيادا پۈتۈنلەي مەنپەئەتلىنىپ بولغان، ھاياتى دۇنياغا كۆڭۈل بەرگەن، ھاياتى دۇنيانى تاللاپ، شۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار پەقەت بۇ دۇنيالىقى ئۈچۈنلا تىرىشقان، ئاخىرەتنى بۇ دۇنياغا سېتىۋەتكەن، نەقنى تاللاپ نېسىنى ئۇنتۇپ قالغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئادەملەردۇر. ئۇلار بۇ قىلغانلىرىنى چېچەنلىك دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى تېخى «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا»، مەن قانداقسىگە مۇشۇ دۇنيادا كۆزۈم كۆرۈپ تۇرغان نەق نەرسىنى ئاخىرەتنىڭ نېسى نەرسىلىرىگە تېگىشەي؟ دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ گەپ-سۆزلىرى ئىماندىكى ئاجىزلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار ئىمانى ئاجىز، شەھۋەتكە بېرىلگەن، بۇ دۇنياغا مۇھەببەت باغلىغان ۋە تەقلىدچىلىكتە ياشايدىغان كىشىلەر بولغاچقا، ئۇلار بۇ دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر زىيان تارتىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ تىجارەتنى قىلىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەنە شۇلار ئاخىرەتنى بېرىپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى

سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ.»[229] «ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى ئالدى، شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى.»[230]

قىيامەت كۈنى تېخى ئۇلارنىڭ بۇ تىجارەتتە قانچىلىك زىيان تارتقانلىقى ھەقىقى ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار بۇ ئىشلىرىغا ئېغىر ھەسرەت چېكىدۇ.

باقىينى پانىينىڭ ئۈستىگە قويغانلار، ئېسىلنى تاللاپ ناچىرنى قولدىن بەرگەنلەر، چۈپەي نەرسىلەرنى تاشلاپ بۈيۈك نەرسىلەرگە ئېرىشكەنلەر ھەقىقى پايدىغا ئېرىشكۈچىلەردۇر. ئۇلار «بۇ دۇنيا ۋە دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر بىزنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى ۋە ئۇ دۇنيادىكى نېسىۋىمىزگە تېگىشىشكە ئەرزىمەيدۇ، بىز قانداقسىگە ئۇ نېسىۋىلىرىمىزنى ئۇ دۇنياغا ۋە ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا چۈشكە ئوخشايدىغان بۇ قىسقىغىنە ھاياتتا ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە تېگىشكۈدەكمىز!» دەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇلارنى (ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، (ئۇلارغا دۇنيادا تۇرغان مۇددىتى) كۈندۈزدە ئازغىنا ۋاقىت تۇرغاندەك قىسقا بىلىنىدۇ، ئۇلار ئۆز ئارا تونۇشىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھقا مۇلاقەت بولۇشنى (يەنى ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى) ئىنكار قىلغانلار چوقۇم زىيان تارتىدۇ، ئۇلار توغرا يول تاپمىدى.»[231]

---

[229] سۈرە بەقەرە 86 - ئايەت

[230] سۈرە بەقەرە 16 - ئايەت

[231] سۈرە يۇنۇس 45 - ئايەت

«ئۇلار سەندىن قىيامەتنىڭ قاچان بولىدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇنى بىلىش پەرۋەردىگارىڭغا خاستۇر. سېنىڭ ۋەزىپەڭ پەقەت قىيامەتتىن قورقىدىغان ئادەمنى ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇلار قىيامەتنى كۆرگەن كۈندە، گويا ئۆزلىرىنى (دۇنيادا) پەقەت بىر كەچقۇرۇن ياكى بىر ئەتىگەن تۇرغاندەك (گۇمان قىلىدۇ).»[232]

«ئۇلار (ئاخىرەتتە) ۋەدە قىلىنغان ئازابنى كۆرگەندە، (ئۇلار دۇنيادا) گويا كۈندۈزدە بىردەملا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ، (بۇ قۇرئان سىلەرگە) تەبلىغدۇر، پەقەت پاسىق قەۋملا ھالاك قىلىنىدۇ.»[233]

«ئاللاھ (ئۇلارغا): «زېمىندا قانچە يىل تۇردۇڭلار؟» دەيدۇ. ئۇلار: «بىر كۈن ياكى بىر كۈندىنمۇ ئاز تۇردۇق، (ئاي-كۈنلەرنى) ھېسابلىغۇچى (پەرىشتە)دىن سورىغىن» دەيدۇ. (ئۇلار دوزاختە چېكىۋاتقان ئازاب تۈپەيلىدىن، زېمىندا قانچىلىك تۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇيدۇ).»[234]

«بۇ سۇر چېلىنىدىغان كۈندۇر، بۇ كۈندە (شەكلى ئۆزگەرگەن) كۆك كۆزلۈك (قارا يۈزلۈك) گۇناھكارلارنى يىغىمىز. (قىيامەتنىڭ دەھشىتىنى كۆرۈپ دۇنيادا تۇرغان ۋاقتى قىسقا بىلىنگەنلىكتىن) (ئۇلار) «(دۇنيادا) پەقەت ئون كۈن تۇردۇڭلار» دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ دەيدىغانلىرىنى بىز ئوبدان بىلىمىز، ئەينى زاماندا ئۇلارنىڭ ئەڭ توغرا سۆزلەيدىغىنى:

[232] سۈرە نازىئات 46،45،44،43،42 ـ ئايەتلەر
[233] سۈرە ئەھقاف 35 ـ ئايەت
[234] سۈرە مۇئمىنۇن 114،113،112 ـ ئايەتلەر

«سىلەر پەقەت بىر كۈن تۇردۇڭلار» دەيدۇ.»[235]

مانا بۇلار دۇنيا هاياتىنىڭ قىيامەت كۈنى ئايان بولىدىغان ماهىيىتىدۇر.

مۇئمىنلار ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ئازغىنە تۇرىدىغانلىقىنى، بۇ دۇنياغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان يەنە بىر هاياتلىق ئالەمىنىڭ بارلىقىنى، ئاخىرەت ئالەمىنىڭ بولسا مەڭگۈلۈك، ئەبەدىيلىك هايات ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيانى دەپ ئۇ دۇنيانى تەرك ئېتىشنىڭ ئىنتايىن ئەخمىقانە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ناهايىتى دانالارچە تىجارەت قىلدى ۋە نادانلارنىڭ بۇ سودىسىغا ئالدانمىدى. ئۇلار تىجارەتلىرىنىڭ پايدىلىرىنى ۋە سېتىۋالغان نەرسىلىرىنىڭ مىقدارلىرىنى قىيامەت كۈنى كۆرىدۇ. بۇ دۇنيادا هەر بىر ئادەم سودا قىلغۇچىدۇر. ساتقۇچى ۋە سېتىۋالغۇچىدۇر. «هەر ئادەم سەھەر تۇرۇپ، سودا ـ سېتىق قىلىدۇ. ئۇ يا ئۆزىنى ئازات قىلىدۇ ياكى ئۆزىنى هالاك قىلىدۇ.»

«شۈبهىسىزكى، ئاللاه مۇئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى، ئۇلار ئاللاه يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلەرنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىهاد قىلىپ شېهىت بولىدۇ)، (جىهاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (ئاللاهنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر. ۋەدىسىگە ئاللاهتىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى ئاللاهتىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن

[235] سۈرە تاها 102، 123، 104 ـ ئايەتلەر

خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتتۇر.»[236]

مانا بۇ ئايەتتىكى ۋەدىلەر بۇ تىجارەتنىڭ نەقلەشكەن پايدىسىنىڭ دەسلەپكى بىر قىسمىدۇر. ئى زىيان تارتقۇچىلار تىجارەت قىلىڭلار. ئىي پۇلسىزلار بۇ يەردە باشقىچە بىر پۇللار بار. ناۋادا بۇ تىجارەتكە لايىق كىشىلەردىن بولساڭلار، بۇ دۇنيانى قويۇپ ئاللاھنىڭ قېشىدىكى نېسىۋەڭلەرنى، باقىي دۇنيانى تاللاڭلار.

«(گۇناھلىرىدىن) تەۋبە قىلغۇچىلار، (ئىخلاس بىلەن) ئىبادەت قىلغۇچىلار، (ئاللاھقا) ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلار، روزا تۇتقۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسقۇچىلار، ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلغۇچىلار (يەنى ئاللاھنىڭ بېكىتكەن پەرزلىرىنى ئادا قىلىپ، نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يانغۇچىلار ھەم ئەھلى جەننەتتۇر)؛ مۇئمىنلەرگە جەننەت بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن.»[237]

«ئى مۇئمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە (چىن) ئىمان ئېيتقايسىلەر، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر، ئەگەر بىلسەڭلار، سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر.»[238]

[236] سۈرە تەۋبە 111 ـ ئايەت
[237] سۈرە تەۋبە 112 ـ ئايەت
[238] سۈرە سەف 11،12 ـ ئايەتلەر

خۇلاسىكالام، شۈبھىسىزكى گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر بەندىگە پايدىلىق تىجارەتتىكى نىسۋىسىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ۋە ئۇنى زىيانلىق تىجارەتكە مەشغۇل قىلىپ قويىدۇ. مانا بۇ ئىنسانغا يېتەرلىك جازادۇر. (ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا نېسىپ ئەيلىگەي)

## 44. گۇناھ-مەئسىيەتلەر نېئمەتلەرنى كەتكۈزىۋېتىدۇ

شۈبھىسىزكى، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر نەق نېئمەتلەرنى كەتكۈزۈۋېتىدۇ. ئىرىشىۋاتقان نېئمەتنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىرىشىپ بولغانلىرىنى يوقىتىۋېتىدۇ. بېرىلىۋاتقانلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىنى ئاللاھقا بولغان ئىتائەتتىن بەكرەك مۇھاپىزەت قىلالايدىغان بىر نەرسە يوق. قولدىن كەتكەن نېئمەتلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشتە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىنمۇ ئارتۇقراق بىر ۋاستە يوق. ئاللاھنىڭ قېشىدىكى ياخشىلىقلارغا پەقەت ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىقلا ئىرىشكىلى بولىدۇ. ئاللاھ ھەر نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولىدىغان سەۋەبلەرنى ۋە قولدىن كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان تەقدىر قىلغان. دېمەك ئاللاھ ئۆزىگە قىلىنغان ئىتائەتنى ئۆزىنىڭ نېئمەتلىرىگە سەۋەب قىلدى. بۇ نېئمەتلەرنى قولدىن كەتكۈزىدىغان نەرسە گۇناھ ـ مەئسىيەتتۇر. ناۋادا ئاللاھ بىراۋغا بەرگەن نېئمەتلەرنى قوغداپ بەرمەكچى، ئۇنى داۋاملاشتۇرۇپ بەرمەكچى بولسا، ئۇ بەندىگە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىق نېئمەتنى قوغداپ قىلىشقا ئىلھام قىلىدۇ. ناۋادا بىر بەندىگە بەرگەن نېئمىتىنى

تارتىۋالماقچى بولسا، ئۇ بەندە ئاللاھقا تۇزكورلۇق قىلىدۇ-دە، شۇ سەۋەپتىن ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

مۇشۇنداق ئالامەتلەر ئۆزىدە كۆرۈلگەن ياكى باشقىلاردا كۆرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئارقىلىق ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىدىن مەھرۇم قالغان كىشىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، گويا ئۆزى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغاندەك ياكى ئۆزى ئىنسانلار توپىغا تەۋە ئەمەس خۇسۇسىي بىر ئادەمدەك، باشقىلاردا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار بىلەن ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك ئىنچىل گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن ياشايدىغانلار ئاجايىپ ھەيران قالارلىقتۇر.

بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق جاھىللىق بارمۇ؟! بۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر ئۆزىگە زۇلۇم قىلىش بولامدۇ؟! (ھۆكۈم ئاللاھقا خاستۇر)

## 45. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەندىلەر بىلەن پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىنى يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەندىگە ئەڭ مەنپەئەتلىك، ئەڭ سەممىي، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق بەخت-سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەڭ يېقىن دوستى بولغان مۇئەككەل پەرىشتىلەرنىڭ ئارىلىقىنى يىراقلاشتۇرۇپ، بەندىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، مەخلۇقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئالدامچى، بەندىگە ئەڭ زىيان سالىدىغان شەيتاننى يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بەندە ئاللاھقا ئاسىي بولغانسېرى پەرىشتىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتاكى بەندە بىر ئېغىز يالغان سۆزى

ئارقىلىق مۇئەككەل پەرىشتىدىن ئىنتايىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ.

بەزى ئەسەرلەردە مۇنداق دېيىلگەن: «بىر بەندە يالغان سۆزلىسە شەيتان ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقىدىن يىراقلارغا قېچىپ كېتىدۇ.» بىر ئېغىز يالغان گەپ تۈپەيلىدىن پەرىشتىلەر شۇنچىلىك يىراقلاپ كېتىدىغان ئىش بولسا، ئۇنىڭدىن ئېغىر ۋە ئۇنىڭدىن قەبىھ گۇناھ ئۆتكۈزگۈچىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟!

بەزى سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى ئادەم بەچچىۋازلىق قىلىشسا، زېمىن ئاللاھقا نالە قىلىدۇ. پەرىشتىلەر پەرۋەردىگارى تەرىپىگە قاچىدۇ ۋە ئاجايىپ ئېغىر بىر ئىشنى كۆرگەنلىكىنى ئاللاھقا شىكايەت قىلىشىدۇ.»

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: «تاڭ ئاتقان ھامان پەرىشتە ۋە شەيتان بەندىنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىدۇ. بەندە ئاللاھنى تىلغا ئالسا، تەكبىر ئېيتسا، ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتسا، تەھلىل ئېيتسا ئۇنىڭدىن شەيتان يىراقلىشىپ پەرىشتە ھەمراھ بولىدۇ. ناۋادا يېڭى كۈننى ئاللاھنىڭ زىكرى، تەكبىر، مەدھىيە ۋە تەھلىللەر بىلەن باشلىماي باشقا نەرسىلەر بىلەن باشلىسا، ئۇنىڭدىن پەرىشتە يىراقلىشىپ شەيتان ھەمراھ بولىدۇ.

بىر ئادەمگە پەرىشتە ئىزچىل يېقىنلىشىۋەرسە ھۆكۈم، ئىتائەت ۋە غەلىبە شۇ ئادەمگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئۇنىڭغا ھاياتىدا، ئۆلگەندە، قايتا تىرىلگەندىمۇ پەرىشتە ھەمراھ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھدۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا

بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن كۆڭلۈڭلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (ئاللاھ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ.»[239]

ناۋادا بەندىگە پەرىشتە يېقىنلاشسا، ئۇنىڭغا ئەڭ سەممىي، ئەڭ مەنپەئەتلىك، ئەڭ ياخشى بىر ھەمراھ يېقىنلاشقان بولىدۇ. ئۇ بەندىگە مۇستەھكەملىك ئاتا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بىلمىگەنلىرىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنى يۈرەكلىك قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن سىلەر بىلەن بىللە، مۇئمىنلەرنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلىڭلار، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمەن» دەپ ۋەھىي قىلدى. (قىلىچ بىلەن كاپىرلارنىڭ) گەدەنلىرىگە چېپىڭلار (يەنى باشلىرىنى كېسىڭلار)، ئۇلارنىڭ بارماقلىرىغا (ھەممە ئەزاسىغا) چېپىڭلار.»[240]

پەرىشتىنىڭ ھەمراھلىقىغا ئېرىشكەن بەندە سەكراتقا چۈشكەندە پەرىشتە ئۇنىڭغا: «قورقما، غەم قىلما، ساڭا كېلىدىغان خۇشاللىقلاردىن بشارەت ئال» دەيدۇ ۋە دۇنيادا،

[239] سۈرە فۇسسىلەت 30، 31 ـ ئايەتلەر
[240] سۈرە ئەنفال 12 ـ ئايەت

سەكراتتا ۋە قەبرىدىكى سوئال ـ سوراق پەيتىدىن ئىبارەت ئەڭ هالقىلىق پەيتلەردە ئۇنىڭ قەدىمىنى بەقارار قىلىدۇ.

پەرىشتە پايدىسى ئەڭ زور ھەمراھتۇر. ئۇ، بەندە ئۇخلاپ قالغاندا، ئويغاق ۋاقىتلاردا، ھاياتىدا، سەكراتتا ۋە قەبرىسدە ھەمراھ بولىدۇ. بەندە يالغۇزسىراپ قالغاندا ئۇنىڭغا ئۈلپەت بولىدۇ. خىلۋەت جايلاردا ئۇنىڭ ھەمراھ ۋە سىردىشى بولىدۇ. ئۇنى قوغداپ دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ياخشىلىقنى ۋەدە قىلىدۇ ۋە ياخشىلىق بىلەن بىشارەت بېرىدۇ. ھەقىقەتكە چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

بىر رىۋايەتتە مەرپۇ ۋە يەنە بىر رىۋايەتتە مەۋقۇف نەقىل قىلىنغان بىر ئەسەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، پەرىشتىمۇ ۋە شەيتانمۇ ئىنسانغا ئىلھام قىلىدۇ. پەرىشتىنىڭ ئىلھامى ياخشىلىقنى ۋەدە قىلىش ۋە ۋەدىنى راستقا چىقىرىشتۇر. شەيتاننىڭ ئىلھامى يامانلىقنى ۋەدە قىلىش ۋە ھەقنى ئىنكار قىلدۇرۇشتۇر.»

پەرىشتە ئىنسانغا بەك يېقىنلاشقاندا ئىنسان پەرىشتىنىڭ تىلى بىلەن سۆزلەيدىغان بولىدۇ. پەرىشتە ئۇنىڭ تىلىغا توغرا، ھەق گەپلەرنى ئىلھام قىلىدۇ. ناۋادا ئىنسان پەرىشتىدىن يىراقلىشىپ، شەيتانغا يېقىنلاشسا، ئۇ شەيتاننىڭ تىلى بىلەن سۆزلىگىلى تۇرىدۇ. شەيتان ئۇنىڭ تىلىغا يالغان گەپلەرنى، سەت گەپلەرنى ئىلھام قىلغىلى تۇرىدۇ. ھەتتاكى باشقا ئادەملەرمۇ ئىنساننىڭ تىلىدا سۆزلەۋاتقان پەرىشتىنى ۋە ئىنساننىڭ تىلىدا سۆزلەۋاتقان شەيتاننى كۆرىدۇ.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئارامدىللىق ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىلىدا سۆزلەيتتى.»[241]

بەزى سەلەپلەر ياخشى ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ياخشى سۆزنى ئاڭلاپ: «سېنىڭ تىلىڭغا بۇ گەپنى پەرىشتە تاشلاپتۇ» دەيتتى. باشقىلاردىن يامان سۆزلەرنى ئاڭلىسا: «سېنىڭ تىلىڭغا بۇ گەپنى شەيتان تاشلاپتۇ» دەيتتى. دېمەك، پەرىشتە قەلبكە ھەقنى ئىلھام قىلىدۇ ۋە ئۇنى تىلغا جارى قىلىدۇ. شەيتان قەلبكە باتىلنى ۋەسۋەسە قىلىدۇ ۋە ئۇنى تىلغا جارى قىلىدۇ.

ناھايىتى ئېنىقكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەندىنى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ۋە دوستلىشىش ئارقىلىق بەخت-سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغان پەرىشتىلەردىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەر بەندىنى يېقىنلىشىپ قالسا، دوست تۇتۇپ قالسا بەختسىز قىلىپ قويىدىغان، ھالاك قىلىۋېتىدىغان شەيتانغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ھەتتاكى پەرىشتىلەر ئۆزىنى دوست تۇتقان كىشىلەرنى مۇداپىئە قىلىدۇ. ئۇ بەندىنى ھاماقەتلەر ھاقارەتلىسە ياكى تىللىسا پەرىشتە ئۇنىڭ نامىدىن رەددىيە بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئىككى ئادەم جېدەللىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى تىللىدى. تىللانغۇچى جىم تۇراتتى. ئاخىرى تىللانغۇچى (چىدىماي) تىللىغۇچىغا رەددىيە بېرىۋىدى، پەيغەمبەر

[241] كەنزۇل ئۇممال 12 - جىلد، 570 - بەت (يەنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىددىيچىلىك پەيتلەردە كۆڭۈلنى تەسكىن تاپقۇزىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەيتتى)

ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئادەم: ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بىر قىسمىنى دېگەن تۇرسام، سەن قوپۇپ كەتتىڭغۇ-دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ ئادەم سېنى تىللاۋاتقاندا پەرىشتە سېنى مۇداپىئە قىلىۋاتاتتى. سەن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە باشلىۋىدىڭ شەيتان كەلدى. مەن شەيتان بار يەردە ئولتۇرمايمەن» دېدى.

بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى يوق يېردە چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلسا، پەرىشتە ئۇنىڭ دۇئايىغا ئامىن دەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا «ئاللاھ ساڭمۇ سەن قېرىندىشىڭغا تىلىگىنىڭنىڭ ئوخشىشىنى بەرسۇن» دەيدۇ.

بىر ئادەم سۈرە پاتىھەنى ئوقۇپ بولسا پەرىشتىلەر ئۇنىڭ دۇئايىغا «ئامىن» دېيىشىپ بېرىدۇ.

ئاللاھقا ئىشەنگەن، ئاللاھنى بىر بىلگەن، ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئەگەشكەن بىر ئادەم گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئەرشنى كۆتۈرگۈچى پەرىشتىلەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ.

بىر ئادەم تاھارەتلىك ھالدا ئۇخلىسا، پەرىشتىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۇخلايدۇ.

مۇئمىنغا ھەمراھ بولغان پەرىشتە مۇئمىننى قوغدايدۇ ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىتىدۇ، قەدىمىنى بەقارار قىلىدۇ، ئالغا ئىنتىلدۈرىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، مۇئمىنلار ئۇنىڭغا ياخشى ھەمراھ بولسۇن، ئۇنىڭغا ئازار بەرمىسۇن، ئۇنى قوغلىۋەتمىسۇن، ئۆزىدىن

يىراقلاشتۇرۇۋەتمىسۇن. شۈبھىسىزكى، ئۇ پەرىشتە مۇئمىننىڭ مېھمىنى ۋە قوشنىسىدۇر.

ئادەمنىي مېھمانلارنى ھۆرمەتلەش ۋە قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ئىماننىڭ شەرتلىرى ۋە مۇئمىنلارنى مەجبۇرىيەتلىرىدىن تۇرسا، ئەڭ ئېسىل مېھمان، ئەڭ ياخشى قوشنا بولغان پەرىشتىلەرنى ھۆرمەتلىمىگەنلەر زادى قانداق ئادەملەردۇر-ھە؟!

قاچانكى بىر ئادەم گۇناھ-مەئسىيەت، زۇلۇم ۋە پاھىشىلەرنى قىلىش ئارقىلىق پەرىشتىلەرگە ئازار بەرسە، پەرىشتىلەر ئاللاھقا شىكايەت قىلىپ «ئاللاھ ساڭا ياخشىلىقنى نېسىپ قىلمىسۇن» دەپ دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر ئادەم ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئېھسان قىلىش ئارقىلىق پەرىشتىلەرنى ھۆرمەتلىگەن بولسا، پەرىشتىلەر ئۇلار ھەققى ياخشى دۇئالارنى قىلىدۇ.

بەزى ساھابىلەر مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، سىلەردىن ئايرىلمايدىغان پەرىشتىلەر بار، ئۇلاردىن ھايا قىلىڭلار ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار.»

بۇنداق ئېسىل، ئۇلۇغ، يۈكسەك مەرتىۋىلىك پەرىشتىلەردىن ھايا قىلمايدىغان، ئۇلارنى لايىقىدا ئۇلۇغلىمايدىغان ۋە ھۆرمەتلىمەيدىغان كىشىلەردىنمۇ پەسكەشرەك ئادەم بارمۇ؟!

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ھالبۇكى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردا سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرغۇچى پەرىشتىلەر بار. ئۇلار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر بولۇپ، (سىلەرنىڭ سۆزلىرىڭلارنى ۋە ئەمەللىرىڭلار)نى يېزىپ تۇرىدۇ.

ئۇلار قىلمىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.»[242] يەنى ئى مۆئمىنلار سىلەرنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان بۇ پەرىشتىلەردىن ھايا قىلىڭلار ۋە ئۇلارنى ھۆرمەتلەڭلار. ئۇلارنى چوڭ بىلىڭلار. ئىنسانلار كۆرۈپ قېلىشتىن ھايا قىلىدىغان ئىشلاردا ئۇ پەرىشتىلەردىنمۇ ھايا قىلىڭلار. پەرىشتىلەر ئىنسانلار كۆرسە ئازار ھېس قىلىدىغان نەرسىلەردىن ئازار يەيدۇ. ئىنسانلار گەرچە ئۆزى خاتالىقلارنى قىلىپ قويغان تەقدىردىمۇ ئەمما باشقىلارنىڭ كۆز ئالدىدا بۇزۇقچىلىق قىلىشىدىن، ئاسىيلىق قىلىشىدىن ئازار يەيدۇ. ئۇنداقتا ئەمەللەرنى يېزىپ تۇرىدىغان بۇ ھۆرمەتلىك پەرىشتىلەر دائىم بىزگە ھەمراھ تۇرسا، بۇلارنىڭ ئالدىدا گۇناھ-مەئسىيەت، ئىتائەتسىزلىك، بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن نېمىشقا ھايا قىلمايمىز؟! (ئاللاھ ھەممىمىزنى پەرىشتىلەردىن ئىبارەت بولغان ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىمىزنى ۋە ئەڭ ياخشى قوشنىلىرىمىزنى توغرا رەۋىشتە ھۆرمەتلەش ۋە ئىززەتلەشكە نېسىپ ئەيلىسۇن)

## 46. گۇناھ-مەئسىيەتلەر ھالاكەتكە سۆرەيدۇ

گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھ قىلغۇچىلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاكەتكە سۆرەيدۇ. شۈبھىسىزكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىر بەندىنى كونترول قىلىۋالسا، ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالسا ئۇنى تۇگەشتۈرىۋېتىدۇ. شۈبھىسىزكى، بەدەن ئىممۇنىت كۈچىنى ئاشۇرىدىغان غىزالارنى ئىستىمال قىلىش ۋە مىكروپلارنى، بۇزۇق خىلتلارنى ۋاقتى-ۋاقتىدا تازىلاپ تۇرۇش ۋە زىيانلىق

[242] سۈرە ئىنفىتار 10، 11، 12 ـ ئايەتلەر

نەرسىلەردىن پەرھىز قىلىش ئارقىلىق ساغلاملىشىدۇ. ناۋادا بەدەننى مىكروپ ۋە بۇزۇق خىلتلار قاپلاپ كەتسە تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش قەلبنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەردىن غىزالاندۇرۇش، سەممىي تەۋبە ئارقىلىق ئۇنىڭ مىكروپلىرىنى ۋە بۇزۇق خىلتلىرىنى تازىلاش ۋە ساغلاملىققا پايدىلىق غىزالارنى ئىستېمال قىلىش ۋە زىيانلىق ماددىلاردىن پەرھىز قىلىش ئارقىلىق قەلبنىڭ كۈچىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

تەقۋادارلىق يۇقىرىقى ئۈچ ئىشنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئام بىر ئۇقۇمدۇر. ناۋادا بىر ئادەم بۇ ئۈچ ئىشنىڭ بىرەرىدىن مەھرۇم قالسا تەقۋادارلىقتىن شۇنچىلىك مەھرۇم قالغان بولىدۇ.

دېمەك، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر قەلبلەرنى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن غىزالاندۇرۇش، سەممىي تەۋبە ئارقىلىق ئۇنىڭ مىكروپلىرىنى ۋە بۇزۇق خىلتلىرىنى تازىلاش ۋە ساغلاملىققا پايدىلىق غىزالارنى ئىستېمال قىلىش ۋە زىيانلىق ماددىلاردىن پەرھىز قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشقا قارشى كېلىدۇ.

قاراپ باقايلى، قاتمۇ ـ قات باكتېرىيە ۋە كېسەللىك ئامىللىرى قاپلىۋالغان، ئۇنىڭدىن تازىلانمىغان، پەرھىز تۇتمىغان بەدەن قانداقسىگە ساغلام بولالىسۇن؟!

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ساقلىققا ئىنتىلگەچ، ھەرىكەت ئىشلەپ
جىسمىڭنى قوغدايسەن ئاغرىق ـ سىلاقتىن.

ئەسلىدە لايىقتى ئاللاھتىن قورقۇپ،
ساقلىنىش خاتادىن ھەمدە گۇناھتىن.

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بوي سۇنغان، چەكلىمىلىرىدىن پەرھىز قىلغان، سەممىي تەۋبە ئارقىلىق ئۆزىنى پاكلىغان ئادەملەر ياخشىلىقلارنى تەرك ئەتمەي ئىز قوغلاپ قىلىدۇ. يامانلىقلاردىن يۈتۈن كۈچى بىلەن يىراق تۇرىدۇ. (ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆزىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بوي سۇنغان، چەكلىمىلىرىدىن پەرھىز قىلغان، سەممىي تەۋبە ئارقىلىق ئۆزىنى پاكلىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن قىلسۇن)

## 47. گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە بېرىلىدىغان شەرئىي جازالار

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەنىۋىي جازالار گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن چەكلىيەلمىسە ياكى قەلبىگە تەسىر كۆرستەلمىسە، ئۇنداقتا شەرىئەت بەلگىلىگەن جازالارنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگىن! مەسىلەن: ئوچ تەڭگە مىقدارىدا نەرسە ئوغرىلىغان ئادەمنىڭ قولى كېسىلىدۇ. بىگۇناھ ئادەمنىڭ مېلىنى بۇلىغان ياكى قاراقچىلىق قىلغان ئادەمنىڭ پۇت-قوللىرى كېسىلىدۇ. مەسۇم ئادەملەرگە تۆھمەت چاپلىغان تۆھمەتخور ياكى ھاراق ئىچكەن ئادەم قامچا بىلەن ساۋىلىدۇ. زىناخور چالما-كېسەك قىلىنىدۇ. ناۋادا زىناخور توي قىلمىغان بولسا چالما-كېسەك جازاسى يەڭگىللىتىلىپ، يۈز تەرىر ئۇرۇلىدۇ ۋە ناتونۇش يۇرتلارغا بىر يىللىق پالىنىدۇ. ئۆزىنىڭ

مەھـرەم تۇققانلـىرى بىلـەن زىنـا قىلغـان ئـادەم ۋە پـەرز نامازنـى (قەسـتەن) تـەرك ئەتكـەن ياكـى كۇفـرى كەلىمىسـىنى سـۆزلىگەن ئـادەم ئۆلۈمگـە مەھكـۇم قىلىنىـدۇ. بەچچىۋازلىق قىلغـان ئادەملەر، ھايۋانلارغـا باسـقۇنچىلىق قىلغانـلار (ھايۋانـلار بىلـەن قوشـۇپ) ئۆلتۈرۈلىـدۇ. جامائـەت نامىزىغـا قاتناشـمايدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىگـە ئـوت قويۇۋېتىلىـدۇ. ئۇنىڭدىـن باشـقا نۇرغـۇن جـازالار بـار. ئاللاھ ئـۆز ھېكمىتـى بىلـەن جىنايەتلەرگـە تۈرتكـە بولىدىغـان ئامىللار ۋە بـۇ جىنايەتلەردىـن يىرگىنىدۈرىدىغـان ئامىللارغـا قارىتـا جـازا بەلگىلىگـەن.

نـاۋادا جىنايەتلـەر تەبىئـي يـۈز بەرگەن بولسـا، ئـۇ جىنايەتلەر تېـزەك يېيىـش، قـان ئىچىـش، ئـۆزى ئۆلـۈپ قالغـان ھايۋاننىـڭ گۆشـىنى يېيىشـتەك ئەسـلى ئىنسـان تەبىئىتىمـۇ ياقتۇرمايدىغان ئىشـلار بولسـا، ئۇنىڭغـا خاراكتېـر ۋە تەبىئەتتـە ئۈندەيدىغـان بىـر ئۈنـدەك بولمىسـا، بـۇ ئادەملەرگـە تەزىـر ئۇرۇلىـدۇ ۋە ھېلىقـى خاتالىقتىـن چەكلىنىـدۇ. ئەممـا بـۇلار شـەرئىي جىنايـى جازاغـا تارتىلمايـدۇ.

ئىنسـانىنىڭ تەبىئىتـى تەقـەززا قىلىدىغـان جىنايەتلەرگـە شـۇ جىنايـەت شـەكىللەندۈرىدىغان ئاقىۋىتىگـە قارىتـا ۋە شـۇ جىنايەتكـە بولغـان تەبىئەتتىكـى ئىسـتەك ۋە تەقەززالارنىـڭ كۈچلـۈك ۋە ئاجىزلىقىغـا قارىتـا جـازا بېرىلىـدۇ.

ئىنسـان تەبىئىتىـدە زىناغـا ناھايىتـى كۈچلۈك بىـر تەقەززالىـق ۋە تەبىئـي تەلـەپ بولغانلىقـى ئۈچـۈن، ئۇنىـڭ جازاسـىمۇ ئىنتايىـن ئېغىـر بولىـدۇ. زىنانىـڭ ئـەڭ يەڭگىـل جازاسـى يـۈز

تەزىــر ئۇرۇلــۇش ۋە پالىنىشــتۇر.

بەچچىۋازلىقتا ئىككى خىل جىنايەت شەكىللىنىدۇ. بىرى زىنا جىنايىتى، يەنە بىرى زىنانى ئەر بىلەن ئەرنىڭ قىلىشى. شۇنداق بولغاچقا بەچچىۋازلارغا ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

ئوغرىلىققا ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە كۆچلۈك بىر تەقەززالىق ۋە تەلەپ بولغاچقا ۋە ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان ئاقىۋىتى ئېغىر بولغاچقا، ئوغرىلارنىڭ قولى كېسىلىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ جىنايەتكە بىۋاستە ۋاستە بولىدىغان ئەزالارنى جازالاش ھەققىدىكى ھېكمىتىنى ئويلىنىپ باقايلى! مەسىلەن: قاراقچىنىڭ قولى ۋە پۇتى كېسىۋېتىلىدۇ. ئەمما بۆھتانخورنىڭ تىلى كېسىلمەيدۇ. چۈنكى تىلىنى كېسىشنىڭ زىيىنى ئۇنىڭ بۆھتانخورلۇق جىنايىتىنىڭ زىيىنىدىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنى قامچىلاش ئارقىلىق پۈتۈن بەدىنىگە جازا يۈرگۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

بەزىلەر «نېمىشقا ئوغرىنىڭ قولى كېسىلىدۇ-يۇ، ئەمما زىناخورنىڭ جىنايەتكە ۋاستە بولغان جىنسىي ئەزاسى كېسىۋېتىلمەيدۇ؟» دەپ سورىشى مۇمكىن.

زىناخورنىڭ جىنسىي ئەزاسى كېسىۋېتىلمەسلىكتە تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل سەۋەب بار:

بىرىنچى، جىنسىي ئەزا كېسىۋېتىلسە، بۇ، جىنايەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئېغىر بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى، جىنسىي ئەزا

كېسۋېتىلسە بۇ ئادەم نەسىل قالدۇرۇش ئىقتىداردىن مەھرۇم قالىدۇ ۋە ئۆزىمۇ تۈگىشىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى، جىنسىي ئەزا كىيىمنىڭ ئىچىدە تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇنى كېسىۋېتىش ئارقىلىق ئوغرىنىڭ قولىنى كەسكەنگە ئوخشاش باشقا مۇشۇ خىلدىكى جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە ئىبرەت قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولمايدۇ.

ئۈچىنچى، ئوغرىنىڭ بىر قولى كېسىلسە يەنە بىر قولى قالىدۇ. ئەمما جىنسىي ئەزا بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ.

تۆتىنچى، زىنانىڭ لەززىتى بارچە بەدەنگە تارقايدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، جازاسىنىمۇ بارچە بەدەن تەڭ تارتىشى كېرەك. مانا بۇ، مۇئەييەن ئەزانى جازالىغاندىن ياخشى.

شەرئىي جىنايى جازالار ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ مۇۋاپىق، ئەقىلگە، مەنپەئەتكە ئەڭ ئۇيغۇن شەكىلدە يولغا قويۇلغان.

خۇلاسىكالام، گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار شەرئىي جازالارغا ياكى تەقدىرنىڭ جازاسىغا ياكى ھەر ئىككى جازاغا تەڭلا ئۇچرايدۇ. ئاللاھ چىن ئىخلاس بىلەن تەۋبە قىلغانلاردىن جازالارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ.

## 48. گۇناھلارنىڭ شەرئىي ۋە تەقدىرىي جازالىرى

گۇناھلارنىڭ جازاسى شەرئىي جازالار ۋە تەقدىرىي جازالار دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. ناۋادا شەرئىي جازالار ئىجرا قىلىنسا، تەقدىرىي جازالاردىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ ياكى تەقدىرىي جازالار

يەڭگىللىتىلىدۇ. ناۋادا بىر بەندە شەرئىي جازا ياكى تەقدىرىي جازانىڭ بىرى بىلەنلا پاكلىنالمىغۇدەك ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويمىسا، ئاللاھ ئۇنى ھەرگىزمۇ تەڭلا ئىككى جازا بىلەن جازالىمايدۇ. ناۋادا شەرئىي جازالار ئىجرا قىلىنمىسا، گۇناھكار تەقدىرنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. تەقدىرنىڭ جازاسى بەزىدە شەرئىي جازادىن ئېغىر ياكى يېنىك بولىدۇ. لېكىن شەرئىي جازالار گۇناھكارغا خاس بېرىلگىنى بىلەن، تەقدىرىي جازالار گۇناھكار ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بارچە ئادەملەرگە ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا شەرئىي جازانى پەقەت گۇناھنى بىۋاستە قىلغان ياكى شۇنىڭغا سەۋەب بولغان ئادەمگىلا ئىجرا قىلىدۇ. ئەمما تەقدىرىي جازالار گۇناھكار شەخس ۋە ئەتراپىتىكى كوللىكتىپقا ئورتاق بولىدۇ. ناۋادا گۇناھ-مەئسىيەتلەر خۇپىيانە ئېلىپ بېرىلسا، ئۇنىڭ جازاسى گۇناھكارغىلا بولىدۇ. ئەمما گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئومۇملىشىپ، سەھنىلەشسە، بازارلاشسا، ئۇنىڭ جازاسىنى گۇناھكارلار ۋە باشقا ئادەملەرمۇ ئورتاق تارتىدۇ. كوللېكتىپ بىر خاتالىقنى كۆرۈپ، ئۇنى تۈزىتىشكە كۈچ چىقارمىسا ۋە ئۇنى ئىنكار قىلمىسا ئاللاھ ھەممەيلەننى جازالايدۇ.

بىز يۇقىرىقى مەزمۇنلاردا ئاللاھ تائالا بەلگىلىگەن شەرئىي جازالارنىڭ شۇ جىنايەت كەلتۈرگەن ئاقىۋەتنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە ۋە ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئىستەكنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا قارىتا بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئاللاھ تائالا گۇناھلارغا ئۆلتۈرۈش، كېسىش ۋە قامچىلاشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل جازانى يولغا قويدى. كاپىرلىق ۋە ئۇنىڭغا

يىقىـن كېلىدىغـان بەچچىۋازلىـق، زىناخورلـۇق قاتارلىـق ئېغىـر جىنايەتلەرگـە ئۆلـۈم جازاسـى بېرىلىـدۇ. چۈنكـى بـۇ گۇناھـلار دىنىنـى، نەسـەبنى ۋە ئىنسـانىنىڭ نەسـلىنى بۇزىـدۇ.

ئىمـام ئەھمـەد مۇنـداق دەيـدۇ: «مـەن قاتىللىقتىـن قالسـا زىنادىنمـۇ ئېغىـر جىنايـەت بارلىقىنـى بىلمەيمـەن». ئـۇ بـۇ سـۆزىگە مۇنـۇ ھەدىسـنى دەلىـل قىلىـدۇ: «ئابدۇلـلا ئىبنـى مەسـئۇد پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالامدىن قايسـى گۇنـاھ ئـەڭ ئېغىـر، دەپ سورىدى. پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام: سېنى ياراتقان ئاللاھقـا بىـر تەڭتۇشـنى شـېرىك قىلىۋېلىشـىڭ ئـەڭ ئېغىـر گۇنـاھ، دەپ جـاۋاب بـەردى. ئۇنىڭدىـن قالسـچۇ؟ ـ دېۋىدى، پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام: ئۇنىڭدىـن قالسـا «ئـۆزۈڭ بىلـەن بىللە تامـاق يېيىشـتىن قورقـۇپ بالاڭنـى ئۆلتۈرۈۋېتىشـىڭ» دېـدى. ئـۇ ئۇنىڭدىـن قالسـچۇ؟ دېـدى. پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام: «ئۇنىڭدىـن قالسـا قوشـناڭنىڭ ئايالـى بىلـەن زىنـا قىلىشـىڭ» دەپ جـاۋاب بـەردى.»[243] ئاللاھ تائـالا بـۇ ھەدىسـنى تەسـتىق قىلىـپ مۇنـۇ ئايەتنـى نازىـل قىلغـان: «ئـۇلار ئاللاھقـا ئىككىنچـى بىـر مەبۇدنـى شـېرىك قىلمايـدۇ. ئاللاھ ھـارام قىلغـان ناھـەق ئـادەم ئۆلتـۈرۈش ئىشـنى قىلمايـدۇ. زىنـا قىلمايـدۇ، كىمكـى بـۇ (گۇناھلار)نـى قىلىدىكـەن، جازاغـا ئۇچرايـدۇ.»[244]

پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام مەزكـۇر ھەدىسـە سـورىغۇچىنىڭ سـوئالىغا ئۇيغـۇن بولـۇشـى ئۈچـۈن ھـەر قايسـى گۇناھلارنىـڭ

[243] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[244] سۈرە فۇرقان 68 ـ ئايەت

يۇقىرى پەللىسىنى سۆزلەپ بەردى. سورىغۇچى «قايسى گۇناھ ئەڭ ئېغىر» دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى تىلغا ئالغان ھەر گۇناھنىڭ ئەڭ ئېغىر تۈرىنى بايان قىلىپ بەردى.

دېمەك، شېرىك تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىرى ـ ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلىش.

قاتىللىق جىنايىتىنىڭ ئەڭ ئېغىرى ـ ئۆز پەرزەنتىنى ئۆزى بىلەن بىللە يەپ-ئىچىشتىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش.[245]

زىنا تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئېغىرى ـ قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىش. چۈنكى بۇنىڭدا زىنا قىلىش ۋە قوشنىدارلىق ھەققىنى دەپسەندە قىلىشتىن ئىبارەت قاتمۇ-قات جىنايەت شەكىللىنىدۇ.

ئېرى بار ئايال بىلەن زىنا قىلىش ئېرى يوق ئايال بىلەن زىنا قىلغاندىن ئېغىر گۇناھتۇر. چۈنكى ئېرى بار ئايال بىلەن زىنا قىلغاندا ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنىدۇ، ئائىلە بۇزۇلىدۇ. ئۇ زىناخوردىن بالا تۆرىلىپ قالسا ئۇ ھېلىقى ئايالنىڭ ئۆز ئېرىگە نىسبەت بېرىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە نۇرغۇن سەلبىي تەرەپلىرى بار. شۇڭلاشقا ئېرى بار ئايال بىلەن زىنا قىلىش ئېرى يوق ئايال بىلەن زىنا قىلغاندىن ئېغىر گۇناھ ۋە جىنايەت بولىدۇ.

ئېرى بار بىر ئايال بىلەن زىنا قىلىش ئېرى يوق يۈز ئايال

[245] كاپىر ھاكىمىيەتلەر يۈرگۈزۈۋاتقان «پىلانلىق تۇغۇت سياسەتلىرى»گىمۇ چىن كۆڭلىدىن قايىل بولغان ئادەملەر مۇشۇ تۈرگە تەۋە بولىدۇ

بىلەن زىنا قىلغاندىن ئېغىرراق جىنايەتتۇر. ناۋادا ئايالنىڭ ئېرى زىناخورنىڭ قوشنىسى بولسا، زىنانىڭ گۇناھىغا قوشنىغا ئازار يەتكۈزگەننىڭ جىنايىتى قوشۇلۇپ تېخىمۇ ھەسسىلىنىدۇ. بۇ قوشنىغا ئىنتايىن ئېغىز ئازار يەتكۈزۈشتۇر. بۇ ئەڭ ئېغىر زىيانكەشلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قوشنىسى ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.»[246] قوشنىغا ئايالى بىلەن زىنا قىلىشتىنمۇ ئارتۇق زىيانكەشلىك قىلىش بولامدۇ؟!

ناۋادا زىناخور ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ياكى يېقىنلىرىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغان بولسا، بۇنىڭ گۇناھى تېخىمۇ ئېغىردۇر. چۈنكى، بۇ سىلە-رەھىمنى ئۈزۈشكە سەۋەب بولىدۇ. ناۋادا زىناخور قوشنىسى نامaz، ئىلىم ئۆگىنىش ياكى جىھاد قاتارلىق ئىتائەت يوللىرىغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغان بولسا، بۇنىڭ گۇناھى ۋە جىنايىتى تېخىمۇ نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىدۇ. ھەتتاكى ئاللاھ يولىدا جىھادقا كەتكەن كىشىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلغان ئادەم قىيامەت كۈنى تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ ۋە ھېلىقى مۇجاھىدقا «سەن ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن خالىغانچە ئېلىۋال» دېيىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭچە بۇ مۇجاھىد قانداق قىلار؟» يەنى بۇ مۇجاھىد ئاللاھ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى ئېلىۋېلىشقا بۇيرۇغان ھېلىقى

[246] مۇسلىم ۋە ھاكىم رىۋايىتى

ئادەمنىڭ ياخشىلىقلىرىنى قالدۇرۇپ قويارمۇ؟ بۇ كۈندە ھەممە ئادەم بىر تال بولسىمۇ ياخشىلىققا شۇنچە ئېھتىياجلىق تۇرسا؟! دادا بالىغا، بالا دادىغا، دوست ـ دوستقا يۈز خاتىرە قىلمايدىغان تۇرسا؟! ناۋادا زىناخور ئۆزىگە تۇققان كېلىدىغان ئايال بىلەن زىنا قىلغان بولسا، بۇنىڭ زىناخورلۇق گۇناھىغا سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش جىنايىتى قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ.

زىناخور بۇرۇن توي قىلغان بولسا، بۇنىڭ گۇناھى توي قىلمىغان زىناخورنىڭ گۇناھىدىن ئېغىر بولىدۇ. ناۋادا زىناخور قېرى بولسا، بۇنىڭ جازاسى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. قېرى پاھىشىۋاز قىيامەت كۈنى ئاللاھ بىلەن سۆزلىشەلمەيدىغان، پاكلىمايدىغان، دەرتلىك ئازابقا مۇبتىلا بولىدىغان ئۈچ ئادەمنىڭ بىرىدۇر.

ناۋادا زىنانى ھۆرمەتلىك ئايلاردا، ھۆرمەتلىك جايلاردا ياكى نامازنىڭ ۋاقتى، دۇئا ئىجاۋەت بولىدىغان ۋاقىت قاتارلىق ھۆرمەتلىك ۋاقىتلاردا قىلىنغان بولسا، بۇنىڭ جازاسى ھەسسىلىنىپ كېتىدۇ. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ جازاسى مانا مۇشۇنداق قاتارغا ئېلىنىدۇ ۋە قاتلامۇ ـ قاتلام ھەسسىلىنىپ كېتىدۇ. (ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن)

## ئوغرى ئىقتىسادقا بۇزغۇنچىلىق سالغانلىقى ئۈچۈن قولى كېسىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىشنى يولغا قويدى. چۈنكى، ئۇ باشقىلارنىڭ ماللىرىنى مەخپىي ئېلىۋالىدۇ. يوچۇق، تۆشۈكلەردىن مارىلايدۇ ۋە تامدىن ئارتىلىپ ياكى

شورىلاردىن ئۇغرى مۇشۇكلەردەك ئۆي ئىگىلىرىگە بىلىندۈرمەي ئۆيگە ئوغرىلىققا كىرىدۇ. ئۇنىڭ كەلتۈرگەن زىيىنى ئۆلتۈرۈش دەرىجىسىگە توشمايدۇ. قامچىلاش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئوغرىلىقنىڭ ۋاستىسى بولغان قولىنى كېسىش ناھايىتى ياخشى چارە. ھاراق ئىچىشتەك ئەقىلگە زىيان سالىدىغان گۇناھلارغا ۋە بوھتان چاپلاشتەك باشقىلارنىڭ ئىززىتىگە چېقىلىدىغان گۇناھلارغا قامچىلاش جازاسى بېرىلىدۇ.

گويا كاپارەتلەر قول ئازات قىلىش (بۇ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىكى)، باشقىلارغا تائام بېرىش ۋە روزا تۇتۇشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك بولغاندەك، ئاللاھنىڭ شەرئىي جازالىرىمۇ ئۆلتۈرۈش، كېسىش، قامچىلاشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ.

***گۇناھ-مەئسىيەتنىڭ تۈرلىرى:***

ئاللاھ تائالا گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە ئايرىدى:

1. جىسمانىي جازا ئىجرا قىلىنىدىغان گۇناھلار. بۇ گۇناھلاردا كاپارەت تۆلىتىلمەستىن جىنايەتچىنىڭ ئۆزى جىسمانىي جازاغا تارتىلىدۇ.
2. جىسمانىي جازا ئىجرا قىلىنمايدىغان گۇناھلار. بۇ گۇناھلاردا كاپارەت تۆلەش ئارقىلىق گۇناھنى يۇيىدۇ، جىسمانىي جازاغا تارتىلمايدۇ. مەسىلەن: رامىزاندا روزىدار ھالەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، ئېھراملىق ھالەتتە جىنسىي

مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش، زىنا قىلىش، سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈش، قەسەمنى بۇزۇش قاتارلىقلار.

3. جىسمانىي جازا ئىجرا قىلىنمايدىغان ۋە كاپارەت تۆلىتىلمەيدىغان گۇناھلار.

بۇ خىل گۇناھلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

(1) ئىنسان تەبىئىتى يىرگىنىدىغان گۇناھلارنى قىلىپ قويۇش. مەسىلەن: گەندە يېيىش، سۈيدۈك ئىچىش، قان ئىچىش قاتارلىقلار.

(2) جىنايەت تۈرىگە تەۋە بولىدىغان، ئەمما جازاغا تۇشمايدىغان گۇناھلار. مەسىلەن: يات ئاياللارغا قاراش، سۆيۈۋېلىش، تۇتۇش، پاراڭلىشىش ۋە جىسمانىي جازاغا تۇشمايدىغان ئوغرىلىق قىلىش قاتارلىقلار.

***ئۈچ تۈرلۈك جىنايەتكە قارىتا ئىقتىسادىي جازا ئىجرا قىلىنىدۇ***

1. ئەسلى رۇخسەت، ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەكلەنگەن ئىشلار. مەسىلەن: ئېھراملىق ھالەتتە ۋە روزىدار ھالەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىش ۋە ھەيزدار، نىفاسدار ئاياللار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار. بۇلار كاپارەت ئارقىلىق ئۆز گۇناھىنى يۇيىدۇ. ئەمما ئاياللىنىڭ كەينىگە جىما قىلىش بۇ ئىشلارغا ئوخشىمايدۇ. بەزى فەقىھلەر بۇنى ھەيزدار ۋە نىفاسدار ئايال بىلەن بىرگە بولغانغا ئوخشاش دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ھەيزدار، نىفاسدار ئاياللارغا يېقىنچىلىق

قىلىش ۋاقىتلىق ۋە مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن چەكلەنگەن، ئەمما ئايال كىشىنىڭ كەينىدىن جىما قىلىش ھەر قانداق ئەھۋالدا چەكلىنىدۇ. ئايال كىشىنىڭ كەينىدىن جىما قىلىش بەچچىۋازلىق ۋە مەست قىلغۇچى ئىچىملىكلەرنى ئىچكەنگە ئوخشاش جىسمانىي جازا ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

2. ئاللاھ ئۈچۈن نەزىر ۋەدە قىلىپ ئۇنى قىلالمىغان بولسا ياكى ئاللاھقا قەسەم قىلىپ قەسىمنى بۇزغان بولسا ياكى ئاللاھ ھارام قىلىپ، ئۇنىڭ ھالاللىقىنى كاپارەتكە قاراشلىق قىلىپ قويغان بىر ئىشلارنى قىلغان بولسا، بۇ ئىشلارغا قارىتا كاپارەت بېرىلىدۇ. بۇ قەسەمدىن چىقىش دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى فەقىھلەر ئېيتقاندەك قەسەمنى بۇزغان ئادەمنىڭ بەرگەن كاپارىتى قەسىمدىن چىقىرالىغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن قىلىنغان قەسەمنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق گۇناھىنى يۇيالمايدۇ. شۈبھىسىزكى، قەسەمنى بۇزۇش بەزىدە ۋاجىپ بولسا، بەزىدە مۇباھ بولىدۇ. جەزمەنكى كاپارەت ئاللاھقا قىلىنغان ئەھدىدىن چىقىۋېلىش ئۈچۈنلا بېرىلىدۇ.

3. كاپارەت خاتالىقنىڭ ئورنىنى توشقۇزۇش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. مەسىلەن: سەۋەنلىكتىن ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش. بۇ يەردىكى قاتىللىق سەۋەنلىكتىن بولغاچقا، شەرئىي بەلگىلىمە بويىچە ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەيدۇ. باشقا جازاغا بۇيرۇلمايدۇ. ئېھراملىق ھالەتتە سەۋەنلىكتىن ئوۋ ئوۋلاپ قويغان ئادەممۇ كاپارەت بېرىدۇ.

بىرىنچى خىلدىكى كاپارەت گۇناھلارنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئىجرا قىلىنىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى كاپارەت ھالاللاش ئۈچۈن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى كاپارەت ئورنىنى توشقۇزۇش ۋە تۆلەم شەكلىدە ئىجرا قىلىنىدۇ.

ھەد جازاسى (ئاللاھ ئېنىق بەلگىلىگەن جازالار ‹يەنى جىنايى جازالار› ) بىلەن قامچىلاش جازاسى (مەمۇرىي جازالار) تەڭلا ئىجرا قىلىنمايدۇ.

بىر گۇناھقا ھەد جازاسى بىلەن قامچىلاش جازاسى تەڭلا ئىجرا قىلىنمايدۇ. بەلكى بىر گۇناھقا ھەد يۈرگۈزۈلگەن بولسا، ئۇنىڭدىن قامچىلاش جازاسى ساقىت قىلىنىدۇ. ناۋادا قامچىلاش جازاسى ئىجرا قىلىنغان بولسا، ھەد يۈرگۈزۈلمەيدۇ. بىر گۇناھقا قارىتا ھەم كاپارەت ھەم ھەد تەڭلا ئىجرا قىلىنمايدۇ. بەلكى ھەر قانداق گۇناھقا قارىتا ھەد يۈرگۈزۈلگەن بولسا، ئۇنىڭغا كاپارەت ئىجرا قىلىنمايدۇ. كاپارەت ئىجرا قىلىنغان بولسا ھەد يۈرگۈزۈلمەيدۇ. ئېھراملىق ھالەتتە ياكى روزىدار ھالەتتە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ۋە ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش ھەد يۈرگۈزۈش (يەنى جىنايى جازا) غا توشمايدىغان گۇناھلارغا قارىتا كاپارەت جازاسى ۋە قامچىلاش جازاسى تەڭلا ئىجرا قىلىنامدۇ-يوق؟ بۇ مەسىلىدە ئىككى خىل قاراش بار. بەزى ئۆلىمالار «ئۇلار كاپارەتنى ئادا قىلغان تەقدىردىمۇ، بۇ جىنايەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھ ھارام دەپ بېكىتكەن بەلگىلىمىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئۈچۈن

يەنىلا قامچىلاش جازاسىغا ئۇچرايدۇ» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر «كاپارەتنى ئادا قىلغاندىن كېيىن قامچىلاش جازاسى بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، كاپارەت ئۇلارنىڭ خاتالىقىنىڭ ئورنىنى توشقۇزىدۇ ۋە گۇناھىنى ئۆچۈرىدۇ» دەپ قارايدۇ.

## 49. تەقدىرنىڭ جازالىرى

تەقدىرنىڭ جازالىرى روھىي جازالار ۋە جىسمانىي ياكى ئىقتىسادىي جازالار دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ.

تەقدىرنىڭ روھقا بېرىدىغان قەلبىي جازالىرى ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

1. قەلبتىكى ھېسسىي ئاغرىق.

2. قەلبنىڭ ھاياتى ۋە ساغلاملىقىغا زۆرۈر بولغان ئامىللاردىن مەھرۇم قويۇش.

قەلب روھىي ئوزۇقتىن ئايرىلسا، روھى ئازابلارغا مۇپتىلا بولىدۇ. قەلب ئازابى ئەڭ ئېغىر ئازابتۇر. تەقدىرنىڭ قەلبكە بېرىدىغان جازاسى جىسمانىي جازانىڭ تۈپ يىلتىزىدۇر.

گويا جىسمانىي ئازابلار قەلبكە تەسىر كۆرسەتكەندەك، روھىي جازالار كۆچەيگەنسېرى، ئاشقانسېرى قەلبتىن بەدەنگە تارقاشقا باشلايدۇ. جان تەندىن ئايرىلغاندا ئىنسان ئۇچرايدىغان ئازاب روھىي ئازاب بولىدۇ. ئۇ چاغدا روھىي ئازاب ئاشكارا، ئوچۇق بىر ئازابقا ئايلىنىدۇ. بۇ قەبرە ئازابى دېيىلىدۇ. قەبرىدىكى روھىي ئازابلار بۇ دۇنيادىكى جىسمانىي ئازابلارغا ئوخشايدۇ.

## 50. تەقدىرنىڭ جىسمانىي جازالىرى

تەقدىرنىڭ جىسمانىي جازالىرى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى دۇنيادا يەنە بىرى ئاخىرەتتە بولىدۇ.

بۇ جازالارنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار پەيدا قىلغان ئاقىۋەتنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قارىتا بولىدۇ. ھەر قانداق يامانلىقلا بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم گۇناھ ۋە ئۇنىڭ جازاسىغا سەۋەبتۇر. دېمەك يامانلىق گۇناھنىڭ يەنە بىر ئىسمىدۇر. بارلىق يامانلىق، ئەسكىلىكلەر قارا كۆڭۈللۈك ۋە يامان ئىشلاردىن سادىر بولىدۇ. قارا كۆڭۈللۈك بىلەن ئەسكىلىك ئۆز ئارا يىلتىزداش بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۆزىنىڭ خۇتبىلىرىدە «ئاللاھقا سېغىنىپ كۆڭۈللىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئەمەللىرىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز» دەپ بۇ ئىككىسىدىن پاناھ تەلەپ قىلاتتى. بۇ يەردە بارلىق يامانلىقلاردىن پاناھ تەلەپ قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۈبھىسىزكى، كۆڭۈللەرنىڭ يامانلىقى يامان ئىشلارنىڭ يىلتىزىدۇر. يامان ئىشلار يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ يىلتىزىدۇر. شۇڭلاشقا كۆڭۈللەرنىڭ يامانلىقى بىلەن ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان يامان ئەمەللەردىن تەڭلا پاناھ تەلەپ قىلىنىدۇ. كۆڭۈلنىڭ يامانلىقى يامان ئىشلارغا سەۋەب بولىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككىسى تەڭلا تىلغا ئېلىنىدى. كۆڭۈللەرنىڭ يامانلىقى بىلەن يامان ئىشلار بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. كۆڭۈل قارا بولسا يامان ئىشلار سادىر بولىدۇ. يامان ئىشلارنى قىلىۋەرگەنسېرى كۆڭۈل تېخىمۇ قارىلىشىپ،

ئەسكىلىشىپ كېتىدۇ. دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ يۇقىرىقى خۇتبىسىدىكى پاناھ تىلەش يامانلىقنىڭ يىلتىزى، شېخى، يۇقىرى پەللىسى... ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەرىشتىلەر مۇئمىنلار ھەققىدە مۇنداق دۇئا قىلىدۇ: «پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر.»[247]

گەرچە يۇقىرىقى ئايەت ساقلىنىش تەلەپ قىلىنغان جازالار ھەققىدە بايان قىلىنغاندەك تۇرسىمۇ، پەرىشتىلەرنىڭ ئاللاھتىن مۇئمىنلەرنى يامان ئىشلاردىن ساقلىشىنى تەلەپ قىلىشى يامان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى بولغان يامان جازالاردىن ساقلىشىنى تەلەپ قىلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇئمىنلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلاپ قالسا، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بولغان يامان جازالاردىنمۇ ساقلاپ قالىدۇ.

ناۋادا بەزى كىشىلەر پەرىشتىلەرنىڭ «مۇئمىنلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دېگەن دۇئاسى يامان جازالاردىن ساقلىغىن دېگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ ئۇنداقتا پەرىشتىلەر بۇ يەردە تىلغا ئالغان يامانلىق يامان ئەمەللەر دېگەنلىك بولۇپ، پەرىشتىلەرنىڭ بۇ تىلىكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئاللاھتىن پاناھ تەلەپ قىلغان دۇئا بىلەن ئوخشاشقۇ؟! يۇقىرىقىدەك چۈشىنىش مەزكۇر ئايەتتىكى «شۇ كۈندە» دېگەن سۆزگە

[247] سۈرە غافىر 9 ـ ئايەت

زىت كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئايەتلەردىكى مەقسەت يامان ئەمەللەرنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى يامان ئاقىۋىتىدۇر. مانا بۇ يامانلىقنىڭ دەل ئۆزى بولمامدۇ؟ ـ دەپ سورىسا، ئۇلارغا جاۋابەن مۇنداق دېيىلىدۇ:

يامانلىقتىن ساقلىنىش ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

بىرىنچى: ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەق قىلىشى بىلەن يامانلىقنى قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىش، ئۆزىدىن شۇ يامانلىقلارنىڭ سادىر بولۇشىغا زادىلا يول قويماسلىق.

ئىككىنچى: ئاللاھتىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئارقىلىق يامانلىقنىڭ جازاسىدىن ساقلىنىش. دېمەك، مەزكۇر ئايەت يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل ھالەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەرىشتىلەر توغرىسىدىكى بۇ خەۋەرلەردە پەرىشتىلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرگەنلىكى، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىدىغانلىقى، مۇئمىنلارغا ئىستىغپار تەلەپ قىلىش ئارقىلىق ئۇلارغا ئېھسان قىلىغانلىقىدىن ئىبارەت مەدھىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇلارغا ئىستىغپار تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ ئىلمىنىڭ كەڭلىكى ۋە رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى ۋەسىلە قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ كەڭ ئىلمى ئاللاھنىڭ گۇناھلار ۋە گۇناھلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ھەمدە مۇئمىنلارنىڭ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىشتىن ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى، ئىنسانلار دۈشمەنلىرى ۋە نەپسى ـ خاھىشى ئالدىدا، دۇنيانىڭ ماددىي زىبۇ ـ زىننەتلىرى ئالدىدا ئاجىز كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنى تۇپراقتىن ياراتقان ۋاقتىتىكى ئەھۋالىنى

ۋە هامىلە ۋاقتىدىكى ئەھۋاللارنى بىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ بەندىلەرنىڭ گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يۈتۈنلەي ساقلىنالمايدىغانلىقىنى ئالدىنئالا بىلگەنلىكى ۋە ئاللاھ تائالا ئەپۇ ۋە مەغپىرەتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچ كىشى بىلىپ بولالمايدىغان كەڭ ئىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكى تەۋھىدى دۇرۇس، ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ساغلام مۇئمىنلارنىڭ ھالاك بولۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى شۇ قەدەر كەڭ ئىكەنكى، شەقىي، بەدبەختلەردىن باشقىلار ئۇنىڭ رەھمىتىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. ھەر نەرسىنى سىغدۇرغان ئىلاھىي رەھمەتنىڭ سىرتىدا قالغان ئادەمدىنمۇ بەختسىز ئادەم بارمۇ؟!

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمدە پەرىشتىلەر ئاللاھتىن ئۆز يولىغا ئەگەشكەن ۋە تەۋبە قىلغانلارنى كەچۈرۈشنى، تەۋبە قىلغانلارنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قېلىشنى تىلەيدۇ. مۇئمىنلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرىنى ۋە جۆرىلىرىنى ئۆزى ۋەدە قىلغان جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشنى تىلەيدۇ. ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسى سەۋەبلەرگە قاراشلىقتۇر. پەرىشتىلەرنىڭ مۇئمىنلارنى ۋە تەۋبە قىلغۇچىلارنى جەننەتلەرگە كىرگۈزۈشنى سورىغانلىقىمۇ مۇشۇ سەۋەبلەردىندۇر.

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمنىڭ كەينىدىلا ئاللاھ تائالا پەرىش-

تىلەرنىڭ مەزكۇر دۇئانىڭ ئاخىرىدا «سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»[248] دەيدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. يەنى بۇ جۈملىدىن مەقسەت «سەن غالىپلىق ۋە ھېكمەتنىڭ مەنبەسى، سەۋەبى ۋە غايىسىدۇرسەن. يۇقىرىقى ئىشلار سىنىڭ كامالى قۇدرەت ۋە كامالى ئىززىتىڭدىن سادىر بولغاندۇر. شۈبھىسىزكى ئىززەت دېمەك كامالى قۇدرەتتۇر. ھېكمەت دېمەك كامالى ئىلىمدۇر. مەزكۇر ئىككى سۈپەتنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھ خالىغانىنى قىلىدۇ، خالىغانىنى بۇيرۇيدۇ، خالىغانىنى توسىدۇ ۋە خالىغانغا مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ». دېمەك، مەزكۇر ئىككى سۈپەت يارىتىش ۋە بۇيرۇشنىڭ مەنبەسىدۇر.

خۇلاسىكالام، يامانلىقلارنىڭ جازالىرى شەرئىي جازالار ۋە تەقدىرىي جازالار دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇ جازالار ياكى قەلبكە بېرىلىدۇ ياكى بەدەنگە بېرىلىدۇ ياكى ھەر ئىككىسىگە بېرىلىدۇ. بەزى جازالار ئۆلگەندىن كېيىن قەۋرىدە بولىدۇ، بەزىلىرى قىيامەت كۈنى بولىدۇ. ئىشقىلىپ قانداقلا بولمىسۇن گۇناھ جازاسىز قالمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن ئىنسان نادان بولغاچقا جازالارنى ھەقىقى ھېس قىلالمايدۇ. چۈنكى نادان ئىنسان مەست، ناركوز قىلىنغان، ئۇخلاپ قالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ناۋادا ئۇ ئويغىنىپ ھوشىغا كەلسە دەرت-ئەلەملەرنى ھېس قىلىدۇ. دېمەك، گويا ئوتقا كۆيۈش ئەگەشكەندەك، سۇندۇرۇشقا سۇنۇش ئەگەشكەندەك، سۇغا

[248] سۈرە غافىر 9 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

چۈشۈپ كېتىشكە چۆكۈپ كېتىش ئەگەشكەندەك، زەھەرلىنىشكە بەدەننىڭ نورمالسىزلىنىشى ئەگىشىپ كەلگەندەك گۇناھ-مەئسىيەتكە جازا ئەگىشىپ كېلىدۇ.

بەزى ۋاقىتلاردا گۇناھ-مەئسىيەت ئىشلەنگەن ھامان جازا بېرىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئازدۇر-كۆپتۇر كېچىكىپ بېرىلىدۇ. بۇ گوياكى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ شۇ ۋاقىتتا كېسەل بولۇپ قالغان ياكى كېچىكىپ كېسەل بولغانغا ئوخشايدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كىشىلەر مۇشۇ نۇقتىدا خاتالىشىدۇ. بەزىدە گۇناھلارنىڭ تەسىرى دەل ۋاقتىدا كۆرۈنمەيمۇ قالىدۇ. لېكىن ئۇ جازالار ئاستا-ئاستا تەسىرىنى كۆرسەتكىلى تۇرىدۇ. بۇ گويا زەھەر ياكى زىيانلىق نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا دەرھال قارشى چارە-تەدبىر قوللانمىسا بىمارنىڭ ھالاك بولۇپ كەتكىنىگە ئوخشاش ئىش. يۇقىرىقى ئەھۋال بىرەر گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزۈپ قويۇپ تەۋبە قىلمىغان كىشىنىڭ ئەھۋالى. ئۇنداقتا ھەر كۈنى ھەر سائەت، ھەر مىنۇتنى گۇناھ-مەئسىيەت ئۈستىدىلا ئۆتكۈزۈدىغان، گۇناھ-ئۈستىگە گۇناھ ئۆتكۈزىدىغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟! (ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن)

## 51. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ بەزى جازالىرى

سەن ئاللاھ تائالا گۇناھلارغا بېرىدىغان بىر قىسىم جازالارنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرگىن ۋە ئۆزۈڭنى شۇ جازالارغا ئۇچرىغۇچى دەپ پەرەز قىلغىن-دە، شۇ تۈيغۇڭنى جازالارغا سەۋەب بولغان گۇناھ-مەئسىيەلەرنى تەرك ئېتىشىڭنىڭ تۈرتكىسى قىلىۋال! مەن

«ئاقىلغا ئىشارەت» دېگەن ھېكمەت بويىچە تۆۋەندە قىسمەن جازالارنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

### قەلبلەرگە پېچەت ئۇرۇلۇش

قەلبلەر ۋە قۇلاقلارنىڭ پېچەتلىنىشى، كۆزلەرنىڭ پەردىلىنىشى، قەلبلەرنىڭ قۇلۇپلىنىشى ۋە پەردىلىنىشى، داتلىششى ۋە مۆھۈرلىنىشى، قەلب ۋە كۆزلەرنىڭ ھەقتىن بۇرۇلۇپ كېتىشى، ئىنسان بىلەن قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولۇش، قەلبىنىڭ ئاللاھنى ئەسلەشتىن غاپىل قېلىنىشى، ئىنسانغا ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرۇش، ئاللاھنىڭ پاكلىماسلىقى، قەلبى گويا ئاسمانغا ئۆرلەۋاتقاندەك سىقىلىپ كېتىش، قەلبلەرنىڭ كېسەللىكىنىڭ زىيادىلىشىپ كېتىشى، تۇرغانسېرى ھەقتىن يىراقلىشىپ، پۈتۈنلەي ھەقتىن مەھرۇم قېلىش قاتارلىق ئىشلار گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ جازالىرى قاتارىدىندۇر.

ئىمام ئەھمەد ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قەلبلەر ساغلام قەلب، پەردىلەنگەن قەلب، چېكىنگەن قەلب، ئارىسالدى قەلب دەپ تۆتكە بۆلۈنىدۇ. ساغلام قەلبتە ئۇنى يورۇتۇپ تۇرغان بىر چىراق بولىدۇ، ئۇ-مۇئمىننىڭ قەلبىدۇر. پەردىلەنگەن قەلب-كاپىرنىڭ قەلبىدۇر. چېكىنگەن قەلب-مۇناپىقنىڭ قەلبىدۇر. ئارىسالدى قەلب-ئىمان ۋە مۇناپىقلىقنىڭ ئارىسىدا تالاشقا قالغان قەلب بولۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسى كۈچەيسە، قەلب شۇنىڭغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ.»

## ئىتائەت ئىرادىسىنىڭ سۇندۇرۇلۇشى ۋە ئىتائەتكە مۇۋەپپەق بولالماسلىق

قەلبنىڭ پاك، گاچا، كور بولۇپ كېتىشىمۇ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ جازالىرى قاتارىدىندۇر. گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر قەلب بىلەن ھەقىقەتلەر ئوتتۇرىسىدا ھەقىقى پاك بىلەن ئاۋاز، ھەقىقى قارىغۇ بىلەن رەڭلەر، ھەقىقى گاچا بىلەن گەپلەر ئارىسىدىكىگە ئوخشايدىغان بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرىدۇ. دېمەككى، ھەقىقي قارىغۇلۇق، پاڭلىق، گاچىلىق قەلبتە بولىدۇ. قۇلاق، كۆز ۋە تىلدىكى بولسا ئادەتتىكى جىسمانىي كېسەللىكتۇر.

«ئۇلار زېمىندا سەير قىلمىدىمۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇلار (يەنى سەير قىلىپ) چۈشىنىدىغان دىللارغا، ياكى ئاڭلايدىغان قۇلاقلارغا ئىگە بولمىدىمۇ؟ ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقى كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ).»[249]

مەزكۇر ئايەتتىكى مەقسەت كۆزنىڭ ھېسسىي قارىغۇلۇقىنى ئىنكار قىلىش ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەما (جىھادقا چىقالمىسا) گۇناھ يوقتۇر.»[250] مۇنۇ ئايەتتىمۇ ئەمانىڭ مېيىپلىقى ئالاھىدە قاتارغا ئېلىنىدى. بەلكى بۇ ئايەتلەردىكى مەقسەت چىن مەنىدىكى قارىغۇلۇق ئەمەلىيەتتە

[249] سۈرە ھەج 46 ـ ئايەت
[250] سۈرە نۇر 61 ـ ئايەت

قەلبىنىڭ قارىغۇلۇقىدۇر، دېمەكچى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «باتۇرلۇق سۇرئەتتە ئەمەس، بەلكى ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتا». ئۇ يەنە «مىسكىن دېگىنىمىز بىر لوقما، ئىككى لوقما ئۈچۈن قاتراپ يۈرىدىغان ئادەم ئەمەس، بەلكى كىشىلەردىن بىر نەرسە سورىمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ سەدىقىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن دىققىتىنى تارتمايدىغان كىشىدۇر» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئىنتايىن تولا.

خۇلاسىكالام، قەلبلەرنىڭ قارىغۇ، پاك، گاچا قىلىۋېتىلىشى گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ جازالىرىدىندۇر.

## پەس كۆڭۈللۈك

پەس كۆڭۈللۈك گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ جازالىرى قاتارىدىندۇر. بىراۋ گۇناھ-مەئسىيەتلەردە داۋاملىشىش ئارقىلىق ئۆزى تۇيمىغان هالدا كۆڭلى پەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئادەملەرنىڭ نەدىكى بىر رەزىللىكلەر، ئىپلاسلىقلار، پەسەندىلىكلەردىن قول ئۈزەلمەسلىكى ئۇنىڭ كۆڭلى پەسلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر. شۇنىڭدەك ئاللاھ ئۈستۈن قىلغان، ئاللاھ كۆتۈرگەن قەلبكە ئىگە، كۆتۈرەڭگۈ روهقا ئىگە ئادەملەر دائىم ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ ئەتراپىنىلا چۆگىلەيدۇ.

ماددىي ۋە مەنىۋىي ياخشىلىقلاردىن يىراقلىشىش، بۇيۇك ئىشلار، ئالىيجاناب گەپ-سۆزلەردىن ۋە يۈكسەك ئەخلاقتىن چەتنەشمۇ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ جازالىرىدىندۇر.

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى قەلبلەر ئايلىنىپ تۇرىدۇ. بەزى قەلبلەر ئەرشنى ئايلانسا، بەزى قەلبلەر نىجاسەتلەر ئەتراپىنى ئايلىنىدۇ.»

***قەلبى مۇبەددەل بولۇپ كېتىش***

سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ كەتكەنگە ئوخشاشلا قەلبلەرمۇ مۇبەددەل بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ مۇبەددەل بولۇپ كەتكەن بۇ قەلب ئەخلاقى، ئەمەلى ۋە تەبىئىتىدە ئوخشاش بولغان ھايۋانغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بەزى قەلبلەرنىڭ ساھىبى چوشقا مىجەزلىك بولغاچقا، ئۇ قەلبلەرمۇ چوشقا قەلب بولۇپ كېتىدۇ. بەزى قەلبلەر ئۆز ساھىبىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ۋە خۇي-پەيلىنىڭ ئوخشىماسلىقلىرىغا قاراپ ئىت قەلب، ئېشەك قەلب، يىلان قەلب، چايان قەلب بولۇپ كېتىدۇ. سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ئاللاھ تائالانىڭ «مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن، مەيلى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر(يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغان مەخلۇقلاردۇر). لەۋھۇلمەھفۇزدا ھېچ نەرسىنى چۈشۈرۈپ قويمىدۇق (يەنى ھەممىنى تولۇق يۈتتۇق)، كېيىن ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىدۇ (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىدۇ).»[251] دېگەن ئايىتىنى مۇشۇنداق چۈشەنگەن.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەر ئىچىدە يىرتقۇچ مىجەز، ئىت مىجەز، چوشقا مىجەز، ئېشەك مىجەز

[251] سۈرە ئەنئام 38 - ئايەت

ئادەملەر بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە تـوزدەك ياسىنىپ يۈرىدىغان ئادەملەر بار. ئىشـەكتەك دۆت ئادەملەرمۇ بار. خورازدەك شەخسىيەتچى، يەنە بەزىلەر كەپتەردەك كۆنۈشكەك، يەنە بەزىلەر تۆگىدەك قىساسخور، بەزىلەر قويغا ئوخشاش يۇۋاش ـ يۇمشاق كېلىدۇ. يەنە بەزىلەر تۈلكىگە ئوخشاش قـوۋ كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا نادان، جاھىللارنى بەزىدە ئىشـەككە ئوخشاتسا، بەزىدە ئىتقا ئوخشىتىدۇ، يەنە بەزىدە چار ـ پايلارغا ئوخشىتىدۇ. ئادەملەر مىجەز ـ خاراكتېرى جەھەتتە ھايۋانلارغا ئوخشاپ قېلىپ، تەدرىجىي ھالدا سۈرەتتىمۇ شۇلارغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. چېچەن ئادەملەر بۇنى بايقىيالايدۇ. ئۇلار ھەممە ئادەملەر بىلەلەيدىغان دەرىجىدە ھېلىقى ئۆزى خۇيىنى ئالغان ھايۋانلارنىڭ قىلىقىنى قىلغىلى تۇرىدۇ. ئۇلار شۇنداق داۋاملىشىپ ئاخىرىدا سۈرىتى بەدبەشىرە بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سۈرىتى مۇبەددەل بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئاخىرىدا ئۇلارنى پۈتۈنلەي ھايۋان سىياق قىلىۋېتىدۇ. يەھۇدىي ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىرى ئاللاھنىڭ شۇنداق جازاسىغا ئۇچرىغان. ئاللاھ مۇشۇ ئۇممەتتىن بىر قەۋمنىمۇ گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرى تۈپەيلىدىن مايمۇن ۋە چوشقىلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

سۇبھانالله! قانچىلىغان قەلبلەر ھەق يولدىن بۇرۇلۇپ كەتتى، ۋەھالەنكى ئۇ قەلبلەرنىڭ ساھىبىسى تۇيمايدۇ. قانچىلىغان قەلبلەر پەسكەشلىككە مايىل بولۇپ كەتتى. قانچىلىغان قەلبلەر مۇبەددەل بولۇپ كەتتى. قانچىلىغان ئادەملەر

كىشىلەرنىڭ ماختاپ-ئۇچۇرۇشلىرىغا مەپتۇن بولۇپ كەتتى. قانچىلىغان ئادەملەر ئاللاھنىڭ ئۇنى رەسۋا قىلمىغانلىقىدىن، ئاللاھنىڭ نازۇ-نېئمەتلىرىگە ئېرىشتۈرگەنلىكىدىن مەغرۇرلىنىپ ھەددىدىن ئاشتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە ئۇلارغا جازا ئىدى، ئۇلارغا ئاھانەت ئىدى. نادان ئادەملەر بۇ ئىشلارنى كارامەت دەپ ئويلايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنىڭ سۈپەتلىرىنى تەرە-پىرەن قىلىشى، ئاللاھنى ئالدايمەن دېگۈچىلەرنىڭ ئالدامچىلىقىنى گۇمران قىلىشى، ئاللاھنى مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ مەسخىرىسىگە لايىقىدا جازا بېرىشى، ھەقتىن تايغانلارنىڭ قەلبلىرىنى ئازدۇرۇۋېتىشى گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ بىر قىسىم جازالىرىدۇر.

## *قەلبتىكى ھەق-ناھەق تۇيغۇسىنىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىشى*

قەلبنىڭ ھەقنى ناھەق، ناھەقنى ھەق دەپ قاراپ قىلىشى؛ ياخشىلىقنى يامانلىق، يامانلىقنى ياخشىلىق دەپ قاراپ قىلىشى؛ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىمەن دەپ قاراپ بۇزغۇنچىلىق قىلىپ قويۇشى؛ ئاللاھ يولىغا چاقىرىۋاتىمەن دەپ قاراپ ئاللاھ يولىدىن توسۇپ قويۇشى؛ ئۆزىنى ھىدايەت ئۈستىدە دەپ قاراپ، ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئازغۇنلۇققا چۈشۈپ قېلىشى؛ پەرۋەردىگارىغا ئەگىشىۋاتىمەن دەپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ئەگىشىپ كېتىشلىرى؛ مانا بۇلارمۇ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ قەلبتە كۆرۈلىدىغان جازالىرىدىندۇر.

***قەلب بىلەن پەرۋەردىگار ئارىسىغا پەردە شەكىللىنىپ قېلىش***

بۇ دۇنيادا قەلبنىڭ پەرۋەردىگاردىن پەردىلىنىپ قېلىشى، قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارنى كۆرۈشتىن مەنئىي قىلىنىشىمۇ گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ قەلبتە كۆرۈلىدىغان جازالىرىدىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ھەقىقەتەن ئۇلار بۇ كۈندە پەرۋەردىگارىنى كۆرۈشتىن مەنئىي قىلىنغان.»[252]

گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارنى قەلبى بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى مۇساپىنى كېزىپ، قەلبكە كىرىپ، قەلبنى ئىسلاھ قىلىدىغان، پاكلايدىغان ياكى قەلبنى بۇزىدىغان ۋە بەختسىزلىككە مۇپتىلا قىلىدىغان نەرسىلەرنى ئېنىق كۆرۈشتىن چەكلەپ قويىدۇ. گۇناھ-مەئسىيەتلەر يەنە قەلبلەر بىلەن پەرۋەردىگار ئارىسىغا پەردە بولۇۋالىدۇ-دە، قەلبلەرنى ئاللاھقا يەتكىلى، ئاللاھقا يېقىنلاشقىلى، ئاللاھنىڭ كارامىتىنى ھېس قىلغىلى، خۇرسەن بولغىلى، ئازادە ياشىغىلى قويمايدۇ. بەلكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارلار بىلەن پەرۋەردىگار ئارىسىغا توسالغۇ بولۇۋالىدۇ.

## 52. گۇناھ-مەئسىيەتلەر گۇناھكارلارنى قىيىنچىلىققا مۇپتىلا قىلىدۇ

دۇنيادا قىيىن تۇرمۇشقا مۇپتىلا بولۇش، قەبرىدە ۋە

[252] سۈرە مۇتەففىفىين 14 ـ 15 ـ ئايەتلەر

ئاخىرەتتە ئازابلارغا ئۇچراش قاتارلىقلارمۇ گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنىڭ جازالىرى قاتارىدىندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز.»[253]

مەزكۇر ئايەتتىكى تارچىلىق (خاتىرجەمسىزلىك) تەپسىرلەردە قەبرە ئازابى دەپ تەپسىر قىلىنغان. قەبرە ئازابىمۇ تارچىلىق ۋە خاتىرجەمسىزلىكتۇر. لېكىن بۇ ئايەت يۇقىرىقىدىنمۇ ئامىمباراق مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تائالا تارچىلىق ۋە خاتىرجەمسىزلىكنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن يۈز ئۆرۈشنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە بايان قىلىدۇ. ناۋادا بىر ئادەم بۇ ھاياتتا ئاللاھنىڭ زىكرىدىن يۈز ئۆرۈپ تۇرۇپ، پاراۋان، باياشات تۇرمۇشتا ياشىغان تەقدىردىمۇ، ئېنىقكى ياتسىراش، خارلىق، ھەسرەت تۇيغۇلىرى ئۇنىڭ قەلبىنى لەختە قىلىدۇ. تۈگىمەس ئارزۇ ـ ئارمانلار، دەرمانسىز ئارمانلار كويىدىكى ئازابلار ئۇنى قىينايدۇ. بۇ خىل ئادەملەر چوقۇمكى شەھۋەت، ئىشىق، دۇنياپەرەسلىك ۋە مەنسەپپەرەسلىكنىڭ مەستلىكىدە ياشايدۇ. بۇلار ئىچمەي مەست بولىدىغانلاردۇر. يۇقىرىقى ھەۋەسلەرنىڭ مەستلىكى ھاراقنىڭ مەستلىكىدىنمۇ كۈچلۈكتۇر. ئىچىپ مەست بولغانلار ھامان مەستلىكىدىن يېشىلىدۇ، ھوشىغا كېلىدۇ. ئەمما ھاۋايى ـ ھەۋەس، دۇنياپەرەسلىك مەست قىلغان ئادەملەر ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھوشىنى تاپمايدۇ. دېمەك، ئاللاھنىڭ

[253] سۈرە تاھا 124 ـ ئايەت

زىكرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر مەيلى بۇ دۇنيادا بولسۇن، قەبرىدە بولسۇن ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن، چوقۇمكى، تارچىلىقتا، قىيىنچىلىقتا مۇپتىلا بولىدۇ. بۇلار خۇشاللىق تاپالمايدۇ، كۆڭۈل خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدۇ. قەلبلەر ئۆزىنىڭ ھەقىقى ئىلاھىنى تاپمىغۇچە، ھەقىقى ئىلاھىدىن باشقىنى ئىنكار قىلمىغۇچە خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدۇ. ھەقىقى پەرۋەردىگارىنى تاپقانلار تامامەن خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ. ھەقىقى پەرۋەردىگارىنى تاپالماي قايمۇقۇپ ياشىغانلار دۇنيادا ھەسرەت ـ نادامەتكە مۇپتىلا بولىدۇ. چوقۇمكى ئاللاھ تائالا خاتىرجەم تۇرمۇش، پاك ھاياتنى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ھەدىيە قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز. ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.»[254]

ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى دۇنيادا ياخشى ھايات بىلەن، ئاخىرەتتە تېخىمۇ بۈيۈك ياخشىلىقلار بىلەن مۇكاپاتلايدىغانلىقىغا كاپالەت بەردى. دېمەككى، ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئىككىلا دۇنيادا ياخشى ھاياتقا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئۇلار ئىككىلا دۇنيادا ھاياتلاردۇر.

---

[254] سۈرە نەھلى 97 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادارلارغا: «پەرۋەردىگارىڭلار (پەيغەمبىرىگە) نېمىلەرنى نازىل قىلدى؟» دېيىلسە، ئۇلار: «ياخشى سۆزلەرنى نازىل قىلدى» دېيىشىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكاپاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستىلا نېمىدېگەن گۈزەل!»[255]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغفىرەت تەلەپ قىلىڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى ئۆمرۈڭلار ئاخىرلىشىپ، ئەجىلىڭلار يەتكۈچە ھاياتىي دۇنيادىن) ئوبدان بەھرىمەن قىلىدۇ، ياخشى ئىش قىلغۇچىغا قىلغان ياخشىلىقىنىڭ ساۋابىنى بېرىدۇ، ئەگەر (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، (ئازابقا دۇچار بولىسىلەر) سىلەرنىڭ قىيامەت كۈنىنىڭ چوڭ ئازابىغا قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرەيمەن.»[256]

تەقۋادارلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغۇچىلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتلىرىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئۇلار ھەر ئىككى دۇنيادا كۆڭۈللۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ھارام شەھۋەتلەرنى تەرك ئېتىش، شۈبھىلەردىن يىراقلىشىش ئارقىلىق دىللارنىڭ مەمنۇنلۇقى، شاد-خۇراملىقى، ھوزۇرى، يايرىشى، خاتىرجەملىكى، قەلبلەرنىڭ سۈزۈلۈشى، نۇرلىنىشى، كەڭرىشى، شىپالىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مانا بۇلار جىسمانىي

[255] سۈرە نەھلى 30 ـ ئايەت
[256] سۈرە ھۇد 3 ـ ئايەت

هالاۋەتلەرگــە سىلىشتۇرغىســىز دەرىجىدىكــى هالاۋەتتــۇر.

بــۇ خىــل هالاۋەتنــى تېتىغــان بىــر قىســىم ئادەملــەر «نــاۋادا پادىشــاهلار، شــاهزادىلەر بىــز تېتىغــان هالاۋەتنــى بىلىــپ قالىدىغــان بولســا، ئۇنــى بىزدىــن تارتىۋېلىــش ئۈچــۈن قوراللىــق ئــۇرۇش ئاچاتتــى» دېگەنىكــەن.

ھەقىقى ئىماننىــڭ تەمىنى تېتىغان يەنــە بىــر قىســىم ئادەملەر «مەنــدە شــۇنداق بىــر مىنۇتــلار بولىدۇكــى، جەننــەت ئەھلــى مۇشــۇنداق ياشــايدىغان ئىــش بولســا، ئــۇلار ھەقىقــەت ياخشــى هاياتتــا ئىكــەن دەپ كېتىمــەن» دېگەنىكــەن.

يەنــە بىــر ئــادەم مۇنــداق دەيــدۇ: «شۈبهىســىزكى، دۇنيــادا بىر جەننــەت بــار، ئــۇ ئاخىرەتتىكــى جەننەتكــە ئوخشــايدۇ. كىمكــى بۇ دۇنيــادا ھېلىقــى جەننەتتــە ياشــىيالمىغان بولســا، ئاخىرەتتىكــى جەننەتكــە كىرەلمەيدۇ.»

پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام مۇنــداق دەيــدۇ: «قاچانىكــى جەننەتنىــڭ باغچىلىرىدىــن ئۆتســەڭلار ئوتــلاپ ئۆتــۈڭلار. ســاھابىلەر: جەننەتنىــڭ باغچىلــرى دېگــەن نېمــە؟ دەپ ســورىۋېدى. پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام: ئاللاھ ئەســلەنگەن ســورۇنلار، دەپ جــاۋاب بــەردى.»[257]

پەيغەمبــەر ئەلەيھىســسالام يەنــە مۇنــداق دەيــدۇ: «مېنىــڭ ئۆيــۈم بىلــەن مىنبىرىمنىــڭ ئارىلىقى جەننــەت باغچىلىرىدىــن بىــر باغچىــدۇر.»[258]

[257] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىي زەئىپ دېگەن

[258] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

## 53. ياخشىلارنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتكە سازاۋەر بولۇشى ۋە يامانلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتكە مۇپتىلا بولۇشى

ئاللاھ تائالانىڭ «مۇئمىنلار شەك-شۈبھىسىز جەننەتتە بولىدۇ. كاپىرلار شەك-شۈبھىسىز دوزاختا بولىدۇ.»[259] دېگەن ئايىتىدىكى ياخشىلارنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتكە سازاۋەر بولۇشى ۋە يامانلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتكە مۇپتىلا بولۇشى قىيامەت كۈنىگىلا خاس دەپ ئويلاپ قېلىشقا بولمايدۇ. بەلكى ئۈچ مەنزىلنىڭ ھەممىدىكى ھوزۇر-ھالاۋەت ياكى ئازاب ئوقۇبەتتۇر. دۇنيادا قەلبىنىڭ پاكلىقى، قەلبىنىڭ ساغلاملىقى، پەرۋەردىگارنى تونۇش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت باغلاشتىنمۇ ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەمەل قىلىپ ياشىغاندىنمۇ ياخشىراق، ھالاۋەتلىكراق لەززەت بارمۇ!

ھاياتتا ساغلام قەلب بىلەن ياشىغان تۇرمۇشتىن ھوزۇرلۇق تۇرمۇش بارمۇ؟ ئاللاھ تائالا دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنىڭ ساغلاملىقىنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم ھەقىقەتەن نۇھنىڭ دىنىغا تەۋەلەردىن ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم پەرۋەردىگارىغا ساغلام (يەنى مۇشرىكلىكتىن، شەكتىن پاك) دىل بىلەن كەلگەن ئىدى.»[260]

ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھى) غا

[259] سۈرە ئىنفىتار 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر
[260] سۈرە سافات 83 ـ 84 ـ ئايەتلەر

پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ». [261]

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان «پاك قەلب» شېرىكتىن، خىيانەتتىن، ئۆچمەنلىكتىن، ھەسەتخورلۇقتىن، بېخىللىقتىن، تەكەببۇرلۇقتىن، دۇنياپەرەسلىكتىن، مەنسەپپەرەسلىكتىن ساغلام قەلبتۇر. ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ھەر قانداق ئاپەتلەردىن خالىي بولغان قەلبتۇر. ئاللاھ بەرگەن خەۋەرلەرگە زىت شۈبھىلەردىن خالىي قەلبتۇر. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپ شەھۋەتلەردىن خالىي قەلبتۇر. ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە ئۆكتە قوپىدىغان بويۇنتاۋلىقلاردىن خالىي قەلبتۇر. ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئىشلاردىن يىراق قەلبتۇر. مانا بۇنداق ساغلام قەلب دۇنيادا نەخ جەننەتتە، قەبرىدىمۇ ھوزۇر ھالاۋەتتە، ئاخىرەتتىمۇ جەننەتتە بولىدۇ.

## قەلبنىڭ ساغلاملىقى

قەلب تۆۋەندىكى بەش نەرسىدىن خالىي بولمىغىچە، ئۇنىڭ ھەقىقى ساغلاملىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ:

تەۋھىد ئەقىدىسىگە زىت شېرىكلەر.

سۈننەتكە خىلاپ بىدئەتلەر.

ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپ شەھۋەتلەر.

ئاللاھنى ئەسلەشتىن مەھرۇم قىلىدىغان غاپىللىقلار.

ئىخلاس ۋە ساداقەتكە زىت خاھىشلار.

[261] سۈرە شۇئەرا 88 ـ 89 ـ ئايەتلەر

مانا بۇ بەش نەرسە ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ تەھتىگە تۈرلۈك-تۈرلۈك ساناقسىز خاتالىقلار يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

***توغرا يول***

ساغلام قەلبكە ئېرىشىش ناھايىتى مۈشكۈل ۋە شەرەپلىك بىر جەريان بولغانلىقى ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى توغرا يولغا يېتەكلەشنى سورىشى ئىنتايىن زۆرۈر. ئىنسانغا توغرا يولغا ھىدايەت قىلىنىشتىنمۇ زور ۋە ئۇنىڭدىنمۇ مەنپەئەتلىك بىر نېئمەت يوق.

شۈبھىسىزكى، توغرا يول دېگىنىمىز ئىلىم، ئىرادە، پائالىيەت ۋە ھەر ۋاقىت ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا نەپسى-خاھىشلىرىغا چەك قويۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

توغرا يولنىڭ تەپسىلاتىنى بەزى ئادەملەر بىلەلەيدۇ، بەزىلىرى بىلەلمەيدۇ. بەزىدە بىلمىگەنلىرى بىلگەنلىرىدىن كۆپ بولىدۇ. بەزىدە بىلگەن نەرسىلەر نېسىپ بولىدۇ، بەزىدە نېسىپ بولمايدۇ. ئىنسان توغرا يولدا مېڭىشقا قادىر بولالمىغان تەقدىردىمۇ، توغرا يول ئۆزىنىڭ توغرا يوللۇق ماھىيىتىنى يوقىتىپ قويمايدۇ. بەندە توغرا يولدىن ئۆزىگە تەقدىر قىلىنغانلىرىنى بەزىدە خالايدۇ، بەزىدە خالىمايدۇ. بەندىنىڭ توغرا يولنى خالىماسلىقى ھورۇنلۇق، سۇسلۇق ياكى باشقا توسالغۇلار تۈپەيلىدىن بولىدۇ. بەندە ئۆزى خالىغانلىرىنىمۇ بەزىدە قىلالايدۇ، بەزىدە قىلالمايدۇ. قىلالىغان ئىشلىرىنى بەزىدە ئىخلاس شەرتىگە ئۇيغۇن ھالدا قىلالايدۇ، بەزىدە

قىلالمايدۇ. ئىخلاس بىلەن قىلالىغان تەقدىردىمۇ بەزىدە ئىزچىللاشتۇرالايدۇ، بەزىدە ئىزچىللاشتۇرالمايدۇ. ئىزچىل داۋاملاشتۇرالىغان ئىشلاردا بەزىدە مۇستەھكەم تۇرالايدۇ، بەزىدە قەلبى ئۇنىڭدىن بۇرۇلۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئىشلار مەخلۇقاتلار ئىچىدە ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن يۈز بېرىپ قالىدۇ.

ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدە توغرا يولنى تېپىۋېلىش ئىقتىدارى بولمايدۇ. بەلكى ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەسلى تەبىئىتى بويىچە تاشلاپ قويۇلسا، توغرا يولنى تاپالمايدۇ. ئىنساننىڭ ئۆز تەبىئىتى بويىچە تاشلاپ قويۇلۇشى بىر ھالاكەتتۇركى، ئاللاھ مۇناپىقلارنى گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئەنە شۇنداق ھالاك قىلغان. دېمەك، ئاللاھ تائالا مۇناپىقلارنى ئۆزىگە تاشلاپ قويدى-دە، ئۇلارنى ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىدىكى جاھىللىق ۋە زالىملىق ھالىتىگە قايتۇرۇۋەتتى. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھۆكۈم ۋە تەقدىرلىرىدە، چەكلىمە ۋە بۇيرۇقلىرىدا توغرا يول ئۈستىدىدۇر. ئاللاھ ئۆزى خالىغان بەندىنى پەزلى مەرھەمىتى بىلەن توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئاللاھ ھىدايەتكە لايىقلارنى ھىدايەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ھىدايەتكە سالاھىيىتى توشمايدىغانلارنى ئۆزىنىڭ ئادالىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن توغرا يولدىن بۇرۇۋېتىدۇ. ئەنە ئاشۇ سالاھىيەت ئاللاھنىڭ يولغا ھىدايەت قىلىنىشىنىڭ شەرتىدۇر. قىيامەت قايىم بولغاندا ئاللاھ بەندىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆزىگە يەتكۈزىدىغان توغرا يولنى تىكلەپ بېرىدۇ. دېمەك ئاللاھ توغرا يولنىڭ ئۈستىدىدۇر.

ئاللاھ تائالا توغرا يولنى بەرپا قىلدى ۋە بەندىلىرىنى شۇ

يولغا چاقىردى. توغرا يول ئاللاھنىڭ دەلىلى ۋە ئادالىتىدۇر. ئاللاھ ئۆزى خالىغان بەندىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىدى، بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتىدۇر. قىيامەت قايىم بولغاندا ئاللاھ ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا توغرا يولنى تىكلەپ بېرىدۇ-دە، ئۇ يولغا ماڭغانلار ئاللاھنىڭ جەننىتىگە كىرەلەيدۇ. دۇنيا ھاياتىدا توغرا يولدىن چەتنىگەنلەر بۇ توغرا يولدىنمۇ چەتنەپ كېتىدۇ. ئاللاھ دۇنيادا توغرا يولدا ماڭغانلارغا قىيامەتتىكى توغرا يولدا ئالدى ۋە كەينىلىرىدىن ئەگىشىپ تۇرىدىغان، ھەشىر قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان نۇرلارنى پەيدا قىلىپ بېرىدۇ. گوياكى ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئىمانىنى ساقلاپ بەرگەنگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭ نۇرىنىمۇ ساقلاپ بېرىدۇ-دە، ئۇلار پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن سالامەت ئۆتۈۋالىدۇ. ئۇ چاغدا مۇناپىقلار نۇرغا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان پەيتتە ئاللاھ گوياكى مۇشۇ دۇنيادا ئۆچۈرۈۋەتكەندەك ئۇلارنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئاسىيلارنىڭ يامان ئەمەللىرىنى پىلسىرات كۆۋرۈكىنىڭ ئىككى گىرۋىكىدە قارماق ۋە ئىلمەكلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ قارماق ۋە ئىلمەكلەر ئۇلارنى ئىلىپ توغرا يولدىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھالى يامان ئەمەللەر دۇنيادا ئۇلارنى توغرا يولدىن چەتنىتىۋەتكەنگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنىڭ پىلسىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدىكى مېڭىش ئېتىدارى ۋە تېزلىكىنى مۇشۇ ھاياتتىكى تېزلىك ۋە ئېتىدارى بويىچە بېرىدۇ. ئاللاھ مۇئمىنلارغا ھەۋزى كەۋسەرنى تەييار قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلار ھەۋزى كەۋسەردىن مۇشۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ شەرىئەت ۋە دىن بۇلاقلىرىدىن ئىچكەن مىقداردا ئىچەلەيدۇ.

ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە دىنىدىن قانچىكى چەتنىگەن بولسا ھەۋزى كەۋسەردىن شۇنچە مەھرۇم قالىدۇ.

بىز ئاخىرەتكە كۆزىمىز بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلىپ باقىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ ھەر ئىككى دۇنيادىكى ھېكمىتىنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىپ باقىدىغان بولساق، شۇنى بىلەلەيمىزكى، دۇنيا ئاخىرەتنىڭ زىرائەتگاھى، ئادرېسى ۋە ئەۋرىشكىسىدۇر. كىشىلەرنىڭ بەخت-سائادەت ياكى شەقىيلىك دەرىجە-مەرتىۋىلىرى ئۇلارنىڭ ھاياتى دۇنيادىكى ئىمان ۋە ياخشى ئەمەللەردىكى مەرتىۋىسىگە قارىتا بولىدۇ.

دېمەك، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ توغرا يولىدىن چەتنەپ كېتىش گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ ئەڭ ئېغىر جازالىرىدىندۇر. (ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يول ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلسۇن!)

## 54. جازالارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پەرقلىق بولۇشى

گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ دەرىجىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا قىلىدىغان سەلبىي تەسىرلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى جازالىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن تۆۋەندە بىز گۇناھلار ھەققىدە قىسقىچە، ئىخچام، ئاممىباب توختىلىپ ئۆتىمىز.

گۇناھلار ماھىيەت جەھەتتىن «ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلماسلىق، ئاللاھ چەكلىگەندىن يانماسلىق»تىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ئادەم

ئەلەيهىسسالامنى بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەر ئارقىلىق سىنىدى.

«ئاللاھ بۇيرۇغاننى قىلماسلىق، ئاللاھ چەكلىگەندىن يانماسلىق»تىن ئىبارەت ئىككى گۇناھ سادىر بولۇش نۇقتىسىدىن جىسمانىي ۋە قەلبىي گۇناھلار؛ قاراتمىلىق ئېتىبارى بىلەن ئاللاھقا قىلىنغان گۇناھلار ۋە بەندىگە قىلىنغان گۇناھلار دېگەندەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

گەرچە بەندىلەرگە قىلىنغان گۇناھلار ئاللاھقا قىلىنغان گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەقدىردىمۇ، بەندىلەرگە قىلىنغان گۇناھلارنىڭ جازالىرى بەندىلەرنىڭ ئۆتۈۋېتىشى بىلەن ساقىت بولىدىغان، جازا تەلەپ قىلىشى بىلەن جازا ئىجرا قىلىنىدىغان بولغاچقا يەنىلا بەندىلەرنىڭ ھەققى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 55. گۇناھلارنىڭ تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدىغانلىقى

### *1. ئاللاھنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى گۇناھلار*

ئاللاھنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى گۇناھلار دېگىنىمىز «بۈيۈكلۈك، ئۇلۇغلۇق، قۇدرەتلىك، بويسۇندۇرۇش، يۈكسەكلىك، مەبۇدلۇق» قاتارلىق پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغان سۈپەتلەرنى ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا نىسبەت بېرىشتۇر.

ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشمۇ بۇ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش «ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە شېرىك كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھ بىلەن قىلىنغان

مۇئامىلىلەردە شېرىك كەلتۈرۈش (يەنى رىيا قىلىش)»تىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئىككىنچى تۈردىكى شېرىك گەرچە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈلگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئەمەللەرنى كۆيدۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئەمما بەزى ۋاقىتلاردا دوزاخقا كىرىشنى ۋاجىپ قىلمايدۇ.

ئاللاھنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى قىلىنغان گۇناھلار گۇناھلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ يارىتىشى ۋە بۇيرۇقلىرى توغرىسىدا قارىسىغا سۆزلەشمۇ بۇ گۇناھلارنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. كىمكى مۇشۇ خىلدىكى گۇناھلارنى ئۆتكۈزىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقىنى ۋە سەلتەنىتىنى تالاشقان بولىدۇ. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ. مانا بۇلار ئاللاھنىڭ نەزرىدە ئەڭ ئېغىر گۇناھلار ھېسابلىنىدۇر. بۇ خىل گۇناھلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ قىلىنغان ئەمەل-ئىبادەتلەر مەقبۇل بولمايدۇ.

### 2. شەيتانىي خاراكتېرىدىكى گۇناھلار

شەيتانىي خاراكتېرىدىكى گۇناھلار دېگىنىمىز ھەسەتخورلۇق، زومىگەرلىك، ئالدامچىلىق، خىيانەت، ھىيلىگەرلىك، باشقىلارنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە ئۈندەش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى مەدھىيىلەش، باشقىلارنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن توسۇش ۋە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى سەت كۆرسىتىش، دىنىدا بىدئەت پەيدا قىلىش ۋە باشقىلارنى بىدئەت-زالالەتلەرگە ئۈندەش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

گەرچە بۇ خىلدىكى گۇناھلارنىڭ سەلبىي تەسىرلىرى

بىرىنچى خىلدىكى گۇناھلارنىڭ تەسىرىدىن ئاجىزراق بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما يامان تەسىر پەيدا قىلىشتا بىرىنچى خىلدىكى گۇناھلارغا يېقىن تۇرىدۇ.

### 3. ياۋۇزلۇق خاراكتېرىدىكى گۇناھلار

ياۋۇزلۇق خاراكتېرىدىكى گۇناھلار دېگىنىمىز تاجاۋۇزچىلىق، زالىملىق، باشقىلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش، قانخورلۇق، ئاجىز-ئورۇقلارنى بوزەك قىلىش قاتارلىقلاردۇر. پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قىلىنغان زىيانكەشلىكلەر مۇشۇ خىلدىكى گۇناھلاردىن شاخلاپ چىقىدۇ.

### 4. ھايۋانىي خاراكتېرىدىكى گۇناھلار

ھايۋانىي خاراكتېرىدىكى گۇناھلار دېگىنىمىز ئاچكۆزلۈك، شەھۋەتخورلۇق، قورساقتىن باشقىنى ئويلىماسلىق قاتارلىقلاردۇر. زىنا، ئوغرىلىق، يېتىملارنىڭ ماللىرىنى يەۋېلىش، بېخىللىق، پېخسىقلىق، قورقۇنچاقلىق ۋە چىدىماسلىق قاتارلىقلار دەل مۇشۇ خىلدىكى گۇناھلاردىن شاخلاپ چىقىدۇ.

بۇ خىلدىكى گۇناھلار ناھايىتى كۆپ كىشىلەردىن سادىر بولىدىغان گۇناھلاردۇر. چۈنكى، بۇلار ئاللاھنىڭ سەلتەنىتىگە قارشى گۇناھلار، شەيتانىي خاراكتېرىدىكى گۇناھلار، ياۋۇزلۇق خاراكتېرىدىكى گۇناھلارنى سادىر قىلىشقا ئىمكان تاپالمايدۇ. گۇناھكارلار مۇشۇ خىلدىكى گۇناھلار ئارقىلىق گۇناھنىڭ باشقا قىسىملىرىغا تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ قىسىمدىكى گۇناھلار گۇناھكارلارنى ياۋۇزلۇق خاراكتېرىدىكى گۇناھلارغا باشلاپ

بارــدۇ. ئاندــن كېيــن ياۋۇزلـۇق خاراكتېرىدىكـى گۇناھــلار گۇناھكارلارنى شـەيتاني خاراكتېردىكـى گۇناھلارغا ئېلىپ بارىدۇ. شـەيتاني خاراكتېردىكى گۇناھلار ئاللاھنىڭ سـەلتەنىتىگە قارشـى گۇناھلارغـا باشـلاپ بارــدۇ.

بـۇ ھەقتــە ياخشــراق ئويلىنىــپ باققانــلار شـۇنى ئېنىــق بىلەلەيدۇكــى، گۇناھ ـ مەئسـيەتلەر مۇشـرىكلىققا، كاپىرلىققـا ۋە ئاللاھنىـڭ پەرۋەردىگارلىقىنـى تالىشـش تەرىپىگـە ئېچىلغـان بىـر يوچۇقتـۇر.

## 56. گۇنـاھ ـ مـەئـسـيـەتـلـەر چوڭ ۋە كـىچـىك دەپ ئـىـككى قـىـسـمغا بۆلـۈنـىـدۇ

«قۇرئــان كەرىــم»دە، «ھەدىــس شــەرىف»تە، ســاھابە ـ تابىئىنلارنىـڭ ۋە ئۇلاردــن كېيىنكـى پېشـۋالارنىڭ ئىجمائىلىرىــدا گۇناھلارنىــڭ چــوڭ ۋە كىچىــك دەپ ئىككــى قىســمغا بۆلۈنىدىغانلىقىغـا ئائىــت نۇرغـۇن دەلىللــەر بــار.

ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «ئەگـەر سىلەر مەنئـى قىلىنغان چوڭ گۇناھلاردىـن ساقلانساڭلار، (كەرىمىمىزگـە ئېلىپ) كىچىك گۇناھلىرىڭلارنـى يوققا چىقىرىمىـز ۋە سـىلەرنى ئېسـىل ماكانغـا (يەنـى جەننەتكـە) كىرگۈزىمىـز.»[262]

«ئـۇلار چـوڭ گۇناھلاردــن ۋە قەبىــھ ئىشــلاردىن يىــراق بولىـدۇ، كىچىـك گۇناھــلار بۇنىڭدىــن مۇستەســنا. ھەقىقەتــەن

[262] سۈرە نىسا 31 ـ ئايەت

پەرۋەردىگارىڭنىڭ مەغفىرىتى كەڭدۇر.»[263]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا (بەندە) چوڭ گۇناھلاردىن ساقلانغان بولسا، (ئۇ ئۆتكەن) بەش ۋاقىت ناماز، (ئۆتكەن) جۈمە يەنە بىر جۈمەگىچە، (تۇتقان) رامىزان يەنە بىر رامىزانغىچە ئارىلىقتىكى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ.»[264]

ئەمەللەر تۆۋەندىكىدەك ئۈچ دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ:

1. كاپارەت بولۇشقا يارىمايدىغان ئەمەللەر

ئەمەللەر ئاجىز بولسا، ئىخلاس يېتەرلىك بولمىسا ياكى تېگىشلىك رەۋىشتە ئورۇندالمىسا گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە كاپارەت بولالمايدۇ. بۇ خىل ئەمەللەر گوياكى كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغان دورىلارغا ئوخشايدۇ.

2. كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولالايدىغان ئەمەللەر

بۇ خىلدىكى ئەمەللەر كىچىك گۇناھلارغا كاپارەت بولالايدۇ، ئەمما چوڭ گۇناھلارغا كاپارەت بولۇشقا دەرىجىسى توشمايدۇ.

3. كىچىك گۇناھلارغا پۈتۈنلەي كاپارەت بولالايدىغان ۋە قىسمەن چوڭ گۇناھلارغىمۇ كاپارەت بولالايدىغان ئەمەللەر

بۇ ھەقتە ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىشىمىز لازىم. شۈبھىسىزكى، ياخشى ئەمەللەر نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرىمىزنى يوقىتالايدۇ.

[263] سۈرە نەجم 32 ـ ئايەت
[264] مۇسلىم رىۋايىتى

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھالاك قىلغۇچى يەتتە گۇناھتىن ساقلىنىڭلار. ساھابىلەر: ئۇ گۇناھلار قايسى يا رەسۇلۇللاھ، دەپ سورىۋىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك، ھەقسىز رەۋىشتە ئادەم ئۆلتۈرۈش، يېتىمنىڭ مېلىنى يەۋېلىش، جازانە يېيىش، جەڭ كۈنى قېچىش، پاك، مەسۇم، مۇئمىنە ئاياللارغا بوھتان چاپلاش، دەپ جاۋاب بەردى.»

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن قايسى گۇناھ ئەڭ ئېغىر، دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: «ياراتقان ئاللاھقا بىر تەڭتۇشنى شېرىك قىلىۋېلىشىڭ ئەڭ ئېغىر گۇناھ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ئۇنىڭدىن قالسا ‹ئۆزۈڭ بىلەن بىللە تاماق يېيىشتىن ۋە ئېچىشتىن قورقۇپ بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭ› دېدى. ئۇ ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام: ‹ئۇنىڭدىن قالسا قوشناڭنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىڭ› دەپ جاۋاب بەردى.» [265] ئاللاھ تائالا بۇ ھەدىسنى تەستىق قىلىپ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: «ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، جازاغا ئۇچرايدۇ.»[266]

[265] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[266] سۈرە فۇرقان 68 ـ ئايەت

### چوڭ گۇناھلارنىڭ سانى

ئۆلىمالار چوڭ گۇناھلارغا سان تۇرغۇزۇش، تۇرغۇزماسلىق توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى.

سان تۇرغۇزۇشقا قايىل بولغانلار چوڭ گۇناھلارنىڭ سانى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد چوڭ گۇناھلار تۆت دەپ قارىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر چوڭ گۇناھلار يەتتە دەپ قارىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس توققۇز دەپ قارىدى، بەزىلەر ئون بىر دەپ قارىدى، يەنە بەزىلەر يەتمىش دەپ قارىدى.

ئەبۇ تالىب مەككىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن ساھابىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى يىغىپ ئون يەتتىگە يەكۈنلىدىم. ئۇلارنىڭ تۆتى قەلبتە بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، گۇناھ-مەئسىيەتكە چىڭ يېپىشىۋېلىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىش، ئاللاھنىڭ تۇيۇقسىز جازالىشىدىن خاتىرجەم بولۇپ قېلىش.

تۆتى تىلدا بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش، پاك مۇئمىنە ئاياللارغا بۆھتان چاپلاش، يالغاندىن قەسەم قىلىش، سېھىرگەرلىك.

ئۈچى قورساققا ئالاقىدار بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ھاراق ئىچىش، يېتىمنىڭ مېلىنى يېيىش، جازانە يېيىش.

ئىككىسى جىنسىي ئەزاغا ئالاقىدار بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

زىنا ۋە بەچچىۋازلىق.

ئىككىسى قولغا ئالاقىدا بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە ئوغرىلىق.

بىرى پۇتقا ئالاقىدار بولىدۇ. ئۇ، جەڭ كۈنى مەيداندىن قېچىش.

بىرى بەدەنگە ئالاقىدار بولىدۇ. ئۇ، ئاتا-ئانىسىنى قاقشىتىش.

چوڭ گۇناھلارغا سان تۇرغۇزماسلىق تەرەپدارىدىكى ئۆلىمالارنىڭ بەزىسى مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ‹‹قۇرئان كەرىم›› دە ئېنىق چەكلىگەن ئىشلار چوڭ گۇناھلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن ئىشلار كىچىك گۇناھلار بولىدۇ.»

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «لەنەت، غەزەب ياكى ئېغىر جازالارغا مەنسۇپ قىلىنغان چەكلىمىلەر چوڭ گۇناھلار، ئۇنداق بولمىسا كىچىك گۇناھلار ھېسابلىنىدۇ.»

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «شەرئىي مەنبەلەر ھاراملىقىغا بىرلىككە كېلىنگەن گۇناھلار چوڭ گۇناھلار، ئۇنداق بولمىغانلىرى كىچىك گۇناھلار ھېسابلىنىدۇ.»

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى لەنەت قىلغان گۇناھلار چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ.»

يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ: «سۈرە نىسانىڭ بېشىدىن باشلاپ، ئوتتۇز بىرىنچى ئايەتكىچە تىلغا ئېلىنغان گۇناھلار

چـوڭ گۇنـاھ ھېسـابلىنىدۇ.»

**بىـر قىسـىم ئۆلىمـالار: «گۇناھـلار چوڭ-كىچىـك دەپ ئايرىلمايـدۇ» دەيـدۇ**

بىـر قىسـىم ئۆلىمـالار «گۇناھـلار چوڭ ـ كىچىـك دەپ ئايرىلمايـدۇ» دەپ قارايـدۇ. ئـۇلار مۇنـداق دەيـدۇ: «گۇناھـكارلار قىلغـان گۇناھلىرىـدا ئاللاھنـى كۆزگـە ئىلمىغانلىقـى ئېتىبـارى بىلـەن ۋە ئـۆزى ئاسـىيلىق قىلغـان، ھۆرمىتىنـى ساقلىمىغان زاتقا نىسبەتەن ۋە گۇناھلارنىڭ سـەلبىي تەسـىرى نۇقتىسـىدىن بارلىق گۇناھـلار چـوڭ گۇنـاھ ھېسـابلىنىدۇ.»

ئـۇلار مۇنـداق دەيـدۇ: ئاللاھ تائالاغـا بەندىلەرنىـڭ قىلغـان گۇناھلىـرى تەسـىر كۆرسـەتمەيدۇ. شۇنـداق بولغانىكـەن، ئاللاھقا نىسبەتەن گۇناھنىـڭ چوڭ ـ كىچىكـى بولمايـدۇ. بۇ يـەردە پەقەت ئاللاھقـا ئاسـىيلىق قىلىـش ۋە خىلاپلىـق قىلىشـلا مەۋجـۇت، خـالاس!

ئـۇلار يەنـە مۇنـداق دەيـدۇ: گۇناھلارنىـڭ سـەلبىي تەسـىرلىرى گۇناھكارنىـڭ ئاللاھنىـڭ ھەققى ـ ھۆرمىتىنـى كۆزگـە ئىلمىغانلىقىغا ئەگىشـىپ كېلىـدۇ. شۇڭلاشـقا بىـر ئـادەم شـەرىئەتتە ھاراملىقىنـى بىلمەسـتىن ھـاراق ئىچكـەن ياكـى زىنـا قىلغـان بولسـا، بـۇ ئادەمنىـڭ قىلغىنـى بىلمىسـىزلىك قىلغـان ۋە ھـارام ئىـش قىلغـان بولـىدۇ. نـاۋادا ئـۇ ئـادەم شـەرئىي جەھەتتـە بـۇ ئىشـلارنىڭ ھاراملىقىنـى بىلىـپ تـۇرۇپ قىلغـان بولسـا، ئـۇ ئـادەم ھـارام ئىـش قىلغـان بولـىدۇ. بـۇ خىـل ھـاراق ۋە زىنانىـڭ ھاراملىقىنـى بىلمىگـەن ئـادەم جازالانمايـدۇ. دېمـەك، ھـەر قانـداق گۇناھتـا

ئاللاھنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە چېقىلىش بىرلەمچى ئورۇندا، گۇناھلار پەيدا قىلىدىغان سەلبىي تەسىرلەر ئىككىلەمچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: ھەر قانداق گۇناھ ـ مەئسىيەت ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە چەكلىمىلىرىنى كۆزگە ئىلماسلىقنى ھەمدە ئاللاھنىڭ ھەق ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن گۇناھلارنىڭ ئارىسىدا چوڭ ـ كىچىكلىك پەرقى بولمايدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: بەندە ئۆزى قىلغان گۇناھنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئاسىيلىق قىلىۋاتقان، ھەق ـ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان زاتنىڭ قانچىلىك بۈيۈك ۋە ئەزەمەتلىك ئىكەنلىكىگە قارىسۇن. گۇناھلارنىڭ كىمگە قارىتىلىۋاتقانلىق ئېتىبارى بىلەن گۇناھلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولمايدۇ. ناۋادا بىر پادىشاھ بىر خىزمەتچىسىنى يىراق بىر ئەلگە مۇھىم ۋەزىپە بىلەن ئەۋەتكەن بولسا، يەنە بىر خىزمەتچىسىنى ئۆز ئەتراپىدىكى مەھەللىلەرگە ۋەزىپىگە ئەۋەتكەن بولسا، ئۇ ئىككىسى پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ ئىككەيلەن پادىشاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراشتا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنمايدۇ.

ئۇلار يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەككىدە تۇرۇپ ھەجنى تەرك قىلغان، مەسچىتنىڭ قوشنىسى بولۇپ ئولتۇرۇپ، جۈمەنى تەرك ئەتكەن ئادەمنىڭ گۇناھى يىراقتىكى ئادەملەرنىڭ گۇناھىدىن ئېغىرراق بولىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ جازاسىمۇ ئوخشاش

بولمايدۇ. ناۋادا بىر ئادەمنىڭ ئىككى يۈز تەڭگىسى بولسا، يەنە بىر ئادەمنىڭ ئىككى مىليون تەڭگىسى بولسا ئۇلار زاكات بەرمىگەن بولسا، ئۇلاردىن ھەربىرى زاكات بەرمىگەنلىك نۇقتىسىدا ئوخشاش ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئېقتىسادىي ئاز بولسۇن ياكى جىق بولسۇن زاكات بەرمەسلىكتە چىڭ تۇرۇۋالغانلا بولسا، ئۇلارنىڭ جازاسىنىڭمۇ ئوخشاش بولۇش ئېھتىماللىقىمۇ يوق ئەمەس.

### ***يۇقىرىقى مەسىلىنىڭ توغرا قارىشى***

بىز ئەمدى يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا تىرىشىمىز.

ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشى، ئىبادەت قىلىنىشى، بىر دەپ ئېتىقاد قىلىنىشى ۋە دىن پۈتۈنلەي ئاللاھقا مەنسۇپ بولۇشى، بارلىق ئىتائەت ۋە دەۋەتلەر ئاللاھقىلا بولۇش ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، كىتابلارنى نازىل قىلدى. ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.»[267]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى پەقەت ھەق ئاساسىدىلا ياراتتۇق، قىيامەتنىڭ بولۇشى چوقۇمدۇر، (ئى مۇھەممەد! نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن، ئۇلارغا) چىرايلىق مۇئامىلىدە

[267] سۈرە زارىيات 56 ـ ئايەت

بولغــن.»[268]

ئالـلاھ تائـالا يەنـە مۇنـداق دەيـدۇ: «ئالـلاھ يەتتـە ئاسماننى ياراتتـى، زېمىننىمۇ ئاسمانلارغا ئوخشاش (يەنـى يەتتـە قىلىـپ) ياراتتــى، ئاللاھنىــڭ ئەمـرى ئۇلارنىــڭ ئارىســدا جـارى بولـۇپ تۇرىــدۇ، (ســىلەرگە بۇنــى بىلدۇرۇشـۇم) ئاللاھنىــڭ ھەممىگــە قادىــر ئىكەنلىكىنــى ۋە ئاللاھنىــڭ ھەممــە نەرســنى تولـۇق بىلىدىغانلىقىنــى بىلىشــڭلار ئۈچۈنــدۇر.»[269]

ئالــلاھ تائــالا يەنــە مۇنــداق دەيــدۇ: «ئالــلاھ بەيتۇلھــەرام بولغــان كەبىنــى، ھــەج ئېيىنــى، ھەجىــدە قىلىنىدىغــان قۇربانلىقنــى، (قۇربانلىقنىــڭ ئالامىتــى ســۈپىتىدە) بويۇنلىرىغــا بەلگــە ئېسىلغان تۆگىلەرنــى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىــك ئىشلىرىنىڭ تۈتقىسى قىلــدى. بۇ ئاللاھنىــڭ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكــى نەرســىلەرنى بىلىــپ تۇرىدىغانلىقنــى ۋە ئاللاھنىــڭ ھــەر شــەيئىنى بىلگۈچى ئىكەنلىكنــى ســىلەرنىڭ بىلىشــڭلار ئۈچۈنــدۇر.»[270]

ئالــلاھ تائــالا ئىنســانلارنى ۋە جىنلارنــى يارىتىشــتىن ۋە ئۇلارغــا بۇيــرۇق بېرىشــتىن بولغــان مەقســەت ئۆزىنىــڭ ئىســم-سۈپەتلىرىنى تونۇتــۇش، پەقەت ئۆزىگىغىنە ئىبادەت قىلدۇرۇش، ئاسـمان ۋە زېمىنىــڭ ئاساسـى بولغــان ئادالەتنـى بەرپـا قىلىــش ئىكەنلىكنــى بايــان قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: «بىــز ھەقىقەتــەن پەيغەمبىرىمىزنــى روشــەن مۆجىزىلــەر بىلــەن ئەۋەتتــۇق ۋە ئــۇلار

[268] سۈرە ھىجىر 85 - ئايەت
[269] سۈرە تەلاق 12 - ئايەت
[270] سۈرە مائىدە 97 - ئايەت

بىلەن بىللە، ئىنسانلار ئادالەتنى بەرپا قىلسۇن دەپ كىتابنى، قانۇننى چۈشۈردۇق.»[271]

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش، كىتابلارنى نازىل قىلىشتىن بولغان مەقسەتنىڭ ئادالەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەڭ بۈيۈك ئادالەت تەۋھىدتۇر. تەۋھىد ئادالەتنىڭ جېنى ۋە ئاساسىدۇر. شۈبھىسىزكى، شېرىك ناھايىتى چوڭ زۇلۇمدۇر. تەۋھىد مۇكەممەل ئادالەتتۇر. دېمەك، بىر ئىش تەۋھىدكە قانچىكى زىت كەلگەن بولسا، ئۇ ئەڭ ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. گۇناھلارنىڭ ئۆز ئارا پەرقلىق بولۇشى ئۇنىڭ تەۋھىدكە قانچىلىك زىت كەلگەنلىكىگە قاراشلىق بولىدۇ. تەۋھىدكە قانچىكى ئۇيغۇن بولغان ئىش شۇنچە زۆرۈر، شۇنچە مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ.

بۇ پرىنسىپنى ياخشىراق ئويلىنىپ باقىدىغان ۋە ئۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارغا چوڭقۇر نەزەر سېلىپ باقىدىغان بولساق ھەممىگە ھۆكۈم قىلغۇچى، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى زاتنىڭ بەندىلىرىگە پەرز قىلغان ۋە چەكلىگەن ئىشلاردا نەقەدەر ھېكمەتلىك ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھقا قىلىنىدىغان ئىتائەت ۋە ئاسىيلىقلارنىڭ پەرقلىق بولۇشىدىكى ھېكمەتلەرنى بىلىۋالالايمىز.

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش شەكسىزكى تۈپكى مۇددىئا بولغان ئادالەتكە زىت كېلىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن شېرىكنىڭ

[271] سۈرە ھەدىد 25 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئـەڭ ئېغىـر جىنايـەت ئىكەنلىكـى بەرھـەق. ئاللاھ تائـالا مۇشـرىكلارغا جەننەتنـى هـارام قىلـدى. مۇشـرىكلارنىڭ قېنىنـى، مېلىنـى ۋە ئۇنىڭغـا تەۋە نەرسـىلەرنىڭ ھەممىنـى تەۋھىد ئەھلىگە ھالال قىلـدى. مۇشـرىكلار ئاللاھقا بەندىچىلىـك قىلىشتىن باش تارتقاچقا، مۇۋەھھىدلەرنىڭ مۇشـرىكلارنى قۇل قىلىشـىغا رۇخسـەت بـەردى. ئاللاھ تائـالا مۇشـرىكنىڭ ھېچقانـداق ئەمەلىنـى قوبۇل قىلمايـدۇ. ھېـچ كىشـىگە مۇشـرىكقا شـاپائەت قىلىـش ئىمتىيازىنى بەرمىـدى. ئاخىرەتتـە مۇشـرىكنىڭ دۇئاسـىنى ئىجاۋەت قىلمايـدۇ ياكـى ئۇنىـڭ خاتالىقلىرىنـى كەچۈرۈم قىلمايـدۇ. شۈبھىسـىزكى، مۇشـرىك ئاللاھقـا شـېرىك كەلتۈرگەنلىكـى ئۈچـۈن ئـەڭ نـادان ۋە غايـەت دەرىجىـدە زالىـم ھېسابلىنىدۇ. گەرچـە مۇشـرىك ئۆزىنىـڭ مۇشـرىكلىق ئەقىدىسـى بىلـەن ئاللاھقـا زۇلـۇم قىلالمىغـان تەقدىردىمـۇ، ئۆزىگـە ئـۆزى زۇلـۇم قىلىـدۇ.

## 57. ئاللاھقا بىر نەرسىنى ۋاستە قىلىش ئارقىلىق شېرىك كەلتۈرۈش

بـۇ يـەردە دىققـەت قىلىشـقا تېگىشـلىك بىـر مەسـىلەر بـار. شۈبھىسـىزكى، ئاللاھقـا بىـر نەرسـىنى ۋاسـتە قىلىـش ئارقىلىـق شـېرىك كەلتۈرگـەن ئادەمنىـڭ مەقسـىتى ئاللاھ تائالانـى چـوڭ بىلىـش بولىـدۇ. ئـۇ ئـادەم «ئاللاھ بـەك بۈيـۈك، ئۇنىڭغـا گويـا پادىشـاھلار بىلـەن مۇئامىلـە قىلىشـقاندەك ۋاسـتىلار ئارقىلىـق ۋە شـاپائەتچىلەر ئارقىلىقـلا يېقىنلاشـقىلى بولىـدۇ» دەپ قارايـدۇ. بـۇ مۇشـرىكنىڭ قارىشـىچە باشـقىلارنى ۋاسـتە ۋە شـاپائەتچى قىلىۋېلىشـى ھەرگىزمـۇ ئاللاھنـى كۆزگـە ئىلماسلىقتىن ئەمـەس،

بەلكى ئاللاھنى بۇيۇك بىلگەنلىكىدىندۇر. ئۇ مۇشرىك «مەن بۇ ۋاستىلارغا پەقەت ئاللاھقا مېنى يېقىنلاشتۇرار، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا باشلاپ بارار دېگەن مەقسەتتىلا چوقۇنىمەن» دەيدۇ. دېمەك، بۇ يەردىكى مەقسەت ئۇلار چوقۇنۇۋاتقان، ئۇلۇغلاۋاتقان نەرسىلەر پەقەت ۋاستە ۋە شاپائەتچىلەردۇر. ئۇنداقتا ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە نارازىلىقىغا ئۇچرايدۇ، نېمىشقا ئۇ مۇشرىكنىڭ دوزاختا مەڭگۈ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، ئۇنىڭ قېنىنى، ئاياللىرىنى ۋە ماللىرىنى ھالال قىلىدۇ؟!

يۇقىرىقى مەسىلىگە مۇنداق بىر سوئال ئەگىشىپ كېلىدۇ: «ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ئۆزىگە يېقىنلىشىشتا ۋاستە ۋە شاپائەتچىلەرگە تايىنىشنى رۇخسەت قىلىپ بولۇپ، ئاندىن شەرئىي نامدىن ھۆكۈم چىقىرىپلا ئۇنى ھارام دەمدۇ؟! ياكى باشقا نەرسىلەرنى ۋاستە ۋە شاپائەتچى قىلىۋېلىش ئىنساننىڭ ساغلام تەبىئىتى ۋە ئەقلىگە زىت كېلىدىغان بولغاچقا شەرئەت ئۇنىڭدىن چەكلىگەنمۇ؟! شەرئەت ساغلام ئەقىل ۋە ساغلام ئىنسانىي تەبىئەتتە ئەڭ قەبىھ ھېسابلىنىدىغان مۇشۇنداق ئىشلارنى مۇئەييەنلەشتۈرەمدۇ؟! مۇشرىكلىق نېمە ئۈچۈن «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.»[272] دېگەن

[272] سۈرە نىسا 48 ـ ئايەت

ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانـدەك باشقا گۇناھلارغا ئوخشىمىغان ھالـدا مەڭگـۈ كەچۈرۈلمەيدۇ؟

مەزكـۇر سوئالنى ياخشىراق ئويلىنىپ باقايلى، قەلبىمىزنـى ۋە زېھنىمىزنـى بـۇ سـوئالنىڭ جاۋابىغا مەركەزلەشـتۈرەيلى، بـۇ مەسىلىگە ھەرگىز سەل قارىمايلى! شۈبھىسىزكى مۇشرىك بىلەن مۇۋەھھىد، ئاللاھنى بىلگەنلەر بىلەن بىلمىگەنلەر، دوزىخىلار بىلەن جەننەتىيلەر مۇشۇ جاۋابتا پەرقلىنىدۇ.

### شېرىك ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ

بىز بۇ مەسىلىنى ئىزاھلاشتىن ئاۋۋال ئاللاھتىن مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەدەت سورايمىز. ئۇنىڭدىن ياردەم ۋە توغرا دىت تەلەپ قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرالىغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ ئازدۇرۇۋەتكەن كىشىنى ھىدايەت قىلالىغۇچى بولمايدۇ. ئاللاھ بەرگەننى توسۇپ قالغۇچى، ئاللاھ بەرمىگەننى بېرەلىگۈچى بولمايدۇ.

بىرىنچى تۈردىكى شېرىك، ئاللاھنىڭ زاتىغا، ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئالاقىدار بولغانلىرى.

ئىككىنچى تۈردىكى شېرىك، ئىبادەت ۋە مۇئامىلىدىكى شېرىكتۇر. ئىبادەت ۋە مۇئامىلىدە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەر ئاللاھنىڭ زاتى ـ سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش ھەرىكەتلىرىدە شېرىكى بار دەپ ئېتىقاد قىلمايدۇ.

ئاللاھنىڭ زاتىدا، ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە كەلتۈرۈلگەن شېرىك ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

**بىرىنچى، ئىنكارچىلىق**

شېرىك تۈرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئېغىرى ئىنكارچىلىقتۇر. بۇ گويا فىرئەۋننىڭ مۇشرىكلىقىغا ئوخشايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «فىرئەۋن ئېيتتى: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نىمە؟»[273]

ئاللاھ تائالا فىرئەۋننىڭ هامانغا دېگەن گېپىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «فىرئەۋن (ۋەزىرى هامانغا): «ئى هامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا-ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاهىنى كۆرەي، مەن ھەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن» دېدى.»[274]

شېرىك بىلەن ئىنكار ئايرىلماس قوشكېزەكلەردۇر. ھەرقانداق مۇشرىك ئىنكارچى كېلىدۇ. ھەرقانداق ئىنكارچى مۇشرىكتۇر. لېكىن شېرىك ئەسلىدە ئىنكارنى لازىم تۇتمايدۇ. بەلكى مۇشرىك ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئىقرار قىلىدۇ. بىراق تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتىنى ئىنكار قىلىدۇ.

شېرىكنىڭ يىلتىزى ۋە مەنبەسى ئىنكاردۇر. ئىنكار ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھ ۋۇجۇدقا چىقارغانلىقىنى ۋە

[273] سۈرە شۇئەرا 23 ـ ئايەت
[274] سۈرە غافىر 36 ـ 37 ـ ئايەتلەر

ياراتقانلىقىنى ئىنكار قىلىش.

ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كامالىتىنى ئىنكار قىلىش.

تەۋھىد بابىدا ئاللاھقا ئاللاھ بۇيرۇغان شەكىلدە مۇئامىلە قىلماسلىق.

«ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد» قارىشىدىكىلەر مۇشۇ تۈرگە تەۋەدۇر. ئۇلار «ياراتقۇچى، يارالغۇچى دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، بارلىق مەۋجۇتلۇق بىر نەرسە، بەلكى ۋاجىبەل ۋۇجۇد مەخلۇقنىڭ ئۆزى» دەپ قارايدۇ.

«ئالەمنىڭ باشلىنىش ئاخىرلىششى يوق، ئۇ قەدىمىي ھەم ئەزەلىيدۇر، ئالەم ئەزەلدىن مەۋجۇت ئىدى، مەڭگۈ يوقالمايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلارمۇ مۇشۇ تۈرگە تەۋەدۇر. ئالەمدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەر تامامەن مۇناسىۋەتلىك سەۋەب ۋە ۋاستىلەرگە قاراشلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭچە ھادىسىلەرنىڭ سەۋەب ۋە ۋاستىلىرى ئەقىلدۇر.

ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى ۋە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان جەھمىي ۋە قەرامىتىلەرمۇ مۇشۇ تۈردىكى مۇشرىكلاردۇر. زاتنىڭ مۇكەممەللىكى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان تۇرۇپ، ئۇلار ئاللاھقا ئىسىم ۋە سۈپەت ئىسپاتلىمايدۇ. دېمەك، ئۇلار «مەخلۇقلارنى ئاللاھتىن مۇكەممەل» دەپ قارايدۇ.

**ئىككىنچى، ئاللاھقا باشقا مەبۇدلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىش**

ئاللاھنىڭ زاتىدا، ئىسىم-سۈپەتلىرىدە ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە كەلتۈرۈلگەن شېرىكنىڭ ئىككىنچىسى ئاللاھقا باشقا مەبۇدلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلىشتۇر. بۇ خىلدىكى مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ۋە پەرۋەردىگارلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ.

مەسىلەن: ناسارالار «ئاللاھ ئۈچ» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلارنىڭچە مەريەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامۇ ئىلاھتۇر.

مەجۇسىيلار ياخشىلىقلارنى نۇرغا، يامانلىقلارنى زۇلمەتكە نىسبەت بېرىدۇ.

قەدەرىيلەر «بارلىق جانلىقلارنىڭ ھەرىكىتى جانلىقلارنىڭ ئۆزىدىن سادىر بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىلاھىي خاھىش، ئىلاھىي قۇدرەت ۋە ئىلاھىي ئىرادە بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئۇلارمۇ مەجۇسىيلارغا ئوخشايدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن پەرۋەردىگار توغرىسىدا جاڭجاللاشقان نەمرۇدنىڭ قىلغانلىرىمۇ مۇشۇ تۈردىكى شېرىككە ياتىدۇ. «پەرۋەردىگارى توغرىسىدا ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلەشكەن، ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پادىشاھلىقى ئۇنى ئىبراھىم بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە ئېلىپ كەلگەن ئادەم (يەنى نەمرۇد)نى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئەينى زاماندا ئىبراھىم (ئاللاھنىڭ بارلىقىغا دەلىل كۆرسىتىپ): «مېنىڭ پەرۋەردىگارىم (ئۆلۈكنى)

تىرىلدۈرەلەيدۇ، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيدۇ» دېدى. ئۇ: «مەنمۇ (ئۆلۈكنى) تىرىلدۈرەلەيمەن، (تىرىكنى) ئۆلتۈرەلەيمەن» دېدى (نەمرۇد ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىنغان ئىككى ئادەمنى چاقىرتىپ كېلىپ بىرىنى ئۆلتۈردى، بىرىنى قويۇپ بەردى). ئىبراھىم (نەمرۇدنىڭ بۇنداق ھاماقەتلىكىنى كۆرۈپ): «ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈننى شەرقتىن چىقىرالايدۇ، (خۇدالىق دەۋاسى قىلىدىغان بولساڭ) سەن ئۇنى غەرپتىن چىقىرىپ باققىن» دېدى. (بۇنداق پاكىت ئالدىدا) كاپىر ئېغىز ئاچالماي قالدى، ئاللاھ زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ.»[275]

ئازغۇن، گۇمراھ نەمرۇد ئۆزىنى ئاللاھقا سېلىشتۇردى، ئۆزىنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالدى. ئاللاھنىڭ ئۆلتۈرۈپ تىرگۈزگىنىدەك «ئۆلتۈرەلەيمەن ۋە تىرگۈزەلەيمەن» دەپ ئويلاپ قالدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نەمرۇدنى «گېپىڭ راست بولسا قۇياشنى ئاللاھ چىقارغان شەرقتىن ئەمەس، بەلكى غەربتىن چىقىرىپ باققىنا قېنى» دەپ پاكىتقا قىستىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئىشى بىر قىسىم جىدەلخورلارنىڭ دېگىنىدەك گەپ ئۇيىنىتىش بولماستىن، بەلكى گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ دەلىل كەلتۈرۈشكە قىستاشتۇر.

يەنە نۇرغۇن مۇشرىكلار ئاسماندىكى پىلانىتلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدۇ. ئۇ پىلانىتلارنى بۇ ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى پىلانلايدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇ سابىئىي ئېقىمدىكى ۋە باشقا بىر قىسىم ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئېتىقادىدۇر.

[275] سۈرە بەقەرە 258 ـ ئايەت

يەنە بىر قىسىم مۇشرىكلار قۇياشقا چوقۇنىدۇ ۋە بەزىلەر ئوتقا چوقۇنىدۇ... ۋەھاكازالار.

مەزكۇر مۇشرىكلار ئىچىدە بەزىلەر ئۆزى چوقۇنۇۋاتقان ئىلاھىنى ھەقىقى ئىلاھ دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر ئۇ ئىلاھلىرىنى «چوڭ ئىلاھ» دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۆزى چوقۇنۇۋاتقان ئىلاھىنى «نۇرغۇن ئىلاھلار ئىچىدىكى بىرى» دەپ قارايدۇ. بۇ مۇشرىكلارنىڭ قارىشىچە، ناۋادا ئۇلار ئىلاھلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، ئۆزىنى ئاتىۋەتسە، ئىلاھلىرى ئۇنىڭغا ئالدىنى قىلىدۇ ۋە ئۇنى پاناھىغا ئالىدۇ. بەزى مۇشرىكلار «تۆۋەن ئىلاھىمىز بىزنى يۇقىرى ئىلاھقا يەتكۈزىدۇ، يۇقىرى ئىلاھىمىز ئۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى ئىلاھقا يەتكۈزىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا ھەقىقى پەرۋەردىگارغا ئۇلىشالايمىز» دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. دېمەك، بەزى مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھى ۋە ۋاستىچىلىرى كۆپ، بەزىلىرىنىڭ ئاز بولىدۇ.

## 58. ئىبادەتتىكى شېرىك

ئىبادەتتىكى شېرىك ناھايىتى ئاسانلا يۈز بېرىپ قالىدۇ، ئادەم تۇيۇپ-تۇيماي بۇ خىلدىكى شېرىككە چۈشۈپ قالىدۇ. ئىبادەتتىكى شېرىك ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە، ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىنىڭ پايدا-زىيان كەلتۈرەلمەيدىغانلىقىغا، ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشىنىڭ بېرەلمەيدىغان ۋە چەكلىيەلمەيدىغانلىقىغا، ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر مەبۇدى بەرھەق يوقلۇقىغا ئىشەنگەن كىشىلەردىن سادىر بولىدۇ. گەرچە ئۇلار ئىمان كەلتۈرۈپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، مۇئامىلە

ۋە ئىبادەتنى ئاللاھقىلا خاس قىلماستىن، بەلكى بەزىدە ئۆزى ئۈچۈن، بەزىدە دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈن، بەزىدە مەرتىۋە ۋە يۈز-ئابروينى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىپ قويىدۇ. قىلغان ئىبادەت ۋە مۇئامىلىلىرىدە ئاللاھقا بىر ئۈلۈش، ئۆزىگە بىر ئۈلۈش، ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە بىر ئۈلۈش، شەيتانغا بىر ئۈلۈش، باشقا كىشىلەرگە بىر ئۈلۈش تەقسىملەيدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر دەل بۇ خىلدىكى شېرىككە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۈممىتىم ئىچىدە شېرىك گويا چۈمۈلىنىڭ ھەرىكىتىدىنمۇ ئوخشاي يوشۇرۇن بولۇپ قالىدۇ. ساھابىلەر: بىز ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلىمىز، يا رەسۇلۇللاھ! دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئاللاھ، ئۆزلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىگە بىلىپ تۇرۇپ شېرىك كەلتۈرۈپ قويۇشىمدىن پاناھ تەلەپ قىلىمەن، بىلمەي تۇرۇپ كەلتۈرۈپ قويغان شېرىكلىرىمدىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىمەن، دەڭلار.»[276]

دېمەك، رىيا تۈرىگە تەۋە ئىشلارنىڭ ھەممىسى شېرىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھىي قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر. كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابتىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى

[276] ئىبنى ھەببان رىۋايىتى

شېرىك كەلتۈرمىسۇن.»[277] ئىلاھــلار بىــر بولغانــدەك، ئۇنىڭدىــن باشــقا ھېچبىــر ئىــلاھ بولمىغىنىــدەك، پۈتــۈن ئىبادەتلەرمۇ پەقەتكىنە شۇ بىر ئىلاھقا خاس بولۇشى كېرەك. ئــۇ پەرۋەردىــگار ئىلاھلىقتــا يالغــۇز بولغىنىــدەك، مەبۇدلۇقتىمــۇ يالغــۇز بولۇشــى كېــرەك. خۇلاســىكالام، ياخشــى ئەمــەل رىيادىــن خالىــي، ســۈننەتكە ئۇيغــۇن بولۇشــى كېــرەك.

ئۆمــەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ مۇنــداق دۇئــا قىلاتتــى: «ئــى پەرۋەردىگارىــم، مېنىــڭ بارلىــق ئەمەللىرىمنــى ياخشــى قىلىــپ بەرســىلە ۋە ئۇنــى ئۆزلىرىگــە خــاس قىلىــپ بەرســىلە، مېنىــڭ ئەمەللىرىمــدە باشــقا بىراۋلارنــى شــېرىك قىلىــپ قويمىســىلا.»

ئىبادەتتىكى شېرىك ئەمەللەرنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. نــاۋادا ئەمەللــەر ئاللــاھ ۋە ئاللاھنىــڭ رەسۇلى بۇيرۇغــان ئەمەللــەر بولســا، شــېرىك كەلتۈرگەنلىــك تۈپەيلــى ئەمــەل قىلغۇچــى گويــا ئەمــەل قىلمىغــان ئادەمگــە ئوخشــاش بولــۇپ قالــدۇ. ئاندىــن ئــۇ ئــادەم ئاللاھنىــڭ پەرمانىغــا خىلاپلىــق قىلغانلىقتــا ئاساســەن جازالىنىــدۇ. ئالــلاھ تائــالا بەندىلەرنــى بارلىــق ئىبادەتلەرنــى پەقــەت ئــۆز رازىلىقــى ئۈچــۈن خالىــس قىلىشــقا بۇيــرۇپ مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــۇلار پەقــەت ئىبادەتنــى ئاللاھقــا خالىــس قىلغــان، ھــەق دىنغــا ئېتىقــاد قىلغــان ھالــدا (يالغــۇز) ئاللاھغــلا ئىبــادەت قىلىشــقا بۇيرۇلــدى.»[278]

كىمكــى ئىبادەتلىرىنــى پەقــەت ئاللاھقــلا خالىــس قىلمىســا،

[277] سۈرە كەھف 110 ـ ئايەت
[278] سۈرە بەييىنە 5 ـ ئايەت

پەرۋەردىگارىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىغان، بەلكى بۇيرۇلمىغان ئىشلارنى قىلغان بولىدۇ. ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ئىشلىرى دۇرۇس بولمايدۇ ھەمدە قوبۇلمۇ قىلىنمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدۇسىيدا مۇنداق دەيدۇ: «مەن شېرىكلەردىن بىھاجەتتۇرمەن، كىمكى بىر ئەمەلنى قىلىپ، ئۇنىڭغا مەندىن باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالسا، ئۇنىڭ قىلغىنى شۇ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىسىگە ھېساب. مەن ئۇ ئەمەلدىن ئادا ـ جۇدادۇرمەن.»[279]

### شېرىكنىڭ قىسىملىرى

شېرىك كەچۈرۈلىدىغان شېرىك، كەچۈرۈلمەيدىغان شېرىك، چوڭ شېرىك ۋە كىچىك شېرىك دەپ بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

چوڭ شېرىك دېگىنىمىزمۇ چوڭ شېرىك ۋە ئەڭ چوڭ شېرىك دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككىسى كەچۈرۈلمەيدىغان شېرىكلەردۇر. مۇھەببەت باغلاش ۋە كاتتىلاشتا ئاللاھ تائالاغا باشقا مەخلۇقلارنى شېرىك قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى گويا ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈش، ئاللاھنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلاش قاتارلىقلار كەچۈرۈلمەيدىغان شېرىكلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار

[279] مۇسلىم ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى

(قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى).»[280]

مۇشۇ خىلدىكى شېرىك كەلتۈرگەن كىشىلەر ئاللاھ ئۇلارنى دوزاختا شېرىكلىرى بىلەن جۇغلىغان چاغدا ئۆزىنىڭ ئىلاھلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار دوزاختا جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق. ئۇ ۋاقىتىدا سىلەرنى (ئىبادەتتە) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق.»[281]

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ خىلدىكى مۇشرىكلار ئۆزلىرى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغان نەرسىلەرنى يارىتىش، رىزىق بېرىش، ئۆلتۈرۈش، تىرگۈزۈش، پادىشاھلىق، قۇدرەت قاتارلىق جەھەتلەردە باراۋەر دەپ قارىمايتتى. بەلكى ياخشى كۆرۈش، ئىلاھلاشتۇرۇش، بويسۇنۇش، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش قاتارلىق ئىشلاردا ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. مانا بۇ، ئۇچىغا چىققان جاھالەت ۋە زۇلۇم ئىدى. قانداقسىگە توپىدىن پەيدا بولغان نەرسىلەر مۇتلەق پەرۋەردىگارغا تەڭ بولالىسۇن؟! قانداقسىگە ئاجىز بىر قۇل شاھەنشاھقا باراۋەر تۇرالىسۇن؟! قانداقسىگە نامرات، ئاجىز، كۈچسىز، مۇھتاج، يوقلۇقتىن

[280] سۈرە بەقەرە 165 ـ ئايەت
[281] سۈرە شۇئەرا 97 ـ 98 ـ ئايەتلەر

باشقا ھېچ نەرسىسى بولمىغان بىر مەخلۇق مۇتلەق باي، مۇتلەق قادىر، مۇتلەق بىھاجەت، قۇدرەتلىك، ھەممىنىڭ ئىگىسى، سېخىي، ھەممىگە ئېھسان قىلىدىغان، ھەممىنى بىلىدىغان، ھەممىنى رەھمىتى دائىرىسىگە سىغدۇرالايدىغان، مۇتلەق كامالەتكە ئىگە زاتقا تەڭتۇش بولالىسۇن؟!

شېرىكى بولمىغان، تەڭتۇشى بولمىغان زاتقا شېرىك كەلتۈرۈشتىنمۇ قەبىھراق زۇلۇم، بۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق يامانلىق بارمۇ جاھاندا؟!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «جىمى ھەمدۇ سانا ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەتلەرنى ۋە نۇرنى پەيدا قىلغان ئاللاھ غا خاستۇر! ئاندىن (يەنى مۇشۇنداق دەلىللەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ) كاپىرلار پەرۋەردىگارىغا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرىدۇ.»[282]

ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان، زۇلمەت ۋە نۇرنى ياراتقان ئاللاھقا ھېچنەرسىنى پەيدا قىلالمايدىغان، ئاسمان ۋە زېمىندىكى كىچىككىنە بىر ھۆجەيرىگىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان مەخلۇقلارنى شېرىك قىلىۋېلىش نېمىدىگەن قەبىھ، نېمىدىگەن ئېغىر زۇلۇم ھە؟!

## 59. ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز، ئىرادە ۋە نىيەتلەردىكى شېرىكلەر

شېرىكنىڭ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۈرلىرىگە ئىش-

[282] سۈرە ئەنئام 1 ـ ئايەت

ھەرىكەت، گەپ-سۆز، ئىرادە ۋە نىيەتلەردىكى شېرىكلەرمۇ ئەگىشىدۇ.

ئىش-ھەرىكەتلەردىكى شېرىك دېگىنىمىز، ئاللاھتىن باشقىغا سەجدە قىلىش، بەيتۇللاھتىن باشقا جايلارنى تاۋاپ قىلىش، ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلىش ياكى ئۆزىنى تۆۋەن كۆرسىتىش مەقسىتىدە بېشىنى چۈشۈرۈش، ھەجەرۇل ئەسۋەدتىن باشقا تاشلارنى سۆيۈش، قەبرىلەرنى سۆيۈش ۋە ئۇلۇغلاش مەقسىتىدە سىلاش، قەبرىلەرگە سەجدە قىلىش قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ياخشىلارنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالغۇچىلارغا لەنەت قىلغان يەردە، قەبرىلەرنى ۋە قەبرىدىكىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟!

سەھىھۇل بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ يەھۇدى ۋە ناسارالارغا لەنەت قىلسۇنكى، ئۇلار پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالدى».

سەھىھۇل بۇخارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامىنى ھايات تۇرۇپ قىيامەت قايىم بولغان ئادەم ۋە قەبرىلەرنى مەسچىت قىلىۋالغان كىشىلەردۇر.»

سەھىھۇل بۇخارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «شۈبھىسىزكى، سىلەردىن

ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر ئىچىدە قەبرىلەرنى مەسچىت قىلىۋالىدىغانلار بار ئىدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەر ھەرگىز قەبرىلەرنى مەسچىت قىلىۋالماڭلار، مەن سىلەرنى ئۇنىڭدىن چەكلەيمەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغۇچى ئاياللارغا، قەبرىلەر ئۈستىگە مەسچىت سېلىۋالغۇچىلارغا، قەبرىلەرگە چىراق ياققۇچىلارغا لەنەت قىلدى.»[283]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلىرىنىڭ قەبرىلىرىنى مەسچىت قىلىۋالغان قەۋملەرگە قاتتىق غەزەپ قىلدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەر ئىچىدە بىرەر ياخشى ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ قەبرىسىگە مەسچىت سېلىپ، مەسچىتكە ھېلىقى ئادەمنىڭ سۈرەتلىرىنى سىزىپ قويىدىغان ئىش بار ئىدى. ئەنە ئۇلار قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى ھېسابلىنىدۇ.»

قەبرىلەر ئۈستىگە مەسچىت سېلىپ، مەسچىتتە ئاللاھقا سەجدە قىلغانلارنىڭ ھالى مۇشۇنداق تۇرسا، ئۇنداقتا قەبرىلەرنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە سەجدە قىلىدىغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟!

[283] ئەھمەد ۋە ئىبنى ھەببان رىۋايىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئى پەرۋەردىگارىم، مېنىڭ قەبرەمنى ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇتقا ئايلاندۇرمىغايلا» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەۋھىدنى ناھايىتى زور كۈچ بىلەن قوغدىغان، ھەتتاكى، قۇياشقا ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ ئىبادىتىگە ئوخشاپ قالماسلىق ئۈچۈن كۈن چىقىۋاتقان ۋە پېتىۋاتقان ۋاقىتلاردا نەپلى ناماز ئوقۇشتىنمۇ چەكلىگەن. ھەتتا مۇشرىكلار قۇياشقا سەجدە قىلىدىغان ۋاقىتلارغا ئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەسردىن كېيىن ۋە تاڭ ئاتقاندىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىنمۇ چەكلىگەن ئىدى.

ئەمما ئاللاھتىن باشقىغا سەجدە قىلىش مەسىلىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېنىق قىلىپ «ھېچبىر ئادەمنىڭ ئاللاھتىن باشقا ھېچكىشىگە سەجدە قىلىشى لايىق بولمايدۇ» دەپ جاكارلىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «لايىق بولمايدۇ» دېگەن سۆزى غايەت دەرىجىدىكى ئىنكارنى بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بالىسى بولۇش ئاللاھقا لايىق ئەمەستۇر.»[284]

«قۇرئاننى شەيتانلار ئېلىپ چۈشكىنى يوق، بۇ، ئۇلارغا لايىق ئەمەس.»[285]

«سېنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇش (يەنى سەندىن

[284] سۈرە مەريەم 92 ـ ئايەت
[285] سۈرە شۇئەرا 21 ـ ئايەت

باشقىغا چوقۇنۇش) بىزگە (ۋە سېنىڭ مەخلۇقاتىڭدىن ھېچ ئەھەدىگە) لايىق ئەمەس.»[286]

## 60. گەپ - سۆزلەردىكى شېرىك

ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم قىلىشمۇ شېرىكنىڭ قاتارىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن قەسەم ئىچكەن بولسا، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.»[287]

ناۋادا بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە «ئاللاھ خالىغىنى ۋە سەن خالىغىنىڭ بولىدۇ» دېگەن بولسا، بۇ گەپمۇ شېرىككە ياتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئادەم «ئاللاھ خالىغان ۋە سەن خالىغىنى بولىدۇ» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋاتامسەن؟! ئاللاھ خالىغىنىلا بولىدۇ، دېگىن» دەپ تۈزەتكەن ئىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئىنساندا خالاش، خالىماسلىق خاھىشى بولمايدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ: «سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن راۋۇرۇس بولۇشنى خالايدىغانلارغا (قۇرئان) نەسىھەتتۇر. » دېگەن سۆزىدىمۇ ئىنساندا خالاش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما ئىشلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى مەخلۇقنىڭ خاھىش ۋە ئىرادىسىگە قاراشلىق قىلىپ قويۇش شېرىككە ياتىدىغان ئىشلاردۇر.

[286] سۈرە فۇرقان 18 - ئايەت
[287] ئەھمەد ۋە ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

«ئاللاھقا ۋە ساڭا تەۋەككۇل قىلدىم»، «مەن ئاللاھنىڭ ۋە سېنىڭ ھىمايەڭدە»، «مېنىڭ ئاللاھتىن ۋە سەندىن باشقا ھېچنەرسەم يوق»، «بۇ ئاللاھنىڭ ۋە سىلىنىڭ ئىلتىپاتلىرى»، «بۇ ئاللاھنىڭ ۋە سىلىنىڭ بەرىكەتلىرىدىن بولدى»، «ماڭا ئاسماندا ئاللاھ، زېمىندا ئۆزلىرى بار»، «ئاللاھ بىلەن ۋە سىلىنىڭ ھاياتلىرى بىلەن قەسەم»، «ئاللاھ يولىدا ۋە پالانى يولىدا»، «مەن ئاللاھقا ۋە پالانىغا تەۋبە قىلىمەن»، «ئاللاھتىن ۋە پالانىدىن ئۈمىدىم بار»... دېگەندەك سۆزلەرمۇ شېرىككە ياتىدۇ.

يۇقىرىقى سۆزلەر بىلەن ھېلىقى ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا «ئاللاھ خالىغان ۋە سەن خالىغىنى بولىدۇ» دېگەن سۆزىنىڭ ئارىسىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى! قېنى بۇ گەپلەرنىڭ قايسى بەك ئېغىركەن؟!

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتا «ئاللاھ خالىغان ۋە سەن خالىغىنى بولىدۇ» دېگەن ئادەمگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋاتامسەن؟!» دەپ تەنبىھ بەرگەن ئىدى. ناۋادا يۇقىرىقى سۆز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنمۇ كېلەلمەيدىغان، بەلكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتا دېيىلسىچۇ؟!

سەجدە، ئىبادەت، تەۋەككۇل، تەۋبە، تەقۋادارلىق، قورقۇش، ھامىيلىق، نەزىر، قەسەم، تەسبىھ، تەكبىر، ھەمدۇ ـ سانا، ئىستىغپار، بويسۇنۇش، ئىبادەت، تاۋاپ، دۇئا...

قاتارلىقلار ئاللاھنىڭلا ھەققىدۇر. ئاللاھتىن باشقا نە مۇقەررەب پەرىشتىلەر بولسۇن، پەيغەمبەرلەر بولسۇن ھېچكىشىگە لايىق ئەمەستۇر.

مۇسنەددە مۇنداق بىر ۋەقەلىك رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىر گۇناھكار ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا كېلىپ «ئى پەرۋەردىگارىم، مەن ئۆزلىرىگە تەۋبە قىلىمەن، مۇھەممەد (ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە سالامى بولسۇن) گە تەۋبە قىلمايمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (بۇنى ئاڭلاپ): بۇ ئادەم ھەق ئىگىسىنى لايىق رەۋىشتە تونۇپتۇ، دېدى».

## 61. ئىرادە ۋە نىيەتلەردىكى شېرىك

ئىرادە ۋە نىيەتلەردىكى شېرىك ناھايىتى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرلا بۇ شېرىكتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ.

كىمكى قىلغان ئەمەللىرىدە ئاللاھ رازىلىقىدىن باشقا نەرسىنى ئىرادە قىلغان بولسا، ئاللاھقا يېقىنلىششىنى كۆزلىمىگەن بولسا ۋە ئاللاھنىڭ غەيرىنىڭ مۇكاپاتىنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇ ئادەم ئاللاھقا ئىرادە ۋە نىيەتتە شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

بەندىلەر گەپ-سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئىرادە، نىيەتلىرىنى ئاللاھقىلا خالىس قىلىشى كېرەك. مانا بۇ، ئاللاھ بەندىلىرىنى ئەگىششكە بۇيرۇغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدۇركى، ئىنسانلاردىن بۇنىڭدىن باشقا دىن قوبۇل

قىلىنمايدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ئىسلامدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىنىنى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.»[288] مانا بۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدۇركى، بۇ دىندىن ئەڭ ئەقىلسىز، ئەڭ ھاماقەت ئادەملەرلا يۈز ئۆرۈيدۇ.

## 62. شېرىكنىڭ ماھىيىتى

***شېرىكنىڭ ماھىيىتى***

شېرىك-ئاللاھ ئۆزىنى سۈپەتلىگەن ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سۈپەتلىگەن سۈپەتلەرنى ئىسپاتلاش ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچىغا ئوخشىتىلىش ياكى ياراتقۇچىنى ئاللىقانداقتۇر بىر مەخلۇققا ئوخشىتىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالا قەلبىنى ھەقتىن بۇرۇۋەتكەن، ئەقىل كۆزىنى كور قىلىۋەتكەن، ئۆزىنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھ كەينىگە چېكىندۇرۇۋەتكەن ئادەملەر بۇ ئىشلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار ساغلام تەۋھىد چۈشەنچىسىنى ئاللاھقا بىر نەرسىنى ياكى ئاللاھنى بىر نەرسىگە ئوخشاتقانلىق دەپ تونۇۋالدى. ئاللاھقا بىر نەرسىنى ئوخشىتىش ياكى ئاللاھنى بىر نەرسىگە ئوخشىتىشنى ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىق، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق دەپ قارىدى. دېمەك، بارلىق ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلەردە ئاللاھقا بىر نەرسىنى ئوخشىتىش ياكى ئاللاھنى بىر نەرسىگە

[288] سۈرە ئال ئىمران 85 ـ ئايەت

ئوخشىتىش قاتارلىقلار شېرىك ئەقىدىدۇر.

شۈبھىسىزكى، پايدا-زىيان، بېرىش ۋە چەكلەشتىكى مۇتلەق ئىگىدارچىلىق پەقەتكىنە ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلەردىندۇر. شۇنداق بولغانىكەن، دۇئا قىلىش، قورقۇش، ئۈمىد قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش پەقەتكىنە بىر ئاللاھقا قارىتىلغان بولۇشى لازىم. كىمكى يۇقىرىقى ئىشلارنى ئاللاھقا قاراتماي مەخلۇققا قاراتقان بولسا، ئۇ، ئېنىقلا مەخلۇقنى ياراتقۇچىغا ئوخشىتىۋالغان بولىدۇ. باشقىلارغۇ ئۇياقتا تۇرسۇن ئۆزىگىمۇ ھېچقانداق پايدا-زىيان كەلتۈرەلمەيدىغان، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىققا ئىگە بولالمايدىغان، قايتا تىرىلدۈرەلمەيدىغان مەخلۇقنى بارلىق ئىشلار ئۇنىڭغىلا خاس بولغان، ئىشلارنىڭ تۇتقىسى ئۇنىڭ قولىدا بولغان، بارلىق ئىشلار ئۇنىڭغىلا قاراشلىق بولغان، خالىغىنىنى قىلالايدىغان، ئۇ بەرگەننى ھېچكىشى چەكلىيەلمەيدىغان، ئۇ بەرمىگەننى ھېچكىشى بېرەلمەيدىغان، ئۇ رەھمەت ئىشىكىنى ئاچسا ھېچكىشى ياپالمايدىغان، ئۇ ياپسا ھېچكىشى ئاچالمايدىغان يېگانە پەرۋەردىگارغا ئوخشاتقانلىقتۇر.

ھېچنەرسىگە قادىر بولالمايدىغان ئاجىز، پەقىر مەخلۇقنى ھەممىدىن بىھاجەت ئاللاھقا ئوخشىتىش ئەڭ قەبىھ شېرىكتۇر.

ھەر قايسى تەرەپلەردىكى نۇقسانسىز مۇتلەق كامالەت ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلەردىندۇر. شۇنداق بولغانىكەن، بارلىق ئىبادەتلەر پەقەتكىنە شۇ ئاللاھقا خاس بولۇشى كېرەك. ئۇلۇغلاش، كاتتىلاش، قورقۇش، دۇئا قىلىش، ئۈمىد قىلىش، قايتىش، تەۋبە قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش،

يـاردەم تەلـەپ قىلــش، چەكســز مۇھەببــەت باغــلاپ تــۇرۇپ قورقـۇش قاتارلىقلارنىـڭ ھەممىسى ئەقلـي نۇقتىدىـن، شـەرئىي نۇقتىدىـن، ئىنسانىي تەبىئەت نۇقتىسـدىن ئېيتقاندىمۇ پەقەت ئاللاھقـلا خـاس بولۇشـى كېرەك. كىمكـى يۇقىرىقى ئىشلاردىن بىرەرىنـى ئاللاھنىـڭ غەيرىگـە قىلىدىكەن، ئۇنداقتـا باشـقىلارنى ئاللاھقـا ئوخشـىتىۋالغان بولىـدۇ. مانـا بـۇ، ئىنتايىـن قەبىـھ ۋە باتىــل ئوخشىتىشــتۇر. بــۇ ئوخشــىتىش شــۇ قــەدەر قەبىــھ، ئوخشـاتقۇچىلار شـۇ قـەدەر زالىـم بولغاچقـا، ئۆزىنـى شـۇ قـەدەر رەھمىتـى كەڭـرى دەپ سۈپەتلىگەن ئاللاھ بـۇ خىـل جىنايەتنـى شـەكىللەندۈرگەنلەرنى قەتئىـي كەچۈرمەيدىغانلىقىنـى خـەۋەر قىلـدى.

ئاللاھقــا قىلىنىدىغــان قۇلچىلىــق چەكســز مۇھەببــەت ۋە ئۆزىنــى چەكســز تــۆۋەن تۇتۇشــتىن ئىبــارەت ئىككــى ئاســاس ئۈسـتىگە بەرپا بولىـدۇ. مانـا بـۇ، ئاللاھقا قىلىنىدىغان كامالـي قۇلچىلىقتــۇر. مەخلۇقــلار ئاللاھقــا قىلىنىدىغــان قۇلچىلىقــلاردا چەكســز مۇھەببــەت ۋە ئۆزىنــى چەكســز تــۆۋەن تۇتۇشــتىن ئىبــارەت ئىككــى ئاســاس ئارقىلىــق پەرقلىنىــدۇ.

كىمكـى ئاللاھنىـڭ غەيرىگـە مۇھەببـەت باغلىسـا، ئاللاھنىـڭ غەيرىگــە ئۆزىنــى تــۆۋەن تۇتســا، ئاللاھنىــڭ غەيرىگــە بــوي سۇنسـا، ئـۇ، ئاللاھقــلا خــاس بولىدىغــان ئىشــلاردا ئاللاھقـا باشـقىلارنى ئوخشـىتىۋالغان بولىـدۇ. بـۇ ئىشلار نـە شـەرىئەتتە، نە ساغلام ئىنسـانىي تەبىئەتتـە، نـە ساغلام ئەقىلـدە مۇتلـەق قوبۇل قىلىنمايدىغــان ئىشــلاردۇر. لېكىــن شــەيتان مەخلۇقاتلارنىــڭ

تەبىئىتى، ئەقىللىرىنى بۇزۇۋەتتى ۋە ئۇلارنى ساغلام تەبىئەت، ساغلام ئەقىللىرىدىن ئايرىۋەتتى. ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتىگە مۇيەسسەر بولغانلارلا ساغلام تەبىئىتىنى ساقلاپ قالدى. ئاللاھ ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ۋە ئەقلىگە ئۇيغۇن كىتابلارنى نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە كىتابلىرى ئۇلارنىڭ ئەقلىگە ئەقىل، نۇرىغا نۇر قوشتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۆزىنىڭ نۇرىغا مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ پەمىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.»[289]

سەجدىمۇ يالغۇز پەرۋەردىگارغىلا خاستۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرىگە سەجدە قىلىدىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۇ مەخلۇقنى ئاللاھقا ئوخشىتىۋالغان بولىدۇ.

تەۋەككۇلمۇ يالغۇز پەرۋەردىگارغىلا خاستۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرىگە تەۋەككۇل قىلىدىكەن، تەۋەككۇل قىلىنغان مەخلۇقنى يالغۇز بىر ئاللاھقا ئوخشىتىۋالغان بولىدۇ.

تەۋبىنىمۇ يالغۇز پەرۋەردىگارغىلا قىلىش كېرەكتۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرىگە تەۋبە قىلىدىكەن، ئۇنى ئاللاھقا ئوخشىتىۋالغان بولىدۇ.

قەسەمنىمۇ يالغۇز پەرۋەردىگارغىلا قىلىش كېرەك. كىمكى ئاللاھنىڭ غەيرىگە قەسەم قىلغان بولسا، ئۇ، ئاللاھقا

[289] سۈرە نۇر 35 ـ ئايەت

باشـقىلارنى ئوخشـىتىۋالغان بولىـدۇ.

يۇقىرىـدا تىلغا ئېلىنغانلىـرى ئاللاھقـا بىـر نەرسـىنى ئوخشـىتىۋېلىش مەسىلىسـىدۇر. ئەمما كۆرەڭلىـەش؛ تەكەببۇرلـۇق قىلىـش؛ ئۆزىنـى ماختاپ-ئۇچـۇرۇش؛ ئۆزىنـى چـوڭ بىلىـش؛ باشـقىلارنى ئۆزىگـە بـوي سۇنۇشـقا، ئۆزىدىـن ئۈمىـد قىلىشـقا ئۈنـدەش، باشـقىلارنىڭ ئۆزىگـە دىـل باغلىشـىنى، ئۆزىدىـن قورقۇشـنى، ئۈمىـد قىلىشـنى، ئىلتىجا قىلىشـنى، مەدەت تەلـەپ قىلىشـنى تەشـەببۇس قىلىـش قاتارلىقلار ئاللاھقا ئوخشـىۋېلىش، ئاللاھنىـڭ پەرۋەردىگارلىقـى ۋە ئىلاھلىقىنـى تالىشـىش بولـۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنـداق قىلغـان ئادەملـەر ئاللاھنىـڭ دەھشـەتلىك خارلىشـىغا، ئېغىـر خورلۇقتـا، ئاللاھنىـڭ مەخلۇقاتلىرىنىـڭ دەپسـەندە قىلىشـىغا ئۇچرايـدۇ.

«سـەھىھۇل بۇخـارى»دا پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكـى رىۋايـەت قىلىنىـدۇ: «ئاللاھ ئـەززە ۋەجەللـە مۇنـداق دەيـدۇ: كىبىرلىـك ۋە ئۇلۇغلـۇق مېنىڭ خاس سۈپەتلىرىم بولۇپ، كىمكـى ئۇنىڭدىـن بىرىنـى تالىشـىدىكەن ئۇنـى ئازابلايمـەن.»

رەسسـاملار ۋە ھەيكەلتاراشـلار پەقـەت شـەكىل ياسـاش جەھەتتىـلا ئاللاھقـا ئوخشـىۋالغانلىقى ئۈچـۈن قىيامـەت كۈنـى ئـەڭ ئېغىـر ئازابقـا مۇبتىـلا بولىدىغـان تۇرسـا، ئۇنداقتـا ئاللاھقـا پەرۋەردىگارلىقتـا ۋە ئىلاھلىقتـا ئوخشـىۋېلىش قەسـتىدە بولغانلارنىـڭ ئەھۋالـى قانـداق بـولار؟! پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دەيـدۇ: «قىيامـەت كۈنـى ئـەڭ ئېغىـر ئازابلىنىدىغانـلار رەسـىم سـىزغۇچىلاردۇر. ئۇلارغـا: ياراتقان نەرسـىلىرىڭلەرگە جان

كىرگـۈزۈڭلار، دېيىلىـدۇ.»[290]

ئەبۇ ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ: «ئاللاھ تائـالا: مـەن ياراتقان نەرسىلەرگە ئوخشاش نەرسىلەرنى سىزغان كىشىدىنمۇ زالىم كىشى يوق، قېنى ئۇلار بىر تال قوناق ياكى بىر تال دان ۋەياكى بىر تال ئارپا يارىتىپ باقسۇنچۇ؟ ـ دەيدۇ». بۇ ھەدىستە قوناق ۋە ئارپا تىلغا ئېلىنىشى «شۇنچىلىك كىچىك نەرسىلەرنى يارىتالمىغانلارنىڭ ئۇنىڭدىن چوڭ ۋە بۈيۈكراق نەرسىلەرنى يارىتالىشى مۇمكىنمۇ؟» دېگەنلىككە ئىشارەت قىلىدۇ.

خۇلاسىكالام، سۈرەت، ھەيكەل ياساشتا ئۆزىنى ئاللاھقا ئوخشىتىۋالغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى مۇشۇنداق تۇرسا، مۇتلەق ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلەر ۋە پەرۋەردىگارغا خاس ئالاھىدىلىكلەردە ئاللاھقا ئۆزىنى ئوخشىتىۋالغۇچىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار-ھە؟! شۇنىڭدەك، شاھىنشاھ، قازى قۇززات دېگەندەك پەقەتكىنە ئاللاھقا لايىق كېلىدىغان ئاتالغۇلاردا ئۆزىنى ئوخشىتىۋالغۇچىلارنىڭچۇ؟!

ئەبۇ ھۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ: «ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ خار نام ئۆزىنى شاھىنشاھ دەپ ئاتىۋالغان ئادەمنىڭ نامىدۇر. ھەقىقىي پادىشاھلىق ئاللاھقىلا خاستۇر.»[291]

[290] ئەھمەد رىۋايىتى
[291] ئەھمەد ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

يۇقىرىقىلار پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا خاس بولغان ئىسىملىرىدا ئورتاقلاشقانلارغا قىلىنغان غەزەپتۇر. ئاللاھ ئۆزى يالغۇز شاھەنشاھتۇر. ئاللاھ ئۆزى يالغۇز قازى قۇزاتتۇر. ئاللاھ ئۆز يالغۇز ھاكىممۇتلەقتۇركى، ئۇ ھەممىگە ھۆكۈم يۈرگۈزەلەيدۇ. ھېچ كىشى ئاللاھقا ھۆكۈم يۈرگۈزەلمەيدۇ.

## 63. ئاللاھقا قارىتا ناتوغرا گۇماندا بولۇش

شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر گۇناھ ئاللاھقا قارىتا ناتوغرا گۇماندا بولۇشتۇر. ئاللاھقا ناتوغرا گۇماندا بولغۇچىلار ئېنىقكى ئاللاھنىڭ مۇقەددەس كامالىتىگە زىت گۇمانلاردا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىگە قارشى ئويلارنى ئويلايدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۆزىگە قارىتا ناتوغرا گۇماندا بولغانلارغا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە تەھدىت سالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ مۇناپىق ۋە مۇناپىقەلەرگە، مۇشرىك ۋە مۇشرىكەلەرگە ئازاب قىلىشى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا قارىتا يامان ئويلاردا بولغانلىقى ئۈچۈندۇر، ھالاكەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!.»[292]

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرەرىنى ئىنكار قىلغانلارغا قارىتا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭلارغا قارىتا

[292] سۈرە فەتھ 6 ـ ئايەت

قىلغـان ناتوغـرا گۇمانـڭلار سـىلەرنى هـالاك قىلـدى. شـۇنىڭ بىلـەن زىيـان تارتقۇچىلاردىـن بولـدۇڭلار.»[293]

ئالـلاه تائـالا ئىبراهىـم ئەلەيهىسسالام تىلىدىن مۇنـداق دەيدۇ: «سـىلەر نېمىگـە ئىبـادەت قىلىۋاتىسىلەر؟سـىلەر ئاللاهنـى قويـۇپ يالغـان ئىلاهلارغـا چوقۇنامسـىلەر؟. ئالەملەرنىـڭ پەرۋەردىـگارى بولغـان (ئاللاهقـا) نېمىشـقا گۇمـان قىلىسـىلەر؟»[294]

ئـى ئادەملـەر سـىلەر ئاللاهنىـڭ غەيرىگـە ئىبـادەت قىلىـپ تـۇرۇپ، ئاللاهقـا باشـقىلارنى شـېرىك كەلتـۈرۈپ تـۇرۇپ، ئاللاهنىـڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىدە سـىلەرنى باشـقىلارغا ئېهتىياجلىق قىلغـۇدەك دەرىجىـدە نۇقسـان بـار دەپ قـاراپ تـۇرۇپ... مۇشـۇ هالەتلـەرردا ئاللاهقـا ئۇچراشساڭلار، ئالـلاه سىزنـى قانـداق جـازالار، دەپ ئويـلاپ باقتىڭلارمـۇ؟!

ئاللاهنىـڭ ئۆزىگـە لايىـق سـۈپەتلىرى بارلىقىنـى، هـەر نەرسىنى بىلىدىغانلىقىنى، هـەر نەرسـىگە قادىـر ئىكەنلىكىنـى، هـەر نەرسـىدىن بىهاجـەت ئىكەنلىكىنـى، هـەر نەرسـىنىڭ ئاللاهقـا مۇهتـاج ئىكەنلىكىنـى، ئالـلاه مەخلۇقاتلىـرى ئىچىـدە ئادالەتنـى بەرپـا قىلىدىغانلىقىنـى، پۈتـۈن كائىناتنىڭ ئىشـلىرىنى پىلانـلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشـلاردا باشـقا هېچكىشـىنىڭ شـېرىك بولالمايدىغانلىقىنـى، بارلىـق ئىشـلارنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچـە بىلىدىغانلىقىنـى، مەخلۇقاتلارنىـڭ هېچبىـر ئىشـىنىڭ ئاللاهقـا مەخپىـي قالمايدىغانلىقىنـى، ئالـلاه ئۆزىـلا هـەر نەرسـىگە كۇپايـە

[293] سۈرە فۇسسىلەت 23 ـ ئايەت
[294] سۈرە سافقات 85، 86، 87 ـ ئايەتلەر

قىلىدىغانلىقىنى، ھېچبىر ياردەمچىگە مۇھتاج ئەمەسلىكىنى، ئۆزى مۇتلەق شەپقەتلىك زات ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ھېسداشلىق قىلىشىغا ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىنى خىيالىڭلارغا كەلتۈرمىدىڭلارمۇ؟!

ئاللاھ تائالا ھەر قايسى تەرەپلەردىن پادىشاھ، ئەمەلدار ۋە باشقا كاتىۋاشلارغا ئوخشىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، پادىشاھلار، ئەمەلدارلار ۋە باشقا كاتىۋاشلار پۇقرالارنىڭ ئەھۋالىنى تىڭ-تىڭلاپ ئۆزىگە يەتكۈزىدىغان ئايغاقچىلارغا، پۇقرالارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتا ھەمكارلىشىدىغان خىزمەتچىلەرگە، ئۆزىدىن ئىلتىپات كۈتىدىغان ھاجەتمەنلەرگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھاجەتلىرى، بىقۇۋۋەتلىكى، ئاجىزلىقى ۋە ئىلمىي نۇقسانىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان زۆرۈر ۋاستىلەرگىمۇ ئېھتىياجلىق بولىدۇ.

ئەمما ئاللاھ تائالا ھەر نەرسىگە قادىر زاتتۇركى، ئۇ ھەر نەرسىدىن مۇتلەق بىھاجەتتۇر. ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇركى، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقى تامامى شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە سىغدۇرۇپ كېتىدۇ. ئاللاھ بىلەن مەخلۇقلار ئارىسىغا ۋاستە پەيدا قىلىۋېلىش ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىق، ئىلاھلىق ۋە بىرلىك ھەققىگە چېقىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھقا ناتوغرا گۇماندا بولغانلىق دەپ قارىلىدۇ. بەندىلەردىن بۇنداق ناشايان ئىشلارنىڭ سادىر بولۇشىغا ئاللاھ تائالا ھەرگىزمۇ يول قويمايدۇ. ساغلام ئەقىل، ساغلام ئىنسانىي تەبىئەتمۇ بۇنداق ئىشلارنى قەتئىي راۋا كۆرمەيدۇ.

ساغلام ئەقىلمۇ بۇ ئىشنى ئېغىر قاباھەت دەپ قارايدۇ.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، چوقۇنغۇچى ئۆزىنىڭ مەبۇدىنى چوڭ بىلىدۇ. مەبۇدىنى ئىلاھ قىلىدۇ. ئۇنىڭغا تامامەن بويسۇنىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى غايەت دەرىجىدە ئەرزىمەس ھېس قىلىدۇ. پەقەتكىنە ئاللاھ تائالا مۇتلەق چوڭ بىلىشكە، ئىلاھ دەپ بىلىشكە، بويسۇنۇشقا، بەندە ئۆزىنى ئۇنىڭ ئالدىدا تۆۋەن تۇتۇشقا لايىق زاتتۇر. بۇ ئىشلار پەقەتكىنە ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر. ئاللاھنىڭ ھەققىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىش، ئاللاھ بىلەن ئۇنىڭ ھەققى ئارىسىغا قىستۇرۇلۇۋېلىش نېمىدېگەن قەبىھ زۇلۇم ھە! بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىدا شېرىك بولۇۋالىدىغانلار ئاللاھنىڭ قۇللىرى، بەندىلىرى بولسىچۇ، تېخى!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈككە قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئۇ بارىدا سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر) دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازىمۇسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ ئاللاھقا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىدۇڭلار؟) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلىمىز.»[295]

«يەنى سىلەرنىڭ بىرىڭلار قۇلىنىڭ رىزقىغا شېرىك بولۇپ قېلىشىدىن نومۇس قىلىسىلەر-يۇ، ئەمما قانداقسىگە

[295] سۈرە رۇم 28 - ئايەت

پەقەت ماڭىلا خاس بولغان، مەندىن باشقا ھېچكىمگە لايىق كەلمەيدىغان، دۇرۇسمۇ بولمايدىغان ئىلاھلىق ھوقۇقتا بەندىلىرىمنى ماڭا شېرىك قىلىسىلەر؟!»

كىمكى شۇنداق قىلىۋالسا، ئۇ مېنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇمىغان بولىدۇ. مېنى لايىق رەۋىشتە چوڭ بىلمىگەن بولىدۇ. باشقىلارسىز ئۆزۈملا يالغۇز بولغان ئىلاھلىقىمدا مېنى يالغۇز بىلمىگەن بولىدۇ. ئاللاھقا باشقىلارنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغۇچىلار ئاللاھنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇمىغان ئادەملەردۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! (يەنى مۇشرىكلار جامائەسى!) بىر مىسال كەلتۈرىلىدۇ، ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىڭلار: شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ (ئەقلى بار ئادەم قانداقمۇ مۇشۇنداق بۇتلارنى مەبۇد قىلىۋېلىپ ئۇلارغا چوقۇنىدۇ؟)، چىۋىن ئۇلارنىڭ بەدىنىدىن بىر نەرسىنى (بۇتقا سۈركەپ قويۇلغان خۇشپۇراق بىر نەرسىنى) ئېلىپ قاچسا، ئۇنى چىۋىندىن تارتىپ ئالالمايدۇ، بۇتمۇ ۋە (ئۇنىڭغا) چوقۇنغۇچىمۇ ئاجىزدۇر. ئۇلار (ئەرزىمەس بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىپ) ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئۇلۇغلاشمىدى، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.»[296]

ئاللاھقا ھېچبولمىغاندا بىرەر تال جانۋار ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنىمۇ يارىتالمايدىغان، بەلكى بىرەر تال چىۋىن

[296] سۈرە ھەج 73، 74 ـ ئايەتلەر

ئۇنىڭ بىر نەرسىسىنى تارتىۋالسا قايتۇرۇۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان نەرسىلەرنى قوشۇپ ئىبادەت قىلغان ئادەملەر ئاللاھنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇمىغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھنى ھەقىقي رەۋىشتە تونۇمىدى. قىيامەت كۈنى زېمىن پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدا بولىدۇ، ئاسمانلار ئاللاھنىڭ ئوڭ قولىدا قاتلىنىپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار)نىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر ۋە ئۈستۈندۇر.»[297]

شۇ قەدەر بۈيۈك ھۆرمەت ۋە ئەزەمەتكە ئىگە زاتقا قىلىنىدىغان ئىبادەتلەردە ھېچقانداق قىممىتى، ھۆرمىتى بولمىغان، بەلكى ئەڭ ئاجىز، ئەڭ بىقۇۋۋەل نەرسىلەرنى شېرىك قىلىۋالغان ئادەم ئاللاھنى ھەقىقى رەۋىشتە تونۇمىغان بولىدۇ.

يەنە شۇنىڭدەك «ئاللاھ مەخلۇقاتلىرىغا پەيغەمبەر ئەۋەتمىدى، كىتاب چۈشۈرمىدى» دەپ قارىغان، بەلكى مەخلۇقاتلارغا پەرۋاسىزلىق قىلىش، ئۇلارنى زايا قىلىۋېتىش، ئۇلارنى بىھۆدە تاشلاپ قويۇش، بىكارغىلا يارىتىش دېگەندەك ئاللاھقا نالايىق نەرسىلەرنى ۋە ماس كەلمەيدىغان ئىشلارنى نىسبەت بەرگەنلەرمۇ ئاللاھنى توغرا رەۋىشتە قەدىرلىمىگەن بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلغان، ئاللاھنىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش، ئىرادە قىلىش، ئىختىيار قىلىش، بارلىق مەخلۇقاتلاردىن ئالىي بولۇش، سۆزلەش ۋە ئۆزىنىڭ

---

[297] سۈرە زۇمەر 67 - ئايەت

مەخلۇقاتلىرىدىن خالىغانلىرى بىلەن سۆزلىشىشنى ياكى ئاللاھنىڭ بارلىق قۇدرەتلىرىنى ۋە ئۇ قۇدرەتلەرنى بەندىلەرنىڭ تائەت ۋە مەئسىيەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش؛ بەندىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئاللاھنىڭ قۇدرەت، خاھىش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش دائىرىسىدىن چىقىرىۋېتىپ، «بەندىلەر پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىسىزلا ئۆزىگە زۆرۈر خالىغان نەرسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ، ئاللاھنىڭ سەلتەنىتىدە ئاللاھ خالىغان ئىشلار بولماي قالىدىغان ۋە خالىمىغان ئىشلار بولۇپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ» دېگەندەك قاراشلاردا بولغان كىشى ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە تونۇيالمىغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مەجۇسىيلارنىڭ دېگەنلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئالىيدۇر.

شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ ھەمراھى بار ياكى بالىسى بار دەپ قارايدىغان ياكى ئاللاھ ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا چۈشىدۇ دەپ قارايدىغان ئاللاھنى مۇشۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ (يەنى تەبىئەتنىڭ) ئۆزى دەپ قارايدىغانلار ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە تونۇمىغان بولىدۇ.

«ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرمەيدۇ، قەبرىلەردىن قايتا چىقارمايدۇ، مەخلۇقاتلىرىنى ياخشىلىقىغا مۇكاپات، يامانلىقىغا جازا بېرىش ئۈچۈن ھەشىر قىلمايدۇ، مەزلۇمغا زالىمدىن ھەققىنى ئېلىپ بەرمەيدۇ، بۇ دۇنيادا ئاللاھ يولىدا جاپا تارتقانلارنى ئەۋزەل مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتۈرمەيدۇ، مەخلۇقاتلار ئىختىلاپلىشىپ قالغان مەسىلىلەرنى قىيامەت كۈنىدە

ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرمەيدۇ، كاپىرلارنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى ھەممىگە ئايان قىلمايدۇ» دەپ قارىغۇچىلار ئاللاھنى ھەققى رەۋىشتە تونۇيالمىغانلاردۇر.

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى كۆزگە ئىلماي ئاسىيلىق قىلغان؛ چەكلىمىلىرىدىن يانمىغان؛ ئاللاھنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى زايا قىلىۋەتكەن؛ ئاللاھنى زىكرى قىلىشقا سەل قارىغان؛ ئاللاھتىن غاپىل ھالەتتە ياشىغان؛ ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەشنىڭ ئالدىدا قويغان؛ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن بەندىگە بويسۇنۇشنى مۇھىم دەپ قارىغان؛ دىلى، تىلى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدە ئاللاھقا ئورۇن قالدۇرمىغان؛ ئۆزىنىڭ كۆڭۈل-خاھىشلىرىنى مۇھىم بىلىپ ھەممىنىڭ ئالدىغا قويغان؛ ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى يەڭگىل سانايدىغان؛ ئاللاھتىن ھايا قىلىشنىڭ ئورنىغا بەندىدىن ئەيمىنىدىغان؛ ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ ئورنىغا ئىنسانلاردىن قورقىدىغان؛ مەخلۇقلارغا لايىق كەلمەيدىغان رەۋىشتە چەكتىن ئاشۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدىغان؛ ئاللاھقا ناھايىتى ئادەتتىكىچە، كۆزگە ئىلماسلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان؛ ئىنسانلارنىڭ خىزمىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ، پەرۋەردىگارىغا خىزمەت قىلىشتا ئاران-ئاران ۋەزىپىنى تاماملىغۇدەك دەرىجىدە قىلىدىغان؛ باشقىلارغا بېرىشتىن نومۇس قىلىدىغان نەرسىلىرىنى ئاللاھ يولىغا سەرپ قىلىدىغان... ئادەملەر قانداقسىگە ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە تونۇغان بولسۇن؟!

كاتتىلىق، ئۇلۇغلۇق، ئىتائەت قىلىنىش، بوي سۇنۇلۇش، قورقۇلۇش، ئۈمىد قىلىنىش قاتارلىق پەقەت ئاللاھقىلا خاس بولغان سۈپەتلەردە ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى ئورتاق قىلىۋالغان ئادەم قانداقسىگە ئاللاھنى تېگىشلىك رەۋىشتە تونۇغان بولىدۇ؟! ناۋادا ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بىر مەخلۇقنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالسا ئاللاھنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلغانلىق، ئاللاھنى كۆزگە ئىلمىغانلىق ھېسابلىنىدىغان تۇرسا... ناۋادا ئاللاھقا ئۇنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى شەيتاننى شېرىك قىلىۋالسىچۇ؟!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟! سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟»[298]

مۇشرىكلار ئۆزىچە پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلىۋېدى، ئۇلارنىڭ ئىبادىتى ئەمەلىيەتتە شەيتانلارغا قىلىنغان ئىبادەت دەپ قارالدى. ئۇلار تېخى ئۆزىنى پەرىشتىلەرگە ئىبادەت قىلدۇق دەپ ئويلايتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈندە ئاللاھ ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ ھەممىسىنى

[298] سۈرە ياسىن 60 ـ 61 ـ ئايەتلەر

(ھېساب ئېلىش ئۈچۈن) يىغىدۇ، ئاندىن پەرىشتىلەرگە: «بۇ كىشىلەر سىلەرگە چوقۇنغانمىدى؟» دەيدۇ. ئۇلار ئېيتىدۇ: «سەن پاكتۇرسەن، بىزنىڭ دوستىمىز ئۇلار ئەمەس، سەن. (ئۇلار بىزگە چوقۇنمايتتى) بەلكى جىنغا چوقۇناتتى. ئۇلارنىڭ تولىسى جىنغا ئىمان كەلتۈرەتتى»..»[299]

شەيتان مۇشرىكلارنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ ۋە ئۇلارغا ئۆزىنى پەرىشتە قىلىپ كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك، قۇياشپەرەسلەر، ئايغا چوقۇنغۇچىلار، يۇلتۇزپەرەسلەر ئۆزلىرىنى قۇياش، ئاي، يۇلتۇزنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىكى روھقا چوقۇنىمىز دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئەمەلىيەتتە شەيتانغا ئىبادەت قىلىدۇ. شۇنىڭدەك مەريەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامغا چوقۇنغۇچىلارمۇ گەرچە بۇلار مەريەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئىبادەت قىلغۇچىلار بولسىمۇ، بىراق بۇلارغا ئىبادەت قىلىشقا كۈشكۈرتكىنى شەيتان بولغانلىقى، ئۇلار ئىشىنىڭ توغرا-خاتاسىنى ئايرىماستىنلا شەيتانغا ئەگىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ماھىيەتتە شەيتانغا چوقۇنغۇچىلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە (پەيغەمبەرلىرىم ئارقىلىق): «ئى ئادەم بالىلىرى! شەيتانغا چوقۇنماڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن سىلەرگە ئاشكارا دۈشمەندۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار، بۇ توغرا يولدۇر» دەپ تەۋسىيە قىلمىدىممۇ؟.»[300]

[299] سۈرە سەبەئ 40 ـ 41 ـ ئايەتلەر
[300] سۈرە ياسىن 60 ـ 61 ـ ئايەتلەر

بىراۋ ئاللاھنىڭ غەيرىدىن بىرەر نەرسىگە ئىبادەت قىلغان بولسا، نەتىجىدە ئۇ شەيتانغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. دېمەك، ئىبادەت قىلغۇچى ئىبادەت قىلىنغان نەرسىدىن بىر نەرسە كۆتىدۇ ۋە ئۆزىنى شۇنىڭغا ئىرىشتىم دەپ قارايدۇ. ئىبادەت قىلىنغۇچىمۇ ئىبادەت قىلغۇچىدىن تەلەپ قىلغان ئۇلۇغلۇق ۋە ئاللاھقا بولغان شېرىكلىك مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ. بۇ ئىشلار ماھىيەتتە شەيتانىنىڭ كۆزلەيدىغىنىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ (ئىنسانلارنى، جىنلارنى ھېساب ئۈچۈن) تولۇق يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن، (بۇ كۈندە ئاللاھ ئېيتىدۇكى) «ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار». ئۇلارنىڭ ئىنسانلاردىن بولغان دوستلىرى: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر-بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (يەنى قىيامەت كۈنىگە) يەتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھ: «دوزاخ سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىق ھالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر» دەيدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.»[301]

مەزكۇر ئايەت كەرىمىدە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەڭ چوڭ گۇناھ سانىلىدىغانلىقى، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن تەۋبە قىلماي ۋاپات بولۇپ كەتسە مەڭگۈلۈك ئازابقا ئۇچرايدىغانلىقى توغرىسىدا نازۇك ئىشارەتلەر بار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا شېرىك كەلتۈرۈشنى ھارام قىلىپلا قالماي، بەلكى

[301] سۈرە ئەنئام 128 ـ ئايەتلەر

بەندىلىرىنىڭ باشقىلارنى ئۆزىگە شېرىك قىلىشىنى مۇمكىن ئەمەس ئىشلار قاتارىدىن سانايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك ئاللاھنىڭ كامالەت سۈپەتلىرىگە، بۈيۈكلۈك تەرىپلىرىگە زىت كېلىدىغان قاراشلارنىمۇ پۈتۈنلەي يىراق سانايدۇ. ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، قانداقسىگە پەرۋەردىگارلىق، ئىلاھلىق، بۈيۈكلۈك ۋە ئۇلۇغلۇقتا يىگانە بولغان زات ئۆزىگە باشقىلارنىڭ شېرىك قىلىنىشىغا يول قويسۇن ياكى رازى بولسۇن؟! ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ ئويلىغانلىرىدىن يۈكسەك دەرىجىدە ئالىيدۇر.

## 64. شېرىك ۋە تەكەببۇرلۇق

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش بارلىق مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتىكى تۈپ مەقسەت بولغان ئىتائەتكە تامامەن زىت كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە شېرىك ئەڭ قەبىھ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش تەكەببۇرلۇق ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغان چوڭچىلىق، ھاكاۋۇرلۇق قاتارلىق بىر قىسىم سۈپەتلەرمۇ ئاللاھ بۇيرۇغان ئىتائەتكە، ئىتائەتنىڭ پەقەت بىرلا ئاللاھقا بولۇش پرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مۇشرىك ۋە تەكەببۇرلارغا جەننەتنى ھارام قىلدى. قەلبىدە تېرىقچىلىك شېرىك ۋە ياكى تەكەببۇرلۇق بولغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ.

## 65. ئاللاھ تائالا توغرىسىدا قارىسىغا سۆزلەش

ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا قارىسىغىلا سۆزلەش؛ ئاللاھنى ئۆزى سۈپەتلىگەن

ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆيەتلىگەن سۆپەتلەرگە زىت سۈپەتلەش قاتارلىقلار ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىش ۋە بۇيرۇشتىن ئىبارەت كامالىتىگە تۈپتىن زىت كېلىدىغان ۋە ئىنكار قىلىدىغان ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. يەنە كېلىپ ئاللاھنىڭ زاتى ۋە پەرۋەردىگارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆزگە ئېلمىغانلىقتۇر. ناۋادا بىر ئادەم يۇقىرىقى ئىشلارنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغان بولسا، ئۇ ئەڭ قەبىھ بويۇنتاۋلىق ۋە ئەڭ ئېغىر جىنايەت قىلغان بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارنىڭ سۈپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ مۇشرىكلىقى پەرۋەردىگارنىڭ كامالى سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە تانىدىغان ئادەمنىڭ مۇشرىكلىقىدىن يەڭگىلرەك بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئاللاھ تائالانىڭ بىردىنبىر پادىشاھ ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ پادىشاھلىقىنى ۋە پادىشاھلىقىغا مۇناسىۋەتلىك سۈپەتلەرنى ئىنكار قىلمايدىغان، لېكىن بىر قىسىم ئىشلاردا ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرار دېگەن ئۈمىدتە ئاللاھقا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك قىلىۋالىدىغان ئادەمنىڭ جىنايىتى ئاللاھنىڭ بىردىنبىر پادىشاھلىقىنى ۋە پادىشاھلىققا خاس سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئادەمنىڭ جىنايىتىدىن يەڭگىلرەك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ كامالەت سۈپەتلىرىنى كۆزگە ئېلمىغان ۋە ئۇلارنى ئىنكار قىلغانلار بىلەن ئاللاھنى كاتتا بىلىپ، ئاللاھنى ئۇلۇغلاپ تۇرۇپ، «ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ» دېگەن مەقسەتتە ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئارىسىغا ۋاستە شەكىللەندۈرۈۋالغانلارنىڭ قانچىلىك پەرقى بار-ھە؟!

ئاللاھنىڭ زاتى ۋە كامالەت سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش مىسلىسىز ئېغىر جىنايەتتۇر. بۇ خىلدىكى جىنايەتنىڭ پېشۋاسى بولغان پىرئەۋن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاللاھ ئاسماننىڭ ئۈستىدە» دېگەن خەۋىرىنى ئىنكار قىلغان ئىدى. ئاللاھ پىرئەۋننىڭ ئىنكار قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پىرئەۋن (ۋەزىرى ھامانغا): «ئى ھامان! ماڭا بىر ئېگىز بىنا سالغىن، ئۇنىڭ بىلەن مەن دەرۋازىلارغا-ئاسماننىڭ دەرۋازىلىرىغا يېتىشىم مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن مەن مۇسانىڭ ئىلاھىنى كۆرەي، مەن ھەقىقەتەن مۇسانى يالغانچى دەپ گۇمان قىلىمەن» دېدى.»[302]

ئاللاھ تائالا ھەققىدە قارىسىغا سۆزلەش بىلەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئىككىسى قوشكېزەكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ سۈپەتلىرىنى بىلمەسلىك ۋە ئاللاھ تائالا ئۆزىنى سۈپەتلىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن سۈپەتلەرنى يالغانغا چىقىرىش بويۇنتاۋلىق ۋە جاھىللىق بولۇپ، گەرچە كاپىرلىق دەرىجىسىگە ئاپارمىسىمۇ، ئەمما بۇلار شەيتانغا باشقا چوڭ گۇناھلاردىنمۇ سۆيۈملۈك بىلىنىدىغان ئىشلاردۇر.

بەزى سەلەپ ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «بىدئەت شەيتانغا باشقا گۇناھ-مەئسىيەتلەردىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر. چۈنكى، گۇناھ-مەئسىيەت ئۆتكۈزگەنلەر تەۋبە قىلىدۇ، بىدئەتخورلار تەۋبە قىلمايدۇ.»

ئىبلىس مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئىنسانلارنى گۇناھلار

[302] سۈرە غافىر 36 - 37 - ئايەتلەر

ئارقىلىق ھالاك قىلسام، ئۇلار ئىستىغفار ئېيتىپ ۋە كەلىمە تەۋھىدنى تولا ئېيتىپ مېنى ھالاك قىلدى. مەن بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسگە كۆچۈمنى مەركەزلەشتۈردۈم. ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ بىدئەت ئىشلارنى قىلغانلار تەۋبە قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىۋاتىمىز دەپ ئويلايدۇ.»

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، گۇناھكار بىرەر گۇناھ قىلسا ئۇنىڭ زىيىنى ئۆزىگە بولىدۇ. ئەمما بىدئەتخورنىڭ زىيىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولىدۇ. بىدئەتخورلار دىنىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپقۇچىلاردۇر. باشقا گۇناھكارلار شەھۋەتلىرىگە قۇل بولغۇچىلاردۇر. بىدئەتخور كىشلەرنى ئاللاھنىڭ توغرا يولىدىن توسىدۇ. گۇناھكار پەقەت ئۇنداق ئەمەس. بىدئەتخور پەرۋەردىگارنىڭ كامالەت سۈپەتلىرىگە داغ كەلتۈرىدۇ، ھاقارەت قىلىدۇ. گۇناھكار ئۇنداق قىلمايدۇ. بىدئەتخور كىشلەرنى ئاخىرەتنىڭ خەيرلىكلىرىدىن مەھرۇم قويىدۇ. ئاسىي ـ گۇناھكارلار بولسا گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن ئاخىرەت ياخشىلىقلىرىغا كېچىكىپ ئېرىشىدۇ.

## 66. زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ

زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق ئاسمان ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىش، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلىش، كىتابلارنىڭ نازىل قىلىنىشىنىڭ تۈپ مۇددىئاسى بولغان ئادالەتكە زىت كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ نەزرىدە ئەڭ ئېغىر گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزنىڭ گۇناھىنىڭ دەرىجىسى ئۇنىڭ كەلتۈرگەن يامان تەسىرىگە قارىتا بولىدۇ. بىراۋنىڭ مەسۇم بوۋىقىنى ئۆلتۈرۈشى قەبىھ زۇلۇم ۋە ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ.[303] شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئاتا-ئانىسىنى ئۆلتۈرۈش ۋە بىۋاستە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنى ئۆلتۈرۈشمۇ ئېغىر جىنايەتلەردىندۇر.

ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ گۇناھىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىنى بېكىتىشتە قاتىلنىڭ ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ قەبىھلىكى ۋە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك بولۇشى، نەسىھەت ئارقىلىق تۈزىتىۋېلىش ئېھتىماللىقى بولۇش قاتارلىق تەرەپلىرىمۇ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

شۇڭلاشقا قىيامەت كۈنىدە ئەڭ ئېغىر ئازابقا مۇبتىلا بولىدىغان ئادەم پەيغەمبەرنى ئۆلتۈرگەن ياكى پەيغەمبەرنىڭ قولىدا ئۆلگەن ئادەمدۇر. كىشىلەرنى ئەدلى-ئادالەتكە چاقىرىدىغان ۋە ئاللاھ تەرىپىگە دەۋەت قىلىدىغان ئادىل پېشۋالارنى ئۆلتۈرگەنلەرمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرگەن ئادەمنى دوزاختا مەڭگۈ قالدۇرۇش ئارقىلىق جازالايدۇ. بىر مۇئمىننى

[303] ئاللاھ تائالا ئاتا - ئانىلارغا پەرزەنتلەرگە بولغان چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت، رەھىم - شەپقەت ۋە كۆيۈنۈش تۇيغۇلىرىنى ئاتا قىلدى. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق، ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆزى بىلەن تاماق يېيىشىدىن ۋە بېقىپ بولالماسلىقتىن قورقۇپ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. چۈنكى، بۇ يەردە ئاللاھنىڭ «رىزىق بەرگۈچى» دېگەن سۈپىتىگە ئىشەنمەسلىك، مېھىر - شەپقەتسىزلىك، ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت بىر قانچە گۇناھ تەڭلا سادىر بولىدۇ.

ھېچقانــداق سەۋەبســىزلا قەســتەن ئۆلتۈرگــەن كىشــىلەر ئالــلاھ تائالانىــڭ غەزىپــى، لەنىتــى ۋە ئېغىــر جازاســىغا ئۇچرايــدۇ.

شــۇنىڭدا ئىختىــلاپ يوقكــى، بىراۋ ئــادەم ئۆلتــۈرۈپ قويغانــدىن كېيىــن ئىختىيارىــي ھالەتتــە مۇســۇلمان بولغــان بولســا ئۇنىڭغــا جازا ئىجرا قىلىنمايــدۇ. ئۇنداقتــا بىــراۋ مۇســۇلمان ھالىتىــدە ئادەم ئۆلتــۈرۈپ قويغــان بولســا، ئۇنىــڭ تەۋبىســى جازادىــن ســاقلاپ قالالامــدۇ؟!

بــۇ مەســىلىدە بىرلىككــە كېلىنگــەن قــاراش شــۇكى، قاتىللىــق ئالLاھنىــڭ ھەققــى، ئۆلتۈرۈلگۈچىنىــڭ ھەققــى ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىــڭ ئىگىلىرىنىــڭ ھەققىدىــن ئىبارەت ئــۈچ تۈرلــۈك ھەق-ھوقۇققا مۇناســىۋەتلىك بولىــدۇ. نــاۋادا قاتىــل قىلغانلىرىغا پۇشــايمان قىلىــپ، ئالLاھتىــن قورقــۇپ، ســەممىي تــوۋا قىلىــپ ئۆلتۈرۈلگۈچىنىــڭ ئىگىلىــرى ئالدىغــا ئىختىيــارى ھالــدا بېرىــپ ئۆزىنــى تاپشــۇرغان بولســا، ئۇنىــڭ توۋىســى ئارقىلىــق ئالLاھنىــڭ ھەققــى ســاقىت بولىــدۇ. تۆلــەم تۆلــەش ياكــى ســۈلھى قىلىــش ياكــى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىــڭ ئىگىلىرىنىــڭ كەچۈرۈم قىلىشــى ئارقىلىق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىــڭ ئىگىلىرىنىــڭ ھەقلىــرى ئــادا بولغــان بولىــدۇ. ئەممــا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىــڭ ھەققــى قىيامەتكــە قالىــدۇ. ئالــلاھ تــوۋا قىلغــان، ئۆزىنــى پاكلاشــقا تىرىشــقان بەندىگــە ۋەكالەتــەن ئــۆز پەزلىدىــن ئۆلتۈرۈلگۈچىنىــڭ ھەققىنــى ئــادا قىلىــدۇ ۋە ئۇلارنىــڭ ئارىســىنى ئىســلاھ قىلىــپ قويىــدۇ. ئۇنداقتــا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىــڭ ھەققىمــۇ ۋە ئۆلتۈرگۈچىنىــڭ تەۋبىســىمۇ زايــا بولــۇپ كەتمەيــدۇ.

## 67. قاتىللىق جىنايىتى

قاتىللىق جەمئىيەتكە كەلتۈرىدىغان سەلبىي تەسىرى نۇقتىسىدىن زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىقتا ئەگىشىپلا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۇ (يەنى قابىلنىڭ ھابىلنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكى) سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى، كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ.»[304]

مەزكۇر ئايەت كەرىمىدە بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچى بىلەن پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ئوخشىتىلدى. ئۇنداقتا بۇلارنىڭ ئوخشاشلىقى زادى قەيەردە؟!

ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىقى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپلەردە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ:

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىشتا، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىشتا، ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچراشتا، ئاللاھنىڭ غەزىپى ۋە لەنىتىگە ئۇچراشتا، جەھەننەمدە مەڭگۈ قېلىشتا، ئېغىر ئازابقا مۇپتىلا بولۇشتا بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچىلەر بىلەن بارلىق ئادەملەرنى ئۆلتۈرگۈچىلەر بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ.

ئەمما ئازابلارنىڭ دەرىجىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ. پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ياكى ئادىل پېشۋالارنى ياكى كىشىلەرنى ئەدلى-ئادالەتكە بۇيرۇيدىغان ئالىملارنى ئۆلتۈر-

[304] سۈرە مائىدە 32 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

گۈچلەر ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق ئادەتتىكى بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچىلەر بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ.

بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچى بىلەن بارلىق ئادەملەرنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ئادەم ئۆلتۈرۈش نۇقتىسىدا بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ.

بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچى بىلەن بارلىق ئادەملەرنى ئۆلتۈرگۈچىلەر ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى سادىر قىلىش نۇقتىسىدا بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ. بىراۋ سەۋەبسىزلا، بەلكى مېلىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولسا، شۈبھىسىزكى، ئۇ كۈچى يەتكەنلىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، بۇ قاتىل پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىدۇر.

يەنە كېلىپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگۈچىمۇ قاتىل، پاسىق، زالىم، ئاسىي دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭدەك بارلىق كىشىلەرنى ئۆلتۈرگۈچىلەرمۇ شۇنداق ئاتىلىدۇ. دېمەك، بۇلار ئاتاق نۇقتىسىدىن بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا بارلىق مۇئمىنلەرنى دوستانىلىق، مېھىر-شەپقەت ۋە ئۈنسى-ئۈلپەتتە بىر ئەزا ئاغرىپ قالسا، باشقا ئەزالار قىزىپ، ئۇيقۇسىزلىنىپ، بىئارام بولىدىغان بىر تەنگە ئوخشاش بولۇشنى تەكتلىدى. قاچانكى قاتىل مۇئمىنلەردىن ئىبارەت مۇشۇ تەننىڭ بىر ئەزاسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، گوياكى ئۇ بارلىق مۇئمىنلەرنى ئۆلتۈرگەنگە ۋە ئۇلارنى دەرت-ئەلەمگە قويغانغا باراۋەر بولىدۇ. كىمكى بىر مۇئمىنغا ئەزىيەت يەتكۈزسە، ئۇ پۈتۈن مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزگەن

ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن مۇئمىنلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزۈش پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىك دەپ قارىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا مۇئمىنلارنى ئۆزى قوغدايدۇ. دېمەك، بەندىلەرگە ئازار يەتكۈزۈش ئاللاھقا ئازار يەتكۈزگەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قانداق بىر ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلسە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئادەم ئۆلتۈرگەن ئوغلىغا بىر كىشىلىك گۇناھ يۈكلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى تۇنجى بولۇپ باشلاپ بەرگەن.»[305]

تۇنجى مۇشرىك بولغان كىشى بۇنداق تەھدىتلەرگە تۇنجى ئادەم ئۆلتۈرگۈچىدىن لايىقراق بولغان تەقدىردىمۇ مەزكۇر ئاگاھلاندۇرۇش تۇنجى زىنا قىلغان، تۇنجى ئوغرىلىق قىلغان، تۇنجى ھاراق ئىچكەن، تۇنجى مۇشرىك بولغان كىشىلەرگە قارىتىلماستىن بەلكى تۇنجى قاتىللىق قىلغان كىشىگە قارىتىلدى. مانا بۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ نەقەدەر يامان ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىش نىسبىتىنىڭ قانچىلىك زورلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى، ئۆلتۈرۈلگەن مۇئمىن بويۇن تومۇرلىرىدىن قان ئاققان، قاتىلغا ئېسىلىۋالغان ھالەتتە كېلىپ: ئى رەببىم! بۇنىڭدىن سوراپ باققىن، بۇ مېنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈرۈپتۇ؟ ـ دەيدۇ.»[306]

[305] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[306] نەسەئىي رىۋايىتى

ساھابىلەر ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: ئۆلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنامدۇ؟ دەپ سورىشىدى. ئۇ، «قۇرئان كەرىم»دىكى «كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ.»[307] دېگەن ئايەتنى تىلاۋەت قىلىپ بەردى ۋە مۇنداق دېدى: «مەزكۇر ئايەت مەنسۇخ قىلىنمىغان تۇرسا، قەيەردىمۇ قاتىلغا تەۋبە بولسۇن؟!»[308]

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت بار: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كەئبىگە قاراپ تۇرۇپ: سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ، سېنىڭ ھەققى-ھۆرمىتىڭ نېمىدېگەن ئۇلۇغ-ھە! دېدى ۋە ئۇنىڭغا ئۇلاپلا: مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سەندىنمۇ ئۇلۇغ، دېدى.»[309]

سەمۇرە ئىبنى جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنساننىڭ ئەڭ ئاۋۋال بۇزۇلىدىغان ئەزاسى قورساقتۇر. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن كىمكى پاك نەرسىنىلا يېيىشكە قادىر بولالىسا، پاك نەرسە يېسۇن. كىمكى ئۆزى بىلەن جەننەتنىڭ ئارىسىغا قولىنى بويىغان قانلىرى بىلەن توسالغۇ پەيدا قىلىپ

[307] سۈرە نىسا 93 ـ ئايەت
[308] تىرمىزى رىۋايىتى
[309] تىرمىزى رىۋايىتى

قويماسـلىقنى كۆزلسـه، شـۇنداق قىلسـۇن.»[310]

ئىبنـى ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇما پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلـدۇ: «مۇئمـىن ئـادەم هـارام قـان تۆكمىگەنـلا بولسا، دىنىي ئىشلىرىدا هەمىشە كەڭچىلىك ئىچىـدە بولـىدۇ.»[311]

ئىبنـى ئۆمـەر رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇ پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلـدۇ: «بىـر ئـادەم قىلىــپ قالسـا قەتئىـي چىقىش يولـى تاپالمايدىغـان ئـەڭ قىيىـن ئىـش هـارام قـان تۆكۈشـتۇر.»[312]

ئەبـى هۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلـدۇ: «مۇسـۇلماننى تىلـلاش پاسـىقلىق، ئۇنـى ئۆلتـۈرۈش كاپىرلىقتـۇر.»[313]

ئەبـى هۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلـدۇ: «مەنـدىن كېيىـن بىـر ـ بىرىـڭلار بىلـەن ئۇرۇشـۇش تۈپەيلى كاپىر بولـۇپ كەتمەڭلار.»[314]

ئەبـى هۇرەيـرە رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلـدۇ: «كىمكـى مۇئاهـىد كىشـىنى ئۆلتۈرگـەن بولسـا، جەننەتنىـڭ پۇرىقىنـى پۇرىيالمايـدۇ. جەزمەنكـى جەننەتنىـڭ پۇرىقـى قىرىـق يىللىـق مۇساپىدىن پۇراق

[310] بۇخارى رىۋايىتى
[311] بۇخارى رىۋايىتى
[312] بۇخارى رىۋايىتى
[313] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[314] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

تۇرىدۇ.»[315]

مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ كىپىللىكىدە بولغان كاپىرنى ئۆلتۈرگەنلىكنىڭ جازاسىدۇر. ئۇنداقتا مۇئمىننى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ جازاسى قانداق بولار-ھە؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مۈشۈكنى ئاچ، ئۇسسۇز ھالەتتە سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئايالنىڭ دوزاختا ھېلىقى مۈشۈك تەرىپىدىن يۈزلىرى ۋە مەيدىلىرى تاتىلىنىپ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇرسا، ئۇنداقتا بىر مۇئمىننى ھېچقانداق گۇناھسىزلا سولاپ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلەرنىڭ جازاسى قانداق بولار؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھنىڭ نەزرىدە دۇنيانىڭ گۇمران بولۇشى بىر مۇئمىننىڭ سەۋەبسىزلا ئۆلتۈرۈلىشىدىن يەڭگىلراقتۇر.»[316]

## 68. زىنا جىنايىتى

زىنا ئەڭ ئېغىر سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدىغان جىنايەتلەرنىڭ قاتارىدىن بولغاچقا ۋە نەسەبنى ساقلاش، ھۆرمەتنى قوغداش، ئىنسانلار ئارا ئۆچ-ئاداۋەتتىن ساقلىنىش[317]... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىسلاھاتىغا زىت كېلىدىغان بولغاچقا، ئېغىر جىنايەتلەر

[315] بۇخارى رىۋايىتى
[316] ئىبنى ماجە رىۋايىتى
[317] چۈنكى زىنا قىلغان ئايال بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسى، ئېرى، ئانىسى، پەرزەنتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نورمال مۇناسىۋەت بۇزۇلىدۇ. زىنا قىلغان ئايالنىڭ ئائىلىسى پۈتۈنلەي ۋەيران بولىدۇ. ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشى دۇنيانىڭ خارابلىقىدىن، ۋەيرانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

قاتارىدا ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ كەينىگىلا تىزىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرىدە زىنانى قاتىللىق بىلەن بىر قاتاردا تىلغا ئالىدۇ.

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «مەن قاتىللىقتىن قالسىلا زىنادىنمۇ چوڭ گۇناھ بارلىقىنى بىلمەيمەن.»

ئاللاھ تائالا زىنانىڭ ھاراملىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاب قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاب ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللاھ تولىمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.»[318]

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمدە زىنا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن بىر قاتاردا قويۇلدى. ناۋادا زىناخور تەۋبە قىلىپ، ئىمانىنى كۈچەيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا تىرىشمىسىلا، ئۇنىڭ قاتمۇ-قات ئازابلارغا مۇپتىلا بولىدىغانلىقى بايان قىلىندى.

[318] سۈرە فۇرقان 70،69،68 - ئايەتلەر

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.»[319] ئاللاھ تائالا بۇ ئايەت كەرىمىدە زىنانىڭ ئۆز ماھىيىتىدىمۇ ئېغىر بۇزۇقچىلىق ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدۇ. زىنا شۇ دەرىجىدە قەبىھ جىنايەتكى، ئۇنىڭ قەبىھلىكىدىن ھەتتا ھايۋانمۇ يىرگىنىدۇ. بۇخارىدا ئەمرى ئىبنى مەيمۇن ئەۋدىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مەن جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر مايمۇننىڭ يەنە بىر مايمۇن بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى، ئاندىن بارلىق مايمۇنلار يىغىلىپ ئۇ ئىككى مايمۇننى ئۆلگەنگە قەدەر تاشبوران قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم.»

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتتە زىناخورلۇقنىڭ ناھايىتى يامان يول ئىكەنلىكىنى، ھالاكەت يولى ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا نامراتچىلىق ۋە ئاخىرەتتە خورلۇق ۋە ئازاب كەلتۈرىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىدۇ.

دادىسىنىڭ ئايالى بىلەن ئۆيلىنىشمۇ قەبىھ جىنايەت زىنانىڭ قەبىھراق بىر شەكلىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمىدېگەن يامان ئادەت!.»[320]

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ نىجاتلىقىنى جىنسىي ئەزالىرىنى ساقلاشقا قاراشلىق قىلىپ قويدى. زىنا-پاھىشىدىن ساقلانمىغان كىشىنىڭ نىجات تېپىشى مۇمكىن ئەمەس.

[319] سۈرە ئىسرا 32 ـ ئايەت
[320] سۈرە نىسا 22 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى. ئۇلار (شۇنداق مۇئمىنلەركى) نامازلىرىدا (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر. ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسى تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر.»[321]

### *زىناخورلار مۇنداق ئۈچ ئىشقا دۇچار بولىدۇ*

1) نىجات تاپقۇچىلارنىڭ قاتارىدىن بولالمايدۇ.

2) مالامەتكە دۇچار بولىدۇ.

3) ھەقتىن ئۆتۈپ كەتكەن، تاجاۋۇزچىلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ قالىدۇ.

دېمەك، جىنسي ئەزالىرىنى ساقلىمىغان، زىنايى-پاھىشىدىن ئۆزىنى ساقلىمىغان ئادەم نىجاتلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ، تاجاۋۇزچى دېگەن ئاتاققا قالىدۇ، مالامەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. شەھۋەتكە ھاي بېرىش، شەھۋەتنى تىزگىنلەش جەريانىدىكى ئازاب يۇقىرىقى جازالارنىڭ ھەر بىرىدىن ئاسانراق ۋە يەڭگىلراقتۇر.

يەنە شۇنىڭدەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ناھايىتى

[321] سۈرە مۇئمىنۇن 1 ـ ئايەتتىن 7 ـ ئايەتكىچە

چېدىماس، سەۋرسىز يارىتىلغانلىقىنى، كىچىككىنە خۇشاللىقنى كۆرگەنــدە ئۆزىنــى تۇتالمــاي قالىدىغانلىقىنــى، كىچىككىنــە خاپىلىقلارغــا بەرداشــلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنــى تىلغــا ئالــدۇ ۋە ئــۇ ئىنســانلار ئىچىدىــن ئالاھىــدە بىــر تۈركــۈم كىشــىلەرنى مۇستەســنا قىلىــپ چىقىرىۋالــدۇ-دە، ئۇلارنىــڭ نىجاتلىقىقــا ئېرىشــەلەيدىغانلىقىنى ئەســلىتىدۇ. ئاللاھ تائــالا بــۇ ھەقتــە مۇنــداق دەيــدۇ: «ئــۇلار ئەۋرەتلىرىنــى ساقلىغۇچىلاردۇر. پەقەت خوتۇنلىــرى ۋە چۆرىلىــرى بۇنىڭدىــن مۇستەســنا، (ئۆزلىرىنىــڭ خوتۇنلىــرى ۋە چۆرىلىــرى بىلــەن يېقىنچىلىق قىلغانــلار) مالامەت قىلىنمايدۇ، (جىنسىي تەلىۋىنى قاندۇرۇشنى) بۇنىڭ سىرتىدىن تىلىگۈچىلــەر ھەددىدىــن ئاشــقۇچىلاردۇر.»[322]

ئالــلا تائــالا يۇقىرىقــى ئايەتتــە ئۆزىنىــڭ پەيغەمبىرىگــە مۇئمىنلەرنــى كۆزلىرىنــى ساقلاشــقا، جىنســي ئەزالىرىنى ساقلاشقا بۇيرۇشقا ۋە ئاللاھ تائالانىــڭ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان، ئەتكەنلىرىنى كــۆرۈپ تۇرۇدىغانلىقىنى، ھەممە ئىشىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشــكە پەرمــان قىلــدۇ. ئاللاھ تائــالا بــۇ ھەقتــە مۇنــداق دەيــدۇ: «ئاللاھ كۆزلەرنىــڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشــۇرۇن نەرســىلەرنى بىلىــپ تۇرىــدۇ.»[323]

زىنا-پاھىشە دەل كۆزدىــن باشــلىنىدىغان بولغاچقا، يۇقىرىــدا ئۆتكەن ئايەتلەردە كۆزنى ســاقلاش جىنســي ئەزالارنى ساقلاشــنىڭ ئالدىدا قويۇلدى. شۈبھىســىزكى، ھادىســىلەر دەســلىپىدىلا كۆزدىــن

[322] سۈرە مائارىج 29 - 30 - 31 - ئايەتلەر
[323] سۈرە غافىر 19 - ئايەت

باشلىنىدۇ. بۇ خۇددى ئۇچقۇندىن يالقۇن شەكىللەنگەندەكلا بىر ئىشتۇر.

قاراش، خىيال قىلىش، سۆزلەش، كەينىدىن سوكۇلداش باسقۇچلىرىنى بىسىپ ئۆتكەندىن كىيىن ئاندىن خاتالىق يۈز بېرىدۇ.

شۇڭلاشقا «قاراش، خىيال قىلىش، سۆزلەش، كەينىدىن سوكۇلداش»تىن ئىبارەت مۇشۇ تۆت ئىشتىن ساقلىنالىسا دىنىنى قوغداپ قالالايدۇ، دېيىلىدۇ.

دېمەك، ھەر بىر ئادەم مەزكۇر تۆت ئىشككە ياخشى قاراۋۇللۇق قىلىشى لازىم. بۇ ئىشىكلەرنىڭ يوچۇقلىرىدا پوستتا تۇرۇشى، ئۇنىڭدىن دۈشمەنلەرنىڭ كىرىۋېلىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى زۆرۈر.

## 69. گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ يوللىرى

كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بەندە مۇشۇ تۆت يول ئارقىلىق گۇناھ-مەئسىيەتكە چۈشۈپ قالىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ تۆت يولنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز:

***(نامەھرەمگە) قاراش***

نامەھرەمگە قاراش شەھۋەتنىڭ ئەلچىسى ۋە خەۋەرچىسىدۇر. كۆزنى ساقلاش جىنسىي ئەزانى ساقلاشنىڭ تۈپ ئاساسى. كىمكى كۆزنى ساقلىمايدىكەن ئۆزىنى ھالاكەت گىرداۋىغا تاشلىغان بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ: «قاراش ئىبلىسنىڭ زەھەرلىك ئوقلىرىدىن بىر ئوقتۇر. كىمكى ساھىبجاماللاردىن كۆزىنى ساقلىيالىسا، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئۇچراشقانغا قەدەر ئۇنىڭ قەلبىدە ھالاۋەتنى ھاسىل قىلىپ بېرىدۇ.»[324]

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كۆزلىرىڭلارنى يۇمۇڭلار، ئەۋرەتلىرىڭلارنى ساقلاڭلار.»

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

— كوچىلاردا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭلار! - دېگەنىدى، كىشىلەر:

— كوچىلاردا ئولتۇرۇشتىن ۋاز كېچەلمىگۈدەكمىز. چۈنكى كوچىلار بىزنىڭ ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشىدىغان جايىمىز، - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا:

— ئۇنداقتا، كوچىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىپ ئولتۇرۇڭلار! - دېدى. ئۇلار:

— كوچىنىڭ ھەققى نېمە؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام:

— كوچىنىڭ ھەققى ھارامدىن كۆزنى يىغىش، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزمەسلىك، سالام بەرگەنلەرنىڭ سالامىنى ئىلىك ئېلىش، كىشىلەرگە ئەمرى مەرۇپ، نەھيي مۇنكەر قىلىشتۇر،

[324] هاكىم رىۋايىتى

ـ دېـدى.»[325]

قـاراش ئىنسان دۇچ كېلىدىغان بارلىق ھادىسىلەرنىڭ تۆپ يىلتىزىدۇر. (ئاياللارغا) قاراش يامان خىيال پەيدا قىلىدۇ، يامان خىيال يامان پىكىر پەيدا قىلىدۇ، يامان پىكىر شەھۋەت پەيدا قىلىدۇ. شەھۋەت ئىرادە پەيدا قىلىدۇ. ئىرادە كۈچىيىپ ئاخىرىدا كەسكىن قارارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە بىرەر چەكلىمە بولمايلا قالسا چوقۇم ھەرىكەت يۈز بېرىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر گەپ بار: «كۆزنى ساقلاشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنىڭ جاپاسى، كۆزنى ساقلىمىغانلىقنىڭ نەتىجىسىگە چىداشنىڭ جاپاسىدىن كۆپ ئاساندۇر.»

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ھەر قانداق خاتالىق كۆزدىن باشلىنار،
بەئەينى گۈلخانمۇ ئۇچقۇندىن چىقار.
كۆزلەرنىڭ كۆرگىنى قەلبكە يېتىپ،
نەيزە ۋە ئوق بولۇپ يۈرەككە تىقار.
كۆزلەرنى يۈگۈرتۈپ يۈرسەڭ ھەر جايدا،
خەتەرلىك كۆزلەرگە ئۇچرىشىپ قالار.
جانلارغا ئەلەمدۇر لەھزىلىك خۇشلۇق،
دېمەيمەن مەرھابا، ئىچىمنى سىقار.

[325] بۇخارى رىۋايىتى

### كۆزنى باشقۇرماسلىقنىڭ ئاپەتلىرى

كۆزنى باشقۇرمىغاندا، ئادەمگە قادىر بولالمايدىغان، چىداپ تۇرالمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەتكىلى تۇرىدۇ-دە، ھەسرەت-نادامەت ۋە كۆيۈك ئازابلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. ئىنساننىڭ تاقەت كەلتۈرەلمەيدىغان، ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىنى كۆرۈپ قىلىشى ئەڭ ئېغىر ئازابتۇر.

قاراش بىر ئوقتۇركى، ئۇ قارالغۇچى قارىغۇچىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالمىغانغا قەدەر قارالغۇچىغا تەگمەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، نامەھرەمگە قاراش قەلبنى يارىلاندۇرىدۇ، يارىسىغا يارا قوشىدۇ. قارىغۇچىنىڭ قەلبىدىكى يارا ئاغرىقى ئۇنى تەكرار قاراشتىن توسالمايدۇ.

كۆزنى ساقلاشنىڭ جاپاسى قاراپ بولۇپ، كۆيۈپ قالغاندىكى ھەسرەت-نادامەتلەردىن يەڭگىلرەكتۇر.

### خىيال

شۈبھىسىزكى، خىيال تولىمۇ مۇرەككەپ بىر ئىشتۇر. چۈنكى ئۇ ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ مەنبەسى. نىيەت، ئىرادە، غەيرەت... قاتارلىقلار دەل خىيالدىن پەيدا بولىدۇ. كىمكى ئۆزىنىڭ خىيالىنى كونترول قىلالايدىكەن، ئۆزىنى باشقۇرالايدۇ، ھاۋايى-ھەۋىسىنى تىزگىنلىيەلەيدۇ. كىمكى خىيالنىڭ كەينىگە كىرىپ، خىيالپەرەسلىك قىلىدىكەن، ھاۋايى-ھەۋەسكە ۋە نەپسى-خاھىشىغا قۇل بولۇپ كېتىدۇ. خىيال خىيالپەرەس ئادەملەرنى ناھايىتى ئاسانلا ھالاك قىلىۋېتىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ قەلبى خىيال بىلەنلا توشۇپ كېتىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قەلبى قۇرۇق ئارمانلار ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كاپىرلارنىڭ (ياخشى ئەمەل دەپ ئويلىغان) ئەمەللىرى باياۋاندىكى ئالۋۇنغا ئوخشايدۇ، تەشنا ئادەم ئۇنى سۇ دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلسە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ (يەنى سۇ كۆرۈنمەيدۇ)، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆز (ئەمەلىنىڭ) يېنىدا (كۆزىتىپ تۇرغۇچى) ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ قىلمىشىغا تېگىشلىك جازا بېرىدۇ، ئاللاھ تېز ھېساپ ئالغۇچىدۇر.»[326]

ئەڭ ھىممەتسىز، ئەڭ پەسكۆڭۈل ئادەم ساختا ئارزۇ-ئارمانلارغا ئالدىنىپ ھەقىقەتتىن ۋاز كەچكەن كىشىدۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساختا ئارزۇ-ئارمانلار مەغلۇبىيەتنىڭ بېشى ۋە بىكار-تەلەتلىكنىڭ سەھنىسىدۇر. قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلار بىغەملەرنىڭ ئوزۇقىدۇركى، ئۇلار قۇرۇق خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ ۋىسالغا ئېنىتىلمەيدۇ، ساختا ئارزۇ-ئارمانلارغا مەپتۇن بولۇپ، ھەقىقەتلەردىن يۈز ئۆرۈيدۇ.

قۇرۇق خىيال ئىنسانغا ئىنتايىن زىيانلىق نەرسىدۇر. ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق، بىكار-تەلەتلىك، ھەسرەت-نادامەتلەر دەل مۇشۇنداق قۇرۇق خىياللاردىن پەيدا بولىدۇ. بىر نەرسىنى ئارزۇ قىلىپ، ئارزۇيىغا يېتەلمىگەن ئادەمنىڭ قەلبىدە ئارزۇ قىلىنغان نەرسە نەقىشلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ئادەم ئارزۇ قىلغان نەرسىسىنى يۈرىكىگە تۈگۈپ قويىدۇ. ئاندىن بۇ ئادەم

[326] سۈرە نۇر 39 ـ ئايەت

رىئاللىقتـا يېتەلمىگـەن ئارمانلىرىغـا تەپەككـۇرى تەسـۋىرلەپ بەرگـەن بويىچە خىيالىي شـەكىلدە بولسـىمۇ يەتمەكچى بولىدۇ. بۇنـداق قىلغانلىـق ئـۇ ئادەمگـە ھېچقانـداق پايدىسـى بولمايـدۇ. بەلكـى ئاچلىقـا ئاچلىـق، تەشـنالىقا تەشـنالىق قوشـىدۇ. ئۇنـىڭ خىيالـدا يېتەلمىگـەن ئارمانلىـرى گوياكـى نـە يېگىلـى، نـە ئىچكىلـى بولمايدىغـان تاماق ۋە شارابقا ئوخشاش خىيالـدا تەسـۋىرىي ھالەتتـە تـۇرۇپ قالـىدۇ. خىيالغـىلا بېرىلـىش ۋە ئۇنىڭغـا مەپتـۇن بولـۇش ئـۇ ئادەمنىـڭ كۆڭلىنىـڭ پەسلىكىنى ئىپادىلەيـدۇ. شۇبھىسـىزكى، روھىـي ئىپتىخـار، چېچەنلىـك، پاكلىـق ۋە روھىـي ئۇستۇنلۇك ئىنسانىنى ھەقىقىتـى بولمىغـان ھەر قانـداق خىياللارنىـڭ كەينىدىـن سوكۇلداشـتىن توسـۇپ قالـىدۇ. ئۇنـداق خىياللارنىـڭ دىلغـا كىرىشـىپ قېلىشـىغىمۇ يـول قويمايـدۇ ۋە بۇنـداق خىياللارغـا بېرىلىشـتىن نومـۇس ھېـس قىلدۇرىـدۇ.

خىيالـلار يۇقىرىقـى تۈرلىرىدىـن باشـقا يەنـە تۆۋەندىكـىدەك تـۆت قىسـىمغا بۆلۈنـىدۇ:

1. مەنپەئەتكە ئالاقىدار خىياللار

2. زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئائىت خىياللار

3. ئاخىـرەت ياخشـىلىقلىرىنى قولغـا كەلتۈرۈشـكە ئائىـت خىيالـلار

4. ئاخىرەتتىكى يامانلىقلاردىن ساقلىنىشقا ئائىت خىياللار

ئىنسـان ئۆزىنىـڭ خىيـال، پىكـىر ۋە نىيەتلىرىنـى مۇشـۇ تـۆت قىسـىمغا مەركەزلەشتۈرۈشـى لازىـم. بىـر ئـادەم پۈتـۈن ئـەس-

يادىنى مەزكۇر تۈت خىيالغا مەركەزلەشتۈرەلىسە، ئۇ ئادەم باشقا نەرسىلەرنى دەپ ئۇ خىياللاردىن ۋاز كەچمەيدۇ. ئۇ ئادەمگە باشقا خىياللار دەۋرەپ كېلىۋالغان تەقدىردىمۇ ئەڭ مۇھىمنى ئالدىنقى قاتاردا قويىدۇ-دە، مۇھىم بولمىغانلىرىنى كىچىكلىتىۋېتىدۇ.

بۇ يەردە يەنە ئىككى تۈرلۈك خىيال بار. ئۇنىڭ بىرى ۋاقتى ئۆتمەيدىغان مۇھىم، يەنە بىرى ئانچە مۇھىم ئەمەس، ئەمما ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسە. بۇ ئىككىسىنىڭ ھەر بىرىدە بۇرۇن قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئۆندەكلەر بار. دەل مۇشۇ نۇقتىدا ئىككىلىنىش ۋە گاڭگىراش يۈز بېرىدۇ. ناۋادا مۇھىم بولغاننى ئالدىنقى ئورۇنغا قويسا، باشقا ئىشلارنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىش خەۋپى بار. ناۋادا ئانچە مۇھىم بولمىغان باشقا ئىشلارنى ئالدىنقى قاتارغا قويسا مۇھىم نەرسە قولدىن كېتىشى مۇمكىن. بۇ يەردە ئارىسىنى جەمئىي قىلغىلى بولمايدىغان ئىككى ئىشقا دۇچ كېلىمىز. بۇلارنىڭ بىرىدىن ۋاز كەچمىگەندە يەنە بىرىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

مانا مۇشۇ دەل ئەقىل، چۈشەنچە ۋە مەرىپەتنى ئىشلىتىدىغان ئورۇندۇر. مۇشۇ، يۈكسەك روھنى نامايان قىلىدىغان، ھەقىقى نىجاتلىققا ئېرىشكۈچىلەر نىجاتلىقنى قولغا كەلتۈرىدىغان، زىيانكارلار زىيان تارتىدىغان نۇقتىدۇر.

خىلى ئەقىللىق، مەرىپەتلىك ئادەملەرمۇ ۋاقتى ئۆتمەيدىغان ۋە ئانچە مۇھىم بولمىغان ئىشلارنى تەخىرسىز مۇھىم ئىشلارنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزىۋالىدۇ. ھېچ ئادەم بۇ خاتالىقتىن پۈتۈنلەي

ساقلىنالمايدۇ، بەلكى، ئازدۇر-كۆپتۇر بۇ خاتالىققا چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ بابتا شەرئىي پرىنسىپلار، تەقدىر، يارىتىش ۋە ئىلاھىي پەرمانلار بىر تۈپ پرىنسىپ بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. چوڭ پرىنسىپ دېگىنىمىز ئادەتتىكى مەنپەئەتلەر قولدىن كەتكەن تەقدىردىمۇ ئىككى پايدىنىڭ چوڭىنى تاللاش، ئىككى زىيانغا دۇچ كەلگەندە، ئېغىر زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەڭ يەڭگىل زىياننى تاللاش پرىنسىپىدۇر. دېمەك، ئەڭ چوڭ پايدىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەتتىكى پايدىلاردىن ۋاز كېچىش، ئېغىر زىياندىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىچىك زىيانلارنى تاللاش ئىسلامدىكى چوڭ پرىنسىپتۇر.

ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئوي-پىكىرلىرى يۇقىرىقى پرىنسىپتىن چەتنەپ كەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بارلىق شەرىئەتلىرىدە مانا مۇشۇ پرىنسىپنى يولغا قويغان. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلەر پەقەت مۇشۇ ئاساس ئۈستىگىلا بەرپا بولىدۇ. پىكىرلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋە ئەڭ مەنپەئەتلىكى ئاللاھ ۋە ئاخىرەت توغرىسىدىكى پىكىردۇر.

ئاللاھ توغرىسىدىكى پىكىرلەر تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

1) ئاللاھ نازىل قىلغان ئايەتلەر ۋە ئۇ ئايەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش. ئايەتلەرنىڭ مەقسەت-مۇرادىنى چۈشىنىش. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت ئۈچۈنلا نازىل قىلمىغان. تىلاۋەت پەقەت

ۋاستىدۇر، خالاس!

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى ئەمەل ئۈچۈن نازىل قىلغان. سىلەر تىلاۋەت قىلىش بىلەنلا قالماستىن، ئەمەل قىلىڭلار.

2) ئاللاھ تائالانىڭ ئەتراپى ئالەمدىكى ئالامەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇلاردىن ئىبرەت ھاسىل قىلىش ۋە بۇ ئالامەتلەرنى ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرى، ھېكمەتلىرى، ياخشىلىق ۋە سېخىيلىقلىرىنىڭ دەلىلى قىلىش.

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا، ئويلىنىشقا، ئەقىل ئىشلىتىشكە بۇيرۇيدۇ ۋە بۇلاردىن غاپىل قالغانلارنى تەنقىد قىلىدۇ.

3) ئاللاھ تائالانىڭ نازۇ ـ نېمەتلىرى ۋە بەندىلىرىگە بەرگەن خىلمۇ ـ خىل ئاتا ـ ئېھسانلىرى، كەڭ رەھمىتى، مەغپىرىتى، ئەپۇسى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈش.

مانا بۇ ئۈچ تۈرلۈك پىكىر (خىيال) قەلبتە ئىلاھىي مەرىپەت، ئىلاھىي مۇھەببەت ۋە پەرۋەردىگاردىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈمىد قىلىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. دائىم ئاللاھنى كۆپ ئەسلەش بىلەن بىللە يۇقىرىقى تەرەپلەرنى (خىيال) تەپەككۇر قىلىش قەلبنى مەرىپەت، مۇھەببەت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدۇ.

4) كۆڭۈلنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاپەتلىرى ھەققىدە، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىكى كەمچىلىكلەر ھەققىدە ئويلىنىش. بۇ ھەقتە خىيال قىلغانىنىڭ ناھايىتى زور

ئۇنۇمى بار. بۇ ھەقتىكى خىياللار ھەر قانداق ياخشىلىقنىڭ باشلىنىشى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ئارقىلىق كۆڭۈلدىكى يامانلىققا ئۈندەيدىغان خاھىشلارغا قارشى تۇرغىلى بولىدۇ. كۆڭۈلدىكى بۇ خاھىشلار پاچاقلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەلپۈنىدىغان بىر روھ يېتىلىدۇ. بۇ روھ قەلبنى كونترول قىلىدۇ. قەلب بۇ روھ ئارقىلىق جانلىنىدۇ ۋە ئۇ روھنىڭ مەملىكىتىگە ئايلىنىدۇ. بۇ روھ ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرى، سەركەردىلىرىنى شۇ قەلبكە مەنپەئەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىشقا بۇيرۇيدۇ.

5) ۋاقىت ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە ئۇنىڭغا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈش. ھەقىقىي دانا ئادەم ۋاقىتتىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىدۇ. ناۋادا بىر ئادەم ۋاقىتتىن ياخشى پايدىلىنالمىسا، پۈتۈن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدۇ. بارلىق ياخشىلىقلار ۋاقىتتىن ھاسىل بولىدۇ. ناۋادا ۋاقىت زايا قىلىۋېتىلسە، ئۇنى مەڭگۈ قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

ئىمام شافئىي مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر سوپى بىلەن ھەمسۆھبەت بولدۇم. ئۇنىڭدىن پەقەت مۇنۇ ئىككى جۈملىنى ئۆگىنىۋالدىم. «ۋاقىت بىر قىلىچتۇر، ناۋادا سەن ئۇنى كەسمىسەڭ، ئۇ سېنى كېسىۋېتىدۇ»، «قەلبىڭنى ھەق يولغا مەشغۇل قىل، ناۋادا ئۇنداق قىلمىساڭ ئۇ سېنى باتىل يوللاردا مەشغۇل قىلىدۇ.»»

ۋاقىت ھايات دېمەكتۇر. ۋاقىت يا جەننەتكى مەڭگۈلۈك

ھاياتنىڭ سەرمايىسىدۇر ياكى دوزاختىكى ئازابلىق ھاياتنىڭ سەرمايىسىدۇر. ۋاقىت گويا ئاتقان ئوقتۇر. ئاللاھ يولىدا ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىت بىر ئادەمنىڭ ھەقىقى ئۆمرىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسى ھايۋانلارچە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن ھەقىقى ھايات ھېسابلانمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ۋاقتىنى غاپىل، لايغەزەل، قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن، ئۇخلاپ، بىكار-تەلەتلىكتە ئۆتكۈزگىنىدىن ئۆلگىنى ياخشىراقتۇر.

بىر ئادەم ۋاقتىنى نامازدا ئۆتكۈزۈپتۇ، ناۋادا نامازدا دىققەتنى ئاللاھقا مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرغان بولسا، ئۇنىڭ شۇ نامازدىكى دىققەتنى ئاللاھقا مەركەزلەشتۈرگەن ۋاقتى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆمرى ھېسابلىنىدۇ. باشقىسى ئۇ ئادەمنىڭ ھەقىقى ئۆمرى ۋە ھاياتى ئەمەس.

يۇقىرىقىدىن باشقا ئوي-خىيال، پىكىر-تەپەككۇرلار يا شەيتانىي ۋەسۋەسىلەردۇر ياكى ساختا، يالتىراق ئارزۇ-ئارمانلاردۇر. بۇنداق ئوي-خىياللار گوياكى مەست-بەڭگىلەرنىڭ ۋە شەيتان سۈپەت كىشىلەرنىڭ خىيالىدۇر.

ناھايىتى ئېنىقكى، كۆڭۈلگە غىل-پال كەچكەن خىياللار زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، بەلكى شۇ خىيالنىڭ كەينىدىن سوكۇلداش ۋە ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈش زىيانلىقتۇر. خىيال گوياكى بىر يولۇچىدۇر. ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسا سەندىن يىراقلاپ كېتىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ كەينىدىن سوكۇلدىغىلى تۇرىدىغان بولساڭ، شېرىن گەپ-سۆزلىرى، ناز-كەرەشمىلىرى بىلەن سېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. بىكار-تەلەت، قۇرغاق

كۆڭۈللەر ناھايىتى ئاسانلا بۇنداق خىياللارنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمما يۈكسەك روھقا ئىگە، ئۈمىدۋار قەلبكە بۇنداق خىياللار ئاسانلىقچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئىنساندا يامانلىققا ئىنتىلگۈچى نەپس ۋە ئارام تاپقۇچى نەپستىن ئىبارەت ئىككى خىل نەپسنى جايلاشتۇرغان. بۇ ئىككىسى بىر-بىرى بىلەن قارشىدۇر. ئۇلارنىڭ بىرىگە ئېغىر كەلگىنى يەنە بىرىگە قولاي تۇيۇلىدۇ. بىرى ھوزۇر ھېس قىلغاندىن يەنە بىرى يىرگىنىدۇ. يامانلىققا ئىنتىلگۈچى نەپسكە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرۈشتىنمۇ قىيىن ئىش بولمايدۇ. ۋاھالەنكى ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھقا ئەمەل قىلىش ۋە ئاللاھ رازىلىقىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرۈشتىنمۇ مەنپەئەتلىك ئىش يوق ئىدى. ئارام تاپقۇچى نەپسكە ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىش ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداشتىنمۇ قىيىن ئىش بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىش ۋە ھاۋايى-ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىدىن سوكۇلداشتىنمۇ زىيانلىق ئىش بولمايدۇ. ئىنسان قەلبىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پەرىشتە، سول تەرىپىدە شەيتان تۇرىدۇ-دە، ئۇلار ئىنسان ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىزچىل كۆرەش قىلىدۇ. بارلىق باتىللار، ۋەسۋەسىلەر شەيتان ۋە يامانلىققا ئىنتىلگۈچى نەپس بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. ھەقىقەت ۋە ياخشىلىقلار پەرىشتە ۋە ئاللاھقا تەلپۈنگۈچى نەپس بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. بۇ يەردە گىرەلەشمە جەڭ بولىدۇ. بەزىدە بىرى كۈچەيسە، بەزىدە يەنە بىرى كۈچىيىدۇ. پەقەتلا

بەرداشلىق بېرىش ئارقىلىق غەلبىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. كىمكى سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرەلىسە، دائىم سەگەك تۇرسا ۋە ئاللاھتىن قورقسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ياخشى ئاقىۋەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. ئاللاھ تائالا «ياخشى ئاقىۋەت تەقۋالارغا خاس»، «ئاقىۋەتتىكى ياخشىلىق مۇتتەقىينلەرگە مەنسۇپتۇر» دېگەندەك مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ھۆكۈمنى چىقىرىپ بولغان. دېمەك، قەلب بىر پارچە قۇرۇق قەغەز. خىياللار شۇ قەغەزگە سىزىلىدىغان نەقىشلەردۇر. ئەقىللىق ئادەم قانداقسىگە ئۆزىنىڭ قەغىزىگە يالغان، ساختا، قۇرۇق ئارزۇ-ئارمانلارنى نەقىشلىسۇن! بۇنداق قالايمىقان سىزىلغان قەغەزگە قانداقمۇ ھېكمەت، ھىدايەت ۋە ئىلىم نەقىشلەنسۇن! كىمكى ھېكمەت، ئىلىم ۋە ھىدايەتلەرنى مەزكۇر تاختايلارغا نەقىشلىمەكچى بولىدىكەن، گوياكى ئۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىلىملەرنى قالايمىقان سىزىلغان تاختايلارغان يازماقچى بولغان كىشىگە ئوخشايدۇ. ناۋادا قەلبلەر پۈچەك خىياللاردىن قۇرۇقدالمىسا، مەنپەئەتلىك خىياللارغا ئورۇن قالمايدۇ. مەنپەئەتلىك خىياللار پەقەت پاك، تازىلانغان قەلبلەردىلا ئورۇن ئالىدۇ.

شۇنداق، نۇرغۇنلىغان تەرىقەت پېشىۋالىرى خىياللاردىن ساقلىنىش، قەلبتە خىيالغا ئورۇن بەرمەسلىك ئارقىلىق قەلبنى قۇرۇغداپ، كەشىپ-كارامەت ۋە ئۈستۈنكى ئالەم ھەقىقەتلىرىنىڭ زۇھۇرىنى قوبۇل قىلالايدىغان بىر سەۋىيەدە مەسىلەك شەكىللەندۈرمەكچى بولۇشتى. ئۇلار گەرچە خىياللاردىن ئۆزىنى ساقلاشتىن ئىبارەت مەلۇم بىر نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ، نۇرغۇنلىغان تەرەپلەردىن كەتكۈزۈپ قويۇشتى.

ئۇلار قەلبىنى خىيال ۋە پىكىرلەردىن قۇرۇغدۇۋېدى، قەلبلىرى قۇرۇق بىر نەرسىگە ئايلاندى. شەيتان ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ قۇرۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى-دە، دەرھاللا ئۇ يەرگە جايلىشىۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىگە باتىللارنى يىلتىز تارتقۇزغىلى تۇردى. ئۇلارغا باتىللارنى ئەڭ بۇيۇك، ئەڭ مۇقەددەس قىلىپ كۆرسەتتى. ئەسلى ھىدايەت ۋە ئىلىمنىڭ ئاساسى بولغان پىكىر-خىياللارنىڭ ئورنىغا ھېلىقى باتىللارنى ئالماشتۇردى. قەلب بارلىق خىيال ۋە پىكىرلەردىن قۇرۇق بولغاندىن كېيىن شەيتان قەلبىنىڭ بوشلۇقىنى كۆرۈپلا شۇ قەلبنىڭ ئىگىسىنىڭ ھالىغا يارىشا مەشغۇلاتلار بىلەن كاشىلا قىلغىلى تۇرىدۇ. ناۋادا ئۇ قەلبلەرنى پۇچەك، پەسەندى خىياللار بىلەن كاشىلا قىلىشتىن ئاجىز كەلسە، دەرھاللا بەندىنىڭ نىجاتلىقى ۋە ئىسلاھاتىغا زۆرۈر ئىرادىلەردىن، يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان دىنى ئىرادىلەردىنمۇ قەلبنى قۇرۇقداتقۇزىدۇ. شۇنداق قىلىپ شەيتان ئۇلارنى ئازدۇرىدۇ-دە، زاھىدلىق نامىدا ئۇلارنى بارلىق پىكىر ۋە سەۋەبلەرنى تەرك ئەتكۈزىدۇ.

شەيتان ئۇلارغا قەلبىنى مۇشۇنداق قۇرۇقداشنى كامالەت دەپ چۈشەندۈرىدۇ. كامالەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر ۋە خىياللارغا توشقان قەلبلەردە بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەڭ كامالەتلىكراقى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە مۇھەببىتى توغرىسىدا كۆپ پىكىر يۈرگۈزگەن، خىيال سۈرگەن ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئۆتكەن كىشىدۇر. شۇنىڭدەك ئەڭ چولتا، ئەڭ ناقىس ئادەم ئۆزىنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسى ۋە ئۆز كويىدىلا خىيال قىلىدىغان ئادەمدۇر. (ئاللاھ

ھەممىمىزنى ئۆز رازىلىقى كۆزلەيدىغان ۋە ئۆز مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش كويىدا پىكىر قىلىدىغانلاردىن قىلسۇن!)

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى ۋە مۇھەببىتى ھەققىدە ناھايىتى كۆپ پىكىر يۈرگۈزەتتى ۋە خىيال سۈرەتتى. ھەتتا بەزىدە نامازلىرىدىمۇ شۇنداق خىياللاردا بولۇپ قالاتتى. ئۇ ناماز ئوتەۋېتىپ قوشۇننى قانداق تەرتىپلەش ھەققىدە خىيال سۈرۈپ قالاتتى. دېمەك، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىھاد ئىبادىتى بىلەن ناماز ئىبادىتىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

مانا بۇ، بىر ئىبادەتتە تۈرلۈك خىلمۇ-خىل ئىبادەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. بۇ ناھايىتى قىممەتلىك، ئۇلۇغ بىر ھالەتتۇركى، ئۇنىڭغا پەقەت ناھايىتى ماھىر ئادەملەرلا مۇشەررەپ بولالايدۇ. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ پەزلى-مەرھەمىتىدۇركى، ئۇ ئۆز پەزلىنى خالىغان بەندىسىگە بېرىدۇ.

## 70. گەپ-سۆزلەر گۇناھ-مەئسىيەتلەرنىڭ يوچۇقىدۇر

تىلى ساقلا ئادەم گەپ-سۆز قىلماي ياشىيالمايدۇ. بىراق گەپ-سۆزلەرگە ناھايىتى دىققەت قىلىش لازىم. سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا گەپ-سۆزلەر ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، دىنى ۋە تەقۋادارلىقنى ئاشۇرۇشقا ھېچقانداق پايدىسى يوق قۇرۇق پاراڭلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىز گەپ قىلىشتىن بۇرۇن «مېنىڭ بۇ گېپىمنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى بار، ناۋادا ئەھمىيىتى بولسا، مۇشۇ گېپىم ئارقىلىق بۇنىڭدىنمۇ زور

ئەھمىيەتلىك گەپلەر تاشلىنىپ قالامدۇ-يوق؟!» دېگەنلەرنى ئويلاپ بېقىشىمىز لازىم. ناۋادا قىلماقچى بولغان گەپ-سۆزلىرىمىزنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق بولسا، ئۇنىڭدىن ساقلانمىقىمىز لازىم. تىل دىلنىڭ ئەينىكى، ئۇ بىز خالايلى ياكى خالىمايلى دىلىمىزدىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

يەھيا ئىبنى مۇئاز مۇنداق دەيدۇ: «گوياكى قەلب قازان، تىل چۆمۈچتۇر». قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدىغۇ؟! قەلبىمىز تاتلىق بولسا، چۆمۈچكە تاتلىق چىقىدۇ، ئاچچىق بولسا ئاچچىق چىقىدۇ. گوياكى قازاندىكى نەرسىلەرنىڭ تەمىنى تىل بىلەن تېتىغىلى بولغاندەك، بىر ئادەمنىڭ قەلبىنىڭ قانداقلىقىنى ئۇنىڭ تىلى ئارقىلىق تېتىغىلى بولىدۇ.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنساننىڭ قەلبى تۈزەلمەي تۇرۇپ ئىمانى تۈزەلمەيدۇ. تىلى تۈزەلمىسە، قەلبى تۈزەلمەيدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىنساننىڭ دوزاخقا كىرىشىگە ئەڭ بەك سەۋەب بولىدىغان نەرسىنىڭ نېمىلىكى توغرىسىدا سورالغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئېغىز ۋە ئەۋرەت» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر سەپەرگە چىققانىدىم. بىر كۈنى يولدا كېتىۋېتىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىنلىشىپ قالدىم-دە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا مېنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان

ۋە دوزاختىن يىراقلاشتۇرىدىغان بىرەر ئەمەلنى دەپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى مۇئاز! سەن ناھايىتى چوڭ بىر ئىشنى سورىدىڭ. بىراق ئۇ ئىش ئاللاھ ئاسان قىلغان كىشىگە ئاسان. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەستىن ئىبادەت قىل، نامازنى جايىدا ئادا قىل، زاكات بەر، روزا تۇت، ھەج قىل. مەن ساڭا بارلىق ياخشى ئىشلارنىڭ دەرۋازىلىرىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ روزا ــ ئىنساننى گۇناھلاردىن ساقلايدىغان قالقان؛ سەدىقە ــ سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك گۇناھلارنى ئۆچۈرگۈچى؛ كېچىدە قوپۇپ ناماز ئوقۇش ـ تەقۋادار، سالىھ كىشىلەرنىڭ ئالامىتىدۇر، ـ دېدى. ئاندىن مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: «ئۇلارنىڭ يانلىرى ئورۇن ـ كۆرپىدىن يىراق بولىدۇ (يەنى ئۇلار كېچىسى ئىبادەت قىلىپ ئاز ئۇخلايدۇ)، ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ (ئازابىدىن) قورقۇپ، (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىدۇ، ئۇلارغا بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە مۇكاپات يۈزىسىدىن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ساقلانغان ۋە ئۇلارنى خۇشال قىلىدىغان كاتتا نېمەتنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.»[327]

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ــ مەن ساڭا بۇ دىنىنىڭ بېشى، تۈۋرۈكى ۋە يۈكسەك پەللىسىنى دەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ خوپ، دەپ بەرگىن، ـ دېۋىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[327] سۈرە سەجدە، 16 ـ 17 ـ ئايەت.

ــ بۇ دىنىنىڭ بېشى ئىسلام (يەنى ئىسلامنى ھەقىقىي قوبۇل قىلىش)، تۈۋرۈكى ناماز، يۈكسەك پەللىسى جىھادتۇر، ـ دېدى. ئاندىن:

ــ مەن ساڭا بارلىق ياخشىلىقنىڭ جۇغلانغان يېرىنى دەپ بېرەي، ـ دېدى ۋە ماڭا تىلىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـ تىلىڭنى چىڭ تۇت! ـ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سۆزلىرىمىزدىنمۇ ھېساب بېرەمدىمىز؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئىسىت ساڭا، ئى مۇئاز! كىشىلەرنى دوزاخقا دۈم تاشلايدىغان نەرسە شۇ تىللىرى بولماي نېمە؟ ـ دېدى.»[328]

شۇنىسى ناھايىتى ھەيران قالارلىقكى، ئىنسان ھارام يېيىش، زۇلۇم، زىنا، ئوغرىلىق، ھاراقكەشلىك ۋە نامەھرەمگە قاراش قاتارلىق گۇناھلاردىن ساقلىنالىغىنى بىلەن تىل ئارقىلىق ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان گۇناھلاردىن ساقلىنالىشى ئىنتايىن قىيىن. ھەتتا دىندارلىق، تەقۋادارلىق، زاھىدلىق ۋە ئىبادەتگۇيلۇقتا خىلى ئالاھىدە ھېسابلىنىدىغان ئادەملەرمۇ پەرۋاسىزلا ئاللاھنى نارازى قىلىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى قىلىپ تاشلايدۇ. ھەتتا پاھىشە، زۇلۇم قاتارلىق گۇناھلاردىن قاتتىق پەرھىز قىلىدىغان نۇرغۇن ياخشى كىشىلەرمۇ كىشىلەرنىڭ ھەتتا تىرىك ئۆلۈكلەرنىڭمۇ ئىززەت ـ ئابرويىغا چېقىلىدىغان، ئېغىزىدىن چىققان گەپ ـ سۆزلەرگە پەرۋا قىلمايدىغان ئىشلار بار.

[328] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن.

دەرۋەقە ئۇستاتلىق قىلىپ، بىلەرمەنلىك قىلىپ، پەرۋاسىزلا دەپ قويغان بىر كەلىمە سۆزمۇ بەزىدە ئىنساننى ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇ ھەقتە جۇندۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«بىر كىشى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ پالانچى ئادەمنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، دېگەنىدى، ئاللاھ تائالا: مېنىڭ پالانچىنى كەچۈرمەسلىكىمگە قەسەم ئىچكەن كىشى كىم؟ ئەلۋەتتە، مەن پالانچىنىڭ گۇناھىنى كەچۈردۈم ۋە سېنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭنى بىكار قىلدىم، ـ دېدى.»[329] مانا بۇ ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى ئادەم ئاللاھقا تولا ئىبادەت قىلىدىغان بىر ئابىد بەندە ئىدى. ھېلىقى بىر جۈملە سۆزى ئارقىلىق ئۇنىڭ پۈتۈن ئەمەللىرى كۆيۈپ كەتتى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئىنسان بىلىپ ـ بىلمەي ئاللاھنى رازى قىلىدىغان بىر سۆزنى قىلىدۇ ۋە بۇ سۆزى سەۋەبىدىن ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتتىكى ماقامىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. بىر ئىنسان بىلىپ ـ بىلمەيلا ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بىر سۆزنى قىلىدۇ ۋە بۇ سۆزى سەۋەبىدىن ئاللاھ ئۇنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ.»[330]

بۇ ھەدىسنىڭ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان ۋاريانتىدا

[329] مۇسلىم رىۋايىتى
[330] بۇخارى رىۋايىتى

مۇنداق دېيىلگەن: «شۈبھىسىزكى، بىر ئادەم ئۆزىمۇ تازا ئېنىق چۈشەنمەي كەتمىگەن سۆزلەرنى سۆزلەيدۇ-دە، شۇ سۆزلىرى تۈپەيلىدىن دوزاخنىڭ شەرق بىلەن غەربىنىڭ ئارىسىدەك يىراق چوڭقۇرلۇقىغا چۈشۈپ كېتىدۇ.»

بىلال ئىبنى ھارىس مۇزەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئاللاھنى رازى قىلىدىغان بىر سۆزنى قىلىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. ئاللاھ تائالا ھېلىقى سۆزى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا قىيامەتكىچە ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى پۈتىدۇ. يەنە سىلەردىن بىراۋ ئۆزىنىڭ قايسى دەرىجىگە كەتكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماستىن، ئاللاھنى نارازى قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ. ئاللاھ شۇ سۆز تۈپەيلىدىن ھېلىقى ئادەمگە تا قىيامەتكىچە ئۆزىنىڭ غەزىپىنى پۈتىدۇ.»[331]

ئەلقەمە مۇنداق دەيدۇ: «بىلال ئىبنى ھارىس رىۋايەت قىلغان مەزكۇر ھەدىس مېنى نۇرغۇن سۆزلەردىن توسۇپ قالدى.»

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەردىن بىرىنىڭ ۋاپاتىدا بىر ئادەم:

-بۇ ئادەم جەننەتتە بولىدۇ، -دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

[331] تىرمىزى رىۋايىتى

- سەن نەدىن بىلسەن؟ بەلكى ئەھمىيەتسىز سۆزلەرنى سۆزلىگەندۇ ياكى ئۆزى ئېھتىياجلىق بولمىغان نەرسىلەرگە بېخىللىق قىلىپ قويغاندۇ؟! - دېدى[332].

مەزكۇر ھەدىسنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «بىر يىگىت ئوھۇد كۈنى شېھىد قىلىندى. ئۇ ئاچلىقتىن قورسىقىغا تاش تېڭىۋالغان ھالەتتە تېپىلدى. ئانىسى ئۇنىڭ يۈزىدىكى توپىلارنى سۈرتىۋېتىپ: مۇبارەك بولسۇن ئوغلۇم، ئەھلى جەننەتتى بولدۇڭ، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: سەن نېمە بىلىسەن، بەلكى ئۇ ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ قويغاندۇ ياكى ئۆزىگە زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەردىن بېخىللىق قىلغاندۇ، دېدى.»

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن ياكى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن.»[333]

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مۇسلىمدا بايان قىلىنغان ۋارىيانتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، بىرەر ئىشنى كۆرگەندەك ياخشى سۆزلىسۇن ياكى جىم تۇرسۇن.»

ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىر ئادەمنىڭ

[332] تىرمىزى رىۋايىتى، ئەلبانى زەئىپ دېگەن
[333] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقى ئۇنىڭ ياخشى مۇسۇلمانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.»

سۇفيان ئىبنى ئابدۇللاھ سەقەفىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ماڭا ئىسلامدىكى بىر سۆزنى دەپ بەرسەڭ، مەن ئۇ ھەقتە باشقا ھېچ كىشىدىن سورىمىسام» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا ئىشەندىم دېگىن ۋە شۇ يولۇڭدا مۇستەھكەم تۇرغىن» دېدى. مەن: ئى رەسۇلۇللاھ سىلى مېنىڭ قانداق بولۇپ قېلىشىمدىن ئەڭ ئەنسىرەيلا، دېدىم. ئۇ تىلىنى چىقاردى ۋە ئۇنى تۇتۇپ، مانا مۇشۇنىڭدىن ئەڭ ئەنسىرەيمەن، دېگەندى.»

ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىنسان سۆزلىگەن ھەرقانداق سۆز ئۇنىڭ زىيىنىغا بولىدۇ. پەقەت ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ياكى ئاللاھنى ئەسلەشلا ئىنساننىڭ پايدىسىغا ماڭىدۇ.»[334]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «قاچانكى تاڭ ئاتسا ئىنساننىڭ بارلىق ئەزالىرى تىلغا «ئاللاھتىن قورق، بىزنىمۇ ئويلاپ قوي، بىز ساڭا قاراشلىق، ناۋادا سەن توغرا يولدا بولساڭ بىزمۇ توغرا يولدا بولىمىز. ناۋادا سەن قىيسىپ كەتسەڭ بىزمۇ قىيسىپ كېتىمىز» دەپ يالۋۇرغىلى تۇرىدۇ.

سەلەپلەر ئۆزىدىن ئۆزى ھېساب ئېلىپ تۇراتتى. ئۇلاردىن

[334] تىرمىزى رىۋايىتى

بىرى ھەتتا «بۆگۈن ئىسسىق بولدى، بۆگۈن سوغۇق بولدى» دېگەنگە چاغلىق گەپلىرىدىنمۇ ئۆزىدىن ھېساب ئالاتتى.

مەشھۇر ئۆلىمالاردىن بىرى بىرەيلەننىڭ چۈشىگە كىرىپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ. ئۇ: مەن «كىشىلەر يامغۇرغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ كەتتى» دېگەن بىر ئېغىز سۆزۈم ئۈچۈن توختىتىپ قويۇلدۇم. ماڭا (پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن) «سەن بەندىلەرنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى نېمە بىلىسەن؟ مەن بەندىلىرىمنىڭ نېمىگە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن» دېيىلدى، دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

بىر ساھابە بىر كۈنى دېدىكىگە «داستىخان ھازىرلىغىنا، بىر پەيزى قىلايلى!» دېدى، ئاندىن: ئى ئاللاھ مېنى كەچۈر، مەن ھەرقانداق گەپنى تىزگىنلەيتتىم، لېكىن مۇشۇ سۆز تىزگىنىسىز چىقىپ كېتىپ قالدى، دېدى.

ئەڭ ئاسان ھەرىكەتلىنىدىغان ئەزا تىلدۇر. شۇنداقلا ئۇ ئىنسانغا خەتىرى ئەڭ كۆپ ئەزادۇر.

سەلەپ ۋە خەلەپ ئۆلىمالار پەرىشتىلەر «ئىنسان سۆزلىگەنلىكى گەپنىڭ ھەممىسىنى يازامدۇ ياكى ياخشى-يامانغا ياتىدىغان سۆزلىرىنىلا يازامدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشتا بولدى ۋە مۇنداق ئىككى خىل قاراشقا كەلدى:

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنى زىكرى قىلىش ۋە شۇ قاتاردىكى لەۋزىلەردىن باشقا سۆزلەنگەن ھەر قانداق سۆزلەر ئىنساننىڭ زىيىنىغا ماڭىدۇ.»

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ «مۇشۇ ھەممە قىلغۇلۇقنى قىلدى» دېگەنىكەن.

گەپ-سۆز ئىنسانغا ئەسىردۇر. ناۋادا ئۇ ئېغىزدىن چىقىپلىۋالسا ئىنسان ئۇنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ ئوڭ تەرىپىدە ۋە سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ خاتىرىلەيدىغان ئىككى پەرىشتە بار. ئۇ قانداق بىر سۆزنى قىلمىسۇن، ئۇنىڭ ئالدىدا ھامان پەرىشتە ھازىر بولۇپ كۆزىتىپ تۇرىدۇ.»[335]

تىلنىڭ ئىككى ئاپىتى بار. بىرى سۆزلەش ئاپىتى يەنە بىرى سۈكۈت ئاپىتى. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىدىن ساقلىنالىغان ئادەم شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىن يەنە بىرىدىن ساقلىنالمايدۇ. بۇلارنىڭ گۇناھى بەزىدە يەنە بىرىدىن يۇقىرى بەزىدە تۆۋەن بولىدۇ.

ئۆزىگە خەۋپ يەتمەيدىغان يەردىمۇ ھەقىقەتتىن سۈكۈت قىلغان ئادەم تىلسىز شەيتاندۇر، ئۇ ئاسىي، تەخسىكەش ھېسابلىنىدۇ. باتىلنى سۆزلىگەن ئادەم تىللىق شەيتاندۇر. كۆپىنچە ئادەملەر قەيەردە سۆزلەپ، قەيەردە سۆزلىمەسلىك مەسىلىسىدە خاتالىشىدۇ. ئوتتۇرىدىكى يولنى تۇتۇپ، بۇلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالىغانلار توغرا يولدىكى كىشىلەردۇر. ئۇلار باتىلدىن تىلىنى ساقلىغان، ئاخىرىتىگە مەنپەئەتلىك ئىشلاردا تىلىنى ئىشقا سالالايدىغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ئاخىرىتىگە زىيانلىق تولغان دۇنيا ۋە ئاخىرىتىگە مەنپەئەتسىز

[335] سۈرە قاف 18 - ئايەت

ھېچقانــداق گــەپ قىلمايــدۇ. شۈبھىســىزكى، بەنــدە قىيامــەت كۈنــى تاغــدەك ياخشــىلىقلىرى بىلــەن ھازىــر قىلىنىــدۇ. ئانــدىن ئــۇ، تىلــى ســەۋەبلىك پۈتــۈن ياخشــىلىقلىرىنى تۈگەشــتۈرۈپ بولغــان بولىــدۇ. يەنــە بىــر ئــادەم تاغــدەك يامانلىقلىــرى بىلــەن ھازىــر قىلىنىــدۇ. ئانــدىن ئــۇ، ئالالھنــى تــولا ئەســلەش ۋە شــۇ قاتاردىكــى ياخشــىلىقلار ئارقىلىــق يامانلىقلىرىنــى تۈگىتىــپ بولغانلىقىنــى كۆرىــدۇ.

## 71. گۇنـاھ-مەئسىيەت ھېسابلىنىدىغان مېڭىش

پۈتنــى ســاۋاب ئۈمىــد قىلىنمايدىغــان يوللارغــا مېڭىشــتىن ســاقلاش لازىــم. ســاۋاب بولمايدىغــان يولغــا ماڭغانــدىن ئۇلتۇرغــان ياخشــىدۇر. مۇئمىن ئادەم دۇرۇس يوللارغىمۇ ئالالھقا يېقىنلىشىش نىيىتــدە ماڭىــدۇ، ئانــدىن ئۇنىــڭ ھــەر بىــر قەدىمــى ئالالھقــا يېقىنلىشــىش ئۈچــۈن ئېلىنغــان قــەدەم بولــۇپ ھېســابلىنىدۇ.

ئىنســان ئىككــى نەرســىدە قاتتىــق تېيىــپ كېتىــدۇ. بىــرى تىــل يەنــە بىــرى پــۇت. ئالــلاھ تائــاال «قۇرئــان كەرىــم»دە بــۇ ئىككــى ئەزانــى بىــر ئورۇنــدا تــەڭال بايــان قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: «مەرھەمەتلىــك ئالالھنىــڭ (ياخشــى كۆرىدىغــان) بەندىلىــرى زېمىنــدا ئۆزلىرىنــى تــۆۋەن تۇتــۇپ تەمكىنلىــك بىلــەن ماڭىــدۇ، نادانــلار ئۇالرغــا (ياقتۇرمايدىغــان) ســۆز قىلســا، ئــۇالر: «ســىلەرگە ئامانلىــق تىلەيمىــز» دەيــدۇ (يەنــى گۇنــاھ بولمايدىغان ســۆزلەرنى قىلىــدۇ).»[336]

[336] سۈرە فۇرقان 63 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتتە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەرنىڭ تىلىنى ۋە پۇتىنى ياخشى باشقۇرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ كۆزلەرنىڭ خىيانىتىنى ۋە دىللاردىكى يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بىلىپ تۇرىدۇ.»[337]

## 72. زىنا-پاھىشە دۇنيانىڭ ئىسلاھاتىغا زىت كېلىدۇ

بىز يۇقىرىقى بابلاردا پاھىشىنىڭ ھاراملىقى ۋە ئەۋرەتنى ساقلاشنىڭ ۋاجىپلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىنىڭ دوزاخقا كىرىشىگە ئەڭ سەۋەبچى بولىدىغان نەرسە ئېغىز ۋە ئەۋرەتتۇر.»

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «مۇسۇلمان ئادەم تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنى قىلىپ قالمىسىلا ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە بولمايدۇ: تويى قىلىپ بولغاندىن كېيىن زىنا قىلىش، ئادەم ئۆلتۈرۈش، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىدىن ئايرىلىپ مۇرتەد بولۇش.» زىنا بۇ ھەدىستە خۇددى سۈرە فۇرقاندىكى ئايەتتىكىدەكلا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە مۇرتەدلىك بىلەن بىر قاتاردا بايان قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەدىستە ئەڭ كۆپ يۈز بېرىدىغان گۇناھنى ئاۋۋال، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىدىغانلىرىنى

[337] سۈرە غافىر 19 ـ ئايەت

ئۇنىڭدىن كېيىن بايان قىلىدۇ. دېمەك، زىنانىڭ يۈز بېرىشى قاتىللىقتىن كۆپرەكتۇر، قاتىللىقنىڭ يۈز بېرىشى مۇرتەدلىكتىن كۆپرەكتۇر. يەنە شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىر گۇناھنى ئاۋۋال تىلغا ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىر بولغانلىرىنى ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ بايان قىلىدۇ. زىنا دۇنيانىڭ ئىسلاھاتىغا زىت كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئايال كىشى زىنا قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، ئېرى ۋە يېقىن-يورۇقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېغىر نومۇسقا قويىدۇ. ئۇلار كىشىلەر ئىچىدە بېشىنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالىدۇ. ناۋادا زىنا قىلغان ئايال ھامىلىدار بولۇپ قېلىپ، بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن بولسا، بۇ يەردە زىنا ۋە قاتىللىقتىن ئىبارەت ئىككى جىنايەت يۈز بەرگەن بولىدۇ. ناۋادا ھارامدىن بولغان بالىنى ئېرىگە نىسبەت بەرگەن بولسا، ئېرىنىڭ ئائىلىسىگە بىر ياتۋاش جاننى قوشۇپ قويغان بولىدۇ. بۇ ياتۋاش ھېلىقى ئائىلىدىن مىراس ئالىدۇ ۋە ئۇ ئائىلىدىكىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىدۇ، خىلۋەتتە قالىدۇ. ياتۋاش ئادەملەرنىڭ مەھرەم ھېسابلانمايدىغان كىشىلەر بىلەن خىلۋەت شەكىللەندۈرۈشى ھارامدۇر. زىنانىڭ بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن زىيانلىرى ۋە خەتەرلىرى بار.

زىنا قىلغان ئەرمۇ نەسەبلەرنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىنى ۋە ئىپپەتلىك بىر ئايالنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە ئۇنى ھالاكەتكە ۋە بۇزۇقچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ دىن ۋە دۇنيانىڭ خارابلىشىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئەڭ ئېغىر گۇناھتۇر. زىنانىڭ پەقەت قەبرىدىكى ۋە دوزاختىكى ئازابىنى كۆپەيتىشتىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى يوق. زىنادا نۇرغۇنلىغان

كىشىلەرنىڭ ئىززەت ـ ئابرويلىرى دەپسەندە بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان ھەق ـ ھوقۇقلار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان زۇلۇملار يۈز بېرىدۇ.

زىنا نامراتچىلىقنى چىللايدۇ. ئۆمۈرنى قىسقارتىدۇ. زىنا قىلغان ئادەمنىڭ كىشىلەر ئىچىدە يۈزى سۆرۈن بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايدۇ.

زىنا قەلبنى پارە قىلىدۇ، ئۆلتۈرۈپ قويمىغان تەقدىردىمۇ كېسەل قىلىدۇ. زىنا قىلغان ئادەمنى غەم ـ قايغۇ، قورقۇنچ بېسىۋالىدۇ. ئۇ پەرىشتىدىن يىراق، شەيتانغا يېقىن بولىدۇ. ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن قالسىلا زىنادىنمۇ زورراق بۇزۇقچىلىق يوق. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا زىناخورنى ئەڭ ئېغىر، ئەڭ قېيىن ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈشكە پەرمان چۈشۈرگەن. ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئايالى ياكى مەھرەملىرىنىڭ زىنا قىلغانلىقىنى ئاڭلاشتىن، ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاش يەڭگىلرەك تۇيۇلىدۇ.

سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ناۋادا مەن بىر ئەرنى ئايالىم بىلەن تۇتۇۋالىدىغان بولسام، قىلىچىمنىڭ بېسى بىلەن ئۇرغان بولاتتىم، دېدى. بۇ گەپ رەسۇلۇللاھقا يەتكەندە، ئۇ: «سىلەر سەئىدنىڭ كۈنداشلىقىدىن ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ كۈنداشلىقىم سەئىدنىڭكىدىن كۈچلۈك، ئاللاھنىڭ كۈنداشلىقى مېنىڭكىدىن كۈچلۈك. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا پاھىشىلەرنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھەممىنى ھارام قىلدى، دېگەن»).

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق

دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ كۈنلەيدۇ، مۇئمىنمۇ كۈنلەيدۇ. ئاللاھ بىر بەندىنىڭ هارام ئىشلارغا چۈشۈپ قېلىشىغا كۈنداشلىق قىلىدۇ.»

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھتىن كۈنداشلىقى قاتتىقراق ئادەم يوق. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن پاهىشىلەرنى هارام قىلغان. ئاللاھتىنمۇ بەكرەك تەۋبىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى يوق. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا بىشارەت بەرگۈچى، ئاگاهلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن. ئاللاھتىنمۇ بەكرەك مەدهىيىنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى يوق، شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۆزىنى مەدهىيىلىگەن.»

بۇخارى ۋە مۇسلىمدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كۈن تۇتۇلۇش توغرىسىدىكى خۇتبىسىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئى مۇهەممەد ئۇممىتى، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنىڭ قۇلى ياكى دېدىكى زىنا قىلسا، ئاللاھتىنمۇ بەكرەك كۈنداشلىقى كېلىدىغان بىرى يوق. ئى مۇهەممەد ئۇممىتى ناۋادا سىلەر مەن بىلىدىغان نەرسىلەرنى بىلگەن بولساڭلار، ئەلۋەتتە ئاز كۈلۈپ، كۆپ يىغلىغان بولاتتىڭلار!» ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قولىنى كۆتۈرۈپ «ئى پەرۋەردىگارىم يەتكۈزدۈممۇ؟!» دېدى.

ئۇيلىنىپ باقىدىغان بولساق، مەزكۇر هەدىستە كۈن تۇتۇلۇش نامىزىدىكى خۇتبىنىڭ داۋامىدا زىنانىڭ مەخسۇس تىلغا ئېلىنىشىدا ئاجايىپ سىرلار بار. زىنانىڭ يامرىشى

ئالەمنىڭ خاراب بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرىدىندۇر. زىنانىڭ يامرىشى قىيامەتنىڭ شەرتلىرىدىندۇر. بۇخارى ۋە مۇسلىمدا نەقىل قىلىنىشىچە، ئەنەس ئىبنى مالىك: مەن سىلەرگە مەندىن باشقا ھېچكىشى بايان قىلىپ بەرمىگەن بىر ھەدىسنى بايان قىلىپ بېرەيكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىلىمنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، نادانلىقنىڭ يامراپ كېتىشى، ھاراقلارنىڭ كۆپ ئىچىلىشى، زىنانىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى، ئەرلەرنىڭ كېمىيىپ، ئاياللارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى قىيامەتنىڭ شەرتلىرى قاتارىدىندۇر. (شۇ كۈنلەردە ھەتتا ئەللىك ئايال بىر ئەرگە قاراشلىق بولۇپ قالىدۇ)

ئاللاھ تائالانىڭ مەخلۇقاتلاردىكى قانۇنىيىتى شۇنداق داۋاملىشىپ كەلدىكى، زىنا ئومۇملىشىپ كەتكەندە، ئاللاھ تائالا ئېغىر دەرىجىدە غەزەپلىنىدۇ-دە، يەر يۈزىگە جازا ئەۋەتىدۇ.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر يۇرتتا زىنا-پاھىشە ۋە جازانە باش كۆتۈرۈپلا قالسا، ئاللاھ ئۇ يۇرتنىڭ ھالاكىتىگە پەرمان چۈشۈرىدۇ.»

بەنى ئىسرائىللارنىڭ بىر ئالىمى بولۇپ، نۇرغۇن ئەر-ئاياللار ئۇنىڭ ئۆيىگە يىغىلاتتى. ئالىم يىغىلغانلارغا ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى، ئۆتكەن كۈنلەر توغرىسىدا ئۇلارغا قىسسە بايان قىلىپ بېرەتتى. ئۇ بىر كۈنى پەرزەنتلىرىدىن بىرىنىڭ ئاياللارغا كۆز قىسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى-دە: ئالدىرىمىغىن ئوغلۇم، ئالدىرىمىغىن، دەپلا قويدى. ئاندىن ئۇ ئادەم كارىۋاتتىن يىقىلىپ كېتىپ يۇلۇنى ئۈزۈلۈپ كەتتى. خوتۇنىنىڭ ھامىلىسىمۇ

چۈشۈپ كەتتى، پەرزەنتلىرى ئۆلۈپ كەتتى. ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇنداق ۋەھىي قىلدى: «پالانى ئالىمغا ئېيتىپ قويغىن، ئۇ مەن ئۈچۈن ئاران شۇنچىلىك غەزەبلەندىمۇ؟! مەن ئۇنىڭ نەسلىدىن مەڭگۈ ياخشى ئادەم چىقارمايمەن.»

ئاللاھ تائالا زىنانىڭ جازاسىنى باشقا جازالارغا ئوخشىمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك خاسلىققا ئىگە قىلدى:

تويى قىلىپ بولغان زىناخورلار ئەڭ ئېچىنىشلىق ھالەتتە تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. تويى قىلمىغان زىناخورلارغا قامچىلاش جازاسى سۈرگۈنلۈك جازاسى بېرىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى زىناخورلارغا ئىچ ئاغرىتىپ قامچىلاش جازاسىدىن ساقلاپ قېلىشتىن چەكلىدى. ئاللاھ تائالا ئۆزى چەكسىز مېھرىبان تۇرۇقلۇق زىناخورلارغا جازالارنى بەلگىلىدى. ئاللاھنىڭ مېھرىبانلىقى ئۇلارنىڭ جازاسىنى ئەمەلدىن قالدۇرالمىغان يەردە، بەندىلەرنىڭ مېھرىبانلىقى ئاللاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلىشتىن توسۇپ قويسا بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا جازا بۇيرۇغان كىشىلەرگە ئىچ ئاغرىتماسلىق گەرچە ئومۇمىي ھۆكۈم بولسىمۇ، ئەمما ئاللاھ تائالا زىناخورلارغا ئىچ ئاغرىتماسلىقنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ئوغرى، تۆھمەتخور، ھاراقكەشلەرگە ئىچ ئاغرىتمىغىنى بىلەن زىنا قىلغانلار جازالىناقچى بولغاندا ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ. ھازىرقى ئەمەلىي رېئاللىقمۇ دەل شۇنداق. شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا زىناخورلارغا ئىچ ئاغرىتىشتىن ۋە شۇ سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ

پەرمانىنىڭ ئىجرا بولۇشىغا توسالغۇ بولۇشتىن چەكلىدى.

كىشىلەر زىناخورلارغا نېمە ئۈچۈن ئىچ ئاغرىتىدۇ؟!

شۈبھىسىزكى، زىنا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر، ئوتتۇراھال تەبىقىدىكىلەر ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر... قاتارلىق ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەردىن سادىر بولۇپ قالىدۇ. ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە ناھايىتى كۈچلۈك بىر جىنسىي ئىستەك بار. شۇ ئىستەكنىڭ تۈرتكىسىدە زىناغا چۈشۈپ قالىدىغانلار ئىنتايىن كۆپ. زىنانىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبچىسى ئاشىقلىق. ئىنسانلاردا ئاشىقلارغا ئىچ ئاغرىتىش خاراكتېرى بار. كۆپىنچە ئادەملەر ئاشىقلارغا قىلىنغان ياردەمنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلغانلىق، ئاللاھقا يېقىنلىشىشنىڭ ۋاستىسى دەپ قارايدۇ. ناۋادا ئاشىقلار چەكلەنگەن بىر ئىشلارنى قىلىپ قويسىمۇ، بۇنى كۆپىنچە كىشىلەر ئېغىر ئېلىپ كەتمەيدۇ. بەلكى ھايۋانغا ئوخشاش بىر قىسىم ئادەملەر بۇ ئىشلارنى توغرا چۈشىنىۋېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئەقلى چولتا ئاياللار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ نۇرغۇن قىسسىلىرى بار.

زىنا كۆپىنچە ۋاقىتتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. ئۇنىڭدا نە زورلاش ۋە ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان باسقۇنچىلىق قىلىش قاتارلىقلار يۈز بەرمەيدۇ. ئىنساندا ناھايىتى كۈچلۈك بىر شەھۋەت بار. زىناخورغا جازا ئىجرا قىلىنماقچى بولغاندا كىشىلەردىكى كۈچلۈك شەھۋەت كۆز ئالدىلىرىغا كېلىشكە باشلايدۇ-دە، زىناخورغا ئىچ ئاغرىتقىلى تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشى ئاللاھنىڭ پەرمانىنىڭ ئىجرا

بولۇشىغا تۇسالغۇ بولىدۇ. مانا بۇ خىل روھىي كەيپىياتلار ئىماندىكى ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. كامىل ئىمان ئىنسانغا كۈچ بېغىشلايدۇ، شۇ كۈچ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ پەرمانىنى ئىجرا قىلغىلى بولىدۇ ۋە مېھرىبانلىق تۇيغۇسىمۇ شۇ ئىمانىي كۈچتىن ھاسىل بولىدۇ. ئىماندىن ھاسىل بولغان كۈچ ۋە مېھىر-شەپقەت تۇيغۇسى جازالانغۇچىغا ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ تۇيغۇ ئاللاھ تائالانىڭ پەرمانى ۋە رەھمىتىگە ئۇيغۇن بولغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا زىناخورلارغا خىلۋەت ئورۇنلاردا ئەمەس، بەلكى مۆئمىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا جازا ئىجرا قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ خىل جازا ئىجرا قىلىشنىڭ مۇشۇنداق جىنايەتلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە باشقىلارغا ئىبرەت قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيىتى بار.

توي قىلىپ بولغان زىناخورلار تاشبوران قىلىنىدۇ. بۇ جازا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە بېرىلگەن جازادىن قالغان. چۈنكى زىنا ۋە بەچچىۋازلىق ئوخشاشلا ناھايىتى زور ئىجتىمائىي بۇزۇقچىلىق پەيدا قىلىدۇ. ھەر ئىككىسى ئاللاھنىڭ يارىتىش ۋە ئەمىر قىلىش ھېكمەتلىرىگە زىت كېلىدۇ. بەچچىۋازلىقنىڭ زىيانلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. بەچچىلەرنىڭ شۇنداق يىرگىنىشلىك ئىشلارنى قىلىپ تۇرۇپ، ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخشىراق. بەچچىلەرنىڭ تۈزۈلۈپ كېتىشىدىن زادىلا ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدا نە ھايا، نە نومۇس تۇيغۇلىرى ئۆلگەن

بولىدۇ. بەچچىۋازلىققا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئادەم نە ئاللاھتىن، نە ئىنساندىن هايا قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەچچىۋازلارنىڭ ئىچىگە تۆكۈلگەن ئىسپىرما پۈتۈن بەدىنىنى زەھەرلەيدۇ.

ئۆلىمالار «بەچچىلەر جەننەتكە كىرەمدۇ، كىرمەمدۇ؟» دېگەن مەسىلىدە مۇنداق ئىككى خىل قاراشتا بولدى.

«بەچچىلەر جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن قاراشتىكىلەر تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن دەلىل كەلتۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «هارامدىن تۆرەلگەن بالا جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن. هارامدىن تۆرەلگەن بالىدا گۇناھ يوق. لېكىن ئۇنىڭدىن بارلىق رەزىللىك ۋە پەسكەشلىكلەر سادىر بولۇشى ئېهتىماللىقى بار. چۈنكى ئۇ نىجىس ئىسپىرمىدىن يارىتىلغان. هارام يەپ چوڭغان ئادەم دوزاخقا مەھكۇم بولىدىغان تۇرسا، پۈتۈن ۋۇجۇدى هارامدىن تۆرەلگەن ئادەم قانداقسىگە دوزاخقا كىرمىسۇن؟!

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: بەچچىلىك هارامدىن تۆرەلگەندىنمۇ قەبىھ ۋە رەزىل ئىشتۇر. بەچچىلىك داپ يۈزلۈكتۇر. ئۇلار ياخشىلىققا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. بەچچىلەر بىرەر ياخشىلىق قىلغان تەقدىردە ئاللاھ ئۇلارنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ياخشىلىقنى كۆيدۈرۈۋېتىدىغان بىر ئىشقا مۇپتىلا قىلىدۇ. كۆپىنچە بەچچىلەر چوڭ بولغانسېرى تېخىمۇ رەزىللىشىپ كېتىدۇ. بۇلار مەنپەئەتلىك ئىلىمگە ئېرىشەلمەيدۇ. ياخشى ئەمەلگە مۇۋەپپەق بولالمايدۇ. سەممىي تەۋبىمۇ قىلالمايدۇ.

بۇ مەسىلىدىكى توغرا قاراشى شۇكى، ناۋادا يۇقىرىقىدەك

ئىللەتلەرگە گىرىپتار بولغان ئادەم ئاللاھقا سەممىي تەۋبە قىلىپ، شۇ ئىللەتلەردىن قول ئۈزگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلغان بولسا؛ تۇرغانسېرى ياخشىلىنىش تەرىپىگە قاراپ ماڭغان ۋە يامان ئىشلارنىڭ ئورنىغا كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان بولسا؛ ئاللاھقا كۆپلەپ ئىبادەت قىلىش ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق گۇناھىنى يۇغان، كۆزى ۋە ئەۋرىتىنى ھارام ئىشلاردىن ساقلىغان بولسا، شۇنداقلا ئاللاھقا سەممىيلىك ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسا... بۇ ئادەمنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ ۋە جەننەتكە كىرەلەيدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بارلىق گۇناھلارنى كەچۈرىدۇ. تەۋبە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، كۇپرىلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق گۇناھلاردىن پاكلانغىلى بولىدىغان تۇرسا؛ ئاللاھ تائالا يۈكسەك ئادالىتى ۋە ھېكمەتلىك مەرھەمىتى بىلەن «تەۋبە قىلغان ئادەم گۇناھ قىلمىغانغا باراۋەر» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن تۇرسا ۋە شېرىك، قاتىللىق، زىنا قاتارلىق جىنايەتلەرنى قىلىپ ھەقىقى تەۋبە قىلغانلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا كاپالەت بەرگەن تۇرسا؛ بۇ كاپالەت ھەرقانداق گۇناھقا قىلىنغان بارلىق تەۋبىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان تۇرسا... مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ تەۋبە بەچچىۋازلارنىڭ گۇناھىنى ئۆچۈرەلمەسمۇ؟!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە

جىنايەت قىلغان بەندىلىرىم! ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنمەڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»[338]

مەزكۇر ئايەتتىكى «ئاللاھ مەغپىرەت قىلىدۇ» دېگەن جۈملە بارلىق گۇناھلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئەمما بەچچىلەرنىڭ يېشى چوڭايغانسېرى بۇزۇلۇشى ئېغىرلاشقان بولسا، سەممىي تەۋبىگە، ياخشى ئەمەلگە، قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ ئورنىنى توشقۇزۇشقا، يامانلىقلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان بولسا... بۇ ئادەمنىڭ ئۆلەر ۋاقتىدا جەننەتكە كىرىشكە لايىق بىرەر ياخشى ئىشلارنى قىلالىشى بەك يىراق. ئۇنىڭ سەممىي تەۋبىگە مۇۋەپپەق بولالماسلىقى ئەسكىلىكلىرىنىڭ جازاسىدۇر. شۈبھىسىزكى ئاللاھ تائالا بىر يامانلىقنى يەنە بىر يامانلىق ئارقىلىق جازالايدۇ. بىر ياخشىلىق قىلغان ئادەمگە يەنە بىر ياخشىلىقنى نىسىپ قىلىش ئارقىلىق مۇكاپات بېرىدۇ. قاراپ باقىدىغان بولساق سەكراتتا چۈشكەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بىرەر ياخشىلىققا مۇۋەپپەق بولالمايۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ، ئۇلارنىڭ بۇرۇن قىلغان يامانلىقلىرىنىڭ جازاسىدۇر.

ئابدۇراھمان ئىشبىيلى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: شۇنى بىلىش لازىمكى، يامان ئۆلۈمدە كېتىشنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكى دۇنياغا باشچىلاپ

[338] سۈرە زۇمەر 53 ـ ئايەت

چۈكۈپ كېتىش، ئاخىرەتتىن غاپىل بولۇپ قېلىش ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يانمايدىغان بولۇپ كېتىشتۇر. بەزى ئادەملەرنى خاتالىقلار، گۇناھ-مەئسىيەتلەر ۋە غەپلەتلەر بېسىۋالىدۇ. ئۇلار ھەرقانداق گۇناھلاردىن ۋە خاتالىقلاردىن يانمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ-دە، گۇناھ-مەئسىيەت ۋە غەپلەتلەر بۇ ئادەمنىڭ قەلبىنى ئىگەللىۋالىدۇ، ئەقلىنى كونترول قىلىۋالىدۇ، نۇرىنى خىرەلەشتۈرىدۇ، ئۇنى پەردىلەپ قويىدۇ. بۇنداق دەرىجىگە كېلىپ قالغان ئادەمگە نە ئىبرەت، نە نەسىھەت كار قىلمايدۇ.

ئىشبىلى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ناسىر شاھنىڭ بىر غالچىسى سەكراتقا چۈشكەندە ئۇنىڭ ئوغلى: ئى ئاتا «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دېگىن» دېگەن. ئۇ ئادەمنىڭ ئېغىزى شاھادەتكە كەلىمەي «مېنىڭ خوجام ناسىر شاھ» دېگەنىكەن، ئوغلى كەلىمە شاھادەتنى تەكرار سۆزلىگەندە ھوشىدىن كېتىپتۇ ۋە ھوشىغا كېلىپلا يەنە «مېنىڭ خوجام ناسىر شاھ» دەپتۇ. ئۇنىڭغا كەلىمە شاھادەت سۆزلەنسىلا «مېنىڭ خوجام ناسىر شاھ» دەيدىكەن. ئاندىن كېيىن ئوغلىغا مۇنداق دەپتۇ: ئوغلۇم، ناسىر شاھ سېنى قىلىچىڭ ئارقىلىق تونۇيدۇ. ئۆلتۈر، ئۆلتۈر... دەپلا جان ئۈزۈپتۇ.

ئابدۇلھەق مۇنداق دەيدۇ: مەن تونۇيدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ سەكراتقا چۈشكەندە، كەلىمە شاھادەت تەلقىن قىلىنىپتۇ. ئۇ: پالانى يەردىكى ھويلا-ئارامىلارنى مۇنداق تۈزەشتۈرۈڭلار، پالانى يەردىكى باغنى مۇنداق ئىشلەڭلار، دەپتۇ...

ئابدۇلھەق يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تاھىر سەلەپىي مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلدى: «بىر ئادەم سەكراتقا چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا كەلىمە شاھادەت تەلقىن قىلىنىپتۇ. ئۇ: ئۇن بىر دانىسى ئون سوم، دېگەن پېتى جان ئۈزۈپتۇ.»

سۇفيان سەۋرى بىر كېچە تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا باشقىلار ئۇنىڭدىن: گۇناھىڭدىن قورقۇپ يىغلاپ چىقتىڭمۇ؟ دەپ سوراپتۇ. سۇفيان سەۋرى يەردىن بىر تال سامانني ئاپتۇ ۋە: گۇناھ دېگەن مانىڭچىلىك يوق، مەن پەقەت يامان ئۆلۈمدە كېتىپ قالارمەنمۇ؟ دەپ قورقۇپ يىغلىدىم، دەپتۇ.

سۇفيان سەۋرى گۇناھكارلارنىڭ گۇناھى تۆپەيلىدىن ئۆلەر ۋاقتىدا يامان ئۆلۈمدە كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ۋە بۇرۇن قىلغان گۇناھلارنىڭ ياخشى ئۆلۈشكە توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى چوڭقۇر چۈشەنگەنىكەن.

ئىمام ئەھمەد ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەكراتقا چۈشۈپ، ھوشىدىن كېتىپ، قايتا ھوشىغا كەلگەندە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ: «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەقتىن بۇرىۋېتىمىز. ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگەندەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز.»[339]

سەلەپلەر گۇناھلارنىڭ ياخشى ئۆلۈمگە توسالغۇ بولۇپ قېلىشىدىن قاتتىق قورقاتتى.

[339] سۈرە ئەنئام 110 ـ ئايەت

ئىمام ئەھمەد مۇنداق دەيدۇ: «شۇنى بىلىش كېرەككى، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلغان ئادەملەر يامان ئۆلۈمدە ئۆلمەيدۇ. ھازىرغىچە بۇنداق بولغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. ئەقىدىسى چاتاق ياكى چوڭ گۇناھلاردا چىڭ تۇرغان ئادەملەر تەۋبە قىلمايلا ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، شەيتان ئۇنى ئوۋلاپ كېتىدۇ. ئۆلۈمنىڭ دەھشىتى كەلگەندىمۇ شەيتان ئۇنى ئۆز ئېلكىگە ئېلىۋالىدۇ. (ئاللاھ ساقلىسۇن)

ئەلقىسسە، مىسىردا بىر ئادەم بولۇپ، مەسچىتتىن چىقماي ئىبادەت قىلاتتى ۋە نامازغا ئەزان توۋلايتتى. ئۇ تولىمۇ ئىبادەتگۇي، ئىتائەتمەن بىر كىشى ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كۈندىكىدەكلا ئەزان توۋلاش ئۈچۈن مەسچىت مۇنارىغا چىقتى. مەسچىت مۇنارىنىڭ ئاستىغا توغرا كېلىدىغان يەردە بىر ناسارانىڭ ئۆيى بار ئىدى. ئۇ مۇناردا تۇرۇپ ناسارانىڭ ھويلىسىغا قارىدى-دە، ھويلىدا ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالدى. ئۇ ئەزان توۋلىمايلا مۇناردىن يېنىپ چۈشتى ۋە ھېلىقى قىزنىڭ قېشىغا كىردى.

- نېمە دەپ كىردىڭ؟ دەپ سورىدى قىز.

- سېنى دەپ كىردىم.

- نېمىشقا؟

- ئەقلىمنى لال قىلدىڭ، يۈرىكىمنى پارە ئەيلىدىڭ.

- مەن بۇنداق گۇمانلىق ئىشقا قەدەم كەلتۈرەلمەيمەن...

- ماڭا ياتلىق بولامسەن؟

- سەن مۇسۇلمان، مەن ناسارا تۇرسام، دادام قوشۇلمايدۇ.

- ناسارا دىنىغا كىرسەمچۇ؟!

- ئەگەر ناسارا دىنىغا كىرەلىسەڭ، ياتلىق بولسام بولاي!

مەزىن قىز بىلەن توي قىلىش ئۈچۈن ناسارا دىنىغا كىردى. ئۇ ھويلىدا تۇرغىنىدا ئۆگزىدە بىر ئىشى چىقىپ قالدى-دە، ئۆگزىگە چىقتى ۋە ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ قالدى. شۇنداق قىلىپ بۇ شور پېشانە مەزىن ھەم قىزدىن ھەم ئىماندىن ئايرىلىپ قالدى.

## 73. بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى

بەچچىۋازلىق ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغان بۇزۇقچىلىقلاردىندۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى جازاسى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ.

ئۆلىمالار بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى زىناخورلۇقنىڭ جازاسىدىن ئېغىرمۇ ياكى ئوخشاشمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان ئۈچ خىل قاراشتا بولدى.

ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب، خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئابدۇللا ئىبنى زۇبەير، ئابدۇللا ئىبنى ئابباس، جابىر ئىبنى زەيد، ئابدۇللا ئىبنى مۇئەممەر، زۇھەرى، رەبىئە ئىبنى ئەبى ئابدۇراھمان، مالىك، ئىسھاق ئىبنى راھىۋەي (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلار بەچچىۋازلىقنىڭ

جازاسى زىنانىڭ جازاسىدىن ئېغىرراق، بەچچىۋازلار تىوي قىلغان ياكى قىلمىغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆلتۈرۈلىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى.

ئەتا ئىبنى ئەبى رىباھ، ھەسەن بەسرى، سەئىد ئىبنى مۇسەييەب، ئىبراھىم نەخەئىي، قەتادە، ئەۋزائىي، شاپىئىي ۋە ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يۇسۇف ۋە مۇھەممەد (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە رەھىم قىلسۇن) قاتارلىقلار بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى بىلەن زىناخورلۇقنىڭ جازاسى ئوخشاش دەپ قارىدى.

ھاكىم، ئەبۇ ھەنىفە (ئاللاھ ئۇلارغا رەھىم قىلسۇن) قاتارلىقلار بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى زىناخورلۇقنىڭ جازاسىدىن يەڭگىل بولىدۇ، بەچچىۋازلارغا قامچىلاش جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ قارىدى.

بۇلارنىڭ قارىشىچە، بەچچىۋازلىق گۇناھ-مەئسىيەت ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ جازا بېكىتمىگەن. ئۇنداق بولغانىكەن، بەچچىۋازلار خۇددى تاپ يېگەندەك، قان ئىچكەندەك ۋە چوشقا گۆشى يېگەندەكلا قامچىلاش جازاسىغا ئۇچرايدۇ.

بەچچىۋازلىق ئادەتتە نورمال ئىنسان تەبىئىتىگىمۇ زىت بىر ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ھەتتا ھايۋانلارنىڭ تەبىئىتىدىمۇ ئۇنىڭدىن يىرگىنىدىغان بىر خاراكتېرنى ياراتقان. ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ جىنايەتكە قارىتا تاشبوران قىلىنمايدۇ ۋە ئېنىق ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ. بۇلارغا ئىشەككە چېپىلغان كىشىدەك قامچىلاش ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ.

بەچچىۋازلىق شەرئىي جەھەتتىنمۇ، تىل نۇقتىسىدىنمۇ، ئۆرپ-ئادەت نۇقتىسىدىنمۇ زىناخورلۇق دەپ قارالمايدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، بۇ جىنايەت ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە زىناخورلارغا بەلگىلىگەن ئېنىق ھەدنىڭ تەھتىگە داخىل بولمايدۇ.

شەرىئەت پىرىنسىپلىرىدا ئىزدىنىپ باقىدىغان بولساق شۇنى بايقايمىزكى، جەزمەن ئىنسانىنىڭ تەبىئىتى يىرگىنىدىغان گۇناھ-مەئسىيەتكە ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ. پەقەت ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىتا قامچىلاش ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. ئەمما ئىنسان تەبىئىتى تەقەززا قىلىدىغان، ئىنسانىنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا كۈچلۈك بىر ئۈندەك بولغان گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسا، بۇ جىنايەتكە قارىتا ھەد ئىجرا قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا زىناخور، ھاراقكەشلەرگە ئېنىق ھەد ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمما تاپ يېگەن، قان ئىچكەن، چوشقا گۆشى يېگەنلەرگە ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ، بەلكى ئەمەلىي ئەھۋالغا قارىتا قامچىلاش جازاسى ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ.

تۆپكى پىرىنسىپ شۇكى، ھايۋانلارغا ۋە ئۆلۈكلەرگە باسقۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇنى ئىنسانىنىڭ كۆڭلى تارتمايدۇ، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا كۈچلۈك قىزىقىشمۇ بولمايدۇ. بەچچىۋازلىقمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئىشتۇر. بەچچىۋازلىق يىرگىنىشلىك بولۇش نۇقتىسىدىن زىناغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى زىنا پائالىيىتى ئەر-ئايال ھەر ئىككى

تەرەپنىڭ قاتتىق ئىشتىياقى ۋە كۈچلۈك قىزىقىشى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

ناۋادا جىنسىي پائالىيەتنىڭ شەكلىنى دوراپ، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنالمىغان ۋە جىنسىي ئالاقىدە ھاسىل بولىدىغان لەززەتكە ئېرىشەلمىگەن بولسا ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: ئىككى ئايال بىر-بىرى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلغان ۋە مۇئەييەن دەرىجىدە ھېسسىياتلىنالىغان بولسىمۇ، ئەمما نورمال جىنسىي ئالاقىدىكى مەقسەتكە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇلارغا ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ. مەزكۇر بايان قىلىنغانلىرى ھاكىم ۋە ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قاراشلىرىدۇر.

ئەمما بىرىنچى خىل قاراشتىكىلەر، يەنى ساھابىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ۋە جۇمھۇر ئۆلىمالارنىڭ قارىشى شۇكى، بەچچىۋازلىق ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغان گۇناھتۇر. ئۇنىڭ زىيىنى كاپىرلىققا ئوخشاپلا قالىدۇ. بەزىدە تېخى قاتىللىقنىڭ زىيىنىدىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. بىز بۇ ھەقتە كېيىن تەپسىلى توختىلىمىز.

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: دۇنيادا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىدىن بۇرۇن ھېچكىشى بۇ خىل جىنايەت يولىغا ماڭمىغانىدى. ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى بەچچىۋازلىق جىنايىتى تۈپەيلىدىن باشقا ھېچبىر قەۋمنى جازالىمىغان ئېغىر ئازاب بىلەن جازالىدى. ھالاك قىلىشنىڭ بارلىق ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى ھالاك قىلدى. يۇرت-

مەھەللىلىرىنى دۆم-كۆمتۈرۈۋەتتى ۋە يەرگە يۇتقۇزۇۋەتتى. ئۇنىڭلىق بىلەنلا بولدى قىلماي ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئاسماندىن تاش ياغدۇردى. دېمەك، ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئىنتايىن ئېغىر بولغاچقا، دۇنيا تارىخىدا ھېچبىر قەۋم ئۇچراپ باقمىغان ئېغىر ئازابلار بىلەن جازالىدى. بۇنداق ئېغىر جىنايەتلەر يۈز بەرگەن زېمىندا جىنايەتنىڭ ئېغىرلىقىدىن يەرلەر تەۋرەپ كەتكىلى ۋە جىنايەتچىلەرگە ئازاب چۈشكەندە ئۆزىنىڭمۇ شۇ جىنايەتچىلەرنىڭ قاتارىدا كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ پەرىشتىلەر قېچىپ كەتكىلى تاسلا قالىدۇ. ئەسلىدە بەچچىلەرنىڭ جىما قىلىنغىنىدىن ئۆلتۈرۈلگىنى ياخشىراق ئىشتۇر. چۈنكى، بىر ئەر يەنە بىر ئەر تەرىپىدىن جىما قىلىنسا، ئاياللىق رول ئۆتىگەن بۇ بەچچىنىڭ بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيالىقى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈپ كېتىشى ئىنتايىن قىيىندۇر. ناۋادا شۇ جىنايەتنى قىلماي ئۆلتۈرۈلگەن بولسا، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى تۈپەيلىدىن شېھىدلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشىپ قېلىشى ياكى ئاخىرەتتە زۇلۇم قىلىنغانلار قاتارىدا ئەجرىگە ئېرىششى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، بىراۋ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويغان بولسا، ئاللاھ تائالا ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرىگە قاتىلنى كەچۈرۈۋېتىش ياكى ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىنى بەرگەن. ئەمما بەچچىۋازلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى توغرىسىدا ساھابىلەرنىڭ كەسكىن ئىجمائىي بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساغلام ھەدىسلىرىمۇ بۇ نۇقتىغا دەلىل بولالايدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق شۈبھە يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە توغرا يولدىكى خەلىپىلەرمۇ شۇ بويىچە يول تۇتقان.

خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەرەب مەھەللىلىرىنىڭ بىرىدە ئايالىلار ئەرگە تەگكەنىدەك ئەرگە تېگىدىغان بىر ئەرنى ئۇچراتتى ۋە بۇ ھەقتە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مەكتۇپ يوللىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەسىلە توغرىسىدا ساھابىلەر بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشقا ناھايىتى كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى: «بۇ رەزىل ئىشنى دۇنيا تارىخىدا بىر قەۋم قىلدى، سىلەر ئاللاھنىڭ ئۇ قەۋمنى قانداق جازالىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسىلەر. مېنىڭچە ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك!» ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كۆيدۈرۈۋېتىش ھەققىدە مەكتۇپ يوللىدى-دە، ئۇ بەچچىۋاز كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەچچىۋازلارغا جازا قوللىنىش توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى يۇرتتىكى ئەڭ ئېگىز يەرگە ئاچىقىپ يەرگە تاشلىنىدۇ ۋە ئۈستىدىن تاش تۆكۈلىدۇ.» ئابدۇللا ئىبنى ئابباسنىڭ بۇ ھۆكۈمى ئاللاھ تائالانىڭ لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئەۋەتكەن جازاسىدىن خۇلاسىلەپ ئېلىنغان.

ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بەچچىۋازلىق قىلغانلارنى ئۇچراتساڭلار، ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.»[340]

[340] ئەھمەد رىۋايىتى، ئەلبانىي سەھىھ دېگەن

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەچچىۋازلار ھەققىدە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ بەچچىۋازلىق قىلغانلارغا لەنەت قىلسۇن، ئاللاھ بەچچىۋازلىق قىلغانلارغا لەنەت قىلسۇن، ئاللاھ بەچچىۋازلىق قىلغانلارغا لەنەت قىلسۇن.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زىناخورلارغا بۇنداق تەكرار-تەكرار لەنەت قىلغانلىقى بىرەر ھەدىستە ئۇچرىمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن نۇرغۇن كىشىلەرگە لەنەت قىلغان ياكى ئاللاھنىڭ لەنىتىنى تىلىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارغا قىلغان لەنىتى ياكى تىلىگەن لەنىتى بىر قېتىملا دېيىلگەنىدى. ئەمما بەچچىۋازلار توغرىسىدا تەكرار ئۈچ قېتىم ئاللاھنىڭ لەنىتىنى تىلىدى. ساھابىلەر مۇشۇ تەرەپلەرنى نەزەردە تۇتۇپ بەچچىۋازلارنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بىرلىككە كېلىشتى. بۇ مەسىلىدە ساھابىلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ قىلىشقان ياكى ئۆلتۈرمەسلىك تەرەپدارى بولغان بىرمۇ ئادەم يوق. ئۇلار پەقەت قايسى خىل ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش مەسىلىسىدە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولۇشقان. بىر قىسىم ئادەملەر ئۆلتۈرۈش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلتۈرمەسلىك توغرىسىدىكى ئىختىلاپلار دەپ چۈشىنىۋېلىپ، بۇنى ساھابىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ تالاش-تارتىش قىلىنغان مەسىلىلەر ئىدى، دېگىلى تۇرۇپتۇ. توختالغان گەپ، بەچچىۋازلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ساھابىلەر ئىچىدە بىرلىككە كېلىنگەن قاراش، ئۇنىڭدا ھېچقانداق تالاش-تارتىش مەۋجۇت ئەمەس.

ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ «زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر.»

دېگەن ئايىتى ۋە «سىلەر شۇنداق قەبىھ ئىشنى (يەنى بەچچىۋازلىقنى) قىلامسىلەر؟ مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى.» دېگەن ئايىتى توغرىسىدا ئوبدانراق ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، شۇنى بايقايمىزكى، زىناخورلۇق بىلەن بەچچىۋازلىق ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن پەرق بار. مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھ تائالانىڭ بەچچىۋازلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن كەلىمىسى بارلىق پاھىشە ۋە بۇزۇقچىلىقلار تۈرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. ئەمما زىنا توغرىسىدىكى كەلىمىسى پەقەت زىنانىلا كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ بەچچىۋازلىقنىڭ زىناخورلۇقتىن ئېغىر جىنايەت ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتتە ئاللاھ تائالا بەچچىۋازلىقنىڭ ناھايىتى قەبىھ ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇنداق قەبىھ ئىشنى سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن ھېچقانداق ئادەم قىلمىغان ئىدى.» ئاندىن كېيىن ئەرنىڭ ئەرنى جىما قىلىشى ۋە خۇددى ئايال بىلەن توي قىلغاندەك ئەر بىلەن توي قىلىشى ئىنساننىڭ قەلبى يىرگىنىدىغان، قۇلاققا مۇشت بىلەن قويغاندەك ئاڭلىنىدىغان، ئىنسان تەبىئىتى قاتتىق يىرگىنىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسى تەلۋىنى قاندۇرىسىلەر، سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر.»[341]

---

[341] سۈرە ئەئراف 81 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتتە ئەرلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن جىما قىلىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان تەلپۈنۈشىدەك تەبىئىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئەمەس، پەقەت شەھۋەتنى دەپلا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئەر-خوتۇن بولۇشۇشنىڭ جىنسىي ئالاقە، ھوزۇرلىنىش، ئاتا-ئانىلىرىمۇ بېرەلمىگەن مېھىر-مۇھەببەتلەرنى بېرىش، ئىنسانىيەت نەسلىنى ساقلاپ قېلىش، ئاياللارنى قوغداش ۋە ئۇلارنىڭ تۇل تاشلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نەسەبلەرگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرۈش، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا مەسئۇل بولۇشى قاتارلىق نۇرغۇن مەقسەت ۋە نىشانلىرى بار. ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان پەيغەمبەرلەر (ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا)، ئەۋلىيالار ۋە مۇئمىنلەرمۇ دەل ئەر-ئاياللارنىڭ تويلىششى ۋە جىماسى ئارقىلىق دۇنياغا كەلگەندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۈممىتىنىڭ كۆپلىكى بىلەن باشقا ئۈممەتلەرنىڭ ئالدىدا ئىپتىخار قىلىدۇ. نىكاھ دەل بۇ مەقسەتكىمۇ كۈچلۈك سەۋەب بولىدۇ. بەچچىۋازلىق يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۈيۈك مەقسەتلەرگە زىت كېلىدۇ. بەچچىۋازلىقنىڭ زىيانلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. يەنە تېخى بىز بىلمەيدىغان قانداق زىيانلىرى بار، بۇنى بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

بەچچىۋازلىق ئىنتايىن قەبىھ، رەزىل ئىش. چۈنكى، ئۇ ئىنسان تەبىئىتىگە خىلاپ، ئەركەكلىك تەبىئەتكىمۇ زىت. ئەرلەردىكى ئەسلى تەبىئەت ئاياللارنى ياخشى كۆرۈش ۋە

ئاياللارغا تەلپۈنۈشتۇر. بەچچىۋازلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇلار ئىنسان پىترىتى ۋە تەبىئىتىنى قالايمىقان قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار ئاللاھ بىكىتكەن پىترەت ۋە تەبىئەتنى ئوڭدا ـ دۈمدە قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارغا دىيارلىرىنى ئوڭدا ـ دۈمدە قىلىۋېتىش، دۈمكۈمتۈرۈۋېتىش، باشلىرىچە يەرگە تاشلاش ۋە يەرگە يۇتقۇزۇش، ئۈستىگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرۇش جازاسى بەرگەن.

ئاللاھ تائالا بۇلار ھەققىدە «سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمسىلەر.» دېيىش ئارقىلىق بۇلار شۇغۇللىنىۋاتقان بۇ جىنايەتنىڭ ئىنتايىن قەبىھ، ئۇچىغا چىققان رەزىل بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئويلىنىپ باقايلى، «قۇرئان كەرىم»دە بەچچىۋازلىقتىن باشقا جىنايەتلەر توغرىسىدا مۇشۇنداق ياكى شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان ئايەتلەر بارمۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇلارنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ:

«بىز لۇتنى (ئاھالىسى بەچچىۋازلىق، قاراقچىلىق قاتارلىق) يامان قىلىقلارنى قىلىدىغان شەھەردىن قۇتقۇزدۇق، ھەقىقەتەن ئۇلار يامان، پاسىق قەۋم ئىدى.»[342]

«لۇت: «پەرۋەردىگارىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ ماڭا ياردەم بەرگىن، ئۇلار بۇزغۇنچى ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈزىلىشى ئۈمىد قىلىنمايدۇ، ئۇلار گۇمراھلىققا، بۇزۇقچىلىققا

[342] سۈرە ئەنبىيا 74 ـ ئايەت

چۆمۈپ كەتكەن)» دېدى.»[343]

«ئەلچىلىرىمىز (يەنى پەرىشتىلەر) ئىبراھىمغا (پەرزەنت بېرىلىشتىن ئىبارەت) خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز بۇ شەھەر ئاھالىسىنى چوقۇم ھالاك قىلىمىز، ئۇنىڭ ئاھالىسى ھەقىقەتەن زالىم ئىدى» دېدى.»[344]

ئويلاپ باقايلى، ئاللاھ تائالا كىملەرنى مۇشۇنداق جازالىغان؟ كىملەرنى مۇشۇنداق رەسۋا قىلغان؟

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇلار ھەققىدە پەرىشتىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە، پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا بەچچىۋازلارنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېگەن: «(پەرىشتىلەر ئېيتتى) «ئى ئىبراھىم! بۇنى (يەنى لۇت قەۋمى توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىشنى قويغىن، شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ئۇلارنى ھالاك قىلىش توغرىسىدىكى) ئەمرى ئاللىقاچان چۈشتى، ئۇلارغا چوقۇم (مۇنازىرىلىشىش ياكى شاپائەت قىلىش بىلەن) قايتۇرغىلى بولمايدىغان ئازاب چۈشىدۇ.»[345]

ئويلاپ باقايلى، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كېلىشكەن يىگىتلەر سۈرىتىدىكى مېھمانلار كەلگەندە بەچچىۋازلار ھەددىدىن ئېشىپ ھەتتا پەيغەمبەرى لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگىمۇ كەلمىدىمۇ؟

«لۇتنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قېشىغا ئالدىراپ كېلىشتى، ئۇلار

[343] سۈرە ئەنكەبۇت 30 ـ ئايەت
[344] سۈرە ئەنكەبۇت 31 ـ ئايەت
[345] سۈرە ھۇد 76 ـ ئايەت

بۇرۇنلا يامان ئىشلارنى قىلاتتى (يەنى لىۋاتەت قىلاتتى)، لۇت ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ بۇ قىزلىرىم سىلەرگە ئەڭ پاكتۇر (مەن ئۇلارنى سىلەرگە نىكاھلاپ قوياي) ئاللاھتىن قورقۇڭلار، مېھمانلىرىم ئۈستىدە مېنى رەسۋا قىلماڭلار، ئاراڭلاردا قەبىھ ئىشتىن توسىدىغان بىرەر كاللىسى جايىدا ئادەم يوقمۇ؟.»[346] دېمەك، لۇت ئەلەيھىسسالام بەچچىۋازلاردىن ئەنسىرەپ ۋە مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئار ـ نومۇسقا قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئۇلارغا قىزلىرىنى نىكاھلاپ بېرىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق مېھمانلارنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆتۈندىغۇ؟!

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بۇ ئادەم قىلىپىدىن چىققان ئەقىلسىزلەر ھاياسىزلارچە ناھايىتى قوپال جاۋاب قايتۇردى: «ئۇلار (لۇتقا) ئېيتتى: «قىزلىرىڭغا بىزنىڭ ھاجىتىمىز يوق ئىكەنلىكىنى سەن ئوبدان بىلىسەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ مەقسىتىمىزنىمۇ ئوبدان بىلىسەن.»[347]

لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلى قاتتىق رەنجىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالدى ۋە مۇنداق دېدى: ««كاشكى مېنىڭ (سىلەرگە قارشى تۇرىدىغان) كۈچ ـ قۇۋۋىتىم بولسا ئىدى، ياكى ئىلتىجا قىلىدىغان كۈچلۈك جەمەتىم بولسا ئىدى (چوقۇم سىلەرگە زەربە بەرگەن بولاتتىم).»[348] پەرىشتىلەر لۇت ئەلەيھىسسالامغا تەسەللىي بەردى ۋە ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈردى. بەچچىۋازلارنىڭ ئۆزلىرىگە

[346] سۈرە ھۇد 78 ـ ئايەت
[347] سۈرە ھۇد 79 ـ ئايەت
[348] سۈرە ھۇد 80 ـ ئايەت

ھەرگىز چىقىلالمايدىغانلىقىنى، لۇت ئەلەيھىسسالامغىمۇ چىقىلالمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەنسىرەشىنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى، ئۇلاردىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىقىنى، ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى ۋە «ئى لۇت! شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىدۇرمىز، ئۇلار ھەرگىزمۇ ساڭا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ» دېيىشتى. ئۇلار لۇت ئەلەيھىسسالامغا بەچچىۋازلارغا ئاللاھنىڭ جازاسى بارلىقىنى ۋە لۇت ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ ۋەدىلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دېيىشتى: «ئائىلەڭدىكىلەرنى ئېلىپ كېچىنىڭ ئاخىرىدا (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) چىقىپ كەتكىن، ئايالىڭدىن باشقا، سىلەردىن ھېچ كىشى ئارقىسىغا قارىمىسۇن، ئۇ (يەنى ئايالىڭ) ئۇلار بىلەن بىرگە ھالاك بولغۇچىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇلارغا ئازاب چۈشىدىغان چاغ تاڭ ۋاقتىدۇر.» لۇت ئەلەيھىسسالام پەرىشتىلەرنىڭ بۇ خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنىڭ تولىمۇ كېچىكىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە «تېزراق ھالاك بولۇشىنى خالايمەن» دېدى. پەرىشتىلەر «تاڭ يېقىن ئەمەسمۇ؟» دېدى.

ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ھالاكىتى بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئاللاھنىڭ ۋەلىيلىرىنىڭ نىجاتلىقى ئارىسىدا پەقەت كېچە بىلەن تاڭنىڭ ئارىسىدىكىدەكلا قىسقا ۋاقىت بار. تاڭ يورۇغاندا ئۇشتۇمتۇتلا ئۇلارنىڭ يۇرت-مەھەللىرى يەردىن يۇلۇپ ئېلىنىدى-دە، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى. ئۇلار شۇنچىلىك ئېگىزگە ئېلىپ چىقىلغانكى، پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئىتلىرىنىڭ ۋە ئېشەكلىرىنىڭ

ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغان. ئاللاھ ھېچكىم تۇسۇۋالالمايدىغان قارارىنى ئىشقا ئاشۇردى. ئۇلار ئاسمانغا ئېلىپ چىقىلدى-دە، يەرگە دۈمكۆمتۈرۈۋېتىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: «بىزنىڭ جازالاش ئەمرىمىز چۈشكەندە، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق (يەنى كۆمتۈرۈۋەتتۇق)، ئۇ يۇرتلارغا بىز ئۈستى-ئۈستىلەپ ساپال تاشلارنى ياغدۇردۇق.»[349]

ئاللاھ تائالا لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ۋە ئۇلارغا ئەۋەتكەن ئازابنى پۈتۈن دۇنياغا ئىبرەت، مۇئمىنلەرگە ۋە تەقۋادارلارغا ساۋاق، يەنە شۇلارنىڭ يولىدا مېڭىۋاتقان ئازغۇنلارغا ئىبرەت ۋە ئەسلەتمە قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ دىيارلىرى ئۆتەر يولغا توغرا كېلىدىغان جايغا جايلاشتۇردى.

«ئۇنىڭدا (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازابتا) كۆزەتكۈچىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار. ئۇ شەھەر (قۇرەيشلەر شامغا بارىدىغان) يول ئۈستىدە ھەقىقەتەن ھېلىمۇ مەۋجۇت تۇرماقتا. بۇنىڭدا مۇئمىنلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئىبرەت بار.»[350]

ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىدا ئۇشتۇمتۇتلا جازالىدى. ئۇلار ھوشىنى تېپىپ بولغۇچە ئاللاھنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى. ئۇلارنىڭ قىلغانلىرى قوغداپ قالالمىدى. دېمەك، لەززەتلەر ھەسرەتكە ئايلاندى. ئۇلار ئېغىر ئازابقا مۇپتىلا بولدى.

[349] سۈرە ھۇد 82 ـ ئايەت
[350] سۈرە ھىجر 75 ـ 76 ـ 77 ـ ئايەتلەر

هاياتتا شېرىندەك تۇيۇلغان ئارمان،
ئايلاندى ئازابقا ئۆلگەندە هامان.

لەززەتلەر كەتتى، ئورنىنى ھەسرەت-نادامەتلەر ئالدى. كۆڭۈل تارتىدىغان ئىشلار تۈگىدى، بەختسىز كۈنلەر باشلاندى. ئۇلار ئازغىنا مەنپەئەتلىنىپ، ئۇنىڭ ئازابىنى ئۇزاق تارتتى. دەسلەپتە پاراۋان ياشاپ كەيىندىنلا دەرتلىك ئازابنى تىتتى. ئۇلارنى شەھۋەتلەر مەست قىلىپ قويغاندى، تېخى مەستلىكىدىن يېشىلمەي تۇرۇپلا ئۆزىنى ئازاب ئىسكەنجىسىدە كۆردى. ئۇلارنى غەپلەت باسقانىدى، ھالاكەت يۈزلەنگەندىلا ھوشىنى تاپتى. ئۇلار پۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان چاغدا ئېغىر پۇشايمانلارنى قىلدى. بۇرۇن قىلغانلىرىغا ياش ئەمەس قان يىغلىدى. ئۇلارنىڭ يۇقىرى ۋە تۆۋەن تەبىقىدىكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىر كۆرسەڭ ئىدىڭ، قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەر ئىدىڭ، بەلكىم! يۈزلىرى ئوتتىن يېنىۋاتقان، بەدەنلىرى ئوتقا ئايلانغان... ئۇلار دوزاخنىڭ قاتلاملىرىدا... ! ئۇلار دۇنيادا ئىچكەن لەززەت شارابىنىڭ ئورنىغا ئۇ يەردە ئازاب شارابى ئىچمەكتە! ئۇلار يۈزلىرىچە دوزاخقا سۆرىلىدۇ ۋە مۇنداق دېيىلىدۇ: «دوزاخقا كىرىڭلار، (ئازابقا) مەيلى سەۋر قىلىڭلار، مەيلى سەۋر قىلماڭلار، بەربىر سىلەرگە ئوخشاش (چۈنكى سىلەر دوزاختا مەڭگۈ قالىسىلەر)، سىلەر پەقەت قىلمىشىڭلارنىڭ جازاسىنى تارتىسىلەر.»[351]

[351] سۈرە تۇر 16 ـ ئايەت

لـۈت ئەلەيھسسـالامنىڭ قەۋمىگـە ئوخشـاش ئـىش قىلغانـلار، يەنــى بەچچىۋازلــق قىلغانلارنىــڭ قىلغــان ئىشـلىرى ئوخشــاش بولغىنىدەك ئازابىمۇ ئوخشـاش بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنـداق دەيـدۇ: «ئـۇ ئازابـلار زالىملاردىـن يىـراق ئەمـەس.»[352]

بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ساتىرا بار:

ئى بەچچىلەر كۆتەر سىزنى «خۇشخەۋەر»،
مەھشەر كۈنى ئېلىڭ كاتتا «مۇكاپات».
يەپ-ئىچىڭ ھەم ئويناڭ جىنىس ئايرىماي،
«قىزىل باغ»[353]دا سىلەرگە تەل ئاھۇ-دات.
ئوخشىشىڭلار ئورۇن ساقلار سىلەرگە،
دەركى: تىز كەل، بۇ يەردىكەن زور ھايات.
بۇرۇن كېلىپ، ساقلاپ قالدۇق سىلەرنى،
جۇغلار بىزنى جەھەننەمدە ھاكىم زات.
يوق دېمەڭلار، ئايرىلغان شۇ جۈپلەرنى،
ئۇلارمۇ بار، كۆرىسىلەر ۋاي ھەيھات.
لەنەتلىشىپ جۈپ-جۈپلەر ئۆز-ئارا،
بەختىسىزلەر دېيىشىپ كېتەر پەندىيات.
ئازابلىنار مىسلى بىلەن ھەر بىرى،
قىلغاچ ئۇلار گۇناھقا تەڭ «ئىلتىپات».

[352] سۈرە ھۇد 83 ـ ئايەت
[353] دوزاخنى دېمەكچى

## 74. بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى ۋە زىناخورلۇقنىڭ جازاسى

بۇ بابتا «بەچچىۋازلىق توغرىسىدا ئاللاھ تائالا ئېنىق قىلىپ ھۆكۈم چۈشۈرمىگەن. شۇڭا بەچچىۋازلىقنىڭ جازاسى زىناخورلۇقنىڭ جازاسىدىن يەڭگىل بولىدۇ» دەپ قارىغۇچىلارغا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن رەددىيە بېرىلىدۇ:

ناۋادا ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق قىلىپ ئايەت نازىل قىلمىغان بولسىمۇ، بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەچچىۋازلىق قىلغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغانلىقىنى ئېنىق. ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىجرا قىلغىنى ماھىيەتتىن قىلىپ ئېيتقانداق ئاللاھ تائالانىڭ يولغا قويغىنىدۇر. بۇنداق بولغانىكەن، «شەرىئەتتە بەچچىۋازلىققا ئائىت ئېنىق ھۆكۈم يوق» دېگەن قاراش پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ «بەچچىۋازلارنىڭ جازاسى توغرىسىدا ئېنىق شەرئىي ھۆكۈم يوق» دېگەن قارىشى شەرىئەتتىكى رەجىم توغرىسىدىكى ھۆكۈمگە زىت كېلىدۇ. رەجىم توغرىسىدىكى ھۆكۈممۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلانغان.

«بەچچىۋازلارنىڭ جازاسى زىناخورلارنىڭكىدىن يەڭگىل بولىدۇ» دەپ قارىغۇچىلارنىڭ يەنە مۇنداق دەيدۇ: بەچچىۋازلىق ئىنساننىڭ تەبىئىتى تارتمايدىغان بىر جىنسىي ئالاقە ئۇسۇلىدۇر. بەلكى تېخى «مېيىت بىلەن جىنسىي ئالاقە

قىلغانـدەك ۋە هايـۋان بىلەن جىنسـىي ئالاقە قىلغاندەكلا ئىنسـان ئۇنىڭدىــن يىرگىنىدىغـان بىــر ئىشــتۇر» ئۇنــداق بولغانىكــەن بۇنىـڭ جازاسـى زىنانىـڭ جازاسـىدىن يەڭگىـل بولىـدۇ.

بـۇ خىـل قاراشـقا مۇنـداق بىـر قانچـە نۇقتىدىـن رەددىيـە بېرىلىـدۇ:

ئـەڭ ئـاۋۋال بۇ خىـل قاراشـتىكىلەرنىڭ بەچچىۋازلىقنـى هايۋان بىلـەن جىمـا قىلغـان ۋە مېيىـت بىلـەن جىمـا قىلغانغـا قىيـاس قىلىشـى باتىـل قىياسـتۇر، بۇنـى قاتارغـا ئالغىلـى بولمايـدۇ. بىـز يۇقىرىـدا بايـان قىلغـان هەدىـس ۋە سـاهابىلەرنىڭ ئىجمائىـي هـەم بۇلارنىـڭ قىياسـىنى ئىنـكار قىلىـدۇ.

كېلىشـكەن يىگىتلەرنـى جىمـا قىلىشـنىڭ زىيىنـى هەرقانـداق زىيانـنـى بېسـىپ چۈشـىدۇ. بۇنـى ئېشـەكنى جىمـا قىلىـش ۋە مېيىتنـى جىمـا قىلىشـقا قىيـاس قىلغىلـى بولمايـدۇ. قانداقسـىگە ئېشـەككە ياكـى كالىغـا چىقىلىشـنى كېلىشـكەن يىگىتلەرگـە چىقىلىشـقا قىيـاس قىلغىلـى بولىـدۇ؟! ئېشـەك ياكـى كالىلارنـى جىمـا قىلغۇچىلار ئۇلارنـى ياخشـى كۆرۈپ قېلىپ، ئاشـىقى بىقارار بولـۇپ، ئۆزىنـى تۇتۇۋالالمـاي جىمـا قىلمايدىغۇ؟! يىگىتلـەر بىلەن بەچچىۋازلـىق قىلغانلارچۇ؟! ئېشـەك ۋە كالىـلار بىلـەن يىگىتلەرنى قىيـاس قىلىـش ئىنتايىـن خاتـا قىياسـتۇر.

نـاۋادا «ئىنسـان تەبىئىتـى يىرگىنىـدۇ، كۆڭـۈل ئانچـە بـەك خـالاپ كەتمەيـدۇ» دېگـەن باهانـە بىلـەن «بەچچىۋازلىقنىـڭ جازاسـنى زىناخورلۇقنىـڭ جازاسـىدىن يەڭگىل»لەشـتۈرمەكچى بولغـان بولسـا، ئۇنداقتـا ئانىسـىنى، قىزىنـى ۋە هەمشـىرىلىرىنى

جىما قىلغۇچىلارغا قارىتىلغان ھۆكۈم بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئانىسىنى، قىزىنى ۋە ھەمشىرىلىرىنى جىما قىلىشتىن كۆڭۈل ھەقىقەتەن يىرگىنىدۇ، نەپرەتلىنىدۇ. ئەمما بۇنداق جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەرگە شەرىئەتتە ئىنتايىن ئېغىر جازا بېرىلىدۇ. يەنى توي قىلغان بولۇشى ياكى بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئۆلتۈرۈلىدۇ.

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن بىر كۈنى تاغام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ قولىدا بىر بايراق كۆتۈرۈۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن: قەيەرگە ماڭدىڭ، دەپ سورىدىم. ئۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى بىر ئادەمنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇ ئادەم دادىسىدىن كېيىن ئۆگەي ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىۋاپتۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ئۇ ئادەمنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇشقا ۋە ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، دېدى.»[354]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەھرەملىرى بىلەن جىما قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار.»[355]

ھەججاجنىڭ قېشىغا بىر ئادەم كەلتۈرۈلدى. ئۇ ئۆز ھەمشىرىسىنىڭ نومۇسىغا تەگكەن ئىدى. ھەججاج: ئۇنى سولاپ قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بۇ ئىشنىڭ ھۆكمىنى سوراپ كېلىڭلار، دېدى. بۇ ئىش

[354] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىي رىۋايىتى
[355] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئىي رىۋايىتى، ئەلبانىي ئاجىز دېگەن

توغرىسىدا ئابدۇللا ئىبنى ئەبى مەترەفتىن سورالدى. ئۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى مەھرەملىرىگە چېقىلسا، سىلەر ئۇنىڭغا قىلىچ بىلەن چېقىلىڭلار»[356] دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، دەپ جاۋاب بەردى.

يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا مەھرەملىرى ۋە شەرئىي كۆرسەتمىلەر دۇرۇس قىلمىغان بارلىق كىشىلەر بىلەن جىما قىلغانلار قىلىچ بىلەن چېپىلىدۇ. ئانىسىغا چېقىلغان ياكى قىزىغا چىقىلغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشكە ھۆكۈم قىلىنىشى بۇ قاراشنى كۈچلەندۈرىدۇ. دېمەك، ئەرلەرنىڭ ئەرلەر بىلەن جىما قىلىشى شەرئىي كۆرسەتمىلەر يولغا قويغان دائىرىنىڭ سىرتىدىكى ئىشتۇر. ئۇنداقتا بەچچىۋازلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ.

خۇلاسىكالام، يۇقىرىقى ئىككى مەسىلىگە ئۇچۇق تېكىست دەلىل بولالايدۇ ۋە قىياس ئۇ ئىككىسىنىڭ توغرىلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئاممىسى مەھرەملىرى بىلەن جىما قىلغان ئادەمگە ھەد ئىجرا قىلىش توغرىسىدا پىكىر بىرلىككە كەلگەن. ئەمما ھەد قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئىجرا قىلىنامدۇ ياكى زىناخورغا يۈرگۈزۈلىدىغان ھەدكە ئوخشاش پەرقلىق بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ئوخشىمىغان قاراشلار بار.

ئىمام شافىئى، ئىمام مالىك قاتارلىقلار «ئۆز مەھرەملىرى بىلەن جىما قىلغانلار زىناخورلارغا ئوخشاش جازالىنىدۇ» دەپ

[356] جامىئۇسسەغىردە بايان قىلىنغان، ئەلبانىي ئاجىز دېگەن

قارىـدى.

ئىمـام ئەھمـەد، ئىسـھاق ۋە بىـر توركـۇم ھەدىـس پېشـۋالىرى «ئـۆز مەھرەملـىرى بىلـەن جىمـا قىلغانـلار قانـداق بولۇشـتىن قەتئىينـەزەر ئۆلتۈرۈلـىدۇ» دەپ قارىـدى.

ئىمـام ئـەزەم رەھىمەھۇللاھتىـن باشـقىلار «نـاۋادا ھاراملىقىنى بىلىـپ تـۇرۇپ، ئـۆز مەھرەملـىرى بىلـەن نىـكاھ ئوقۇتـۇپ جىمـا قىلغـان بولسـا، ھـەد ئىجـرا قىلىنىـدۇ» دېگـەن قاراشـقا بىرلىككە كەلـدى. ئىمـام ئـەزەم رەھىمەھۇلـلاھ «نـاۋادا نىـكاھ ئوقۇتقـان بولسـا، بـۇ يـەردە شـۈبھە شـەكىللەندى، شـۈبھە ئارقىلىـق ھـەد ئىجـرا قىلىنمايـدۇ» دەپ قارىـدى.

ئىمـام ئەزەمگـە قارشـى پىكىردىكىلـەر مۇنـداق دەيـدۇ: «نـاۋادا بىـر ئـادەم ئـۆز مەھرەملـىرى بىلـەن نىـكاھ ئوقۇتۇۋالغـان بولسـا، بـۇ يەردىكـى جىنايـەت تېخىمـۇ ئېغىرلايـدۇ. چۈنكـى ئـۇ ئـادەم بـۇ ۋاقىتتـا «باتىـل نىـكاھ» ۋە «باتىـل جىمـا» دىـن ئىبـارەت ئېغىـر ئىككـى گۇنـاھ ئۆتكۈزگـەن بولـىدۇ. ئۇنداقتـا ئېغىـر ئىككـى جىنايـەت ئۆتكۈزگەنلەرنىـڭ گۇناھـى نېمىشـقا زىنادىـن ئىبـارەت ئېغىـر بىـر جىنايـەت ئۆتكۈزگۈچىنىـڭ گۇناھىدىـن يەڭگىل بولۇپ قالىـدۇ؟!»

مېيىتنى جىما قىلغۇچىلار ھەققىدە فىقھشۇناسلارنىڭ ئوخشىمىغان ئىككى خىل قارىشى بار.

1) چوقۇم ھەد ئىجرا قىلىنىدۇ.

2) مېيىتنـى جىمـا قىلىـش ئىنتايىـن ئېغىـر جىنايـەت. بـۇ،

مېيتنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىش مەسىلىسى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## 75. ھايۋانلارنى جىما قىلىشنىڭ جازاسى

ھايۋانلارنى جىما قىلغۇچىلار توغرىسىدا فىقھشۇناسلارنىڭ ئۈچ خىل قارىشى بار.

ھايۋانلارنى جىما قىلغۇچىلار جازالىنىدۇ، لېكىن ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ. بۇ مالىك، ئەبۇ ھەنىفە، شافىئىي قاتارلىق ئىماملارنىڭ قارىشى.

ھايۋانلارنى جىما قىلغۇچىلارغا زىناخورغا ئوخشاش جازا بېرىلىدۇ. ناۋادا تويى قىلمىغان بولسا، قامچىلاش جازاسى بېرىلىدۇ. تويى قىلغان بولسا، رەجىم قىلىنىدۇ. بۇ ھەسەننىڭ قارىشىدۇر.

ھايۋانلارنى جىما قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكمى بەچچىۋازلارنىڭ ھۆكمىگە ئوخشايدۇ. ئىمام ئەھمەد بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈردى. ئۇنىڭ كەلتۈرگەن دەلىلى «ھايۋانلارنى جىما قىلغۇچىلار كەسكىن ئۆلتۈرۈلەمدۇ ياكى زىنا قىلغۇچىلارغا ئوخشاش ھۆكۈم ئىجرا قىلىنامدۇ» دېگەن ئىككى مەسىلىگە بېرىپ چېتىلىدۇ.

كەسكىن ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ قارىغۇچىلار ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل كەلتۈردى: «كىمكى ھايۋاننى جىما قىلغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار ۋە ھايۋاننىمۇ قوشۇپ

ئۆلتۈرۈۋېتىشكەنلەر»[357]

بۇ ھەدىسنى دەلىل كەلتۈرگۈچىلەر «ھايۋاننى جىما قىلىش قانداقلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر قەتئىي قىلىشقا بولمايدىغان بىر جىنايەت، ئۇنداقتا بۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك» دەپ قارايدۇ.

ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ دەپ قارىغۇچىلار «بۇ ھەقتە سەھىھ ھەدىس يوق، ناۋادا سەھىھ ھەدىس بولغان بولسا، بىز قايىل بولاتتۇق ۋە ئوخشىمىغان قاراشلاردا بولۇپ يۈرمەيتتۇق» دېيىشىدۇ.

ئىسمائىل ئىبنى سەئىد شالىنجى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەھمەددىن ھايۋاننى جىما قىلغان ئادەم توغرىسىدا سورىۋېدىم، ئۇ بۇ ھەقتە ناھايىتى تەپسىلى توختالدى، بىراق ئەمرى ئىبنى ئەبى ئەمرى رىۋايەت قىلغان بۇ ھەقتىكى ھەدىسنى تىلغا ئالمىدى.

تاھاۋىي مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىقى ھەدىس ئاجىزدۇر. ئۇ ھەدىسنى ئىبنى ئابباسنىڭ رىۋايەت قىلغانلىق مەسىلىسىمۇ ئېنىق ئەمەس. چۈنكى ئىبنى ئابباس دەل مۇشۇنداق بىر مەسىلىگە «ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ» دەپ پەتىۋا بەرگەن. ئەبۇ داۋۇد بۇ ھەدىسنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى بولغان ئىبنى ئابباسنىڭ شۇ ھەدىسكە زىت پەتىۋا بېرىشى ھەدىسنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن.

[357] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

شۇنىڭدا شەك يوقكى، ھايۋانلارنى جىما قىلغاندىكى تەبىئىي يىرگىنىش تۈيغۇسى بەچچىۋازلىقتىكى يىرگىنىش تۇيغۇسىدىن كۈچلۈك بولىدۇ. بەلكى بۇ ئىشلارنىڭ ئىنسان تەبىئىتىدىكى يىرگىنىشلىك نىسبىتى كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىگە قارىتا ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنداقتا بۇ ئىككىسىنىڭ ھۆكمىنى بىر-بىرىگە يۆلەپ قويۇش ۋە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بىر-بىرىگە قىياس قىلىش توغرا بولمايدۇ.

## 76. (ئايالـلار) ھەمجىنىسلىقىنى بەچچىۋازلىققا قىياس قىلىشنىڭ خاتالىقى

(ئايالـلار) ھەمجىنىسلىقنى بەچچىۋازلىققا قىياس قىلىش ئېغىر خاتادۇر. چۈنكى، (ئايالـلار) ھەمجىنىسلىقىدا جىنسىي ئەزا يەنە بىر ئەزانىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ئىشلار مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ خۇددى ئەرلەر بىلەن ئەرلەرنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىشماستىن بىر-بىرى بىلەن قۇچاقلاشقىنىغا ئوخشايدۇ. بىر قىسىم ئەسەرلەردە «(ئاياللارنىڭ) ھەمجىنىسلىقى زىناخورلۇقتۇر» دېيىلگەن بولسىمۇ، بىراق جىنسىي ئەزا يەنە بىر ئەزانىڭ ئىچىگە كىرىدىغان ئىشلار مەۋجۇت بولمىغاچقا، بۇلارغا ھەد ئىجرا قىلىنمايدۇ. يۇقىرىقى ئەسەردە دېيىلگىنى گوياكى كۆز زىناسى، قول زىناسى، پۇت زىناسى، ئېغىز زىناسى دېگەندەكلا بىر سۆزدۇر.

بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ قۇلى بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىشنى باشقا ئادەملەر بىلەن بەچچىۋازلىق قىلغانغا ئوخشاش دەپ قارىدى. ناۋادا بىراۋ ئاللاھ تائالانىڭ «پەقەت خوتۇنلىرى

ۋە چۈرىلىرى بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (ئۆزلىرىنىڭ خوتۇنلىرى ۋە چۈرىلىرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغانلار) مالامەت قىلىنمايدۇ.»
دېگەن ئايىتنى دەلىل كەلتۈرۈپلا ئۆزىنىڭ قۇلى بىلەن بەچچىۋازلىق قىلغان بولسا ۋە بۇ قۇلنى دېدەككە قىياس قىلغان بولسا، ئۇ ئادەم ئاللاھ هارام قىلغان ئىشنى هالال دەپ قارىۋالغانلىقى ئۈچۈن كاپىر بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ خۇددى مۇرتەدلىككە تەۋبە قىلغاندەك تەۋبە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. تەۋبە قىلسا خوپ، بولمىسا مۇرتەدلىككە قارىتا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدۇ. دېمەك، بىراۋنىڭ ئۆزىنىڭ قۇلى بىلەن بەچچىۋازلىق قىلىشى ياكى باشقىلار بىلەن قىلىشى هۆكۈم جەھەتتە ئوخشاشتۇر.

## 77. بەچچىۋازلىق كېسىلىنى داۋالاش

بىز يۇقىرىقى بابلىرىمىزدا بەچچىۋازلىق قەبىھ ئىش ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي هاياتتىكى زىيانلىرى ۋە شەرئىي هۆكۈملىرى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتۇق.

ئۇنداقتا بۇ ئىپلاس كېسەللىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر ئامالى بارمۇ؟! بۇ هالاك قىلغۇچى سېھىرگە تاقابىل تۇرالايدىغان رۇقيە بارمۇ؟! بۇ زەھەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرەر چارىسى بارمۇ؟! زادى ساقايغىلى بولامدۇ؟! هاۋايى-ھەۋەس مەستلىكىدىكى هوشىغا كېلىش مۇمكىنچىلىكى بارمۇ؟! بۇنىڭغا خۇمار بولۇپ قالغانلار ئۆزىنى زادى كونترول قىلالامدۇ؟! بۇ خۇماردىن ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشتا قانداق چارىلەر بار؟!

بۇ ئىپلاس كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرگە باشقىلار مالامەت قىلسىمۇ، ئۇلار ئۆزى ياخشى كۆرگەن ھېلىقى بۇزۇقچىلىقنى ئەسلىۋالغانلىقى ئۈچۈن شۇ مالامەتتىن ھوزۇرلىنىپ كېتىدۇ. ناۋادا بىراۋ ئۇلارنى ئەيىبلىسە، ئۇنىڭ ئەيىبلىشى بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەمنى قايتىدىن مەغرۇرلاندۇرۇپ قويىدۇ ۋە شۇ مەغرۇرلىقنىڭ تۈرتكىسىدە يەنە ئۇلجا ئىزدەش كويىغا چۈشىدۇ.

شائىر بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ:

ئىشق ئوتۇڭ باغلىدى مېنى بىر ساڭا،
ئايرىلماس بوپقالدىم ئىشقتىن ھېچۋاق.
خار قىلدىم ئۆزۈمنى، سەن خار ئەيلىگەچ،
«قارا» دېسەڭ بىراۋنى، كىم دېگەي «ئاپئاق»!
سېنىڭدىن كۆرگىنىم ياۋغا ئوخشىغاچ،
ياقتۇردۇم ياۋنىمۇ گويا سەن سىياق.
ئىشقىڭدا مالامەت تۇيۇلار شېرىن،
ئەسلەتكەچ نامىڭنى، ياشىسۇن ئۇزاق!

كىتابىمىزنىڭ بېشىدا ئىمام ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھتىن پەتىۋا بېرىش تەلەپ قىلىنغان ۋە دورىسى ھەققىدە مەسىلىھەت سورالغان مەسىلە ئېھتىمال مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن.

شۇنداق، بۇ كىتابىمىزنىڭ بېشىدىلا بۇ مەسىلىگە جاۋابەن مۇنداق دېيىلگەن ئىدى: «ئاللاھ ھەر قانداق كېسەلنى

چۈشۈرسە، ئۇنىڭ دورىسىنى قوشۇپ بېرىدۇ. ئۇنى پەقەت بىلەلىگەنلەر بىلەلەيدۇ، بىلەلمىگەنلەر بىلەلمەيدۇ.»

قەلبى رەزىل ئىشلارنى خىيال قىلىش بىلەنلا توشۇپ كېتىشنى داۋالاشتا مۇنداق ئىككى ئۇسۇلنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇ خىل ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

شۇ خىل ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن بار ئاماللارنى ئىشلىتىپ ئۇ ھالەتتىن قۇتۇلۇش.

بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغان، ئاللاھ ياردەم بەرگەن كىشىلەرگەن نىسبەتەن ئانچە تەسكە توختىمايدۇ. ئەمما ئاللاھ ياردەم قىلمىسا، بۇ ئۇسۇللارنى قوللىنىشمۇ بەسى مۇشكۈلدۇر. شۈبھىسىزكى، ئىشلارنىڭ تىزگىنى ئاللاھنىڭ قولىدىدۇر.

بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىم:

***كۆزنى ساقلاش***

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك قاراش ئىبلىسنىڭ زەھەرلىك ئوقلىرىدىن بىر ئوقتۇر. كىمكى كۆزنى باشقۇرمايدىكەن، ئۇنىڭ ھەسرەت-نادامەتلىرى ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. كۆزنى ساقلىغاننىڭ تۆۋەندىكىدەك نۇرغۇن پايدىلىرى بار:

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇش. بۇ بەندىنىڭ ھايات-ماماتلىق بەخت-سائادىتىنىڭ غايىسىدۇر. بىر بەندىگە نىسبەتەن

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بوي سۇنۇشتىنمۇ مەنپەئەتلىك بىر ئىش بولمىسا كېرەك! ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى زايا قىلىۋېتىشتىنمۇ ئېغىرراق بەختسىزلىك بولمىسا كېرەك!

كۆزنى ساقلاش ئارقىلىق شەيتاننىڭ ئادەمنى ھالاكەتكە ئېتتىرىدىغان زەھەرلىك ئوقلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

كۆزنى ساقلاش ئارقىلىق قەلبتە ئاللاھقا مېھىر-مۇھەببەت ۋە ئۈنسى-ئۈلپەت تۇيغۇسى پەيدا قىلغىلى ۋە ئاللاھقا دىققەتنى مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ. كۆزنى باشقۇرماسلىق قەلبلەرنى يارا قىلىدۇ ۋە ئۇنى پارە قىلىۋېتىدۇ. قەلبلەرنى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. قەلبكە كۆزنى باشقۇرماسلىقتىنمۇ زىيانلىقراق بىر نەرسە بولمىسا كېرەك! كۆزنى باشقۇرماسلىق پەرۋەردىگار بىلەن بەندە ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ قويىدۇ.

كۆزنى باشقۇرۇش ئارقىلىق قەلبنى كۈچەيتكىلى ۋە كۆڭۈلنى شادلاندۇرغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا، كۆزنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەندە قەلب ئاجىزلايدۇ ۋە غەملىرى كۆپىيىدۇ.

كۆزنى باشقۇرۇش ئارقىلىق قەلبنى نۇرلاندۇرغىلى بولىدۇ. كۆزنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەندە كۆزنى زۇلمەت باسىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا مۇئمىنلەرنى كۆزنى باشقۇرۇشقا بۇيرۇق قىلىپلا ئارقىلىق نۇر كەلىمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئايەتنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ

ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر.»[358] «ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ (مۇئمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراق باردۇر، چىراق شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراق مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرپ تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ)، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلىكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ چۈشىنىشىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.»[359] يەنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، چەكلىمىلىرىدىن ئۆزىنى ساقلىغان ئادەملەرنىڭ قەلبى مەزكۇر ئايەتتە ئېيتىلغان كەبى نۇرلۇق بولىدۇ.

قەلب نۇرلانسا، بارلىق ياخشىلىقلار تەرەپ-تەرەپلەردىن ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ. قەلبنى زۇلمەت قاپلىغاندا، ئۇ قەلبكە بىدئەت، ئازغۇنلۇق، ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىش، ھىدايەتتىن

[358] سۈرە نۇر 30 - ئايەت
[359] سۈرە نۇر 35 - ئايەت

يىراقلىششىش، بەخت-سائادەتتىن يىراق ئۆرۈش، بەختسىزلىككە يۈزلىنىش قاتارلىق بالا-مۇسىبەت ۋە يامانلىق بۇلۇتلىرى سايە تاشلاشقا باشلايدۇ. مەزكۇر سايىلەرنى پەقەت قەلبنى نۇرلاندۇرۇش ئارقىلىق سۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ. قەلبنىڭ نۇرى ئۆچكەندە ئۇ قەلبنىڭ ساھىبى زۇلمەت كېچىدىكى قارىغۇغا ئوخشاپ قالىدۇ.

كۆزنى ساقلاش ئارقىلىق ھەق-ناھەق ۋە راست-يالغان ئارىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان پاراسەت يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

شۇجائۇل كەرمانىي مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى سۈننەتلەرگە ئەگىشىش ئارقىلىق ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى توغرىلىسا ۋە ئىزچىل مۇراقەبە قىلىش ئارقىلىق ئىچكى دۇنياسىنى ئاۋات قىلسا، ھارام ئىشلاردىن كۆزنى ساقلىسا، شۈبھىلىك ئىشلاردىن ئۆزنى يىراق تۇتسا، ھالال نەرسىلەر بىلەن غىزالىنىپ، ھارامدىن يىراق بولسا پاراسەتنىڭ ئۇنىڭغا ئۇلجا بولۇشتىن باشقا ئامالى بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا بەندىنى قىلغان ئىشىغا قارىتا مۇكاپاتلايدۇ ياكى جازالايدۇ. بىرەر ئىشنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن تەرك ئەتكەن بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ ياخشى نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەردىن كۆزنى ساقلىغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزنى ۋە قەلبنى نۇرلاندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئىلىم ۋە ئىمانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىدۇ. مەرىپەت ۋە پاراسەتكە پەقەتلا بەسىرەت (قەلبىي سۈزۈكلۈك) ئارقىلىق يەتكىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا كۆزنى ساقلىمىغان ۋە

ئۆزىنى ھاراملاردىن يىراق تۇتماسلىق سەۋەبىدىن بەسىرەتتىن ئايرىلىپ قالغان كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ.»[360]

ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتتە كۆزنى ۋە ئۆزىنى ھاراملاردىن ساقلىمىغان كىشىلەرنى گۇمراھ، مەست دەپ سۈپەتلىدى. مەستلىك ئەقلىنىڭ نورمالسىزلىنىشىدۇر. قارىغۇلۇق كۆزنىڭ كور بولۇپ قېلىشىدۇر. ھاراملاردىن كۆزنى ساقلىماسلىق ئەقلىنى بۇزىدۇ، كۆزنىڭ نۇرىنى كەتكۈزىدۇ، قەلبنى مەست قىلىدۇ.

كۆزنى ساقلاش ئارقىلىق بەقارارلىق، شىجائەت ۋە كۈچ-قۇدرەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ياردەم بېرىدۇ، كۈچلەندۈرىدۇ، كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «شەيتان ھاۋايى-ھەۋەسكە قارشى تۇرالىغان ئادەمنىڭ سايىسىدىنمۇ قاچىدۇ.»

كۆزنى ۋە كۆڭۈلنى ياخشى كونترول قىلماي، ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگەشكۈچىلەر خارلىق، خورلۇق، ھاقارەت... قاتارلىق جازالارغا ئۇچرايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىغاندەك جازالايدۇ.

ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: «كۆزنى ۋە كۆڭلىنى كونترول قىلماي، ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگەشكۈچىلەر گەرچە ئۇلار باشقا پىلانتلارغا چىقىپ كەتكەن تەقدىرمۇ، قىلغان گۇناھلىرىنىڭ

[360] سۈرە ھىجر 72 ـ ئايەت

خارلىقى ئۇلارنى ئىزدەپ تاپىدۇ. ئاللاھ ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغانلارنى خار قىلمىغۇچە بولدى قىلمايدۇ.»

ئاللاھ تائالا ئىتائەت بىلەن ئىززەتنى، گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن خارلىقنى قوشكېزەك قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم (ئابدۇللا ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۇئمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ.»[361]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(جىھادتىن) بوشىشىپ قالماڭلار، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن قايغۇرماڭلار، ئەگەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر.»[362]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن). ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ، (پەيغەمبەرگە قارشى) ھىيلە-مىكىرلەرنى تۈزىدىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرى ئىشقا ئاشمايدۇ.»[363]

[361] سۈرە مۇنافىقۇن 8 - ئايەت
[362] سۈرە ئال ئىمران 139 - ئايەت
[363] سۈرە فاتىر 10 - ئايەت

كىمكى ئىززەت ۋە شەرەپ ئىزدەيدىكەن، ئۇنىڭغا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ئىرىشەلەيدۇ.

قۇنۇت دۇئاسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «سەن ئەزىز قىلغان خورلانمايدۇ، سەن خورلىغاننى ھېچكىم ئەزىز قىلالمايدۇ.»

كىمكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلسا، ئاللاھ ئۇنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان مىقداردا ئىززەت ۋە شەرەپكە ئىرىشەلەيدۇ. كىمكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلسا، ئاللاھ ئۇنى دۈشمەن تۇتىدۇ. ئاسىيلىقىغا لايىق خارلىق ۋە خورلۇققا مۇپتىلا بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، كۆزنى ساقلاش ئارقىلىق شەيتاننىڭ قەلبلەرگە كىرىدىغان يوچۇقنى ئېتىۋەتكىلى بولىدۇ. شەيتان خۇددى يوچۇقتىن ھاۋا كىرگەندەك كۆزلەر ئارقىلىق قەلبلەرگە كىرىدۇ. ئۇ قەلبلەرگە كۆز كۆرگەنلىكى نەرسىنى سۈرەتلەپ بەرگىلى ۋە چىرايلىق كۆرسەتكىلى تۇرىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا مەبۇد قىلىپ بېرىدۇ-دە، قەلب ئۇنىڭغا باش ئۇرغىلى تۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن شەيتان ئۇنىڭغا قۇرۇق ۋەدىلەرنى بەرگىلى تۇرىدۇ، خام خىياللارغا سېلىپ قويىدۇ. قەلبكە شەھۋەت ئوتىنى تۇتاشتۇرىدۇ. ئوت ئۈستىگە گۇناھ-مەئسىيەتتىن ئىبارەت مايلارنى چاچقىلى تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەلب پۈتۈنلەي ئوت يالقۇنى ئىچىگە قاپسىلىپ قالىدۇ.

شۇ يالقۇن تۈپەيلىدىن ئۇ قەلبنىڭ ساھىبىدا ھەسرەتلىك نەپەسلەر، ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشلار، كۆيۈكلەر پەيدا بولىدۇ.

شۇبھىسىزكى، قەلب ھەر تەرەپتىن ئوت ئىچىگە قاپسىلىپ قالىدۇ. گويا ئۇ قەلب ئوتلار ئىچىدە تونۇردىكى پاقلان گۆشىگىلا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا ھارام سۈرەتلەرگە، نامەھرەملەرگە، ھارام كۆرۈنۈشلەرگە مەپتۇن بولغان شەھۋەتخورلارنىڭ جازاسى قەبرىدە ئوتتىن بولغان تونۇرنىڭ ئىچىدە بولۇش، قىيامەتتە جەسەتلىرى ۋە روھلىرى تەڭلا ئوت تونۇرىدا بولۇشتۇر. بۇنى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشىدە كۆرسەتكەن.

كۆزنى ساقلاش ئارقىلىق قەلبنى پىكىرلەرگە ۋە مەنپەئەتلىك ئىشلارغا مەركەزلەشتۈرگىلى بولىدۇ. كۆزنى كونترول قىلماسلىق ئىنسانغا پىكىر ۋە مەنپەئەتنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ۋە پىكىر بىلەن قەلبنىڭ ئارىسىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلىرى ئوڭغا تارتمايدۇ. ھاۋايى-ھەۋىسىگە ئەگىشىدۇ. پەرۋەردىگارىنى ئەسلەشتىن غەپلەتتە قويىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى، چاھارپايلارنىمۇ خىلمۇخىل رەڭلىك قىلىپ ياراتتى. ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن غالىبتۇر، (بەندىلىرى ئىچىدە تەۋبە قىلغانلارنى) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر.»[364]

كۆز بىلەن قەلبنىڭ ئارىسىدا بىر يول بار. ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىرى تۈزەلسە يەنە بىرى تۈزىلىدۇ. بىرى بۇزۇلسا يەنە بىرى بۇزۇلىدۇ. قاچانكى قەلب بۇزۇلسا نەزەر بۇزۇلىدۇ. قاچانكى نەزەر بۇزۇلسا قەلب

---

[364] سۈرە كەھف 28 ـ ئايەت

بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇ ئىككىسىنىڭ قايسى بىرى تۈزەلسە يەنە بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كۆز خارابلاشسا، بۇزۇلسا قەلب خارابلىشىدۇ ۋە بۇزۇلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا قەلب ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق قەلبلەر ئاللاھنى تونۇش، ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاش، ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىش ۋە ئاللاھقا قايتىشقا يارىمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى يۈز بېرىدۇ.

يۇقىرىدا بەچچىۋازلىق ۋە زىنا-پاھىشىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆزنى كونترول قىلىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە شۇنداق ئىللەتلەرگە مۇپتىلا بولغان كىشىلەرنىڭ بۇ ئىللەتلەردىن قۇتۇلۇش چارىسى توغرىسىدا توختىلىمىز.

بەچچىۋازلىق ۋە زىناخورلۇقتىن ساقلىنىشنىڭ ئىككىنچى يولى قەلبنى شۇ ئىللەتلەرنى ئويلاشقا پۇرسەت بەرمەيدىغان بىر نەرسىگە مەشغۇل قىلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دەھشەتلىك جازاسى ھەققىدە ئويلىنىش ياكى ئاللاھنىڭ بۈيۈك مۇكاپاتى توغرىسىدا ئويلىنىش ئارقىلىق قەلبنى مەشغۇل قىلغىلى بولىدۇ. قەلب ئۆزى كۆنۈپ قالغان نەرسىلەردىن پايدىلىقراق بىر نەرسىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈلگەندە ياكى ئۆزى كۆنۈپ قالغان نەرسىلەرنىڭ تولىمۇ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقىتتا ئۇ نەرسىلەرنى ئويلاشتىن ۋاز كېچىدۇ.

بۇنداق ھېس تۇيغۇلارغا كېلىش ئۈچۈن بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان ئىككى نەرسىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ساغلام ئاڭ

ساغلام ئاڭ ئارقىلىق سۆيۈملۈك ۋە نەپرەتلىك نەرسىلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى ۋە مەرتىۋىلىرىنى تۇرغۇزغىلى ۋە ئىككى سۆيۈملۈكنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكىنى ۋە ئىككى نەپرەتلىكنىڭ ئەڭ ئاددىيسىنى تاللىۋالغىلى بولىدۇ. مانا بۇ ئەقىلنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئەقىللىق ئادەملەر بۇنىڭغا زىت ئىش قىلمايدۇ.

ئۆتكۈر ئىرادە ۋە سەۋرچانلىق

ئۆتكۈر ئىرادە ۋە سەۋرچانلىق (چىدامچانلىق) ئارقىلىق ئەڭ سۆيۈملۈك ئىشلارغا قەدەم كەلتۈرگىلى ۋە ئەڭ نەپرەتلىك ئىشلاردىن يانغىلى بولىدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا كىشىلەر سۆيۈملۈك بىلەن ئەڭ سۆيۈملۈكنىڭ ۋە نەپرەتلىك بىلەن ئەڭ نەپرەتلىك نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. لېكىن ئىرادىسى ئاجىز، ھىممەتسىز كىشىلەر خەسىسلىكى ۋە ئاچكۆزلۈكى، روھىيىتىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ھىممەتسىزلىكىگە داۋا بولىدىغان نەرسىلەرنى پەرقلەندۈرۈپ بولالمايدۇ. بۇ خىلدىكى ئادەملەر ئۆزىمۇ پايدىغا ئېرىشەلمەيدۇ، باشقىلارغىمۇ پايدا بېرەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا پەقەت سەۋرچان (چىدامچان) ۋە جەزمىي ئىشەنچكە ۋە كەسكىن ئىرادىگە ئىگە كىشىلەرنىڭلا دىنى پېشىۋا بولۇشىغا يول قويىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن

توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق.»[365]

پەقەت سەۋرچان (چىدامچان)، جەزمىي ئىشەنچكە ۋە كەسكىن ئىرادىگە ئىگە كىشىلەرنىڭ بىلىمىدىن ئۆزىمۇ ۋە باشقىلارمۇ مەنپەئەتلىنەلەيدۇ. ئۇنداق سۈپەتكە ئىگە بولمىغان كىشىلەرنىڭ ئىلمىدىن نە ئۆزى، نە باشقىلار مەنپەئەتلىنەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن كىشىلەر ئۈچ تۈرلۈكتۇر.

بىلىمىدىن ئۆزى ۋە باشقىلار مەنپەئەتلىنىدىغانلار، بۇلار ئۆزىمۇ نۇر ئىچىدە ۋە باشقىلارمۇ نۇر ئىچىدە ماڭىدۇ.

بىلىمىدىن ئۆزى ۋە باشقىلار مەنپەئەتلەنمەيدىغانلار، بۇلار زۇلمەت ئىچىدە ماڭىدۇ، ئۇلارغا ئەگەشكەنلەرمۇ زۇلمەت ئىچىدە بولىدۇ.

بىلىمىدىن ئۆزىلا مەنپەئەتلىنىدىغانلار، بۇلار ئۆزىنىڭ نۇرىدا ئۆزىلا ماڭىدىغانلاردۇر.

[365] سۈرە سەجدە 24 ـ ئايەت

## ئۈچىنچى بۆلۈم

# ئىشىق ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەر

### 1. مەشۇقنى بىر بىلىش

بىز بۇ نى ياخشى چۈشەنگىنىمىزدە «قەلبتە بۈيۈك مەشۇق بىلەن چىرايغا ئاشىق بولۇشنىڭ مەڭگۈ جۇغلاشمايدىغانلىقىنى، بەلكى تېخى ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە تامامەن زىت ئىككى ئىش ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرى بىلەن تامامەن چىقىشالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.» كىمكى پۈتۈن مۇھەببىتىنى «بۈيۈك مەشۇق»قا مەركەزلەشتۈرسە، ئۇنىڭدىن باشقىلارغا مۇھەببەت باغلاشنىڭ باتىل ئىش ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنداق قىلغانلارنىڭ ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايدۇ. «بۈيۈك مەشۇق»قا مۇھەببەت باغلىغانلار باشقىلارنى ياخشى كۆرگەن بولسا، پەقەت بۈيۈك مەشۇقنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياكى «بۈيۈك مەشۇق»نى ياخشى كۆرۈشكە ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن ۋە ياكى «بۈيۈك مەشۇق»نى ياخشى كۆرۈشكە زىت كېلىدىغان نەرسىلەردىن قول ئۈزۈشكە ياردىمى بولىدىغانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ.

ھەقىقى مۇھەببەت مەشۇقنىڭ بىر بولۇشىنى ۋە مەشۇققا

باشقىلارنىڭ شېرىك بولۇۋالماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەقەللىيسى ئادىمىي مەشۇقلارمۇ ئۆز ئاشىقىنىڭ سۆيگۈدە باشقىلارنى ئورتاق قىلىۋېلىشىغا يول قويمايدىغان، كۈنداشلىق قىلىدىغان، ئۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىدىغان، ئۆز ۋەسلىدىن نېسىۋە بەرمەيدىغان ۋە ئۇنى مۇھەببەت دەۋاسىدا يالغانچى، ۋاپاسىز دەپ قارايدىغان ۋە ئۇ ۋاپاسىزنى ئۆزىنىڭ بارلىق مۇھەببىتىمنى بېرىشىمگە ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايدىغان تۇرسا، ئۇنداقتا پەقەتكىنە شۇنىڭغىلا مۇھەببەت باغلاشقا لايىق بولغان زاتقا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار؟! يەككە-يېگانە ئاللاھتىن باشقىغا مۇھەببەت باغلىغانلار قانداقسىگە ئازابلانمىسۇن، قانداقسىگە دەرت تارتمىسۇن؟! شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا مۇھەببەت ئىشىدا ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلارنى كەچۈرمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق گۇناھلارنى خالىسا كەچۈرىدۇ.

ھۆسن-جامالىغا مۇھەببەت باغلاش بەندىنى ئەڭ مەنپە-ئەتلىك مۇھەببەتتىن مەھرۇم قويىدۇ. بەلكى، پەقەتكىنە ئاللاھقىلا مۇھەببەت باغلاش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىسىز پايدا-مەنپەئەت بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرگە باغلىنىدىغان مۇھەببەتتىنمۇ مەھرۇم قويىدۇ.

ئۇنداقتا ئىنسان «بۇيۇك مەشۇق» قا مۇھەببەت باغلاش ۋە «چىرايىغا مۇھەببەت باغلاش» تىن ئىبارەت مەزكۇر ئىككى مۇھەببەتنىڭ بىرىنى تاللىۋالسۇن! شۈبھىسىزكى، بۇ ئىككى مۇھەببەت بىر قەلبتە تەڭلا مەۋجۇت بولمايدۇ ھەمدە تەڭلا

يوقالمايدۇ.

ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىدىن، زىكرىدىن ۋە ئاللاھقا ئۇچرىششقا ئىشتىياق باغلاشتىن يۈز ئۆرىگەن ئادەملەرنى ئاللاھ ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە مۇپتىلا قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ غەيرىگە مۇھەببەت باغلىغانلىقى ئۈچۈن دۇنيادا، قەبرىدە ۋە قىيامەتتە ئازابلىنىدۇ. ئىنسان بۇتلارغا مۇھەببەت باغلىغانلىقى ئۈچۈن ياكى يەھۇدىيلىق ۋە خىرىستىيانلىققا مۇھەببەت باغلىغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئەرلەرگە ۋە ياكى ئاياللارغا مۇھەببەت باغلىغانلىقى ئۈچۈن ياكى يىقىن-يورۇق، قەۋم-قېرىنداشلىرىغا مۇھەببەت باغلىغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ھەر خىل نەرسىلەرگە مۇھەببەت باغلىغانلىقى ئۈچۈن ئازابلىنىدۇ. ئىنساننىڭ «بۆيۈك مەشۇق»تىن باشقا ھەر قانداق نەرسىگە باغلىغان مۇھەببىتى ئۇنىڭغا ئەلەم ۋە خارلىق كەلتۈرىدۇ. دېمەككى، ئىنسان نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىنىڭ قۇلىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئىنسان ئۇ سۆيگۈنىڭ مەقتۇلى ئىرۇر،
دانالار لايىقنى تاللاپ دىل بېرۇر.

كىمكى ئۆزىنىڭ ئىلاھىنى ئۆزىگە ئىگە ۋە خوجا قىلمىسا، ھاۋايى-ھەۋەسلىرى ئۇنىڭغا ئىلاھ بولۇۋالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) ماڭا نەفسى خاھىشىنى ئىلاھ

قىلىشۋالغان، ئاللاھ ئازدۇرغان، (ھەقنى) بىلىپ تۇرغان، ئاللاھ قۇلىقىنى ۋە قەلبىنى پېچەتلىۋەتكەن ۋە كۆزىنى پەردىلىگەن ئادەمنى ئېيتىپ بەرگىن، ئاللاھ ئازدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم ھىدايەت قىلالايدۇ؟ سىلەر (بۇلاردىن) ۋەز-نەسىھەت ئالماسىلەر؟»[366]

## 2. بەندىچىلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى

ياخشى كۆرۈش - بوي سۇنۇش ۋە مەشۇقتا ئۆزىنى تۈۋەن تۇتۇش دېمەكتۇر. كىمكى مەشۇقنى ياخشى كۆرسە ۋە ئۇنىڭغا بوي سۇنسا، ئۇنىڭ قەلبى مەشۇقتا بەنت بولىدۇ. تېخى بەنتلىك سۆيگۈ مەرتىۋىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەرتىۋە «تەتەييۇم» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ياخشى كۆرۈش مەرتىۋىلىرىنىڭ بىرىنچى پەللىسى ئالاقە. بۇ، ئاشىقنى مەشۇقتا چاتىدىغان رىشتە.

ئىككىنچىسى پەللىسى تەلپۈنۈش. بۇ، قەلبنى مەشۇقتا تەلپۈندۈرىدىغان ۋە مەشۇق تەرەپكە مايىل قىلىدىغان پەللە بولغانلىقى ئۈچۈن تەلپۈنۈش پەللىسى دەپ ئاتالغان.

ئۈچىنچى پەللىسى رام بولۇش. بۇ، سۆيگۈنىڭ قەلبكە مۇقىملىشىش پەللىسى بولۇپ، بۇ پەللىگە يەتكەنلەرنىڭ قەلبىدىن سۆيگۈ ئايرىمايدۇ.

تۆتىنچى پەللىسى ئىشق. بۇ، سۆيگۈنىڭ چەكتىن ئاشقان

[366] سۈرە جاسىيە 23 ـ ئايەت

پەللىسىدۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئىشق سۆيگۈسى بىلەن سۆيۈلەنمەيدۇ ۋە ئاللاھقا قارىتا ئىشلىتىلمەيدۇ.

بەشىنچى پەللىسى ئىشتىياق. بۇ، قەلبنىڭ مەشۇق تەرىپىگە غايەت دەرىجىدە يۈزلىنىشىدۇر. شەۋق ئاللاھ تائالا توغرىسىدا ئىشلىتىلسە بولىدۇ. ئىمام ئەھمەد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: قەيس ئىبنى ئۇباد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جامائەتكە ئىمام بولۇپ، نامازنى بەك يېنىكلا ئوقۇدى، ئاندىن جامائەتنىڭ بۇنىڭغا نارازىلىقىنى بايقاپ:

- رۇكۇ ۋە سەجدىنى جايىدا قىلمىدىممۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، كىشىلەر:

- جايىدا قىلدىڭ، - دېدى، ئۇ:

- بىلىپ قېلىڭلاركى، مەن بۇ نامازدا شۇنداق بىر دۇئا قىلدىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ شۇ دۇئانى قىلاتتى، ئۇ: «اللَّهُمَّ بِعِلْمِكَ الْغَيْبَ وَقُدْرَتِكَ عَلَى الْخَلْقِ أَحْيِنِي مَا عَلِمْتَ الْحَيَاةَ خَيْرًا لِي وَتَوَفَّنِي إِذَا عَلِمْتَ الْوَفَاةَ خَيْرًا لِي وَأَسْأَلُكَ خَشْيَتَكَ فِي الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ وَكَلِمَةَ الْإِخْلَاصِ فِي الرِّضَا وَالْغَضَبِ وَأَسْأَلُكَ نَعِيمًا لَا يَنْفَدُ وَقُرَّةَ عَيْنٍ لَا تَنْقَطِعُ وَأَسْأَلُكَ الرِّضَاءَ بِالْقَضَاءِ وَبَرْدَ الْعَيْشِ بَعْدَ الْمَوْتِ وَلَذَّةَ النَّظَرِ إِلَى وَجْهِكَ وَالشَّوْقَ إِلَى لِقَائِكَ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ ضَرَّاءَ مُضِرَّةٍ وَفِتْنَةٍ مُضِلَّةٍ اللَّهُمَّ زَيِّنَّا بِزِينَةِ الْإِيمَانِ وَاجْعَلْنَا هُدَاةً مُهْتَدِينَ» «ئى ئاللاھ! غەيبنى بىلىدىغان ئىلمىڭنى، يارىتىشقا قادىر قۇدرىتىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ تۇرۇپ سەندىن سورايكى، ھاياتلىق مەن ئۈچۈن ياخشى بولسا، مېنى ياشاتقىن. ئەگەر مەن ئۈچۈن

ماماتلىق ياخشى بولسا، مېنى ۋاپات تاپقۇزغىن. ئى ئاللاھ! ماڭا كىشىلەر كۆرىدىغان، كۆرمەيدىغان ھەرقانداق جايدا سەندىن قورقۇشنى، خۇشاللىقتىمۇ، غەزەپلەنگەندىمۇ توغرا سۆزلەشنى ئاتا قىلغايسەن. ئى ئاللاھ! ماڭا تۈگىمەس نېئمەت، ئۈزۈلمەس خۇشاللىق ئاتا قىلغايسەن. ئى ئاللاھ! مېنى قازايى قەدەرگە رازى بولىدىغان بەندىلەردىن قىلغايسەن. ئى ئاللاھ! ئاخىرەتتىكى تۇرمۇشۇمنى باياشات قىلغايسەن، ماڭا جامالىڭغا قاراش ھۇزۇرىنى، سەن بىلەن ئۇچرىشىش ئىشتىياقىنى ئاتا قىلغايسەن. ئى ئاللاھ! مېنى ھەرقانداق زىيانلىق ئىشتىن ۋە ئازغۇنلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ھەرقانداق پىتنىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن. ئى ئاللاھ! ئىچىمىزنى ئىمان زىننىتى بىلەن زىننەتلىگەيسەن. ئى ئاللاھ! بىزنى توغرا يول ئۈستىدە قىلغايسەن، باشقىلارنىمۇ توغرا يولغا يېتەكلەشنى بىزگە نېسىپ قىلغايسەن)» دېگەن دۇئادۇر.»[367]

يەنە بىر ئەسەردە ئاللاھ تائالانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «ياخشىلار ئۇزاقتىن بېرى ماڭا ئۇچرىشىشنى ئىشتىياق قىلىپ كەلدى، مېنىڭمۇ ئۇلارغا ئۇچرىشىشقا بەك ئىشتىياقىم بار.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ مەزمۇندا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ.»[368]

[367] نەسەئىي ۋە ھاكىم رىۋايىتى. ئەلبانى (1237): سەھىھ، ـ دېگەن.
[368] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

بىر قىسىم ئارىفلار ئاللاھ تائالانىڭ «كىمكى ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن، (بىلسۇنكى) ئاللاھنىڭ (بۇنىڭغا بەلگىلىگەن) ۋاقتى چوقۇم يېتىپ كېلىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (بەندىلىرىنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.»[369] دېگەن ئايىتى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تائالا ۋەلىيلىرىنىڭ ئۆزىگە ئۇچرىشىش ئىشتىياقىنى بىلگەچكە ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئۇچراشمىغاندا ھىدايەتكە ئۇلىشالمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان ۋاقىت بەلگىلەپ بەردى. ئۇلار شۇ ئارقىلىق كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ. ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ شېرىن ھايات شەكسىزكى، بىر-بىرىگە ئىشتىياق باغلىغۇچىلارنىڭ ۋە ياخشى كۆرۈشكۈچىلەرنىڭ ھاياتىدۇر. مانا بۇ ھەقىقى ئېسىل ھاياتتۇر. ئۇنىڭدىن ياخشىراق، ھالاۋەتلىكراق ۋە ئۇنىڭدىن يېقىشلىقراق ھايات بولمىسا كېرەك!» ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەر-ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.»[370]

ياخشى ھايات دېگەنلىك ھەرگىزمۇ مۇئمىنلەر بىلەن كاپىرلار، ياخشىلار بىلەن يامانلار ئوخشاشلا بىشىدىن ئۆتكۈزىدىغان ياخشى يەپ، ياخشى ئىچىش ۋە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بەزىدە تېخى ئاللاھنىڭ ۋەلىيلىرى (دوستلىرى)دىن نەچچە ھەسسە

[369] سۈرە ئەنكەبۇت 5 - ئايەت
[370] سۈرە نەھل 97 - ئايەت

ياخشى ياشايدۇ. ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەت كەرىمدە ياخشى ئەمەل قىلدىغانلارنى «ئۇبدان ياشىتىدىغان»لىقىغا كاپالەت بەردى. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇركى، ئۇ ھېچقاچان ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ.

بارلىق غەم-قايغۇلىرى پەقەتلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا مەركەزلەشكەن، قەلبى پۈتۈنلەي ئاللاھقا يۈزلەنگەن، ئىرادە ۋە پىكىرلىرى پۈتۈنلەي ئاللاھقا قارىتىلغان، ئەس-ھوشى بۈيۈك مەھبۇبىسى بولغان ئاللاھقا مەركەزلەشكەن، مەھبۇبىسىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنى ئويلايدىغان، قەلبى ئۇنى ھېس قىلىدىغان؛ جىم تۇرسىمۇ شۇنى دەپ جىم تۇرىدىغان، سۆزلىسىمۇ شۇنى دەپ سۆزلەيدىغان، ئاڭلىسا، كۆرسە، تۇتسا، ماڭسا... ھەممىسىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدىغان، شۇنى دەپ ياشايدىغان ۋە ئۆلىدىغان ئادەمدىنمۇ ياخشىراق ياشىغان ئادەم بارمۇ؟!

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: كىمكى مېنىڭ دوستۇمنى دۈشمەن تۇتسا، مەن ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئېلان قىلىمەن. بەندەم ماڭا پەرزلەرنى قىلىشتىنمۇ ياخشىراق بىر ئىش بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ. نەپلە ئىبادەت بىلەنمۇ مەن ئۇنى دوست تۇتقانغا قەدەر داۋاملىق يېقىنلىشىدۇ. قاچانكى مەن ئۇنى دوست تۇتسام، مەن ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى، ماڭىدىغان پۇتى بولىمەن. مەندىن نېمىنى سورىسا، شۇنى بېرىمەن. ماڭا

سىغىنسا، ئۆز پاناھىمدا ساقلايمەن. مەن مۇئمىننىڭ جېنىنى ئېلىشتىن باشقا ھېچبىر ئىشتا ئىككىلىنىپ قالمايمەن. مۇئمىن بەندەم ئۆلۈمنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەن بولسام، ئۇنىڭ خاپا بولۇشىنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئەمما چوقۇم جانىنى بېرىش كېرەك.»[371]

مەزكۇر ھەدىس قۇدۇسىنىڭ مەنىسى ۋە مەقسىتىنى تەبىئىتى قوپال، قەلبى دۇغ ئادەملەر چۈشىنەلمەيدۇ.

دېمەك، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ئاللاھنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا نەپلى ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىششىتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسقا تايىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ پەرزلىرىنى ئادا قىلىش، ئۇنىڭدىن قالسا نەپلى ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىشنىڭ ئۆزىگە ئەڭ يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. ئاللاھنى ياخشى كۆرگۈچىلەر نەپلى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىدۇ-دە، ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلەيدۇ. بەندە ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولالىسا، ئۇنىڭ سۆيگۈسى بەندىدە بۇرۇنقى سۆيگۈدىنمۇ كۈچلۈك يەنە بىر سۆيگۈنى ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ سۆيگۈ شۇ بەندىنىڭ قەلبىنى ئاللاھ توغرىسىدا پىكىر قىلىش ۋە ئاللاھ توغرىسىدا ئويلىنىشتىن باشقىغا پۇرسەت بەرمەيدۇ. ئاللاھنىڭ سۆيگۈسى جايلاشقان قەلبتە باشقا نەرسىلەر سىغقۇدەك ئورۇن قالمايدۇ. ئاللاھنى ئەسلەش، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، ئاللاھنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، قەلبىنى ئاللاھقا ئېسىلدۇرۇش ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن

[371] بۇخارى رىۋايىتى

ۋۇجۇدىنى ئۆز ئىلكىگە ئالىدۇ.

شۇنىڭدا شەك يوقكى، ئاشىق مەشۇقىنىڭ قولىدا ئاگلايدىغان، مەشۇقىنىڭ كۆزىدە كۆرىدىغان، مەشۇقىنىڭ قولىدا تۇتىدىغان، مەشۇقىنىڭ پۇتىدا ماڭىدىغان بولۇپ كېتىدۇ. دېمەك، مەشۇق ئۇنىڭ قەلبىنىڭ قات-قېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ. مەشۇق ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى، بىردىنبىر ئۈلپىتى بولۇپ قالىدۇ.

بەندىلەرنىڭ بەندىلەرگە بولغان چىن مۇھەببىتىدىكى ئەھۋال مانا شۇنداق تۇرسا، ئاللاھقا ھەقىقى مۇھەببەت باغلىغان، ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن ۋە ئاللاھنىڭ سۆيگۈسىگە نائىل بولغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق بولار-ھە!

بىر شائىر مۇنداق دېگەنىكەن:

كۆزۈمدە سىمايىڭ، نامىڭ تىلىمدا،
نەدىسەن، ئىدىغۇ جايىڭ دىلىمدا؟
يەنە بىر شائىر مۇنداق دېگەنىكەن:
سېغىنىش ئىلكىگە ئالغاچقا مېنى.
كىمگىلا ئۇچرىشاي سورايمەن سېنى.
بولسمۇ ۋۇجۇدۇڭ مەن بىلەن بىللە،
كۆزلىرىم يەنىلا ئىزدەيدۇ سېنى.
كەتكەنسەن كۆزۈمگە شۇ قەدەر سىڭىپ،
كۆزۈمنىڭ قارىچۇقىدا قاتقانسەن ئەسلى.
قەلبىمدە بىر ساڭا ئوتلۇق ئىشتىياق،

ۋە لېكىن قەلبىمدۇر ۋۇجۇدۇڭ بېغى
يەنە بىر شائىر مۇنداق دېگەنىكەن:
يوق دېسەم بۇ قەلبىم ئىشەنمەيدۇ ھېچ،
چۈنكى سەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قېتىدا.
بار دېسەم كۆزلىرىم ئىنكار قىلىدۇ.
بىلمىدىم قايسى راست، قايسىدۇر ساختا.

ئاشىققا مەشۇقىدىنمۇ يېقىنراق بىرسى بولمايدۇ، تېخى ئاشىق مەشۇقىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشەلىسە، ئۇ چاغدا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ھەتتاكى، مەشۇققا ئۆزىدىنمۇ يېقىن بولۇپ كېتىدۇ. ئاشىق ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ، ئەمما مەشۇقىنى ئۇنتۇمايدۇ.

بۇ ھەقتە شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئۇنتۇشنى نەچچە رەت قىلدىم ئىرادە،
ۋە لېكىن بۇ ماڭا مۇمكىنسىز جانان.
ھەر جايدا كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇرغاچ،
قالدىمغۇ سېنىڭدىن كېچەلمەي ھامان.

مەزكۇر ھەدىس قۇدۇسىيدا كۆز، قۇلاق، قول ۋە پۇت ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدى. شۈبھىسىزكى بۇلار ھېس ۋە ھەرىكەت ئەزالىرىدۇر. كۆز ۋە قۇلاق قەلبتە ئىرادە ياكى بوشاڭلىق پەيدا قىلىدۇ ۋە قەلبكە مۇھەببەت ياكى نەپرەت ئۇرۇقى تىرىيدۇ.

قەلب يۇقىرىقى تۇيغۇلار بويىچە قول ۋە پۇتنى ئىشقا سالىدۇ. بىر بەندە ئاللاھ بىلەن كۆرسە، ئاللاھ بىلەن ئاڭلىسا... دېمەككى، ئۇلار ھېس ئەزالىرىدا ئاللاھنىڭ مۇھاپىزىتىگە ئېرىشىدۇ. سۆيگۈسى ۋە نەپرىتىدە ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە بولىدۇ. تۇتۇش ۋە مېڭىشلىرىدا ئاللاھنىڭ ھامىيلىقىدا بولىدۇ.

ئويلىنىپ باقايلى، مەزكۇر ھەدىس قۇدۇسىيدا كۆز، قۇلاق، قول ۋە پۇت سۆزلىنىپ، تىل ھەققىدە گەپ بولۇنمىدى. شۇبھىسىزكى، كۆرۈش ۋە ئاڭلاش بەزىدە ئىختىيارىي ياكى ئىختىيارسىز ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىشلاردۇر. قول ۋە پۇتنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ چوقۇم زۆرۈر ھەرىكەتلەردىندۇر. ئۇنداقتا تىلنىڭ ھەرىكىتىچۇ؟! تىل پەقەت مەقسەتلىك ھالدا ۋە ئىختىيارىي يوسۇندا ئىشلىتىلىدۇ. قەلب پەرمان چۈشۈرمىسە تىل ھەرىكەتكە ئۆتمەيدۇ.

تىل باشقا ئەزالارغا قارىغاندا قەلبنىڭ زەررىتىگە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. چۈنكى تىل قەلبنىڭ تەرجىمانى ۋە ئەلچىسىدۇر.

ئويلاپ باقايلى، ئاللاھ تائالا مەزكۇر ھەدىس قۇدۇسىيدا «مەن ئۇچۇن كۆرىدۇ، مەن ئۇچۇن ئاڭلايدۇ» دېمەستىن «مەن بىلەن كۆرىدۇ، مەن بىلەن ئاڭلايدۇ» دەۋاتىدۇ. بەزىلەر بۇ ئورۇندا «مەن بىلەن دېگەنگە قارىغا مەن ئۈچۈن دېيىش ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى. چۈنكى، بۇ ئىشلىرى ئاللاھ ئۈچۈن بولىدىغانلىقتىن ئىبارەت غايىگە بەكرەك ئۇيغۇن كېلەتتى» دەپ قارىشى مۇمكىن. ئېنىقكى بۇ توغرا بولمىغان قاراشتۇر. چۈنكى، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «بىرگىلىك»

ئىبارىسى نوقۇللا ياردەم تەلەپ قىلىش مەنىسىنى ئۇقتۇرمايدۇ. بەلكى «بىللەلىك ۋە ھەمراھلىق» مەنىسىنى ئۇقتۇرىدۇ. يەنى «ئۇ ئادەم مېنىڭ ھەمراھلىقىمدا كۆرىدۇ، مېنىڭ ھەمراھلىقىمدا ئاڭلايدۇ، مېنىڭ ھەمراھلىقىمدا تۇتىدۇ، مېنىڭ ھەمراھلىقىمدا ماڭىدۇ» دېگەن مەنىدە.

يەنە بىر ھەدىس قۇدۇسىيدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «بەندەم مېنى ئەسلەپ، نامىمنى زىكىر قىلىپلا تۇرسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە».[372]

مەزكۇر ھەدىسلەردە بايان قىلىنغان بىللىلىك «خۇسۇسىي شەكىلدىكى بىللىلىكتۇر». تۆۋەندىكى ئايەتلەردىكىمۇ ھەم شۇ مەنىدە كەلگەن:

«ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم قىلمىساڭلار (ئاللاھ ياردەم قىلىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار ئۇنى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. ئۇنىڭغا پەقەت بىر كىشى (يەنى ئەبۇبەكرى سىددىق) ھەمرا ئىدى. ئەينى زاماندا ئۇ ئىككىسى غاردا ئىدى. (رەسۇلۇللا) ھەمراھىغا: «غەم قىلمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بىز بىلەن بىللە» دەيتتى، ئاللاھ ئۇنىڭغا (يەنى پەيغەمبىرىگە) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا (پەرىشتىلەردىن بولغان) قوشۇنلار بىلەن مەدەت بەردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، كاپىرلارنىڭ سۆزىنى (يەنى شېرىك كەلىمىسىنى) پەس قىلدى، ئاللاھنىڭ سۆزى (يەنى كەلىمە تەۋھىد) ئۈستۈندۇر، ئاللاھ

[372] ئەھمەد رىۋايىتى

غالبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.»[373]

«بىز ئۇچۇن كۇرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، ئاللاھ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»[374]

«ئاللاھ ھەقىقەتەن تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار ۋە ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»[375]

«(پۈتۈن سۆز-ھەركەتلىرىڭلاردا) ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا، (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر.»[376]

«مۇسا ئېيتتى: «ئۇنداق بولمايدۇ (يەنى ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ)، پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەن بىلەن بىرگە، مېنى (قۇتۇلۇش يولىغا) باشلايدۇ».»[377]

«ئاللاھ ئېيتتى: «سىلەر قورقماڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللە (ئۇنىڭ سىلەرگە بەرگەن جاۋابىنى) ئاڭلاپ تۇرىمەن، (ئۇنىڭ سىلەرگە قىلىدىغانلىرىنى) كۆرۈپ تۇرىمەن.»[378]

[373] سۈرە تەۋبە 40 ـ ئايە ت
[374] سۈرە ئەنكەبۇت 69 ـ ئايەت
[375] سۈرە نەھل 128 ـ ئايەت
[376] سۈرە ئەنفال 46 ـ ئايەت
[377] سۈرە شۇئەرا 62 ـ ئايەت
[378] سۈرە تاھا 46 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئۇچىنچىسى بولغان ئىككەيلەندىن ئەنسىرەۋاتامسەن؟!».

مۇشۇ بايانلارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھنىڭ ھەمراھلىق ۋە بىرگىلىكى مەزمۇن قىلىنغان. بىر بەندە ئاللاھنىڭ ھەمراھلىقىغا، ئاللاھنىڭ بىرگىلىكىگە ئېرىشەلىسە، ئۇ چىن ئىخلاس، چىدامچانلىق (سەۋر) ۋە تەۋەككۇلچانلىققا ئېرىشەلەيدۇ.

قاچانكى بەندە ئاللاھنىڭ ھەمراھلىقىدا بولسا، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ئاسانلىققا، ئەنسىزچىلىكلىرى ئامانلىققا ئايلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ھەمراھلىقىلا بولىدىكەن يىراقلار يېقىن بولىدۇ. غەم-قايغۇ، دەرت-ئەلەملەر تۈگەيدۇ. ئاللاھ بىلەن بىرگە بولغانلاردا غەم بولامدۇ، قايغۇ بولامدۇ؟! بەندە شۇ دەرىجىگە كەلگەندە گوياكى ئۇ سۇسىز ياشىيالمايدىغان، سۇغا كىرسە قايتىدىن جانلىنىدىغان بېلىققا ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ.

پەرۋەردىگار بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا چىن سۆيگۈدە يۇقىرىقىدەك ئۇيغۇنلۇق ۋە ماسلىق مەۋجۇتلا بولىدىغان بولسا، بەندىنىڭ ھاجەتلىرى راۋا، كېسەللىرى داۋا تاپىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا بەندەم سورىسا بېرىمەن، پاناھلىق تەلەپ قىلسا پاناھ بولىمەن.» يەنى قاچانكى بەندە مېنىڭ ئىرادەمگە بوي سۇنۇپ، ئەمىر-پەرمانلىرىمنى بەجانىدىل ئورۇندىسا، مېنى ياخشى كۆرۈش ئارقىلىق ماڭا يېقىنلاشسا، مەنمۇ ئۇنىڭ قىزىقىدىغان ۋە قىزىقمايدىغان ئىشلىرىدا ئۇيغۇنلىشىمەن. ئۇ مەندىن نېمىنى سورىسا بېرىمەن، نېمىدىن

پاناھ تەلەپ قىلسا پاناھلىق بېرىمەن.

ئىككى تەرەپنىڭ بۇ ئۇيغۇنلۇقى شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ھەتتا پەرۋەردىگار شۇ بەندىسىنى قەبزى روھ قىلىشتا تەرەددۇتلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئۆلۈمنى ياقتۇرمايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە ئۇيغۇنلاشقان بەندىسى ياقتۇرمىغان ئىشلارنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇنداق بولغاچقا بۇ بەندە قەبزى روھ قىلىنماسلىقنى توغرا كېلىدۇ. بىراق قەبزى روھ قىلىنىش ئۇ بەندىگە نىسبەتەن ياخشىلىقتۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۇنى قەبزى روھ قىلىدۇ. بىراق ئۇ بەندىنى قەبزى روھ قىلىشى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ ياشىتىش ئۈچۈندۇر. ئۇ بەندىنى كېسەل قىلىشى ساقلىق ئۈچۈندۇر. نامرات قىلىشى بايلىقنى ئىرىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر. بەرمەسلىكى بېرىشى ئۈچۈندۇر. ئىنساننىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدا جەننەتتىن چىقىرىلىشى شۇ چاغدىكىدىنمۇ ياخشى بىر ھالەتتە جەننەتكە قايتىشى ئۈچۈن ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىن چىقىرىلىشى، ئۇ يەرگە قايتا كىرگۈزۈلۈشى ئۈچۈن ئىدى. مانا بۇلار... چىن مەنىدىكى سۆيگۈدۇر. بەلكى ئىنساننىڭ ھەر بىر مويى مىقدارىدا بىر ئىلاھىي سۆيگۈ بولسا، تېخى ئۇ ئاز كېلىپ قالغان بولاتتى.

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

قەلبىڭنى بەر پەقەت تۇنجى سۆيگەنگە،
تۇنجىسى ھەقىقى سۆيگۈدۇر ھاي ـ ھاي.

يېگىتلەر ھەر جايغا كۆڭۈل قالسمۇ،
كەتمەيدۇ دىلىدىن پەقەت كونا جاي.

## 3. سۆيگۈ مەرتىۋىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى چوقۇنۇشتۇر

چوقۇنۇش سۆيگۈ مەرتىۋىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. ئۇ سۆيگۈچىنىڭ سۆيگىنىگە چوقۇنۇشىدۇر. چوقۇنۇش دېگىنىمىز سۆيگۈچىنىڭ سۆيگىنىگە تامامەن بوي سۇنۇشى ۋە سۆيگىنى ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇشىدۇر. دېمەك، چوقۇنغۇچى (يەنى بەندە) سۆيگۈ بويسۇندۇرغان ۋە ئۆزىنىڭ سۆيگىنىگە پۈتۈنلەي باش ئەگكەن كىشىدۇر. شۇڭلاشقا بەندىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ۋە ئەڭ ئۇلۇغ ھالىتى ۋە ماقامى ئاللاھقا قىلىنغان بەندىچىلىكتۇر. بەندىگە ئاللاھقا پۈتۈنلەي ئۆزىنى تاپشۇرۇشتىنمۇ ئارتۇق ماقام بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت ئۆزى ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زاتنى دەۋەتچىلىك، پەيغەمبەرلىك، مىراجغا چىقىرىلىش قاتارلىق ئەڭ شەرەپلىك ماقام ۋە مەرتىۋىلىرى بىلەن تىلغا ئالغاندىمۇ يەنە ئۇنى بەندە دەپ ئاتىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بەندىسى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا تۇرغاندا، (قۇرئان تىڭشاش ئۈچۈن) جىنلار (ئۇلىشىپ) ئۇنى بېسىۋېلىشقا

تـاس قالـدۇ.»[379]

«بەندىمىـز (مۇھەممەد)گـە بىـز نازىـل قىلغـان قۇرئاندىـن شەكلەنسـەڭلار، قۇرئانغـا ئوخشـاش بىـرەر سـۈرىنى مەيدانغـا چىقىرىـپ بېقىـڭلار (قۇرئانغا تەئـەررۇز قىلىشتا) ئاللاھتىـن باشقا ياردەمچىڭلارنىـڭ ھەممىسـىنى (ياردەمگـە) چاقىرىـڭلار، (قۇرئـان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار.»[380]

«ئاللاھ (بارچـە نۇقسـاندىن) پاكتـۇر، ئـۇ (مۇھەممـەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىـڭ دەلىللىرىنى كۆرسـىتىش ئۈچۈن، بەندىسـىنى (يەنـى مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنى) بىـر كېچىـدە مەسـجىدى ھەرامدىـن ئەتراپىنـى بەرىكەتلىـك قىلغـان مەسـجىدى ئەقساغا ئېلىـپ كەلـدى. ھەقىقەتـەن ئاللاھ ھەممىنـى ئـاڭلاپ تۇرغۇچـىدۇر.»[381]

شـاپائەت توغرىسـىدىكى ھەدىسـتىمۇ پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام بەنـدە دېگـەن نـام بىلـەن تىلغـا ئېلىنىـدۇ: «سـىلەر مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ ئالدىغـا بېرىـڭلار، ئـۇ ئاللاھ ئىلگـىرى ۋە كېيىنكـى گۇناھلىرىنـى كەچـۈرۈم قىلغـان بەنـدە». دېمـەك، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىـڭ بەندىلىـك مۇكەممەللىكىـدە ۋە ئاللاھنىـڭ مەغپىرىتىگـە ئېرىشكەنلىك كامالىتىدە تۇرۇپ شـاپائەت قىلىـش ماقامىغـا ئېرىشـەلىدى. ئاللاھ تائـالا پۈتـۈن مەخلۇقاتلارنى شـېرىك كەلتۈرمەسـتىن يەقـەت ئۆزىگىلا ئىبـادەت قىلىـش ئۈچـۈن ياراتتـى. مانـا بـۇ، تولـۇق بـوي سـۇنۇش ۋە ئۆزىنـى

[379] سۈرە جىن 19 ـ ئايەت
[380] سۈرە بەقەرە 23 ـ ئايەت
[381] سۈرە ئىسرا 1 ـ ئايەت

تاپشۇرۇش بىلەن بىللە ئەڭ مۇكەممەل مۇھەببەتتۇر. مانا بۇ. ئىسلامنىڭ ماھىيىتى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنىڭ ماھىيىتىدۇر. كىمكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈسە، ئەقىلسىزلىق قىلغان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى. ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى. يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى.»[382] شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئەڭ ئېغىر گۇناھ، دەپ قارىلىدۇ.

[382] سۈرە بەقەرە 130 - ئايەتتىن 133 - ئايەتكىچە

### ئاللاھقا مۇھەببەتتە شېرىك كەلتۈرۈش

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ماھىيەت جەھەتتىن قەلبىي ئېتىقادىدا، ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسىگە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋېلىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى).»[383]

مەزكۇر ئايەتتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەرنىڭ ئۆزى كەلتۈرگەن شېرىكلىرىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە شۇنىڭدەك ھەقىقىي مۇئمىنلارنىڭ ئاللاھقا بولغان سۆيگۈسى مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرىگە بولغان مۇھەببىتىدىن كۈچلۈك بولىدىغانلىقى خەۋەر قىلىنىدۇ.

دېمەك، ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھنى غايەت دەرىجىدە ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھنى ياخشى كۆرگەنلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، باشقا نەرسىلەرنى ئىلاھىي سۆيگۈگە شېرىك قىلىۋالسا، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ئاجىزلىشىپ

[383] سۈرە بەقەرە 165 ـ بەت

كېتىدۇ. مۇۋەھھىدلەر ئاللاھقا خالىس مۇھەببەت باغلىغان بولغاچقا، بۇلارنىڭ مۇھەببىتى ئاللاھقا باشقا نەرسىلەرنى شېرىك كەلتۈرگەنلەرنىڭ شېرىكىگە بولغان مۇھەببىتىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈكتۇر.

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن ئىلاھىي سۆيگۈسىنىڭ خالىس بولۇشىنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، بەندىلەرنىڭ ئاللاھتىن باشقىلارنى خوجا قىلىشىلىشى، شاپائەتچى دەپ قارىشىلىشى ۋە ئاللاھتىن باشقا دوست تۇتۇشىلىشىنى قەتئىي ئىنكار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھتۇر، ئۇ ئاسمانلارنى، زېمىننى ئالتە كۈندە ياراتتى. ئاندىن ئەرش ئۈستىدە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە قارار ئالدى. ئاللاھ خالايىقنىڭ ئىشلىرىنى (ئۆز ھېكمىتىگە مۇۋاپىق) ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ھەر قانداق شاپائەت قىلغۇچى ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ ئىزنىنى ئالىدۇ. ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، ۋەز-نەسىھەت ئالامسىلەر؟.»[384]

«ئاللاھ ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى، ئاندىن ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى. سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ئىگە يوق، شاپائەت قىلغۇچىمۇ يوق، (بۇنى) پىكىر قىلىپ (ئىمان ئېيتامسىلەر؟).»[385]

[384] سۈرە يۇنۇس 3 ـ ئايەت
[385] سۈرە سەجدە 4 ـ ئايەت

«پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىغا يىغىلىشتىن قورقىدىغانلارنىڭ (كۇفرىدىن، گۇناھتىن) ساقلىنىشلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنى قۇرئان بىلەن ئاگاھلاندۇرغىن، ئۇلارغا ئاللاھتىن غەيرىي دوست ۋە شاپائەت قىلغۇچى يوقتۇر.»[386]

«(ئۇلار پىكىر يۈرگۈزمىدى) بەلكى ئاللاھنى قويۇپ، (بۇتلاردىن) شاپائەتچىلەرنى تۇتتى. ئېيتقىنكى، «ئۇلار (يەنى شاپائەتچى قىلىنغان بۇتلار) ھېچ نەرسىگە قادىر بولالمايدىغان ۋە (ھېچ نەرسىنى) سەزمەيدىغان تۇرسىمۇ (ئۇلارنى شاپائەتچى تۇتامدۇ؟). شاپائەتنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر (ھېچ ئادەم ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز شاپائەت قىلالمايدۇ)، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئاندىن سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.»[387]

«ئۇلارنى ئالدىدا جەھەننەم (كۈتۈپ تۇرىدۇ)، ئۇلارنىڭ ئېرىشكەن نەرسىلىرى (يەنى دۇنيادا تاپقان ماللىرى ۋە بالىلىرى) ۋە ئاللاھنى قويۇپ دوست تۇتقان نەرسىلىرى (يەنى بۇتلىرى) ئۇلارغا ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ، ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»[388]

بەندە پەقەت پەرۋەردىگارىنىلا دوست تۇتسا، پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا شاپائەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن باشقا مۇئمىن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا دوستلۇق رىشتىسى پەيدا قىلىدۇ-دە، ئۇلار ئاللاھ يولىدىكى دوستلارغا ئايلىنىدۇ.

[386] سۈرە ئەنئام 51 ـ ئايەت
[387] سۈرە زۇمەر 43 ـ 44 ـ ئايەتلەر
[388] سۈرە جاسىيە 10 ـ ئايەت

ئاللاھتىن باشقىلارنى دوست تۇتقۇچىلار بۇنىڭغا ئوخشمايدۇ. ئاللاھنى دوست تۇتقۇچى ۋە ئاللاھ يولىدا دوستلاشقۇچىلار بىلەن بەندىنى دوست تۇتقۇچىلار ۋە مەلۇم مەقسەت ۋە غەرەزلەردە دوستلاشقۇچىلار ئوخشىمايدىغان ئىككى تىپتۇر.

باتىل ۋە شېرىك شاپائەت بىلەن ساپ تەۋھىد بىلەنلا ئېرىشكىلى بولىدىغان چىن مەنىدىكى ھەقىقى شاپائەت ئىككىسى تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى نەرسىدۇر. مانا بۇ، مۇۋەھھىدلەر بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى پەرقلىق نۇقتا. ئاللاھ تائالا خالىغان بەندىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ.

خۇلاسىكالام، شۈبھىسىزكى، ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاشنىڭ ئەكسىچە ئاللاھقا مۇھەببەتتە باشقا نەرسىلەرنى شېرىك كەلتۈرۈۋالغانلار چىن مەنىدىكى بەندىچىلىك قىلغان بولمايدۇ. ئاللاھقا ھەقىقى مۇھەببەت باغلاش بەندىچىلىكنىڭ شەرتلىرى ۋە زۆرۈرىيەتلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببەت باغلاش، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەتنى ئۆزىنىڭ، ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇش ئارقىلىقلا ئاللاھقا چىن مەنىدە مۇھەببەت باغلاش مۇكەممەللىشىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشنىڭ جۈملىسىدىندۇر. شۇنداق بولغانىكەن پەقەت ئاللاھ يولىدا ۋە ئاللاھ ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەنلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «تۆۋەندىكى ئۈچ خىسلەتنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرگەن

كىشى ئىمانىنىڭ لەززىتىنى تېتىيدۇ: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈش، باشقىلارنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا دوست تۇتۇش ۋە ئاللاھ ئۇنى كۇپۇرلۇقتىن قۇتقۇزغاندىن كېيىن، كۇپۇرلۇققا قايتىشنى خۇددى ئوتقا تاشلىنىشنى يامان كۆرگەندەك يامان كۆرۈش.»[389]

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى ئادەم ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈشكەن بولسا، ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببەتتە ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى ئەۋزەل ھېسابلىنىدۇ.»[390]

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرسە ۋە ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرسە، ئاللاھ ئۈچۈن بەرسە ۋە ئاللاھ ئۈچۈن چەكلىسە، ئىمانى مۇكەممەل بولىدۇ.»[391]

شۈبھىسىزكى، مەزكۇر ھەدىسلەردە تىلغا ئېلىنغان ياخشى كۆرۈشلەر ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشنىڭ زۆرۈرىيەتلىرىدىندۇر. مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈكلىكى شۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈكلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

## 4. مۇھەببەت (ياخشى كۆرۈش)نىڭ تۈرلىرى

ياخشى كۆرۈش تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئارىسىنى

[389] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[390] ھاكىم رىۋايىتى، ئەلبانى سەھىھ دېگەن
[391] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى

تەپسىلىي پەرقلەندۈرۈۋېلىش ئىنتايىن مۇھىم. بۇلارنى توغرا پەرقلەندۈرمىگەندە ئاسانلا خاتالىقلارغا يول قويۇلۇپ قالىدۇ.

ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش.

ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشلا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇكاپاتىغا ئېرىشىشكە كۇپايە قىلمايدۇ. مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىي، خرىستىئانلارمۇ ئاللاھنى ياخشى كۆرىدۇ.

ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈش.

بۇ خىلدىكى ياخشى كۆرۈش ئىنساننى كاپىرلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىسلامغا ئېلىپ كىرىدۇ. بۇ خىلدىكى ياخشى كۆرۈشنى توغرا ئۇسۇلدا ھەل قىلالىغان ۋە ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىپادىلىيەلىگەنلەر ئاللاھنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈشكە سازاۋەر بولالايدۇ.

ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئاللاھ يولىدا ياخشى كۆرۈش.

بۇ خىلدىكى ياخشى كۆرۈش ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىندۇر. ئاللاھ يولىدا ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش باسقۇچىنى تاماملىمىغۇچە، ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈش باسقۇچى مۇكەممەل ئادا تاپمايدۇ.

ياخشى كۆرۈشتە باشقا نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىش.

بۇ خىلدىكى ياخشى كۆرۈش مۇشرىكلارچە ياخشى كۆرۈشتۇر. ھەر قانداق نەرسىنى ئاللاھ ئۈچۈن ياكى ئاللاھ يولىدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ بىلەن قوشۇپ ياخشى كۆرگەنلەر،

چوقۇمكى ياخشى كۆرۈشتە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلەردۇر. مانا بۇ مۇشرىكلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىدۇر.

بۇ يەردە بەشىنچى بىر خىل ياخشى كۆرۈشمۇ بار. بىز بۇ ھەقتە ئارتۇق توختالمىساقمۇ بولىدۇ. بۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ياخشى كۆرۈشىدۇر. مەسىلەن: ئاچ ئادەمنىڭ تاماقنى ياخشى كۆرۈشى، ئۇسسۇزنىڭ سۇنى ياخشى كۆرۈشى، ئۇيقۇنى ياخشى كۆرۈش، خوتۇننى ياخشى كۆرۈش ۋە بالىنى ياخشى كۆرۈش... قاتارلىقلار. بۇ شەكىلدىكى ياخشى كۆرۈشلەر ئاللاھنى ئەسلەشكە، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشكە توسالغۇ بولۇپلا قالمىسا، يوللۇق ياخشى كۆرۈش ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت-ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.»[392]

«ئۇلار شۇنداق ئەرلەركى، سودا-سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكرى قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ، ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن قورقىدۇ).»[393]

## 5. مۇھەببەتنىڭ كامالىتى

مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ ئاخىرقى پەللىسى

[392] سۈرە مۇنافىقۇن 9 - ئايەت
[393] سۈرە نۇر 9 - ئايەت

قەدىناسلىقتۇر. قەدىناسلارنىڭ قەلبىدە ئۆزىنىڭ قەدىناسىدىن باشقىسى سىغقۇدەك ئورۇن قالمىغان بولىدۇ. قەدىناسلىق ئاللىقانداق ئورتاقلىق ۋە شېرىكلىكنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ مەرتىۋە پەقەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىلا نېسىپ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى قەدىناس دوست تۇتقاندەكلا مېنىمۇ قەدىناس دوست تۇتتى.»[394]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا مەن زېمىندىكىلەردىن بىرەر قەدىناس تۇتىدىغان بولسام ئىدىم، ئەلۋەتتە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قەدىناس تۇتقان بولاتتىم. لېكىن پەيغەمبىرىڭلار ئاللاھنىڭ قەدىناسىدۇر.»[395]

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن ھەرقانداق قەدىناسلارنىڭ قەدىناسلىقىدىن ئادا ـ جۇدامەن.»

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھتىن پەرزەنت سورىغان ئىدى، ئۇنىڭغا پەرزەنت ئاتا قىلدى. بالىنىڭ سۆيگۈسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە كىرىۋالدى ۋە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئىگەللىۋالدى. ئاللاھ تائالا قەدىناسىنىڭ قەلبىدە باشقىلارغا ئورۇن بېرىلىشىگە كۈنداشلىق قىلدى ـ دە، ئۇنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇدى. ئاللاھ بۇيرۇقنى چۈش ئارقىلىق بەرگەن ئىدى. بۇنداق قىلىشمۇ بۇيرۇقنى ئادا قىلىش ۋە قىلماسلىقنى

[394] ئىبنى ماجە رىۋايىتى
[395] بۇخارى رىۋايىتى

يۇقىرى چەكتە سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. ئاللاھنىڭ بالىنى بوغۇزلاش پەرمانى چۈشۈرۈشتىكى مەقسىتى بالىنى بوغۇزلاتقۇزۇش ئەمەس، بەلكى قەدىناسىنىڭ سۆيگۈسىنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خالىس بولۇشى ئۈچۈن، قەدىناسىنىڭ قەلبىدىكى بالىنىڭ مۇھەببىتىنى بوغۇزلاتقۇزۇش ئىدى. ئاللاھنىڭ قەدىناسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ناھايىتى تېزلا ئاللاھنىڭ پەرمانىنى ئادا قىلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى بالىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئالدىغا قويدى. بۇ يەردە مەقسەت ھاسىل بولدى-دە، ئاللاھ ئۇ ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇنىڭ ئورنىغا بۈيۈك بىر قۇربانلىقنى پىدىيە قىلىپ بەردى. ئاللاھ تائالا بىرەر ئىشقا بۇيرۇپ، ئاندىن ئۇنى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ساقلاپ قالىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئورۇنباسارىنى ساقلاپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئۆلۈم جازاسى ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ھۆكۈملەر مۇئەييەن شارائىتتا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭ ئورنىدا پىدىيە توغرىسىدىكى ھۆكۈملەرنى قالدۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پاراڭلىشىشتىن بۇرۇن سەدىقە قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېدى، ئۇنى مۇستەھەب دەرىجىدە ساقلاپ قالدى. يەنە شۇنىڭدەك ئەللىك ۋاقىت نامازنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېدى، بەش ۋاقىت نامازنى ساقلاپ قالدى ۋە بۇنىڭغا ئەللىك ۋاقىت نامازنىڭ ساۋابىنى بېرىمەن دېدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: «مېنىڭ سۆزلىرىم ئۆزگەرتىلمەيدۇ، ناماز ئەمەلدە بەش ۋاقىت بولسىمۇ، ئەللىك ۋاقىتنىڭ ئەجرىنى بېرىمەن.»

## 6. ياخشى كۆرۈش (دوستلۇق) ۋە قەدىناسلىق

بەزى كىشىلەر «ياخشى كۆرۈش (دوستلۇق) قەدىناسلىقتىن مۇكەممەلرەك» دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ قارىشىغا دەلىل كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ قەدىناسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ دوستى». بۇ، تولىمۇ نادانلارچە ئېيتىلغان، ناھايىتى خاتا سۆزدۇر. شۈبھىسىزكى، دوستلۇق ئۇنىۋېرسال ئۇقۇم، قەدىناسلىق خاس ئۇقۇم. قەدىناسلىق دوستلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ مېنى گويا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى قەدىناس تۇتقاندەك قەدىناس تۇتتى» دەپ خەۋەر بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارىدىن باشقا قەدىناسىنىڭ يوقلىقىنى تەكىتلىگەنىدى. شۇنداقلا يەنە ئۆزىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ.»[396]

«ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ.»[397]

«ئاللاھ ياخشىلىق قىلغانلارنى دوست تۇتىدۇ.»[398]

[396] سۈرە بەقەرە 222 ـ ئايەت
[397] سۈرە ئال ئىمران 146 ـ ئايەت
[398] سۈرە ئال ئىمران 148 ـ ئايەت

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ.»[399]

مەزكۇر ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغانلاردەك ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا مۇشەررەپ بولىدىغانلار خىلى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ قەدىناسى بولالايدىغانلار پەقەت ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملاردۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك «دوستلۇق قەدىناسلىقتىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ قارىغۇچىلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھەققىدە جىق نەرسە بىلمەيدىغان، كالتا پەم، چۈشەنچىسى تۆۋەن ئادەملەردۇر.

## 7. ھەر قانداق يامانلىقنىڭ مەنبەسى كالتە پەملىك ۋە روھىي ئاجىزلىقتۇر

ئىلگىرىكى لاردا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، ئىنسان غايەت دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغان بىر نەرسىنى تاپمىغىچە ئۆزى ياخشى كۆرۈپ كەلگەن ۋە كۆڭلى تارتىپ كەلگەن نەرسىلەردىن ۋاز كەچمەيدۇ. شۇنداقلا غايەت دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغان بىر نەرسىگە ئېرىششتە ئۆزى يامان كۆرىدىغان بىر ئىشنى قىلىشقا توغرا كېلىپ قالمىسا ياكى ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان بىر ئىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆزى يامان كۆرىدىغان بىر ئىشنى قىلىشقا توغرا كېلىپ قالمىسىلا، ئۆزى يامان كۆرىدىغان ئىشقا قەدەم كەلتۈرمەيدۇ.

ئىلگىرىكى لاردا ئىنسان دۇچ كەلگەن ئىككى ئىشتىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللاش ۋە ئىككى يامانلىقنىڭ ئەڭ يەڭگىلىنى

---

[399] سۈرە مائىدە 42 ـ ئايەت

تالـلاش پەقـەت ئەقلىنىـڭ ئالاھىدىلىكـى ئىكەنلىكـى ھەققـىدە توختىلىــپ ئۆتكــەن ۋە بــۇ ئالاھىدىلىكنــى شــۇ ئىنســانىدىكى «مۇھەببــەت ۋە نەپــرەت تۇيغۇســىنىڭ مۇكەممەلــىك ئىپادىســى» دېگــەن ئىــدۇق.

دەرۋەقــە مۇھەببــەت ۋە نەپرەتتىكــى مۇكەممەللىــك ئىدراكــى قــۇۋۋەت ۋە قەلبــي جاسارەتتىن ئىبارەت ئىككى كۈچ ئارقىلىقلا ۋايىغا يېتىــدۇ. مۇھەببــەت ۋە نەپرىتــى ئېنىــق بولماســلىق ياكــى بۇلارنــى قالايمىقان ئىشلىتىش بىــر بولسا شــۇ ئادەمنىــڭ مۇھەببــەت ۋە نەپــرەت مەرتىۋىلىرىنــى ئايرىيالمىغۇدەك دەرىجىــدە ئىدراكســىزلىقىدىن ياكــى ياخشــى نەرســىلەرنىڭ ياخشــىلىقىنى بىلگــۈدەك بىلىمنــى قوبــۇل قىلىدىغــان كۈچلــۈك قەلبىنــىڭ بولماســلىقىدىن دېــرەك بېرىــدۇ. ئىدراكى جايىــدا، روھىي كۈچلۈك ۋە قەلبىــدە مۇھەببــەت ـ نەپــرەت تۇيغۇســى ئېنىــق بولغانــلار چوقۇمكــى بەخت ـ ســائادەتكە مۇيەسســەر بولىــدۇ.

ئىنســانلار ئىچىــدە شــەھۋەت كۈچــى ئەقلــي ۋە ئىمانــي كۈچىدىــن غالىــپ كىشــلەرمۇ بــار. ئەلۋەتتــە كۈچلــۈك ئاجىزدىــن غالىــپ كېلىــدۇ.

يەنــە شــۇنىڭدەك ئىمانــي ۋە ئەقلــي كۈچــى شــەھۋەت كۈچىدىــن غالىــپ كىشــلەرمۇ بــار. بىمــار دوختــۇر زىيانلىــق دەپ چەكلىگــەن نەرســىلەرنى نەپســىنىڭ كەينىگــە كىرىــپ، ئىشتىھاسى ئەقلىنىــڭ ئالدىغا ئۆتــۈپ كېتىــپ، ئىســتېمال قىلىــپ قالغــان بولســا، دوختــۇر ئۇنــداق ئادەملەرنــى «ئۆزىگــە كۆڭــۈل بۆلمەيدىغــان نــادان» ئــادەم دەپ قارايــدۇ. شــۇنىڭدەك قەلبىــدە

كېسەل بار نۇرغۇن كىشىلەر شەھۋىتىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالىدۇ.

بارلىق يامانلىقلارنىڭ يىلتىزى ئىدراكىي ئاجىزلىق، روھىي ناقىسلىق ۋە پەسكەشلىكتۇر. بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ يىلتىزى ئىدراكىي كامالەت، روھىي قۇۋۋەت ۋە ئۈستۈن تەبىئەتتۇر. مۇھەببەت ۋە ئىرادە ھەر قانداق پائالىيەتنىڭ يىلتىزى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. نەپرەت ۋە يامان كۆرۈش ھەر قانداق تۈرگۈنلۈك ۋە ھەرىكەتسىزلىكنىڭ مەنبەسىدۇر. قەلبتىكى بۇ ئىككى كۈچ بەندىنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىزلىكىنىڭ ئاساسىدۇر.

بىر پائالىيەتنىڭ ئىختىيارىي شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇھەببەت ۋە ئىرادىنىڭ بولۇشىغا باغلىقتۇر.

## 8. ئەڭ ياخشىنى تاللاش

ئىنسان بىر ئىشنى ئىختىيارى ھالدا قىلىش ۋە قىلماسلىقنى ئۇ ئىشتا ئۆزىگە ھوزۇر بېرىدىغان بىرەر مەنپەئەتنىڭ بارلىقىغا ياكى ئۇ ئىشنى قىلماسلىق ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەلەملىرىگە شىپا تاپالايدىغانلىقىغا ئىشەنگەندىلا ئاندىن تاللايدۇ. بۇ نۇقتىدا بارلىق ئاقىللار ھەتتا ھايۋانلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. لېكىن كۆپىنچە كىشىلەر ئەجەللىك خاتالىقلارغا يول قويىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئېغىر ئازاب كەلتۈرىدىغان نەرسىلەر ئارقىلىق لەززەتكە ئېرىشمەكچى بولىدۇ. لەززەتكە ئېرىشىش ئىستىكىدە بولۇپ ئۆزىنى ئازابلىۋالىدۇ. ئۆزىگە ئېغىر كېسەللىكلەرنى

ئېلىپ كېلىدىغان نەرسىلەرنى شىپا دەپ قارىۋالىدۇ. مانا بۇ، چولتا نەزەرلىك ۋە بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىشىدۇر. ئەقلىنىڭ ئالاھىدىلىكى دەل ئاقىۋەتنى ئويلاشتۇر. ئەڭ ئەقىللىق ئادەم مەڭگۈلۈك راھەت-پاراغەتنى ئۆتكۈنچى نەق راھەت-پاراغەتلەرنىڭ ئۈستىدە قويالايدۇ. ئەڭ ھاماقەت ئادەم مەڭگۈلۈك جەننەتنى ۋە دائىملىق ھوزۇر-ھالاۋەتنى قولدىن بېرىپ، دەرت-ئەلەم ۋە خەۋپسىرەشلەرگە جۈر بولغان ئۆتكۈنچى لەززەتلەرنى تاللىۋالىدۇ.

بەزى ئۆلىمالار مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئادەملەر توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزدۈم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرخىل يوللار ئارقىلىق پەقەت بىرلا نىشان ئۇچۇن تىرىشىدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەم-قايغۇلىرىدىن قۇتۇلماقچى ئىكەن. بۇ نىشانغا بەزىلىرى يىمەك-ئىچمەك بىلەن، بەزىلىرى تىجارەت ۋە كەسىپ-ھۆنەرلەر بىلەن، بەزىلىرى ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتلەر بىلەن، بەزىلىرى ناخشا-مۇزىكىلارنى ئاڭلاش بىلەن، بەزىلىرى ئويۇن-تاماشا بىلەن يەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. مەن دەيمەنكى، بۇلار ناھايىتى يېقىشلىق بىر ئىش، لېكىن مەزكۇر يوللارنىڭ ھېچبىرى نىشانغا يەتكۈزەلمەيدۇ. بەلكى، كۆپىنچىسى دەل ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىدۇ. مەن مەزكۇر نىشانغا يېتىشتە ئاللاھقا يۈزلىنىش ۋە ئاللاھ بىلەنلا مۇئامىلە قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويۇشتىن باشقا يول بار دەپ قارىمايمەن.

مەزكۇر يولدا ماڭغۇچىلار ناۋادا بۇ دۇنيالىق نېسىۋىلەردىن

مەھـرۇم بولغـان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئـۇلار ئاخىرەتتە يوقالمايدىغان بۈيـۈك نېمـەتلەرگە ئېرىشـىدۇ. نـاۋادا بەنـدە مەزكـۇر يولغـا مۇيەسسـەر بولالىسا دۇنيادىكى بارلـىق نەرسـىلەرگە ئېرىشـكەن بولـىدۇ. نـاۋادا مەھـرۇم بولسا ھەممە نەرسـىدىن مەھـرۇم قالـىدۇ. نـاۋادا مەزكـۇر يولـدا مېڭـىپ بـۇ دۇنيادىكـى نېمەتلەرگىمۇ ئېرىشەلىگەن بولسا، بۇ تولىمۇ قالتىس ئىش بولغان بولىدۇ. ئىشقىلىپ ئىنسانغا بۇ يولدىن پايدىلىق يول يوق. بۇ يولنىڭ لەززىتىگـە، بـۇ يولنـىڭ خۇشـاللىقىغا، بـۇ يولنـىڭ سـائادىتىگە يېتىدىغـان يـول يـوق. (ئالـلاھ ھەممىمىزنـى ئەنـە شـۇ يولغـا مۇۋەپپـەق قىلغـاي)

## 9. يـاخشى كۆرۈشنـىڭ تۈرلـىرى

ياخشـى كـۆرۈش ۋاستىسـىز ياخشـى كـۆرۈش ۋە ۋاسـىتىلىق ياخشـى كـۆرۈش دەپ ئىككـى تۈرلـۈك بولـىدۇ. ۋاسـىتىلىق ياخشـى كـۆرۈش چوقـۇم ۋاستىسـىز ياخشـى كۆرۈشكە تۇتاشـقان بولـىدۇ. نـاۋادا ۋاسـىتىلىق ياخشـى كـۆرۈش ۋاستىسـىز ياخشـى كۆرۈشـكە تۇتاشـمىغاندا دەۋرىيلىـك قايىنمىدىـن قۇتۇلغىلـى بولمايـدۇ. ھەقىقـى مەھبـۇب (يەنـى ئاللاھ)تـىن باشـقىلارنى ياخشـى كـۆرۈش «سـەۋەبلىك ياخشـى كـۆرۈش» دەپ ئاتىلـىدۇ. ئاللاھتـىن باشـقا ۋاستىسـىز ياخشـى كۆرۈلىدىغـان زات بولمايـدۇ. ئاللاھنـىڭ مۇھەببىتىدىـن باشـقا پەرىشـتىلەرنى ياخشـى كـۆرۈش، پەيغەمبەرلەرنـى ياخشـى كۆرۈش، ئاللاھنىڭ دوسـتلىرىنى ياخشـى كۆرۈشـكە ئوخشـاش ھەرقانـداق نەرسـىنىڭ مۇھەببىتـى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگـە ئەگەشـمە بولـىدۇ. ئۇلارنى ياخشـى كـۆرۈش ئاللاھنى

ياخشى كۆرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىندۇر. بىراۋنى ياخشى كۆرۈش ئۇ ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنىمۇ ياخشى كۆرۈشنى شەرت قىلىدۇ. مانا بۇ، دەل دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىدۇر. بۇ، مەنپەئەتلىك مۇھەببەت بىلەن مەنپەئەتسىز، بەلكى زىيانلىق مۇھەببەت ئارىسىدىكى ئېنىق پەرقتۇر.

شۇنى بىلىش لازىمكى، پەقەتكىنە كامالەتنى، ئىلاھلىقنى، پەرۋەردىگارلىقنى، بىھاجەتلىكنى چىن ماھىيىتى بولغان ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىلا ئەسلى مۇھەببەتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە زىت كەلسە ياكى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىلەن سىغىشالمىسا يامان كۆرۈلىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنىڭ يامان كۆرۈلۈش نىسبىتى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە زىت كېلىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بويىچە بولىدۇ. زات، سۈپەت، پېئىل، ئىرادە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىلەن قانچىكى سىغىشالمىغان بولسا شۇنچە يامان كۆرۈلىدۇ. مانا بۇ پەرۋەردىگار بىلەن ئۇيغۇنلاشقۇچىلار ۋە قارشىلاشقۇچىلار، ياخشى كۆرگۈچىلەر ۋە يامان كۆرگۈچىلەرنى ئۆلچەيدىغان ئادىل مىزاندۇر. بىر ئادەم ئاللاھ يامان كۆرگەننى ياخشى كۆرسە، ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى يامان كۆرسە، بۇ شۇ ئادەمنىڭ ئاللاھنى دۈشمەن تۇتىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. بىر ئادەم ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرسە، ئاللاھ يامان كۆرگەننى يامان كۆرسە، ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرگەننى ئۇ ئادەممۇ ئەڭ ياخشى كۆرسە ۋە باشقا ھەر نەرسىدىن ئۈستۈن بىلسە، ئاللاھ ئەڭ يامان كۆرگەننى ئەڭ يامان كۆرسە ۋە ھەر نەرسىدىن تۆۋەن كۆرسە، مانا بۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئاللاھنى

ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئۆزىمىزگە ۋە باشقىلارغا مۇشۇ ئۆلچەمنى قوللىنايلى. ئاللاھ بىلەن دوستلىشىش ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ۋە يامان كۆرىدىغان نەرسىلەردە ئاللاھقا ئۇيغۇنلىشىشتۇر. ھەرگىزمۇ كۆپ روزا تۇتۇش، كۆپ ناماز ئوقۇش، كۆپ رىيازەت چېكىشلا ئەمەس.

ۋاستىلىق مۇھەببەتمۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى: ياخشى كۆرگۈچى ئىرىشكەنلىكىدىن لەززەتلىنىدۇ.

ئىككىنچى: ئىرىشىپ قالسا ئەلەمگە مۇپتىلا بولىدۇ، بىراق يەنىلا ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىگە ئىرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەدەم كەلتۈرۈۋېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇۋشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر، (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرۇغانغا ئالدىراڭلار.»[400]

مەزكۇر ئايەت كەرىمدە ئاللاھ تائالا «جىھادنىڭ بۇيۇك ۋە مەنپەئەتلىك مەھبۇبقا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىدەك نۇرغۇن ياخشىلىقلىرى بار تۇرۇقلۇق، كىشىلەرنىڭ ئۇنى يامان

[400] سۈرە بەقەرە 216 ـ ئايەت

كۆرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. كۆڭۈل دېگەن راھەت ـ پاراغەت، تىنچلىق ۋە پاراۋانلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ نەرسىلەرگە بېرىلىپ كېتىش مەھبۇبىنىڭ قولدىن كېتىشكە سەۋەب بولۇپ قالسا، ئۇ يامان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەقىللىق ئادەم نەق ھوزۇرغا بېرىلىپ، ئۇنى چوڭ بىلىپ كەتمەيدۇ ۋە نەق ئەلەمدىن قېچىپ يۈز ئۆرۈپ كەتمەيدۇ. چوقۇمكى مەھبۇبنى تاللاش بەزى ۋاقىتلار غايەت دەرىجىدە ئەلەملەرگە ۋە شۇ مەھبۇبتىنمۇ چوڭراق لەززەتنىڭ قولدىن كېتىشىگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەقىللىق ئادەملەر كەلگۈسىدىكى لەززەت ئۈچۈن كۆڭلى تارتمايدىغان ئېغىرچىلىقلارنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئىشلار تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ:

يامانلىققا ئېلىپ بارىدىغان يامانلىق
يامانلىققا ئېلىپ بارىدىغان ياخشىلىق
ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدىغان ياخشىلىق
ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدىغان يامانلىق

ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدىغان ياخشىلىق سەۋەب ۋە نەتىجە نۇقتىسىدىنمۇ ياخشىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىجرا قىلىنىدۇ.

يامانلىققا ئېلىپ بارىدىغان يامانلىق سەۋەب ۋە نەتىجە نۇقتىسىدىنمۇ يامانلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تەرك ئېتىلىدۇ.

ئەمدى يامانلىققا ئېلىپ بارىدىغان ياخشىلىق ۋە ياخشىلىققا ئېلىپ بارىدىغان يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىم بار. بۇلار

ئىمتىھان ۋە سىناق مەيدانىدۇر. بۇ ئىككى قىسىمنى ئۆزگە تارتىۋاتقان ئىككى نەرسە بار. كۆڭۈل بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزگە ئەڭ يېقىن تۇرىدىغان نەق نەرسىنى تاللايدۇ. ئەقىل ۋە ئىمان ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەڭ مەنپەئەتلىك ۋە ئەڭ ئەبەدىيلىكىنى تاللايدۇ. قەلب كۆڭۈل ۋە ئەقىلنىڭ ئارىسىدا تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ. بەزىدە كۆڭۈلگە مايىل بولىدۇ. بەزىدە ئەقىل ۋە ئىمانغا مايىل بولىدۇ. مانا مۇشۇ قەلبنى سىنايدىغان ئورۇندۇر. ئەقىل ۋە ئىمان ھەر دائىم قەلبكە: ئىنجاتلىققا كەل، «جاپانىڭ تېگى راھەت» دېگىلى تۇرىدۇ. ناۋادا قەلب كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ شەھۋەت ۋە ئىرادىگە مۇرت بولسا، ئەقىل ۋە ئىمان ئۇنىڭغا: ھەرقانچە قاراڭغۇ بولسىمۇ تاڭ ئاتمايدىغا كېچە يوق، چىدا، سەۋر قىل، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەممە ئىشلار تۈگەيدۇ... دېگىلى تۇرىدۇ.

## 10. مۇھەببەت ھەر ئىشنىڭ مەنبەسىدۇر

توغرا ياكى ناتوغرا بولسۇن ھەر قانداق ئىشنىڭ مەنبەسى مۇھەببەتتۇر. چۈنكى ھەر قانداق بىر ئىش قىلغان ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرگەچكە قىلىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، دىنى ئەمەللەرنىڭ مەنبەسى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈشتۇر. شۇنىڭدەك دىنىي سۆزلەرنىڭ مەنبەسى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى تەستىق قىلىشتۇر. ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق ئىش ياكى تەستىقنىڭ كامالىتىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر قانداق شۈبھە ئىماننىڭ ئاساسى بىلەن قارشىلىشىدۇ ياكى

ئىماننى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ناۋادا ئۇ ئىش ياكى شۈبھە كۆچىيىپ كېتىپ مۇھەببەت ۋە تەستىقنىڭ ئاساسى بىلەن قارشىلاشسا بۇ يەردە كاپىرلىق ياكى چوڭ مۇشرىكلىق يۈز بېرىدۇ. ناۋادا قارشىلاشمىغان تەقدىردە تەستىقنىڭ كامالىتىنى دۇغلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئىرادە ۋە تەلەپتە ئاجىزلىق ۋە سۇسلۇقنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل ھالەت ئاللاھقا ئۆلىشىشتىن توسۇپ قويىدۇ. ئاللاھقا بولغان تېلەكنى ئۈزۈپ قويىدۇ ۋە قىزىقىشلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. مۇھەببەت نەپرەت بىلەن قوشكېزەكتۇر. ناۋادا ئاللاھنى ياخشى كۆرسەڭ، ئاللاھقا مۇھەببەت باغلىساق، ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشلاردىن نەپرەتلىنىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تىلىدىن مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم ئېيتتى: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نېمە؟ سىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجداتلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟ ئۇلار (يەنى بۇتلار) مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر).»[401] ئاللاھنىڭ قەدىناسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشكە ۋە دوستلۇقىغا پەقەت ئاللاھنىڭ غەيرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئورنىنى ئىگەللىۋېلىشىغا بولغان نەپرىتى ئارقىلىق ئېرىشەلىگەن. ئۇ مۇنداق قارايتتى: «ئاللاھتىن باشقا قەدىناسىم يوق، ئاللاھنىڭ قەدىناسى بولۇش ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق مەبۇدلاردىن ئادا-جۇدا بولۇش كېرەك.» ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان (مۇئمىنلەر) سىلەرگە

---

[401] سۈرە شۇئەرە 75 ـ 76 ـ 77 ـ ئايەتلەر

ھەقىقەتــەن ئۇبــدان نەمۇنــىدۇر، ئــۇز ۋاقتــىدا ئــۇلار قەۋمىگــە: «ھەقىقەتــەن بىــز ســىلەردىن ۋە ســىلەر ئالالاھنــى قويــۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقــان بۇتلىرىڭلاردىــن ئادا ـ جۇدامىــز، بىزنىــڭ ئارىمىزدىكــى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىــك تاكــى ســىلەر يالغۇز بىــر ئالالاھقا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغــا قــەدەر ئەبەدىــي ســاقلىنىپ قالىــدۇ» دېــدى. پەقــەت ئىبراھىمنىــڭ ئاتىســىغا ئېيتقــان «ئەلۋەتتە ســاڭا مەغفىرەت تىلەيمــەن، ئالالاھنىــڭ ئازابىدىــن ھېــچ نەرســىنى ســەندىن دەپئى قىلالمايمــەن» دېگــەن ســۆزىنى ســىلەرنىڭ نەمۇنــە قىلىشــىڭلارغا بولمايــدۇ. (ئىبراھىــم ۋە ئۇنىــڭ بىلــەن بىللــە بولغــان مۇئمىنلــەر ئېيتتــى) «پەرۋەردىگارىمىــز ســاڭا تەۋەككــۇل قىلــدۇق، ئاخىــر قايتىدىغــان جــاي ســېنىڭ دەرگاھىڭــدۇر.»[402]

«ئــۆز ۋاقتــىدا ئىبراھىــم ئاتىســىغا ۋە قەۋمىگــە ئېيتتى: «ســىلەر چوقۇنۇۋاتقــان بۇتلاردىــن مــەن راســتلا ئادا ـ جۇدامــەن. پەقــەت مېنــى ياراتقــان ئالــلاھ مېنــى (توغــرا يولغــا) باشــلايدۇ». ئىبراھىــم كەلىمــە تەۋھىدنــى ئەۋلادىدىــن (شــېرىك كەلتۈرگەنلــەر) ئىمانغــا قايتســۇن دەپ ئــەۋلادى ئىچىــدە قالــدۇرۇپ كەتتــى.»[403] يەنــى پەقــەت ئالالاھنىــلا ئۆزىگــە خوجــا قىلىــش ۋە ئالالاھتىــن باشــقا مەبۇدلاردىــن ئادا ـ جۇدا بولــۇش پۈتــۈن پەيغەمبەرلــەر ۋە ئۇلارنىڭ توغــرا يولدىكــى ئەگەشــكۈچىلىرىنىڭ ئورتــاق كەلىمىســى بولغــان كەلىمــە تەۋھىدتــۇر. بۇ كەلىمــە تەۋھىدنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىيامەتكىچــە ئۆزىنىــڭ ئەگەشــكۈچىلىرىگە قالــدۇرۇپ كەتكــەن.

[402] سۈرە مۇمتەھىنە 4 ـ ئايەت
[403] سۈرە زۇخرۇف 26 ـ 27 ـ 28 ـ ئايەتلەر

كەلىمە تەۋھىد ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئاساسى. ئاللاھ بارلىق مەخلۇقاتلارنى كەلىمە تەۋھىد ئۈستىگە ياراتقان. دىن كەلىمە تەۋھىد ئاساسىدا بارلىققا كەلدى. قىبلە كەلىمە تەۋھىد ئۈستىگە قۇرۇلدى. جىھاد قىلىچلىرى كەلىمە تەۋھىد ئۈچۈن يالىڭاچلاندى. كەلىمە تەۋھىد بارلىق بەندىلەر ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققىدۇر. كەلىمە تەۋھىد بۇ دۇنيادا قاننى، مالنى، نەسىلنى قوغداشنىڭ كاپالىتىدۇر. كەلىمە تەۋھىد قەبرە ئازابى ۋە دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ. كەلىمە تەۋھىد يول خېتىدۇركى، ئۇنىڭسىز جەننەتكە كىرگىلى بولمايدۇ. كەلىمە تەۋھىد بىر ئارغامچىكى، ئۇنىڭغا ئېسىلمىغان ئادەم ئاللاھقا ئۇلىشالمايدۇ. كەلىمە تەۋھىد ئىسلام كەلىمىسىدۇر. خاتىرجەملىك دىيارىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. كەلىمە تەۋھىدكە تۇتقان مۇئامىلىسى ئارقىلىق ئىنسان بەختلىك ۋە بەختسىزگە ئايرىلىدۇ. خۇش ۋە ناخۇشقا ئايرىلىدۇ. كەلىمە تەۋھىد ئارقىلىق يۇرت كۇپرى دىيارى ۋە ئىمان دىيارى دەپ ئايرىلىدۇ. نېئمەت دىيارى بىلەن بەختسىزلىك ۋە خارلىق دىيارى شۇ كەلىمە تەۋھىد ئاساسىدا پەرقلەندۈرۈلىدۇ. كەلىمە تەۋھىد پەرز ۋە سۈننەتلەرنىڭ ئاساسىدۇر. «كىمنىڭ ئاخىرقى سۆزى كەلىمە تەۋھىد بولسا جەننەتكە كىرىدۇ.»

### كەلىمە تەۋھىدنىڭ روھى

كەلىمە تەۋھىدنىڭ روھى ۋە سىرى پەرۋەردىگارنى يېگانە دەپ بىلىش، ئۇنىڭ ئىسىملىرىنى مۇقەددەس بىلىش ۋە ئۇنى ئالىي دەپ قاراشتۇر. بۇ ئىشلارنى ئاللاھقا مۇھەببەت باغلاش

ۋە ئاللاھنى چوڭ بىلىش، ئۇنى كاتتىلاش تۇيغۇسى بىلەن، ئاللاھتىن ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭدىن قورقۇپ تۇرۇپ قىلىش لازىم. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھقا قايتىش، ئاللاھقا قىزىقىش، ئاللاھتىن ئەيمىنىش قاتارلىقلارمۇ يۇقىرىقىلارنىڭ تەھتىگە داخىل بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ياخشى كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشكە ئەگىشىپ كېلىدۇ ۋە بۇ ياخشى كۆرۈشلەر ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئېشىشىغا ۋاستە بولىدۇ. كەلىمە تەۋھىدنىڭ روھى ئاللاھتىن باشقىدىن قورقماسلىق، ئاللاھتىن باشقىدىن ئۈمىد قىلماسلىق، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىش، ئاللاھقىلا قىزىقىش، ئاللاھتىنلا ئەيمىنىش، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەنلا قەسەم ئىچىش، ئاللاھقىلا كۆز تىكىش، ئاللاھقىلا تەۋبە قىلىش، ئاللاھقىلا سەجدە قىلىش، ئاللاھنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلىپلا ۋە ئاللاھ ئۈچۈنلا زەبھى قىلىش... قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر جۈملىگە مۇجەسسەملىگەندە «ئىبادەتنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى پەقەتلا بىر ئاللاھقا قىلىش دېگەنلىكتۇر.» مانا بۇ، كەلىمە تەۋھىدنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشىدۇر. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا چىن كۆڭلىدىن شاھادەت ئېيتقان كىشىنى دوزاخقا ھارام قىلغان. شاھادەتنىڭ چىن مەنىسىنى روياپقا چىقىرالىغان ئادەمنىڭ دوزاخقا كىرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار كەلىمە تەۋھىدنىڭ روھىغا ئۇيغۇن ياشىغۇچىلاردۇر»[404]

ئۇلار ئىچى، تېشى، شەكلى ۋە قىياپەتلىرىدە كەلىمە

[404] سۈرە مائارىج 33 ـ ئايەت

تەۋھىدگە خاس ياشىغان ئادەملەردۇر. بەزىلەرنىڭ شاھادىتى ئۆلۈك بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ سىلكىنسە ئويغىنىدىغان ئۇيقۇدا بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ شاھادىتى يېتىپ قالغان بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ شاھادىتى توغرىلىققا يېقىنلاشقان بولىدۇ. شاھادەت قەلبتە روھقا ئوخشايدۇ. بەزى روھلار ئۆلۈك بولىدۇ. بەزىلىرى ئۆلەيلا دەپ قالغان بىمار روھلار بولىدۇ. بەزى روھلار خىلىلا جانلىق بولىدۇ. تېرەن روھ بەدەننىڭ ساغلاملىقى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، مەن بىر كەلىمىنى بىلىمەن. ھەر قانداق بىر كىشى ئۆلىدىغان چاغدا ئۇ كەلىمىنى دېسە، ئاللاھ ئۇنى غەم ـ قايغۇدىن خالاس قىلىدۇ، جەستى ۋە روھى ئۇ كەلىمىنىڭ خۇش پۇرىقىدىن لەززەتلىنىپ تۇرىدۇ.»[405]

بەدەننىڭ ھاياتى جاننىڭ بولۇشىغا باغلىق بولغىنىدەك روھنىڭ ھاياتى كەلىمە تەۋھىدنىڭ شۇ روھتا بولۇشىغا باغلىقتۇر. كەلىمە تەۋھىد ئۈستىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم جەننەتتە يايرايدۇ. كەلىمە تەۋھىدنى روياپقا چىقىرىش يولىدا ياشىغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە تەتبىقلاپ ياشىغان ئادەمنىڭ روھى جەننەتتۇل مەئۋادا بولىدۇ، ئۇ ئەڭ ئېسىل ھاياتتا ياشايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا (سوراققا تارتىلىشتىن) قورققىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاھىشىغا بېرىلىشتىن (يەنى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن

[405] نەسەئى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى

ئـادەم ھەقىقەتـەن ئۇنىـڭ جايـى جەننـەت بولىـدۇ.»[406]

قىيامەتتـە بۇلارنىـڭ جايى جەننەت بولىدۇ. مەرىپەت جەننىتى، مۇھەببـەت جەننىتـى، ئالـلاھ بىلـەن ئۈلپەتلىشـىش جەننىتـى، ئالLاھقـا ئۇچرىشىشـقا ئىشـتىياقلىنىش جەننىتـى، ئالLاھتىـن شـادلىنىش جەننىتـى، ئالLاھتىــن مەمنـۇن بولـۇش جەننىتـى... مانـا ئۆزىنى نەپسى خاھىشـىغا بېرىلىشـتىن چەكلىگـەن ئادەمنىڭ روھـى مۇشـۇ دۇنيادىـلا مەزكـۇر جەننەتلـەردە ياشـايدۇ. كىمكـى بـۇ دۇنيـادا مۇشـۇ جەننەتلەرگـە كىرەلىگـەن بولسـا، ئاخىرەتتـە مەڭگۈلـۈك جەننەتكـە داخىـل بولىـدۇ. كىمكـى بـۇ دۇنيـادا مەزكـۇر جەننەتلەردىــن مەھـرۇم قالغـان بولسـا، ئاخىرەتتـە مەڭگۈلـۈك جەننەتلەردىـن مەھـرۇم قالىـدۇ. ياخشـىلار قارىماققـا قىيىنچىلىق ۋە ئېغىرچىلىقلاردا ياشـىغاندەك قىلىسـىمۇ، ئۇلارنىـڭ روھى جەننەتتە ياشـىغاندەك بولىـدۇ. زالىمـلار، گۇناھـكارلار قارىماققـا دۇنيـادا كەڭرى-كۇشـادە، ئارامخـۇدا ياشـىغاندەك قىلىسـىمۇ روھـى دوزاختـا بولىـدۇ. ئالـلاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «ئەر-ئايـال مۇئمىنلەردىــن كىمكـى ياخشـى ئەمـەل قىلىدىكـەن، بىـز ئۇنـى ئەلـۋەتتـە (دۇنيادا قانائەتچانلىـق، ھـالال رىـزق ۋە ياخشـى ئەمەللەرگـە مۇۋەپپـەق قىلىـپ) ئوبـدان ياشـىتىمىز، ئۇلارغـا، ئەلـۋەتتـە، قىلغـان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز.»[407] ئوبـدان ياشـىتىمىز دېمـەك، دۇنيـا جەننىتىـدە ياشـىتىمىز دېمەكتـۇر.

ئالـلاھ تائـالا يەنـە مۇنـداق دەيـدۇ: «ئالـلاھ كىمنـى

[406] سۈرە نازىئات 4 - 41 - ئايەتلەر
[407] سۈرە نەھل 97 - ئايەت

ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ.»[408]

كۆڭلى كۆكسى كەڭ، كۆڭلى ئېچىلغان بولۇشتىنمۇ بۈيۈك راھەت بارمۇ؟! يۈرىكى سىقىلىش، كۆڭلى تارلىقتىنمۇ ئېغىر ئازاب بارمۇ؟!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «راستىنلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر. ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ (يەنى دۇنيادا جان ئۈزۈش ۋاقتىدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن، ئاخىرەتتە نازۇ-نېئمەتلىك جەننەتكە كىرىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ)، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، ئەنە شۇ كاتتا بەختتۇر.»[409]

ئاللاھقا ئىخلاس قىلىدىغان ھەقىقى مۇئمىن ئەڭ ياخشى ھاياتتا، ئەھۋالى ئەڭ ياخشى ھالەتتە، قەلبى ئۇچۇق، كۆڭلى خۇشال ياشايدۇ. مانا بۇ، باقىي ئالەمدىكى جەننەتكە بېرىپ

[408] سۈرە ئەنئام 125 ـ ئايەت
[409] سۈرە يۇنۇس 62، 63، 64 ـ ئايەتلەر

بولغۇچە مۇشۇ دۇنيادىلا جەننەتتە ياشىغانلىق ھېسابلىنىدۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە: جەننەت باغچىلىرىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالساڭلار يايرىۋېلىڭلار، دېدى. ساھابىلەر: جەننەتنىڭ باغچىلىرى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئاللاھ ئەسلىنىدىغان سورۇنلار ـ دەپ جاۋاب بەردى.»[410]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھۇجرام بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىسى جەننەت باغچىلىرىدىن بىرىدۇر.»[411]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىنى (ئىپتار قىلماستىن) ئۇلاپ تۇتۇشتىن توستى. ساھابىلەر: سەن شۇنداق قىلىدىكەنسەنغۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: شۇبھىسىزكى، مەن سىلەرگە ئوخشىمايمەن. چۈنكى مەن رىزىقلاندۇرۇلۇپ ۋە سۇغۇرۇلۇپ تۇرىمەن (يەنى رەببىم مېنى ئوزۇقلاندۇرىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقۇمنى قاندۇرىدۇ)، ـ دېدى.»[412]

مەزكۇر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ھاسىل بولىدىغان غىزالارنىڭ تاماق ۋە ھېسسىي

[410] تىرمىزى رىۋايىتى
[411] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى
[412] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

شارابلارنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاسىل بولىدىغان بۇ خىل غىزا پەقەت پەيغەمبىرىمىزگىلا خاس بولۇپ، ئۇ خىل ھالەت باشقىلاردا تېپىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېمىگەن ۋە ئىچمىگەن ۋاقىتلاردا ئۇنىڭغا يېمەك-ئىچمەكنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن بىھاجەت قىلىدىغان بىر قۇۋۋەت ھاسىل بولاتتى.

ئۆزى ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋە ئۆزىگە تولىمۇ مەنپەئەتلىك نەرسىلەردىن مەھرۇم قېلىش ئىنسانغا غايەت دەرىجىدە ئەلەم ئېلىپ كېلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك يوقلۇقى مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ ئەلەم كەلتۈرىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھقا يۈزلىنىش، ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى بىلەن نېئمەتدار بولۇش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتىنمۇ بەكرەك مەنپەئەتلىك بىر ئىش بولمىسا كېرەك! بەلكى ئىنساننىڭ ھاياتى، پاراۋانلىقى، خۇشاللىقى، ئارامخۇدالىقى پەقەت مەزكۇر ئىشلار بىلەنلا قولغا كېلىدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھقا يۈزلىنەلمەسلىك ۋە ئاللاھنىڭ زىكرى بىلەن مەشغۇل بولالماسلىق قاتارلىقلاردىنمۇ ئەلەملىك بىر ئىش يوق! ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتكەن ۋە يۈتۈن دىققىتى ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن مەست-مۇستەغرەق بولۇپ كەتكەنلەر بۇنداق ئازاپ ۋە ئەلەملەرنى ھېس قىلالمايدۇ. ھەمدە شۇ مەست-مۇستەغرەقلىقى سەۋەبلىك ئۆزىگە ئەڭ مەنپەئەتلىك ئەڭ مۇھىم نەرسىلەردىن مەھرۇم قالغانلىقىنىڭ ئازابىنى ھېس قىلالمايدۇ. بۇ گويا بىر مەست ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇكى، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ غىق

مەستلىك ھالىتىدە ھويلا ـ ئاراملىرى، مال ـ دۇنيالىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرى كۆيۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئەلەم ھېس قىلمايدۇ ۋە ھەسرەت ـ نادامەت چەكمەيدۇ. ئۇ مەست ھوشىغا كېلىپ، مەستلىكى يېشىلگەن چاغدىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنەلەيدۇ.

ئاللاھنىڭ غەيرى بىلەن مەشغۇل بولغان، باشقا نەرسىلەرگە مەست بولۇپ ياشىغانلارنىڭ ئەھۋالى دەل يۇقىرىقى مەستنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئادەم ئەقلىنى تېپىپ، ئاخىرەت كۆزىگە كۆرۈنگىلى تۇرغان چېغىدا ۋە دۇنيادىن ئايرىلىدىغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ئالدىغا ماڭىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان چېغىدا، بۇ يەردىكى ئەلەملەر ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلەر نەچچە ھەسسە كۆچىيىپ كېتىدۇ. دۇنيادا بىرەر مەنپەئەتتىن مەھرۇم قالغان ئادەم ئۇنىڭ ئورنىنى توشقۇزالايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەھرۇم قالغان نەرسىسىنىڭ مەڭگۈلۈكى يوق ۋاقىتلىق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇنداقتا بىر ئادەم مەڭگۈ ئورنىنى توشقۇزغىلى بولمايدىغان، بەدىلى بولمىغان، پۈتۈن دۇنياغا تېگىشكىلى بولمايدىغان نەرسىدىن مەھرۇم قالسىچۇ؟! بۇ ئادەم شۇنداق ئەلەم ۋە ھەسرەتلەردە تۇرغاندا ئاللاھ تائالا بۇلارنىڭ جېنىنى ئالغان بولسىغۇ ئۇلارغا تازا خوش ياققان بولاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆلۈم ئارقىلىق بارلىق ھەسرەت ـ نادامەتلەردىن بىر يولىلا قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە بەدەنگە ئىپادىلىگۈسىز دەرىجىدە تەڭلا ئازاب قىلىنىدىغان تۇرسا بۇنىڭغا قانداق قىلغۇلۇق؟!

ئۆزىمىزنى مىسالغا ئالايلى، دۇنيادا ئۇنىڭسىز ياشىغۇمىز كەلمەيدىغان ئەڭ سۆيۈملۈك نەرسىمىز بولسا، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالغان بولساق، ئۇ نەرسە بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا بىز تېخىمۇ ئېھتىياجلىق بىر نەرسە پاسىل بولۇۋالغان بولسا، بۇ چاغدا بىز قانداق قىلىمىز؟! ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ئورنىنى توشقۇزۇپ كەتكىلى بولىدۇ. بىراق مەھرۇم قالساق ئورنىنى توشقۇزغىلى بولمايدىغان زات بىلەن ئارىمىزغا پاسىل چۈشۈپ قالسىچۇ؟!

بەدەل بار ھەر نەرسە قىلىنسا زايە،
يوق بەدەل رەببىمىز قىلىنسا زايە.

بىر ھەدىس قۇدۇسىيدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئى ئىنسان مەن سېنى ماڭا ئىبادەت قىلسۇن دەپ ياراتتىم، ئويناپلا ئۆتمە! رىزقىڭغا ئۆزۈم كېپىل بولدۇم، ئۆزۈڭنى ئۇپراتما. ئى ئىنسان مېنى ئىزدىسەڭ تاپىسەن، مېنى تاپساڭ ھەممە نەرسىنى تاپقان بولىسەن، مەندىن مەھرۇم قالساڭ ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قالىسەن، مەن ساڭا ھەممە نەرسىدىن سۆيۈملۈك.»

## 11. مەدھىيەلىنىدىغان ياخشى كۆرۈش ۋە تەنقىدلىنىدىغان ياخشى كۆرۈش

ياخشى كۆرۈش ناھايىتى ئاممىباب بىر ئۇقۇم بولۇپ، مەرتىۋە ۋە سۈپەتتە بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن تۈرلەر ئۇنىڭ تەھتىگە داخىل بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ياخشى كۆرۈش دېگەن بۇ سۆز ئاللاھقا قارىتىلغاندا ئۇنىڭ ئاللاھقا

خاس بولغان، ئاللاھقىلا لايىق بولغان، ئاللاھقىلا يارايدىغان ئىبادەت، تەۋبە قاتارلىقلار نەزەردە تۇتۇلغان بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئىبادەت پەقەت ئاللاھقىلا لايىق، تەۋبىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە دوست تۇتۇش (ياخشى كۆرۈش) سۆزىنى ھېچ نەرسىگە قاراشلىق قىلماي‌لا بىۋاستە تىلغا ئالىدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ.»[413]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۇئمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۇئمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ-قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى).»[414]

[413] سۈرە مائىدە 54 ـ ئايەت
[414] سۈرە بەقەرە 165 ـ ئايەت

ئـەڭ ئېغـىر تەنقىدلىنىدىغـان ياخشـى كـۆرۈش باشـقىلارنى ئاللاھقا شېرىك قىلىۋېلىپ، ئۇنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشـى كۆرۈشـتۇر.

ئـەڭ مەدھىيىلىنىدىغـان ياخشـى كـۆرۈش پەقـەت ئاللاھنىـلا ياخشى كـۆرۈش ۋە ئاللاھ ياخشى كۆرگەننـى ياخشى كۆرۈشـتۇر. مانـا بـۇ، بەخت-سـائادەتنىڭ يېلتىزىـدۇر. بـۇ خىـل ياخشـى كۆرۈشـنى قولغـا كەلتۈرەلمىگەنلـەر ئازابتىـن قۇتۇلالمايـدۇ.

تەنقىدلىنىدىغـان ياخشـى كـۆرۈش دېگىنىمىـز ئاللاھقـا باشـقىلارنى شـېرىك كەلتـۈرۈپ، ئـۆزى شـېرىك كەلتۈرگـەن نەرسـىلەرنى ئاللاھنـى ياخشـى كۆرگەنـدەك ياخشـى كۆرۈشـتۇر. بـۇ، بارلىـق بەختسـىزلىك ۋە شـەقىيلىقنىڭ مەنبەسـىدۇر.

ئاللاھنىـلا ياخشـى كۆرىدىغـان، ئاللاھقىـلا ئىبـادەت قىلىدىغـان، ئاللاھقا ھېچ نەرسـىنى شـېرىك كەلتۈرمەيدىغانـلار دوزاخقا كىرمەيـدۇ. نـاۋادا مەلـۇم گۇناھلىـرى تۈپەيلىدىـن دوزاخقا كىرىـپ قالغـان بولسـىمۇ دوزاختـا ئەبەدىـي قالمايـدۇ.

«قۇرئـان كەرىم»نىـڭ مەركىـزى ئىدىيىسـى مەدھىيىلىنىدىغان ياخشـى كـۆرۈش ۋە ئۇنىڭغـا مۇناسـىۋەتلىك ئىشـلارغا بۇيـرۇش ۋە تەنقىدلىنىدىغـان يامـان كـۆرۈش ۋە ئۇنىڭغـا مۇناسـىۋەتلىك ئىشـلاردىن توسـۇش ۋە بـۇ ئىككـى تۈرنـى ئوبرازلاشـتۇرۇپ كۆرسـىتىپ بېرىـش، مەزكـۇر ئىككـى تۈرگـە ئۆلچـەم بېكىتىـش؛ مەزكـۇر ئىككـى تۈرگـە ئالاقـىدار ۋەقەلىكلەرنـى سـۆزلەش؛ شـۇ ئىككـى تۈرنىـڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنـى ۋە ئۇلارنىـڭ ساھىبلىرى ۋە مەبۇدلىرىنـى تەپسـىلىي بايـان قىلىـش؛ ئىككـى تۈرنىـڭ

پائالىيەتلىرى توغرىسىدا خەۋەر بېرىش ۋە شۇ ئىككى تۈرنىڭ بۇ دۇنيا، قەبرە ۋە قىيامەتتىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىشتۇر. «قۇرئان كەرىم» ئاساسلىقى مۇشۇ ئىككى تۈر توغرىسىدا توختىلىدۇ.

بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتىدىكى مەركىزى ئىدىيە پەقەت بىر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، ئاللاھنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ياخشى كۆرۈپ، پۈتۈنلەي بوي سۇنۇپ، ئۇلۇغلاپ ئىبادەت قىلىش ۋە تەقۋادارلىق قىلىشتۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان زات بىلەن قەسەم، كىمكى مېنى بالىسىدىن، ئاتا ـ ئانىسىدىن ۋە جىمى ئىنسانلاردىن ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ.»[415]

ئابدۇللاھ ئىبنى ھىشام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۆمەر: ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنى ئۆزۈمدىن قالسا ھەرقانداق نەرسىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن، دېگەن ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ياق، جېنىم ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، تاكى مەن ساڭا ئۆز جېنىڭدىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك بولمىغىچە (ئىمانىڭ كامىل) بولمايدۇ، دېدى. ئۆمەر دەرھال: ئاللاھنىڭ

[415] بۇخارى رىۋايىتى

نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ھازىر ماڭا ئۆزۈمدىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئى ئۆمەر! مانا ئەمدى (ئىمانىڭ كامىل) بولدى، دېدى.»[416]

ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرىنى ئۆزىدىنمۇ، بالىسىدىنمۇ، ئاتا-ئانىسىدىنمۇ ۋە بارلىق ئىنسانلاردىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈش شۇ قەدەر مۇھىم بولغان يەردە، شۇ پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەن ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا قويۇش قانچىلىك مۇھىمدۇ-ھە؟!

ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەببىتى مەرتىۋە، سۈپەت ۋە ئاللاھنىڭ شۇ سۈپەتلەرگە ئوخشاش بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردە باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە قەتئىي ئوخشىمايدۇ. بەندە چوقۇم پەرۋەردىگارىنى بالا-چاقىلىرىدىن ۋە ئاتا-ئانىلىرىدىنمۇ، بەلكى كۆز، قۇلاق ۋە جېنىدىنمۇ ياخشى كۆرۈشى لازىم. شەيئىلەر بەزىدە مۇئەييەن نۇقتىدىن ياخشى كۆرۈلسە، يەنە بەزىدە باشقا نۇقتىلاردىن ياخشى كۆرۈلىدۇ. بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسە ھېچقانداق سەۋەبسىزلا ياخشى كۆرۈلمەيدۇ. پەرۋەردىگارلىقتا پەقەت ئاللاھلا يارايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.»[417] ئاللاھ تۇتۇش،

[416] بۇخارى رىۋايىتى
[417] سۈرە ئەنبىيا 22 ـ ئايەت

چوقۇنۇش دېمەك مۇھەببەت باغلاش، ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇش دېمەكتۇر.

## 12. مۇھەببەت ھەرىكەتنىڭ مەنبەسىدۇر

ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ مەنبەسى مۇھەببەتتۇر. بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ماتۇرى ۋە نىشانى ھەم مۇھەببەتتۇر.

ھەرىكەتلەر ئىختىيارىي ھەرىكەت، تەبىئىي ھەرىكەت ۋە مەجبۇرىي ھەرىكەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

تەبىئىي ھەرىكەتنىڭ مەنبەسى تۇرغۇنلۇق. جىسىم ئۆز ئورنىدىن چىققاندىن كېيىن ئەسلى ئورنىغا قايتىش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنىشكە باشلايدۇ. جىسىمنىڭ ئەسلى ئورنىدىن چىقىشىغا مەجبۇرى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان بىر ماتۇر سەۋەب بولىدۇ. دېمەك، جىسىمنىڭ ھەرىكىتى ماتۇرىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشىدىن بولغان مەجبۇرىي ھەرىكەتتۇر. جىسىمنىڭ ئۆز ئالدىغا تەبىئىي ھەرىكەت قىلىشى ئۆز مەركىزىگە قايتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى مەجبۇرىي ھەرىكەت ۋە ئىختىيارى ھەرىكەت ماتۇرنىڭ مەجبۇرلىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. دېمەك، بۇ ماتۇر ھەر ئىككى ھەرىكەتنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئىختىيارىي ھەرىكەت ئاخىرقى ئىككى ھەرىكەتنىڭ مەنبەسىدۇر.

ئىختىيارىي ھەرىكەت ئىرادە ۋە مۇھەببەتكە ئەگىشىدۇ. ھەرىكەتلەرنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك ئۈچ تۈرگە بۆلۈشنىڭ

ئاساسى شۇكى، ھەرىكەتلىنىۋاتقان شەيئى ناۋادا ھەرىكەتنى ھېس قىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىرادىي (ئىختىيارىي) ھەرىكەت بولىدۇ. ناۋادا ھەرىكەتلىنىۋاتقان شەيئى ھەرىكەتنى ھېس قىلمىسا ۋە ھەرىكەت ھەرىكەتلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ تەبىئىتىگە ماس كەلگەن بولسا تەبىئىي ھەرىكەت، ماس كەلمىگەن بولسا مەجبۇرىي ھەرىكەت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاسمان-زېمىن، سەييارىلەر، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز، شامال، بۇلۇت، يامغۇر، ئۆسۈملۈكلەر ۋە تۆرەلمىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى... شۈبھىسىزكى، بۇلار ئىشلارنى پىلانلىغۇچى، ئىشلارنى تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. بۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەردە نۇرغۇن دەلىللەر بار. بۇلارغا ئىمان كەلتۈرۈش پەرىشتىلەرگە مۇكەممەل ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ شەرتلىرىدىندۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا بالىياتقۇغا نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى، يامغۇرغا نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى، ئۆسۈملۈكلەرگە نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى، شامالLارغا نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى، سەييارىلەرگە، قۇياش، ئاي، يۇلتۇز... قاتارلىقلارغا نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلدى. ھەر بىر بەندىگە تۆت پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلدى. ئىككى پەرىشتە ئوڭ-سول تەرىپىدە ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ نامە-ئەماللىرىنى يازىدۇ. ئالدى ۋە كەينىدىن ئىككى پەرىشتە بەندىنى قوغدايدۇ. بەندىنىڭ جېنىنى ئېلىشقا ۋە ئۇلارنى جەننەت ۋە دوزاخقا يوللاشقا نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلدى. قەبرىدە سوئال-سوراق قىلىش، دوزاختا ئازابلاش، جەننەتتە ھوزۇرلاندۇرۇش... قاتارلىقلارغا نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل

قىلـدى. تاغلارغـا نۇرغـۇن پەرىشـتىلەرنى مۇئەككـەل قىلـدى. بۇلۇتلارغا نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلدى. پەرىشتىلەر بۇلۇتلارنـى ئاللاھ خالىغـان يەرگـە هەيـدەپ كېلىـدۇ. يامغۇرغـا مۇئەككەل پەرىشتىلەر يامغۇرنـى ئۆلچەم بويىچە ئاللاھ خالىغان يەرلەرگـە تۆكىـدۇ. جەننەتنـى جابـدۇش، ئورۇن راسلاش ۋە ئۇنى تەييارلاشقا نۇرغۇن پەرىشتىلەرنى مۇئەككەل قىلدى. شۇنىڭدەك دوزاخقىمـۇ نۇرغـۇن پەرىشـتىلەرنى مۇئەككـەل قىلـدى.

ئاللاھنىـڭ ئـەڭ بۈيـۈك ئەسكەرلىرى پەرىشتىلەردۇر. پەرىشتە ئاللاھنىـڭ ئەمرىنـى ئىجرا قىلىدىغـان ئەلچىلـەر بولـۇپ، ئـۇلار ئـۆز ئالدىغـا ئىش قىلمايـدۇ. بەلكـى ئىشـلارنىڭ هەممىسـىگە ئاللاھ بۇيـرۇق بېرىـدۇ. ئـۇلار ئاللاھنىـڭ بۇيرۇقـى ۋە رۇخسـىتى بىلـەن ئىشـلارنى ئورۇنلاشـتۇرىدۇ ۋە تەقسـىم قىلىـدۇ. ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «بىـز (دۇنياغـا) پەرۋەردىگارىڭنىـڭ ئەمـرى بىلـەن چۈشـىمىز، بىزنىـڭ ئالدىمىزدىكـى، ئارقىمىزدىكـى ۋە ئالدى-كەينىمىـز ئارىسـىدىكى ئىشـلارنىڭ هەممىسـى ئاللاھنىـڭ ئىلكىدىـدۇر، پەرۋەردىگارىـڭ (بەندىلىرىنىـڭ ئەمەللىرىدىـن هېچ نەرسـىنى) ئۇنتۇمايـدۇ.»[418]

ئـۇ يەنـە مۇنـداق دەيـدۇ: «ئاسـمانلاردا نۇرغـۇن پەرىشـتىلەر بولـۇپ، ئۇلارنىـڭ شـاپائىتى هېچنەرسـىگە ئەسقاتمايدۇ، پەقەت ئاللاھ ئـۆزى خالىغـان ۋە رازى بولغـان ئادەمگـە شـاپائەت قىلىشقا رۇخسـەت قىلسـىلا (ئاندىن) ئۇلارنىڭ شـاپائىتى ئەسـقاتىدۇ.»[419]

[418] سۈرە مەريەم 64 ـ ئايەت
[419] سۈرە نەجم 26 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغۇچى بىر قىسىم پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «سەپ ـ سەپ بولۇپ تۇرغان، دۈشمەنلەرگە قارشى ئات سېلىپ تۇرغان، (ئاللاھتىن مەدەت تىلەپ) كالامۇللانى تىلاۋەت قىلىپ تۇرغان (غازات قىلغۇچى) قوشۇن بىلەن قەسەمكى...»[420]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئارقىمۇ ـ ئارقا چىققۇچى (لەرزان) شاماللار بىلەن قەسەمكى، قاتتىق چىققۇچى بورانلار بىلەن قەسەمكى، (بۇلۇتلارنى ئاللاھ خالىغان تەرەپلەرگە) تارقاتقۇچى شاماللار بىلەن قەسەمكى، (ھەق بىلەن باتىلنىڭ، ھارام بىلەن ھالالنىڭ) ئارىسىنى ئايرىغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىنى (پەيغەمبەرلەرگە) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (بەندىلەرگە) ئۆزرە (قالدۇرماسلىق) ياكى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيىنى (پەيغەمبەرلەرگە) ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى...»[421]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «(كۇپپارلارنىڭ جانلىرىنى) قاتتىق تارتىپ ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (مۇئمىنلەرنىڭ جانلىرىنى) سىلىق ئالغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئاسماندىن) تېز ئېلىپ چۈشكۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (مۇئمىنلەرنىڭ

[420] سۈرە سافغات 1 ـ 3 ـ ئايەتكىچە
[421] سۈرە مۇرسەلات 1 ـ 6 ـ ئايەتكىچە

جانلىرىنى ئېلىپ جەننەتكە) ئېلگىرىلىگۈچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن) كائىناتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى پەرىشتىلەر بىلەن قەسەمكى، (سىلەر چوقۇم تىرىلدۈرۈلىسىلەر، سىلەردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدۇ).»[422]

ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشتىلەر بىلەن قەسەم قىلىشىنىڭ ھېكمىتى توغرىسىدىكى مەزمۇنلارنى «‹قۇرئان كەرىم› دىكى قەسەملەر توغرىسىدا بايان» دېگەن كىتابتا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق.

بارلىق مۇھەببەت، ھەرىكەت، ئىرادە... قاتارلىقلار پەرۋەردىگارغا قىلىنغان ئىبادەتتىن تۇغۇلغان، بارلىق تەبىئىي ھەرىكەت ۋە مەجبۇرىي ھەرىكەتلەر ئىبادەتكە ئەگىشىپ كېلىدۇ. ئەگەر مۇھەببەت بولمىغان بولسا سەييارىلەر ئۆز ئوقىدا ئايلانمىغان، يۇلتۇزلار جىمىرلىمىغان، شامالار چىقمىغان، بۇلۇتلار ماڭمىغان، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى تۆرەلمىلەر مىدىرلىمىغان، ئۆسۈملۈكلەر ئۇرۇقلارنى يېرىپ چىقمىغان، دېڭىزلار ئۆركەشلىمىگەن بولاتتى. ئىشلارنى باشقۇرغۇچى، تەقسىم قىلغۇچى پەرىشتىلەر ھەرىكەتكە ئۆتمىگەن ۋە بارلىق كائىناتنى ياراتقان ئاللاھقا مەدھىيە ئېيتمىغان بولاتتى. «يەتتە ئاسمان-زېمىن ۋە ئۇلاردىكى مەخلۇقاتلار ئاللاھنى پاك دەپ بىلىدۇ، (كائىناتتىكى) قانداقلىكى نەرسە بولمىسۇن، ئاللاھنى پاك دەپ مەدھىيىلەيدۇ (يەنى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى سۆزلەيدۇ)، لېكىن سىلەر (تىلىڭلار ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن) ئۇلارنىڭ مەدھىيىسىنى

[422] سۇرە نازىئات 1 ـ 5 ـ ئايەتكىچە

سەزمەيسىلەر، ئاللاھ ھەققەتەن (بەندىلىرىگە) ھەلىمدۇر(يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)، (تەۋبە قىلغۇچىلارنى) مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر.»[423]

## 13. مۇھەببەت پەقەت بىر ئاللاھقىلا خاستۇر

ھەر قانداق تىرىك بىر جانىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىرادىسى، مۇھەببىتى ۋە پائالىيىتى بولىدۇ. ھەرىكەتلىنىۋاتقان شەيئىنىڭ ھەرىكەت مەنبەسى مۇھەببەت ۋە ئىرادە بولىدۇ. بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە مۇھەببىتى پەقەت ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسى ئاللاھقىلا بولمىغاندا ھېچقانداق ياخشىلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۆزىنى پەقەت ئاللاھقا تاپشۇرمىغاندا مەۋجۇداتنىڭ مەۋجۇتلىقىمۇ كاپالەتكە ئىگە بولمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.»[424]

ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتتە «ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى» دېدى، ئاسمان-زېمىن يوقاپ كېتەتتى ياكى ئاسمان-زېمىن مەۋجۇت بولمايتتى،

[423] سۈرە بەنى ئىسرائىل 44 ـ ئايەت
[424] سۈرە ئەنبىيا 22 ـ ئايەت

دېمەدى. ئاسمان ۋە زېمىننىڭ سالامەت تۇرۇشى ۋە مۇكەممەللىكى پەقەت ئۇنىڭ ئىلاھىنىڭ بىر بولۇشى ۋە ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىلاھى پەقەت بىر ئاللاھ بولۇشىغىلا قاراشلىقتۇر. ناۋادا كائىناتتا ئىككى ئىلاھ بولغان بولسا، ئەلۋەتتە كائىناتنىڭ تۈزۈلمىسى غايەت دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولاتتى. ھەر بىر ئىلاھ يەنە بىر ئىلاھنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كېلىشكە ۋە ئىلاھلىقنى ئۆزىگىلا ئوخشىتىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. چۈنكى، شېرىكلىك، ئورتاقلىق ئىلاھىيەت كامالىتىگە نۇقسان ھېسابلىنىدۇ. ھېچقانداق ئىلاھ ئۆزىنىڭ نۇقسانلىق، ئەيىبلىك ئىلاھ بولۇشىنى خالىمايدۇ. ناۋادا ئىككى ئىلاھ بىرىنى يەنە بىرى يېڭىۋەتكەن بولسا، يەڭگۈچى ھەقىقى ئىلاھ بولۇۋالاتتى-دە، يېڭىلگۈچى ئىلاھ بولماي قالاتتى. ناۋادا ئىككىسى بىر-بىرىنى يېڭەلمىسە، بۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇكەممەل ئىلاھتا ئاجىزلىق سۈپەت بولمايدۇ. ئۇنداقتا بۇلارنىڭ ئۈستىدە ئۇ ئىككىسىنى باشقۇرىدىغان ۋە ھۆكۈم چىقىرىدىغان بىر ئىلاھنىڭ بولۇشى لازىم كېلىدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولمىسا مەزكۇر ئىككى ئىلاھ ھەر بىرى ئۆزى ياراتقان نەرسىلەر ئېلىپ كېتىدۇ ۋە ھەر بىرى يەنە بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ. مانا شۇ چاغدا ئاسمان-زېمىننىڭ ۋە ئۇنىڭدىكىلەرنىڭ ئىشلىرى بۇزۇلىدۇ. بۇ ناھايىتى چۈشىنىشلىك مەسىلە. مەسىلەن: بىر مەملىكەتنىڭ ئىككى پادىشاھى، بىر خوتۇننىڭ ئىككى ئېرى، بىر چىشى تۆگىنىڭ ئىككى بۇغرىسى بولغاندەكلا بىر ئىش.

دۇنيادىكى بارلىق قالايمىقانچىلىق ۋە توقۇنۇشلارنىڭ

مەنبەسى پادىشاھ ۋە رەئىسلەرنىڭ ئىختىلاپىدۇر. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بىرلا بولغان مەزگىلدە ئىسلام دۆشمەنلىرى ئىسلامغا كۆزىنى يوغان ئېچىپمۇ قارىيالمىغانىدى.

ئاسمان-زېمىننىڭ مۇكەممەللىكى ۋە ئۇنىڭ مۇستەھكەم تۇرۇشى ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ ئىشلىرىنىڭ ئىنتىزامى پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىلاھىنىڭ پەقەت بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقلىقىغا، بارلىق مۈلكىيەت، گۈزەل مەدھىيە شۇ زاتقا خاسلىقىغا، ئۇ زات ئۆلتۈرۈشكە، تىرگۈزۈشكە ۋە ھەر ئىشقا قادىرلىقىغا، زېمىندىكى بارلىق ئاتالمىش مەبۇدلارنىڭ باتىل ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ غەيبنى ۋە ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، مۇشرىكلارنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن ئۈستۈندۇر.»[425]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) زېمىندىكى نەرسىلەرنى ئىلاھ قىلىۋالدى، ئۇلار (يەنى بۇ نەرسىلەر) ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەمدۇ؟ ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى، ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ

[425] سۈرە مۇئمىنۇن 91 ـ 92 ـ 93 ـ ئايەتلەر

ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھنىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال-سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ.»[426]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇشرىكلار ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان تەقدىردە، ئەرش ئىگىسى (ئاللاھ ئۈستىدىن) غەلبە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يول ئىزدىگەن بولاتتى.»[427]

مەزكۇر ئايەتتە ناۋادا ئىككى ئىلاھ بولغان بولسا، ئىككىسى بىر-بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالاشقىلى تۇراتتى، دېيىلىدۇ. بۇ گوياكى پادىشاھلار بىر-بىرى بىلەن كۈچ سىنىشىپ، بىر-بىرىگە ھەيۋە كۆرسىتىشكەندەك بىر ئىشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ مەزمۇننى كۈچلەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، ئۇنىڭغا باراۋەر باشقا بىر ئىلاھمۇ يوق، ئەگەر بۇنداق بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ھەر ئىلاھ ئۆزى ياراتقان مەخلۇقنى يالغۇز ئىگىلەيتتى، بەزىسى بەزىسىدىن غالىب كېلەتتى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئاللاھقا نىسبەت بەرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر.»[428]

ئۇستاز ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ «مۇشرىكلار ئېيتقاندەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان تەقدىردە، ئەرش ئىگىسى (ئاللاھ ئۈستىدىن) غەلبە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە يول ئىزدىگەن بولاتتى.» دېگەن سۆزىدىكى ئەڭ توغرا چۈشەنچە شۇكى، «ناۋادا ئاللاھ

[426] سۈرە ئەنبىيا 21 ـ 22 ـ 23 ـ ئايەتلەر
[427] سۈرە بەنى ئىسرائىل 42 ـ ئايەت
[428] سۈرە مۇئمىنۇن 91 ـ ئايەت

بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئىلاھلار ئىنتائەت قىلىپ ۋە يېقىنچىلىق ئىزدەپ ئاللاھنىڭ قېشىغا كەلگەن بولاتتى. ئۇنداقتا سىلەر نېمىشقا شۇنداق ئاللاھنى قويۇپ باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىسىلەر؟ ناۋادا سىلەر ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلار سىلەر دەۋاتقاندەك ئىلاھ بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا ئاللاھقا بەندە بولاتتى.»

ئۇستاز بۇ قارىشىغا تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىدىن دەلىل كەلتۈرىدۇ:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (ئاللاھنى قويۇپ ئىلاھ دەپ) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ (ئۆزلىرى ئىبادەت ئارقىلىق) پەرۋەردىگارىغا يېقىن بولۇشنى تىلەيدۇ)، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، (ئۇنىڭ) ئازابىدىن قورقىدۇ، پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن ساقلىنىشقا تېگىشلىكتۇر.»

يەنى سىلەر مېنى قويۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان مەبۇدلىرىڭلار خۇددى سىلەر مېنىڭ بەندەم بولغاندەك ئۇلارمۇ مېنىڭ بەندەمدۇر. سىلەر مېنىڭ رەھمىتىمنى ئۈمىد قىلىسىلەر ۋە ئازابىمدىن قورقىسىلەر، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن مېنى قويۇپ ئۇلارغا چوقۇنىسىلەر؟!

ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتتە ئەرەب تىلىدىكى بېسىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «على» سۆزىنى ئەمەس، بەلكى يېقىنلىشىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان «الى» سۆزىنى ئىشلەتتى.

مۇشرىكلار ئۆز ئىلاھلىرىنى ئاللاھنى مەغلۇپ قىلىدۇ، ئاللاھتىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ دەپ قارىمايتتى. ئاللاھ تائالانىڭ

«مۇشرىكلار ئېتىقادىدەك، ئاللاھ بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلار بولغان تەقدىردە» دېگەن ئايىتىدىمۇ «ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىمۇ ئەلۋەتتە ئاللاھقا يېقىنچىلىق ئىزدەيتتى» دېگەن مەزمۇن چىقىدۇ. مۇپەسسىرلەر مەزكۇر ئايەت ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ناۋادا ئىشلار مۇشرىكلار ئېتىقادىدەك بولغان تەقدىردىمۇ، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرى بىر ئاللاھقا قۇل بولغان بولاتتى. شۇنداق تۇرسا، سىلەر نېمە دەپ ھەقىقى پەرۋەردىگارنى قويۇپ باشقا ئىلاھلارغا چوقۇنىسىلەر؟!

## 14. ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىپادىلىرى

مەيلى ئالقىشلىنىدىغان ياخشى كۆرۈش بولسۇن ياكى ئالقىشلانمايدىغان ياخشى كۆرۈش بولسۇن؛ مەنپەئەتلىك ياخشى كۆرۈش بولسۇن ياكى زىيانلىق ياخشى كۆرۈش بولسۇن ئۇنىڭ كۆيۈك، ھوزۇر، شېرىنلىك، ئىشتىياق، كۆنۈپ قېلىش، مەھبۇبقا ئالاقە باغلاش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش، مەھبۇبتىن ئايرىلىش ۋە ئۇنىڭدىن يىراقلىشىش، ھىجران، پىراق، خۇشال ـ خۇراملىق، دەرد ـ ھەسرەت قاتارلىق تۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى، خۇسۇسىيەتلىرى، شەرتلىرى ۋە ھۆكۈملىرى بار.

ئالقىشلىنىدىغان ياخشى كۆرۈش مەنپەئەتلىك ياخشى كۆرۈش بولۇپ، ئۇ ئۆز ساھىبىغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكە پايدىلىق نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ ياخشى كۆرۈش بەخت ـ سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. زىيانلىق ياخشى كۆرۈش دېگىنىمىز ئۆز ساھىبىغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكە زىيانلىق نەرسىلەرنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. مانا بۇ، بەختسىزلىك ۋە

شــەقىيلىكىنىڭ ئاچقۇچىــدۇر.

شۇنىســى ناھايىتــى ئېنىقكــى، ھەقىقــى ئاقىــل ھەرگىزمــۇ ئۆزىگــە زىيــان سالىدىغان، ئۆزىنــى بىتەلــەي قىلىــپ قويىدىغان نەرســىلەرنى تاللىمايــدۇ. ئۇنــى پەقــەت نــادان، زالىــم ئادەملــەرلا تاللايــدۇ. شۈبھىســىزكى، ئىنســاننىڭ كۆڭلــى بــەزى چاغــلاردا ئۆزىگــە زىيانلىــق نەرسىلەرنىمۇ تارتىــپ قالىــدۇ. بــۇ ئىنســاننىڭ ئۆزىگــە ئــۆزى زۇلــۇم سېلىشــىدۇر ياكــى ئۆزىگــە مەنپەئەتلىــك ۋە زىيانلىــق نەرســىلەرنى بىلمىگەنلىكىدىنــدۇر. مانــا بــۇ، ئىلىمســىز ھالــدا ھاۋايى ـ ھەۋەســىگە ئەگەشــكەنلەرنىڭ ئەھۋالىــدۇر. بــەزى كىشــىلەر ئــۆزى ياخشــى كۆرگــەن نەرســىنىڭ ئۆزىگــە زىيانلىــق ئىكەنلىكىنــى بىلىــپ تۇرســىمۇ، ھاۋايى ـ ھەۋىســى غالىــپ كېلىــپ، زىيانلىــق نەرســىلەردىن ۋاز كېچەلمەيــدۇ. بۇنــداق كىشــىلەرنىڭ ئۆزىگــە زىيانلىــق نەرســىلەرنى ياخشــى كــۆرۈپ قېلىشــى بــۇزۇق ئېتىقــاد ۋە ھاۋايى ـ ھەۋەســتىن ئىبــارەت ئىككــى نەرســىنىڭ بىرىكمىســىدىن ۋۇجۇدقــا چىقىــدۇ. مانــا بــۇ گۇمانغا ئەگەشــكەن ۋە كۆڭــۈل خاھىشــىغا بېرىلگــەن كىشــىلەرنىڭ ئەھۋالىــدۇر. ناتوغرا ياخشــى كــۆرۈش پەقــەت نادانلىــق، بــۇزۇق ئېتىقــاد ياكــى كۈچلۈك ھاۋايى ـ ھەۋەستىن بارلىققا كېلىدۇ ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىرلىشىشــىدىن بارلىققا كېلىدۇكــى، ئــۇلار ئــۆز ئــارا بىر ـ بىرىگــە ھەمدەمــدە بولۇشــۇپ، شــۈبھە ۋە شــەھۋەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىــدۇ.

شۈبھە دېگىنىمىــز ھەقنى باتىلغا ئارىلاشــتۇرۇش، ھەق ـ ناھەقنى ئوڭدا ـ دۈمــدە قىلىۋېتىــش، ئــۆزى ياخشــى كۆرگەنلىكــى ئىشــلارنى چىرايلىــق كۆرســىتىش قاتارلىقــلاردۇر. شــەھۋەت بولسا يۇقىرىقى ئىشــلارنى قولغا كەلتۈرۈشــكە بولغــان ئۈندەكتــۇر. مانــا بــۇ خىــل

هالەتكە كەلگەندە شۇبهە بىلەن شەھۋەت قوشۇنلىرى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ ئەقىل ۋە ئىمان قوشۇنلىرىغا قارشى سەپ شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ ئىككى سەپنىڭ قايسىسى كۈچلۈك بولسا غەلىبە شۇنىڭغا مەنسۇپ بولىدۇ.

شۇنداق، يۇقىرىدا بىز كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك توغرا شەكىلدىكى ياخشى كۆرۈش ۋە ناتوغرا ياخشى كۆرۈشنىڭ ئەگەشمىلىرىگىمۇ ئەسلىسىگە بېرىلگەن ھۆكۈملەر بېرىلىدۇ. ئالقىشلىنىدىغان، مەنپەئەتلىك ياخشى كۆرۈش بەندىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. بۇ ياخشى كۆرۈشنىڭ بارلىق ئەگەشمىلىرى شۇ بەندە ئۈچۈن مەنپەئەتلىكتۇر. دېمەك، بۇ ئەگەشمىلەرگە ئەسلىسىگە بېرىلگەن ھۆكۈملەر بېرىلىدۇ. توغرا شەكىلدىكى ياخشى كۆرگەنلەر ناۋادا يىغلىسىمۇ، قايغۇرسىمۇ، شادلانسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالسىمۇ، ئۆزىنى قويۇپ بەرسىمۇ... ھەممىسى ئۇلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولىدۇ. دېمەك، ئۇلار مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈش سەھنىسىدە يايرايدۇكى، ئۇلارغا پايدا، بەرىكەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەت ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ناتوغرا، زىيانلىق ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ ئەگەشمىلىرى، ئەسەرلىرى... ھەممىسى زىيانلىقتۇركى، ئۆز ساھىبىنى پەرۋەردىگارىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ يولدا قانچىكى ئىز قالدۇرغان بولسا ۋە ياكى قانچىكى ماڭغان بولسا، ئۇ يەنىلا زىيان ۋە مەھرۇملۇق ئىچىدە بولىدۇ.

تائەت ـ ئىبادەت ۋە گۇناھ ـ مەئسىيەتتىن پەيدا بولغان ھەر قانداق ئىشنىڭ ئەھۋالى دەل مۇشۇنداق بولىدۇ. تائەت ـ

ئىبادەتتىن شەكىللەنگەن ھەر قانداق ئىش ئۆز ساھىبىغا بەرىكەت ۋە ئاللاھقا بولغان يېقىنلىقنى چىللىغاندەك، گۇناھ-مەئسىيەتتىن پەيدا بولغان ھەر قانداق ئىش ئۆز ساھىبىغا زىيان ۋە مەھرۇملۇقنى چىللايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مەدىنە ئاھالىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئەئرابىلارنىڭ رەسۇلۇللا بىلەن جىھادقا بىللە چىقماي قېلىپ قېلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئارامى بىلەنلا بولۇپ، جاپادا رەسۇلۇللا بىلەن بىللە بولماسلىقى توغرا ئەمەس. بۇ (يەنى ئۇلارنى جىھادقا چىقماي قېلىپ قېلىشتىن مەنئى قىلىش) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇچرىغان ئۇسسۇزلۇق، تارتقان جاپا-مۇشەققەت ۋە ئاچلىق، ئۇلارنىڭ كاپىرلارنى خاپىلىققا سالىدىغان ھەر بىر قەدىمى، دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئېرىشكەن (ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، ئەسىر ئېلىش، مەغلۇپ قىلىش قاتارلىق) ھەر بىر نەرسىسى ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) ئۇلارغا ياخشىلىق (يەنى ساۋاب يېزىلىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى بىكار قىلىۋەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ (ئاللاھنىڭ يولىدا) مەيلى كىچىك بولسۇن ياكى چوڭ بولسۇن، سەرپ قىلغان نەرسىسى ۋە جىھاد ئۈچۈن باسقان ھەر بىر مۇساپىسى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ئەڭ ياخشى مۇكاپات بېرىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا يېزىلىدۇ.»[429]

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقى ئايەتنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ئاللاھقا ئىتائەت قىلغۇچىلارنىڭ ئىتائىتىدىن پەيدا بولغان ھەر قانداق

[429] سۈرە تەۋبە 120 ـ 121 ـ ئايەتلەر

ئىشىنىڭ ئۇلارغا ياخشى ئەمەل قاتارىدا يېزىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئىككىنچى بۆلىكىدە بولسا، ئۇلار بىۋاستە قىلغان ياخشى ئەمەللىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مەزكۇر ئىككى بۆلەك ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، بىرىنچى بۆلەكتە تىلغا ئېلىنغانلىرى گەرچە ئىنتائەت قىلغۇچىلارنىڭ بىۋاستە ئىشى بولمىغان تەقدىردىمۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ بىۋاستە ئىشىدىن پەيدا بولغان بولغاچقا، ئۇلارغا ياخشى ئەمەل قىلىپ يېزىلىدۇ. ئىككىنچىسى بولسا، ئۇلارنىڭ بىۋاستە ئۆزى قىلغان ئىشلىرىدۇر. بۇ ئىشلار ئۇلار ئۈچۈن يېزىلىدۇ.

ناۋادا مۇھەببەت قاتىللىرى بىز مۇشۇ بابتا تىلغا ئالغان بايانلارنى ياخشىراق ئويلىنىپ باقىدىغان بولسا، ئۆزىگە نېمىنىڭ پايدىلىق ۋە نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىپ قالغان بولاتتى.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

مەھشەردە بولىدۇ ھەممىسى روشەن،
نېمىنى قويغىنى قولىدىن بېرىپ.
مىزاندا ئايانىدۇر ئىرىشكىنى ھەم،
قالىدۇ شۇ چاغدا ھەممىنى بىلىپ.

## 15. ھەر دىنىنىڭ ئەسلىسى مۇھەببەتتۇر

يۇقىرىقى بابلاردا تىلغا ئالغىنىمىزدەك ھەر قانداق ئىشنىڭ

يىلتىزى ئىرادە ۋە مۇھەببەتتۇر. شۇڭدەك مەيلى ھەق ياكى باتىل بولسۇن ھەر قانداق دىنىنىڭ ئەسلىسى ھەم مۇھەببەتتۇر. شۈبھىسىزكى، دىن ئىچكى ۋە تاشقى پائالىيەتلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. مۇھەببەت ۋە ئىرادە شۇلارنىڭ يىلتىزىدۇر. دىن ئىتائەت، ئىبادەت ۋە ئەخلاقتۇر. دىن دائىملىق ئىتائەتتۇركى، ئۇ ئەخلاق ۋە ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالانىڭ «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىكەنسەن»[430] دېگەن سۆزىدىكى ئەخلاق ئىبارىسى دىن دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. ئىمام ئەھمەدنىڭ ئىبنى ئۇيەينەدىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئىبنى ئابباس مەزكۇر ئايەتنى «(ئى مۇھەممەد)» سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك دىن ئۈستىدىسەن» دەپ تەپسىر قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ھەققىدە سورالغاندا «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

دىنىنىڭ بويسۇندۇرۇش، باش ئەگدۈرۈش ۋە ئىتائەت قىلدۇرۇش مەنىسى بار. يەنە شۇنىڭدەك بەندىگە قارىتىلغان ۋاقىتىدا ئىتائەت قىلىش، قورقۇش، مۇھەببەت باغلاش دېگەندەك مەنىلىرى بار.

ئىنساننىڭ ئىچكى جەھەتتىكى ئىسلامدا مۇھەببەت، بويسۇنۇش ۋە ئىبادەت بولۇشى كېرەك. تاشقى جەھەتتىكى ئىسلامدا گەرچە بويسۇنۇش ۋە ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش مەۋجۇت

[430] سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت

بولغان تەقدىردىمۇ مۇھەببەت شەرت قىلىنمايدۇ.

ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنىنى «يەۋمۇددىن» دەپ ئاتىدى. چۈنكى، بۇ كۈندە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەمەللىرىگە قارىتا ھېساب بېرىدۇ. ناۋادا ئەمەللىرى ياخشى بولسا مۇكاپاتقا، يامان بولسا جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەتتە كىشىلەرنىڭ ياخشى يامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ھېساب ئېلىنىدۇ. شۇڭلاشقا مۇپەسسىرلەر «دىن كۈنى» دېگەن سۆزنى ھېساب كۈنى دەپ چۈشەندۈرگەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر (سىلەر گۇمان قىلغاندەك ئەمەللىرىڭلارغا قاراپ) جازاغا تارتىلمايدىغان بولساڭلار نېمىشقا ئۇنى (يەنى ئۇ مېيىتنىڭ جېنىنى بەدىنىگە) قايتۇرمايسىلەر؟ ئەگەر سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار.»[431] يەنى بىز بۇيۇك پەرۋەردىگار تەرىپىدىن پەرۋىش قىلىنمايمىز، بويسۇندۇرۇلمايمىز، ھېساب بەرمەيمىز دەپ قارايدىغان بولساڭلار، قېنى جاننى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ بېقىڭلار! مەزكۇر ئايەتنى بىر ئاز تەپسىرلەشكە توغرا كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ ئايەت قايتا تىرىلدۈرۈلۈش ۋە ھېساب بېرىشنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا قارشى پاكىت سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. پاكىت پاكىت كەلتۈرۈلگەن نەرسىنى شەرت قىلىدۇ. پاكىت ئارقىلىق پاكىت كەلتۈرۈلگۈچىنى بىلگىلى بولىدۇ. چۈنكى پاكىت بىلەن پاكىت كەلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئارىسىدا چەمبەرچاس مۇناسىۋەت بولغان بولىدۇ.

ناۋادا ئادەملەر قايتا تىرىلىش ۋە ھېساب بېرىشنى ئىنكار

[431] سۈرە ۋاقىئە 86 ـ 87 ـ ئايەت

قىلسا، پەرۋەردىگارىغا كاپىر بولغان بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ قۇدرىتىنى، پەرۋەردىگارلىقىنى ۋە ھېكمىتىنى ئىنكار قىلغان بولىدۇ. كىشىلەر بويسۇندۇرالايدىغان، ئىش بىجىرەلەيدىغان، خالىغاندا ئۆلتۈرۈپ، خالىغاندا تىرگۈزەلەيدىغان، بۇيرىيالايدىغان، توسالايدىغان، ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا ساۋاب بېرەلەيدىغان، يامانلىق قىلغۇچىلارنى جازالىيالايدىغان پەرۋەردىگارنىڭ بارلىقىنى ئىقرار قىلىدۇ ياكى قىلمايدۇ. ناۋادا ئۇلار پەرۋەردىگارنى ئېتىراپ قىلسا ۋە ئىقرار قىلسا، قايتا تىرىلىش ۋە ھەشىر قىلىنىشقا، دىنىنىڭ ئەمرىي ۋە جازائىي بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. ناۋادا ئېتىراپ ۋە ئىقرار قىلمىسا، ئۆزىنى پەرۋەردىگارنىڭ پەرۋىشىدىن بىھاجەت، پەرۋەردىگارنىڭ ھۆكمى ئىشلىمەيدۇ ۋە قانداق ئىرادە قىلسا شۇنداق ئىش بىجىرىدىغان پەرۋەردىگار يوق دەپ ئويلاپ قالىدۇ. بۇلار سەكراتقا چۈشكەندە ئۆزىدىن ئۆلۈمنى چىكىندۈرەلەمدۇ؟ جان ھەلقۇمغا كەلگەندە ئۇنى جايىغا قايتۇرالامدۇ؟!

«سىلەردە قۇدرەت ۋە ئېتىدار بولىدىغان ئىش بولسا، روھنى ئۆز جايىغا قايتۇرۇپ باقامسىلەر، سىلەر پەرۋەردىگارنىڭ پەرۋىشىگە مۇھتاج ئەمەستىڭلارغۇ؟ سىلەرگە ھۆكۈم ۋە بۇيرۇقى ئۆتىدىغان ھېچ بىر بويسۇندۇرغۇچى، قۇدرەتلىك زاتقا بويسۇنمايتتىڭلارغۇ؟!» مانا بۇ، سەكراتقا چۈشۈپ، قىينىلىۋاتقانلارغا قارىتىلغان خىتابتۇر. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ غايەت دەرىجىدە ئاجىزلىقىنى يۈزىگە سېلىشتۇر. چۈنكى، ئۇلار شۇ دەرىجىدە ئاجىزكى، پۈتۈن ئىنسان ۋە جىن بىرلەشكەن تەقدىردىمۇ بىر نەپەسنىمۇ چىققان يېرىگە قايتۇرالمايدۇ. تۇۋا،

بۇنــى پەرۋەردىگارىنــىڭ بارلــىق ۋە بىرلىكىگــە، بەندىلىرىنــىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يارىتىلغان ئىچىدە ئېش بىجىرەلەيدىغانلىقىغا، ھۆكۈملىرىنىڭ ئىجرا بولىدىغانلىقىغا دالالــەت قىلىدىغــان مۆجىــزە دېمــەي نېمــە دېگۈلــۈك؟!

دىــن شــەرئىي بۇيــرۇق ۋە چەكلىمــە، جــازا ۋە مۇكاپــات ھېســابىدىن ئىبــارەت ئىككــى قىســمدىن تەشــكىل تاپىــدۇ. بۇلارنىــڭ ھــەر ئىككىســى پەقــەت ئاللاھ ئۈچۈنــلا خــاس بولىــدۇ. دىنىنىــڭ مەزكــۇر ئىككــى قىســمىدىكى ئەسلى مەنبە يەنىــلا مۇھەببەتتــۇر. ئاللاھ ئــۆزى بۇيرۇغــان ۋە يولغــا قويغــان نەرسىلەرنى ياخشى كۆرىــدۇ ۋە رازى بولىــدۇ. ئاللاھ توسقان ۋە چەكلىگــەن ئىشــلار ئــۇ ياخشــى كۆرىدىغــان ۋە رازى بولىدىغــان ئىشلارغا زىــت كېلىدىغــان بولغاچقا، ئۇلاردىــن نــارازى بولىــدۇ ۋە ئۇلارنــى يامــان كۆرىــدۇ. دېمــەك، ئاللاھنىــڭ دىنىدىكــى بۇيــرۇق ۋە چەكلىمــە تەرىپــى ئاللاھنىــڭ مۇھەببىتــى ۋە رازىلىقىنــى نىشــان قىلغــان بولىــدۇ. ئىنســان دىنغــا چىــن رازىلىقــى ۋە مۇھەببىتــى بىلــەن كىرگــەن بولســا، ئاللاھ ئۇنــى قوبــۇل قىلىــدۇ.

ئاببــاس ئىبنــى ئابدۇلمۇتتەلىــب رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇدىــن رىۋايــەت قىلىنىدۇكــى، پەيغەمبــەر ئەلەيھىسسالام مۇنــداق دېگەن: «ئىگىســىنىڭ ئاللاھ، دىنىنىــڭ ئىســلام ۋە پەيغەمبىرىنىــڭ مۇھەممــەد ئەلەيھىسسالام بولغانلىقىغــا چىــن قەلبىدىــن مەمنــۇن بولغــان ھەرقانــداق كىشــى ئىمانىنىــڭ تەمىنــى تېتىيــدۇ».[432]

دېمــەك، بــۇ دىــن مۇھەببــەت ئۇلۇپەيلــى يولغــا قويۇلغــان،

---

[432] مۇسلىم رىۋايىتى

مۇھەببەت ئۇستىگە بەرپا بولغان ۋە مۇھەببەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

شۇنىڭدەك دىنىنىڭ جازا ـ مۇكاپاتقا ئالاقىدار قىسمى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا مۇكاپات ۋە يامانلىق قىلغۇچىلارغا جازا بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياخشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ مۇكاپاتلىنىشى ۋە يامانلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازالىنىشى پەرۋەردىگارىمىزغا تولىمۇ خوپ كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، بۇلار پەرۋەردىگارنىڭ ئادالىتى ۋە پەزلى مەرھەمىتى ۋە پەرۋەردىگارنىڭ كامالەت سۈپەتلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ياخشى كۆرگەنلەرنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى قىسىمنىڭ ھەر بىرى ئاللاھنىڭ توغرا يولىدۇركى، ئاللاھ شۇ توغرا يول ئۈستىدىدۇر. ئاللاھ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىدە، ساۋاب ۋە جازالىرىدا توغرا يول ئۈستىدىدۇر. ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى ھۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە دېگەن سۆزلىرىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا ـ جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا مەن تەۋەككۈل قىلدىم، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل

بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ)» .[433]

ھۇد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ يارىتىش، بۇيرۇش، چەكلەش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، ھۆكۈم ۋە تەقدىر قىلىش، بېرىش، بەرمەسلىك، گىرىپتار قىلىش، خالاس قىلىش، مۇۋەپپەق قىلىش، ياردەمسىز تاشلاش... قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئادالەت، ھېكمەت، رەھمەت، ئېھسان، پەزلى-مەرھەمەتتىن ئىبارەت ئۆز ئىسىم-سۈپەتلىرىنىڭ تەقەززاسىغا زىت ئىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۆز قەۋمىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئالدىدا ناھايىتى ئىشەنچىلىك، خاتىرجەم، ئاللاھقىلا يۈزلەنگەن ھالدا مۇنداق نىدا قىلغانىدى: «ھۇد ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنى گۇۋاھ قىلىمەن، سىلەرمۇ گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مەن سىلەرنىڭ ئاللاھنى قويۇپ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن ئادا-جۇدامەن، ھەممىڭلار ماڭا سۇيىقەست قىلىڭلار، ماڭا مۆھلەت بەرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، مەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلدىم، ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان بىرمۇ مەخلۇق يوقتۇر؛ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن توغرا يولدىدۇر (يەنى ئادىل بولۇپ ھېچ كىشىگە قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ)» .

ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرىتى ۋە قەھرىنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەممە نەرسىگە جارىي بولىدىغانلىقىدىن ۋە ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز ئەزەمىتىگە بويسۇنغۇچىلار ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ باشقۇرۇشىدا

[433] سۈرە ھۇد 54 ـ 55 ـ 56 ـ ئايەتلەر

بولمىغـان بىرمـۇ مەخلـۇق يوقتـۇر؛ پەرۋەردىگارىـم ھەقىقەتـەن توغـرا يولدىـدۇر.» ئاللاھنىـڭ باشقۇرۇشـىدا ۋە ئۇنىـڭ چاڭگىلىـدا بولغـان، ئۇنىـڭ قەھـرى ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولغانلاردىـن ئارتۇقچە ئەنسىرەشنىڭ ئورنـى يـوق. كىمكـى ئاللاھنـى قويـۇپ ئاللاھنىـڭ چاڭگىلـى ۋە ھۆكۈمرانلىقـى ئاستىدىكىلەردىن قورقـۇپ ياشـايدىكەن، ئـۇ ئۇچىغـا چىققان نـادان ۋە ۋەھشـي زالىمـدۇر. ئانـدىن كېيىـن ئالـلاھ تائـالا ھۆكۈملىرىـدە، تەقدىرلىرىـدە توغـرا يولـدا ئىكەنلىكىنـى خەۋەر قىلىدۇ. ئۇنداق بولغانىكەن ھېچكىشـى ئاللاھنىـڭ زۇلـۇم قىلىـپ قويۇشـى ياكـى تەڭسىـزلىكىدىن ئەنسىرىمىسـىمۇ بولىـدۇ. باشـقىلارنى ئالـلاھ كونتـرول قىلىـپ تۇرىدىغـان بولغاچقـا، باشـقىلاردىن ئەنسىرەشـنىڭمۇ ئورنـى يـوق. ئالـلاھ تائـالا توغـرا يـول ئۈستىدىـدۇر، ئۇنىـڭ ھۆكمـى بەندىلىرىگـە ئۆتىـدۇ، ئـۇ چىقارغـان ھۆكۈملىرىـدە ئادىلـدۇر. پۈتكۈل ئىگىدارچىلىق ئۇنىڭغا خاستۇر. بارلىق مەدھىيە ئۇنىڭغا خاستۇر. ئـۇ بەندىلىرىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئادالەت ۋە پەزلى-مەرھەمەتتىـن چەتنىمەيدۇ. نـاۋادا بىـر بەندىگە بەرگـەن بولسـا، ھۆرمەتكـە ئېرىشتۈرگەن بولسا، ھىدايەتكە يېتەكلىگـەن بولسـا، مۇۋەپپەقىيەتكـە ئېرىشـتۈرگەن بولسـا، بـۇلار ئاللاھنىـڭ پەزلـى ۋە مەرھەمىتىدىنـدۇر. نـاۋادا بەرمىسـە، خـار قىلسـا، ئازدۇرسـا، ياردەمسـىز تاشـلاپ قويسـا، بەختسـىزلىككە مۇپتىـلا قىلسـا، بۇلارمـۇ ئۇنىـڭ ئادالىتـى ۋە ھېكمىتىدىنـدۇر. ئالـلاھ مەيلـى قايسـى ئىشـلاردا بولمىسۇن توغـرا يـول ئۈستىدىـدۇر.

سـەھىھ ھەدىسـتە مۇنـداق دېيىلگـەن: «بىـر بەندىگـە غـەم-قايغـۇ، دەرت-ئەلـەم كېلىپـلا قالسـا، ئـۇ: «ئـى ئالـلاھ! مـەن

سىنىڭ بەندەڭ، بەندەڭنىڭ ۋە دېدىكىڭنىڭ ئوغلى، مەن سېنىڭ چاڭگىلىڭدىمەن، كوكۇلام سېنىڭ قولۇڭدىدۇر، ھەققىمدە چىقارغان ھۆكمىڭ ئىجرا قىلىنىدۇ ۋە بۇ ھۆكۈم ئادىللىق بىلەن چىقىرىلغاندۇر. ئى ئاللاھ! سېنىڭ ئۆزەڭنى ئاتىغان، كىتابىڭدا نازىل قىلغان ۋە ئۆز دەرگاھىڭدا ھېچكىمگە بىلدۈرمەي يوشۇرۇن ساقلىغان بارلىق ئىسىملىرىڭنى شېپى كەلتۈرۈپ سورايمەنكى، «قۇرئان كەرىم»نى قەلبىمنىڭ باھارى، غەم-قايغۇلىرىمنىڭ ئىلاجى قىلىپ بەرگىن!» دېسە، ئاللاھ ئۇنىڭ بارلىق غەم-قايغۇلىرىنى كەتكۈزىدۇ ۋە ئۇنى كەڭرىچىلىككە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. ساھابىلەر بۇنى ئاڭلاپ: يا رەسۇلۇللاھ، بىز بۇ دۇئالارنى ئۆگىنىۋالمايلىمۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ دۇئانى ئاڭلىغانلار ئۆگىنىۋېلىشى لازىم، دېگەن.» بۇ دۇئا پەرۋەردىگارنىڭ كائىناتقا ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ھەمدە ئاللاھنىڭ بەندىنىڭ ئىختىيارىدىكى ۋە ئىختىيارىدا بولمىغان قازا ۋە ھۆكۈملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەندىنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىشلاردا ۋە ئىختىيارى بولمىغان ئىشلاردا ئاللاھنىڭ ھۆكمى يۈرگۈچىدۇر، ئاللاھ ھۆكۈملىرىدە ئادىلدۇر. بۇ ھەدىس بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىردەكلىككە ئىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەت بار.

## 16. جىسمانىي ئىشقنىڭ نەق ۋە نېسىي زىيانلىرى

كىتابىمىزنىڭ ئاخىرىنى جىسمانىي ئىشىق ۋە ئۇنىڭ نەق-نېسىي زىيانلىرىغا مۇناسىۋەتلىك باب بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز.

شۇبھىسىزكى، جىسمانىي ئىشق بىۋاستە قەلبنى بۇزىدۇ. ناۋادا قەلب بۇزۇلسا، ئىرادە، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتلەر بۇزۇلىدۇ. شۇنداقلا تەۋھىد كۆزنىكىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

جىسمانىي ئىشق بەچچىۋازلار ۋە ئاياللاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك كىشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالى زىلەيخانىڭ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقى، ئۇنىڭغا تەلەپ قويغانلىقى ۋە ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقىنى؛ شۇنىڭدەك يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋرچانلىق، ئىپپەتلىك بولۇش ۋە تەقۋادار بولۇشتا قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلىدۇ. زىلەيخا تەلەپ قىلغان ئىش كۈچلۈك ئامىللار نۇقتىسىدىن، چەكلىمىگە ئۇچرىماسلىق نۇقتىسىدىن ۋە باشقا بىر قانچە تەرەپلەردىن شۇ قەدەر قولاي ئىدى. ئەمما يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ئاجايىپ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ساقلاپ قېلىشى بىلەن ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋالىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام دۇچ كەلگەن سىناقلار تۆۋەندىكىچە:

گويا ئۇسسۇز ئادەم سۇغا، ئاچ ئادەم تاماققا تەشنا بولغاندەك ئاللاھ تائالا ئەرنى ئايالغا شۇ كەبىي مايىل ياراتقان ئىدى. تېخى نۇرغۇن كىشىلەر ئاچلىققا، ئۇسسۇزلۇققا بەرداشلىق بەرسە بېرەلەيتتىكى، ئاياللاردىن چەكلىنىشكە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. ئەرلەردىكى بۇ مايىللىق ۋە تەشنالىق ھالال يوللار بىلەن بولسا، بۇنى ھەرگىزمۇ ئەيىب سانىغىلى بولمايدۇ. بەلكى تېخى، بۇ مەدھىيەلىنىدىغان، ماختىلىدىغان

خاراكتېردۇر. ئىمام ئەھمەد «زاھىدلىق» ناملىق كىتابىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسنى بايان قىلىدۇ: «ماڭا بۇ دۇنيادا خۇشپۇراق ۋە ئايال كىشى سۆيۈملۈك قىلىپ بېرىلدى. مەن يېمەي-ئىچمەي چىدىيالايمەن، بىراق ئاياللارسىز تاقەت قىلالمايمەن.»

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام تازا ۋايىغا يەتكەن يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ شەھۋەت ئوتلىرى تازا يالقۇنلاۋاتقان ۋاقىتلار ئىدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام بويتاق بولۇپ، ئۇنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرىدىغان نە ئايالى ياكى چۆرىسى يوق ئىدى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام كىشى يۇرتىدا ئىدى، ئادەم مۇساپىرلىقتا ئۆز يۇرتىدا تونۇش-بىلىشلىرى ئارىسىدا ياشىغاندىن بەكرەك زېرىكەتتى.

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا تەلەپ قويۇۋاتقان ئايال ئادەتتىكى ئايال بولماستىن، بەلكى نەسەبى يۇقىرى، تولىمۇ گۈزەل ئايال ئىدى. بۇ ئىككى سەۋەبمۇ ئەرلەرنى ئاياللارغا قىزىقتۇرۇشتا ئالاھىدە رولغا ئىگە ئىدى.

مىسىر ئەزىزىنىڭ ئايالى ئۇنىمايدىغان ياكى رەت قىلىدىغان يەردە ئەمەس ئىدى. كۆپىنچە ئەرلەر ئاياللار قوشۇلمىسا ياكى رەت قىلسا ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈپ، ئۆزىنى خار چاغلاپ نىيىتىدىن يېنىپ قالىدۇ. بەزى كىشىلەر باركى، ئاياللار رەت قىلسا ياكى ئۇنىمىسا ئىشقى ئەۋجىگە چىقىپ، ساراڭلىقى تۇتۇپ، تېخىمۇ تىكلىشىۋالىدۇ.

شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

ئاشۇردى ئىشقىمنى دىگىنىڭ ياق، ياق!
ھېچنەرسە ئەمەسكەن «ياق»تىن شېرىنراق.

بۇ جەھەتلەردە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش ئەمەس. بەزى كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئاياللار قوشۇلغان ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈنۈۋاتقان ۋاقىتىدا نەچچە ھەسسە كۈچىيىپ كېتىدۇ. بەزى كىشىلەر ئاياللار رەت قىلسا ۋە قوشۇلمىسا پۈتۈنلەي توڭىشىپ كېتىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر ئاياللار قانچىكى رەت قىلىپ تۇرغانسېرى، شۇنچە ئىشتىياقى كۈچلۈك بولۇپ كېتىدۇ. تەستە ئېرىشكەننىڭ نەرسىنىڭ لەززىتى ئاسانلا قولغا كەلگەن نەرسىنىڭ لەززىتىدىن كۈچلۈك بولىدۇ.

زىلەيخا بار كۈچى بىلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى قوغلاشتى ۋە ئۇنىڭغا تەلپۈندى. ئۇ ئۆزىنى تۆۋەن قىلىپ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا قىزىقتى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا نىسبەتەن تولىمۇ قىممەتلىك بىر شەخسكە ئايلاندى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام زىلەيخانىڭ ھويلىسىدا ۋە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. ئەسلىدە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئاقىۋەتتىدىن قورقۇپ بولسىمۇ، ئىتائەت قىلىدىغان يەردە ئىدى. دېمەك، ئۇنى قىزىقتۇرىدىغان ۋە ئەنسىرىتىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت ئىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام باشقىلارنىڭ گەپ تېپىشىدىن ياكى

زىلەيخانىڭ بىرەر ئادىمىنىڭ كۆز-قۇلاق بولۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرىمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى، زىلەيخا تەلەپ قويغۇچى، قىزىققۇچى ئىدىكى، ئىشىكلەر تاقالغان، نازارەتچىلەر كۆزدىن يىراق قىلىنغان ئىدى.

يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام مۇشۇ ھويلىدىكى قۇل ئىدى. ئۇ زىلەيخانىڭ قېشىغا كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ زىلەيخانىڭ يېنىدا تۇرۇشى ھېچقانداق ئەيىب سانالمايتتى. زىلەيخا ئۇنىڭغا تەلەپ قويۇشتىن بۇرۇنلا ئۇلار ئۇبدان تونۇشاتتى. مانا بۇلارمۇ كۈچلۈك سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. بۇرۇن يۇقىرى تەبىقىدىكى بىر ئەرەب ئايالدىن «سەن نېمە ئۈچۈن زىناغا چۈشۈپ قالدىڭ؟» دەپ سورالغاندا: «ياستۇقنىڭ يېقىنلىقى، كېچىنىڭ ئۇزۇنلىقى سەۋەب بولدى» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

زىلەيخا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا قارىتا بارلىق ھىيلە-مىكىر ۋە ئامال-چارىلەرنى ئىشلىتىپ باقتى. ئۇ يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى باشقا خوتۇنلارغا كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ دەردىنى تۆكۈپ باقتى. ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام زىلەيخاغا قارشى ئاللاھتىن ياردەم سوراپ مۇنداق دېدى: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر، ئەگەر ئۇلارنىڭ ھىيلىسىنى مەندىن دەپئى قىلمىساڭ، (ئىنسانچىلىقتا) ئۇلارغا مايىل بولۇپ قالىمەن، نادانلاردىن بولۇپ قالىمەن.»[434]

زىلەيخا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا ناۋادا تەلىپىمنى رەت قىلساڭ،

[434] سۈرە يۈسۈپ 33 ـ ئايەت

زىندانغا سالىمەن، خار قىلىمەن دەپ تەھدىت سالدى. بۇمۇ بىر خىل مەجبۇرلاش بولۇپ، بۇنداق تەبىقىدىكىلەرنىڭ قولىغا سالغان بۇ تەھدىتنى يۈز بەرمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. دېمەك، بۇ يەردە زىلەيخانىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇشقا سەۋەب بولىدىغان شەھۋەت ۋە زىنداندىن ئامان قېلىشتىن ئىبارەت كۈچلۈك سەۋەبلەرمۇ بار ئىدى.

زىلەيخانىڭ ئېرى زىلەيخا بىلەن يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنى يىراقلاشتۇرۇشقا كۈچىمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆنداشلىقى تۇتمىغان ۋە غورۇرىغا ئېلىپمۇ كەتمىگەن ئىدى. بەلكى، ئەڭ كۈچلۈك ئىپادە بىلدۈرگەندە «ئۇنداق قىلمىساڭ بولاتتى ئى يۈسۈپ» دەپلا قويغان ئىدى. ئايالىغا بولسا «سەن خاتالاشتىڭ خوتۇن! مەندىن كەچۈرۈم سورا» دېگەن ئىدى. ئەرلەردىكى كۈچلۈك كۆنداشلىق ۋە غورۇر باشقىلارنىڭ ئاياللىرىغا چېقىلىشنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. لېكىن بۇ ئادەمدىن بۇنداق غورۇر ۋە كۆنداشلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى.

مۇشۇنداق كۈچلۈك ئامىللار تولۇق بار ئەھۋالدىمۇ، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى يۇقىرى ئورۇندا قويدى ۋە ئاللاھتىن قورقۇپ ئۆزىنى ئېپىەتلىك تۇتتى. ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋە رازىلىقىنى دەپ زىنادىن ۋاز كېچىپ تۈرمىنى تاللىۋالدى. ئاللاھ تائالا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدىن بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر»[435]

[435] سۈرە يۈسۈپ 33 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى

يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ناۋادا ئاللاھ ساقلىمىسا، ئاللاھ ئۇنى ھىيلىقى ئايالنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىدىن قوغداپ قالمىسا، ئۆزى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى، شۇنداق قىلىپ نادانلارچە قىلىقلارنى قىلىپ قويۇش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى بىلدى. مانا بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋە پەرۋەردىگارىنى كامالى رەۋىشتە تونۇغانلىقى ئىدى. بۇ قىسسە ۋە ۋەقەلىكلەردە بىرەر مىڭدىن ئارتۇق پايدا ۋە ھېكمەت بار. ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلىپ قالسا بۇ ھەقتە مەخسۇس بىر ئەسەر يېزىش ئارزۇيىمىز بار.

## 17. بەچچىۋازلىق ئىشقىنىڭ زىيانلىرى

ئاللاھ تائالا ئىشىق بابىدا تىلغا ئالغان ئىككىنچى خىلدىكى ئادەملەر بەچچىۋازلاردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(سەدوم) شەھرىنىڭ ئاھالىسى (يەنى لۇتنىڭ قەۋمى) خۇشال بولۇشۇپ يېتىپ كېلىشتى. لۇت ئېيتتى: «بۇلار مېنىڭ مېھمىنىم، (ئۇلارغا چېقىلىپ قويۇپ ئۇلار ئالدىدا) مېنى رەسۋا قىلماڭلار. ئاللاھتىن قورقۇڭلار (مېھمىنىمنى خارلاش ئارقىلىق) مېنى خارلىماڭلار». ئۇلار: «بىز سېنى كەلگەن مۇساپىرلارنى ھىمايە قىلىشتىن توسمىغانمىدۇق؟» دېدى. لۇت: «بۇلار مېنىڭ قىزلىرىم (يەنى قەۋمىنىڭ قىزلىرى)دۇر، ئەگەر (قازائى شەھۋەت) قىلماقچى بولساڭلار (ئۇلارنى نىكاھلاپ ئېلىڭلار)» دېدى. (ئى مۇھەممەد!) سېنىڭ ھاياتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئەلۋەتتە گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشىدۇ.»[436]

[436] سۈرە ھىجرى 67 - دىن 72 - ئايەتكىچە

دېمەك، لۇت ئەلەيهىسسالامنىڭ قەۋمى ئىشقۋاز قەۋم ئىدى. ئاللاھ تائالا ئايالـلار ۋە بەچچىۋازلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تىپ توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم»دە قىسسە بايان قىلدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرىدىن سادىر بولغا ئىشق ئىشقىنىڭ چەكلەنگەن كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىشقۋازلىقى سەۋەبىدىن تارتىدىغان زىيانلىرىغا پەرۋامۇ قىلىپ قويمىدى.

ئىشق دوختۇر ۋە تېۋىپلەرمۇ ھېچ چارىسىنى تاپالمىغان، ساقىيىشى ناھايىتى تەس بولغان بىر كېسەللىكتۇر. ئىشقتىن ئىبارەت بۇ ئۆتكۈر زەھەر بىرەر ئادەمنىڭ قەلبىگە كىرىپلىۋالسا، ئۇ ئادەمنى ئۇنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرماق بەسى مۈشكۈلدۇر. بىراۋنىڭ قەلبىدە ئىشق ئوتى يالقۇنجاپلا قالسا، ئۇنى ئۇ ئوتتىن قۇتۇلدۇرماق تولىمۇ قىيىندۇر.

ئىشقنىڭ زىيانلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل بولىدۇ:

ئۆزىنىڭ مەشۇقىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ كەتكەن ئاشىق مەشۇقىنى ئاللاھقا مۇھەببەتتە شېرىك قىلىۋالغان بولغاچقا كاپىرلىققا چۈشۈپمۇ قالىدۇ. ئۇنداقتا ناۋادا مەشۇقىنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرۈپ كەتسىچۇ؟! بۇ خىلدىكى ئىشق چوڭ شېرىكلەرنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، بۇ كويغا چۈشۈپ قالغانلارنى ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ. ئاللاھ شېرىكتىن باشقا بارلىق جىنايەتلەرنى تەۋبە ئارقىلىق مەغپىرەت قىلىدۇ.

كاپىرلىققا ئاپىرىدىغان ئىشقنىڭ ئىپادىسى شۇكى، بۇ خىل

ئىشقا مۇپتىلا بولغان ئاشىقلار مەشۇقىنىڭ رازىلىقىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. بۇلار ناۋادا ئاللاھنىڭ ھەققى بىلەن مەشۇقىنىڭ ھەققى ئارىسىدا ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى بىلەن مەشۇقىنىڭ رازىلىقى ئارىسىدا تاللاشقا دۇچ كەلسە، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قويۇپ مەشۇقىنىڭ ھەققى ۋە رازىلىقىنى تاللايدۇ. مەشۇقىغا ئۆزى ئەڭ قىممەتلىك دەپ قارىغان نەرسىلىرىنى قۇربان قىلىدۇ-يۇ، پەرۋەردىگارىغا ئەڭ ئەرزىمەس نەرسىلىرىنى ئېلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ بار خىيالى مەشۇقىنى رازى قىلىش ۋە ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋېلىش بولىدۇ. پەرۋەردىگارىغا بولسا، مەشۇقىدىن ئاشقان ئانچىكى ۋاقىتلىرىنى سەرپ قىلىدۇ.

كۆپىنچە جىسمانىي ئاشىقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان كۆزىتىپ باقىدىغان بولساق ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىر پەللىدە، ئۇلارنىڭ تەۋھىدى ۋە ئىمانىنى يەنە بىر پەللىدە قويۇپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئۆلچىمى بىلەن، ئادالەت بويىچە ئۆلچەپ باقىدىغان بولساق بۇ يەردىكى ھەقىقى ئەھۋالنى بىلەلەيمىز. ھەتتا تېخى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئاشىقلار ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا «مەشۇقۇمغا يېتىش كەلىمە تەۋھىدىن سۆيۈملۈكراق» دېگەن ئىكەن.

بىر ئاشىق شائىر مۇنداق دەيدۇ:

گۈزەللەر لېۋىدىن شورىغان شاراپ،
كەلىمە تەۋھىدتىن ئىزۇر شېرىنىراق.

يەنە بىر ئېپلاس شائىر ناھايىتى ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا «ماڭا مەشۇقۇمنىڭ ۋەسلىگە يېتىش پەرۋەردىگارىمنىڭ رەھمىتىگە ئېرىششتىنمۇ خوپراق» دېگەنىكەن.

شۇنىڭدا شەك يوقكى، بۇ تۈردىكى ئىشىق چوڭ شېرىكلەرنىڭ قاتارىدىندۇر. نۇرغۇنلىغان ئاشىقلار ئۆزىنىڭ قەلبىدە مەشۇقىدىن باشقىغا قەتئىي ئورۇن قالمىغانلىقىنى داۋراڭ قىلىدۇ. بەلكى تېخى مەشۇقى قەلبىنى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگەللىۋېلىپ، ئۆزى مەشۇقىغا بەندە بولۇپ قالغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇلار ھەقىقى پەرۋەردىگارىغا بولغان بەندىچىلىكتىن ئۆزىنىڭ مەشۇقىغا بولغان بەندىچىلىكنى ئۈستۈن كۆرگەنلەردۇر.

شۈبھىسىزكى، بەندىچىلىك پۈتۈنلەي مۇھەببەت باغلاش ۋە بويسۇنۇش دېمەكتۇر. ئۆزىنىڭ بارلىق مۇھەببىتىنى ۋە قۇلچىلىقىنى مەشۇقىغا بېغىشلىغانلار ئاللاھقا قىلىدىغان ھەقىقى مەنىدىكى قۇلچىلىقىنى مەشۇقىغا قىلغان بولىدۇ.

بۇ جىسمانىي ئاشىقلىق بىلەن پاھىشۋازلىقنىڭ ئارىسىنى سىلىشتۇرۇپ يۈرۈشىنىڭ ئورنى يوق. پاھىشۋازلىق ناھايىتى ئېغىر گۇناھتۇر. يۇقىرىقى جىسمانىي ئىشىقنىڭ زىيانلىرى بولسا گويا شېرىكنىڭ زىيانلىرىغا ئوخشاشتۇر.

بەزى ئارىپلار مۇنداق دېگەنىكەن: «ئاللاھنىڭ مېنى پاھىشۋازلىققا مۇپتىلا قىلىشى جىسمانىي ئىشىققا مۇپتىلا قىلغىنىدىن ياخشىراق. چۈنكى، ئىشىق قەلبنى ئىگەللەپ، ئۇنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالىدۇ ۋە ئاللاھتىن غاپىل

قىلىــدۇ.»

ئىشقتىن ئىبارەت بۇ ۋابادىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟

بۇ ۋاباغا دۇچار بولغانلار ئاۋۋال ئىشـق كېسـىلىنىڭ تەۋھىدكە زىــت كېلىدىغانلىقىنــى، بەلكــى تېخــى ئىشــقىنىڭ نادانلىــق ۋە غاپىللىقتىــن سـۆرەيدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشــى لازىــم. ئــۇلار يەنــە پەرۋەردىگارىغا بولغـان تەۋھىـد ئەقىدىنىـڭ ۋە پەرۋەردىگارىنىـڭ قانۇنىيەتلىرىنىــڭ ئــەڭ مۇھىــم ئورۇنــدا ئىكەنلىكىنــى بىلىشــى، ئاندىــن زاھىرىــي ۋە باتىنىــي ئىبادەتلەرگــە قاتتىــق ئەھمىيــەت بېرىــش ئارقىلىــق ئىشــقتىن ئىبــارەت بــۇ ۋابانــى خىيــال قىلىــش ۋە ئــۇ ھەقتــە پىكىــر قىلىشقا قەلبىــدە زادىــلا ئورۇن قالدۇرماسلىق كېــرەك. شــۇنىڭدەك يەنــە ئالــلاھ تائالاغــا كۆپ دۇئــا قىلىپ ئۆزىنى بــۇ كېسەللىككە مۇبتىــلا قىلماسلىقىنى ســوراش، چىــن قەلبىدىن ئالاھقــا تېۋىنىــش زۆرۈر. ئىشــقىنى داۋالاش ۋە ئۇنىــڭ ئالدىنــى ئېلىشــتا، ئالاھقا ئىخلاس قىلىش ۋە ئىمانىغا سادىق بولۇشــتىنمۇ ئۈنۈملــۈك دورا يــوق. ئالــلاھ تائــالا «قۇرئــان كەرىــم»دە ئىشــق كېســلىنى تىلغــا ئېلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: «پەرۋەردىگارىنىــڭ روشــەن دەلىلىنــى كۆرمىگــەن بولســا، يۇســۇفمۇ ئۇنىڭغــا مايىــل بولغــان بولاتتــى. بىــز يۇســۇفنى گۇناھتىــن ۋە ســەت ئىشــتىن ئەنە شــۇنداق ساقلىدۇق، شۇبھىسىزكى، يۇسۇف بىزنىڭ سادىق بەندىلىرىمىزدىــن ئىــدى.»[437]

ئالــلاھ تائــالا مەزكــۇر ئايەتتــە يۇســۇپ ئەلەيھىســسالامنى ئىخلاسى تۈپەيلىدىن ئىشـق ۋاباسـىدىن ۋە پاھىشـەدىن ساقلاپ

[437] سۈرە يۇسۇف 24 ـ ئايەت

قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، قەلب تازا، ساپ، پاكىزە بولسا، ئەمەللىرىنى پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا خالىس قىلسا، ئۇنداق قەلبتە جىسمانىي ئىشققا ئورۇن قالمايدۇ. جىسمانىي ئىشق پەقەت ئىخلاستىن مەھرۇم، قۇرغاق قەلبلەردىلا يىلتىز تارتىدۇ.

بۇ ھەقتە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئىشق ئۇ نىمىدۇر تېخى بىلمەستە،
جانانىنىڭ كۆيۈكى چۈشتى جېنىمغا.
ئۇ ئىشق قەلبىمنى قۇرۇق بىلدى-دە،
«ۋاھ!» دېدى، جايلاشتى دەرھال دىلىمغا.

ئەقىللىق ئادەملەر شەرىئەت ۋە ئەقلىنىڭ مەنپەئەتلىك ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى، زىيانلىق ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

ئاقىللار پايدىسىمۇ بار زىيىنىمۇ بار بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە چوقۇم ئىلمىيلىك ۋە ئەمەلىيلىك بىلەن ئۇ ئىشنىڭ پايدا-زىيان تەرەپلىرىنى ياخشى دەڭسەپ كۆرۈشى لازىم. ئىلمىيلىك دېگىنىمىز پايدا-زىياندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ قايسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىدۇر. ناۋادا ئۇلار پايدىسى ھەم زىيىنى بار بىر ئىشنىڭ پايدىسى زىيىنىدىن كۆپرەك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسا، ئۇنداقتا ئۇلار چوقۇم ئەڭ

پايدىلىق تەرىپىنى تاللىۋېلىشى لازىم.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، جىسمانىي ئىشقنىڭ نە دىنى، نە دۇنيالىقتا ھېچ پايدىسى يوقتۇر. بەلكى ئۇنىڭ دىنى ۋە دۇنيالىقتىكى زىيىنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتىن تولىمۇ ئېغىر:

1. جىسمانىي ئىشقىقا مۇپتىلا بولغانلار مەخلۇقنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى تولا زىكرى قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاللاھ تائالاغا مۇھەببەت باغلاش ۋە ئۇنى زىكرى قىلىشتىن مەھرۇم قالىدۇ. بىر ئىنساننىڭ قەلبىدە ئىككى نەرسىنىڭ مۇھەببىتى ھەرگىز جۇغلاشمايدۇ. ناۋادا جۇغلىشىپ قالسا ئىككىسى بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىدۇ. قايسىغا مۇھەببىتى كۈچلۈك بولسا، شۇ يەنە بىرىنى بېسىپ كېتىدۇ ۋە ئۇ قەلبنى شۇ كونترول قىلىدۇ.

2. ئىشىقىقا مۇپتىلا بولغانلارنىڭ قەلبى دائىم بىر خىل ئەنسىزچىلىكتە ۋە ئازابتا ئۆتىدۇ. ئاللاھتىن باشقىلارغا كۆڭۈل بەرگەنلەر ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلەرنىڭ دەرت تارتىۋالىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر.

شائىر بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

گەر شېرىن تۇيۇلۇپ كەتسىمۇ كۆيۈك،
جاھاندا ئاشىقتىن شەقىي ئادەم يوق.
يىراقتىن خەۋپسىرەپ ياكى سېغىنىپ،
كۆزى ھېچ بولالماس ياشلاردىن قۇرۇق.

مەشۇقتىن ئايرىلسا سىغىنىپ يىغلار،
مەشۇققا قوشۇلسا پىراقتىن قورقۇپ،
دېمەككى، ياش تۆكەر ئايرىلسىمۇ ھەم،
ياش تۆكەر ۋە يەنە قوشۇلغان تۇرۇپ.

گەرچە ئاشىقلار ئىشقنى شۇنچە ئارزۇلىغان ۋە شېرىن ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا يۈرەكنى ئەڭ ئېغىر ئاغرىتىدىغان ۋە ئېزىدىغان بىر كېسەلدۇر.

3. ئاشىقنىڭ قەلبى مەشۇقنىڭ چاڭگىلىدا بولغاچقا، مەشۇق ئۇنى خالىغانچە خورلايدۇ. لېكىن ئاشىق ئۆزىنىڭ مەستخۇشلىقى ۋە ساراڭلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ خارلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. دېمەك، ئاشىقنىڭ قەلبى كىچىك بالىنىڭ قولىدىكى قۇشقاچقا ئوخشايدۇكى، بالا قۇشقاچنىڭ قىينىلىشلىرى ۋە ھەسرەتلىرىدىن ھوزۇر ئالىدۇ ۋە خۇشال بولىدۇ.

بىر ئاشىق مەشۇقى ھەققىدە مۇنداق دېگەنىكەن:

يۈرەكنى تىلغايسەن مىڭ قىيناق بىلەن،
سەن ئۆزۈڭ پەرۋاسىز ئوينايسەن كۈلۈپ.
ئاشىق ئۇ ياشىسا گويا ئەسىردەك،
ئىشقسىز ئويناركەن بىلىقتەك ئۆزۈپ.
يەنە بىر ئاشىق مۇنداق دەيدۇ:
ئاشقلار ئازاتتەك تۇرغىنى بىلەن،

ئەسلىدە ھالاكەت ئالغاندۇر ئەسىر.
ئۆلۈكتۇر، ئۇلار گەر يۈرسىمۇ مېڭىپ،
تىرىلمەس ھېچقاچان بولغۇچە ھەشىر.
مەستخۇشلۇق قەلبىنى ئالغاچقا چىرماپ،
مەستلىكتە سەكراتقا بارىدۇ ئاخىر.

4. ئاشىقلار ئىشقنى دەپ دىنى ۋە دۇنيالىق پايدا-مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. دىنى ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم قالدۇرۇشتا جىسمانىي ئىشقنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان بىرەر نەرسە بولمىسا كېرەك!

ئەمما دۇنيالىق مەنپەئەتلەر ئەمەلىيەتتە قەلبنىڭ مۇستەھكەم بىرلىكى ۋە ئۇ قەلبنىڭ ئاللاھقا يۈزلىنىشىگە قاراشلىقتۇر. كىمنىڭ دىنى مەنپەئەتلىرى قولدىن كەتكەن بولسا ياكى ئۇ دىنى مەنپەئەتلەرنى زايا قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ دۇنيالىق مەنپەئەتلىرىنىڭ قولدىن كېتىشى مۇقەررەردۇر.

5. شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازاب-ئۇقۇبەتلىرى جىسمانىيەت ئاشىقلىرىغا گويا قۇرۇق قاقشالغا ئوت تۇتاشقاندىنمۇ تېز ۋە ئاسان تۇتىشىدۇ. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، جەزمەن قەلب ئىشققا قانچىكى يېقىنلاشقانسېرى ۋە قەلب بىلەن ئىشقنىڭ مۇناسىۋىتى قانچە كۈچەيگەنسېرى ئۇ قەلب ئاللاھتىن شۇنچە يىراقلاشقىلى تۇرىدۇ. ئاللاھقا ئەڭ يىراق قەلب جىسمانىيەت ئاشىقلىرىنىڭ قەلبىدۇر. قاچانىكى قەلبلەر ئاللاھتىن يىراقلاپ كەتسە، ئۇنىڭغا ھەرخىل بالايى-ئاپەتلەر

يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلايدۇ. شەيتان ئۇنى ھەر تەرەپتىن چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىمكانىيەت تاپقانلىكى تەرەپلەردىن پايدىلىنىپ ئەزىيەت يەتكۈزگىلى تۇرىدۇ.

6. ئىشىق قەلبتە ئورۇنلىشىپ كۈچىيىپ، قەلبنى كونتروللىقىغا ئالسا زېھنلەرنى بۇزۇپ قويىدۇ ۋە قەلبتە ۋەسۋەسىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. گاھىدا ئاشىق ئىشىق سەۋداسىدا ساراڭ بولۇپمۇ چۈشۈپ قالىدۇ.

ئاشىقلارنىڭ ئىشىق سەۋداسىدا ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى قىسسە-ھېكايىلەر ۋە خەۋەرلەر ئىنتايىن تولا. بەلكى بەزىلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. ئىنساندىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە ئەقىلدۇر. ئىنسان ئەقلى ئارقىلىق باشقا جانلىقلاردىن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئىنسان ئەقلىنى يوقىتىپ قويسا ھايۋانغا باراۋەردۇر، بەلكى تېخى ھايۋاندىنمۇ بەتتەردۇر. لەيلىنىڭ مەجنۇنى شۇ ئىشىق سەۋداسىدا ئەقلىدىن كەتمىدىمۇ؟! ئىشىقنىڭ ساراڭلىقى ھەرقانداق ساراڭلىقنى بېسىپ چۈشىدۇ.

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

دېدىلەر: ئىشىق سېنى ساراڭ قىپتىغۇ!
دېدىم مەن: ئاشىقلىق ئەڭ چوڭ ساراڭلىق.
ساراڭغۇ بەزىدە ھوشىنى تاپار،
لېك ئاشىق ھوشىنى تاپماس داۋاملىق.

7. ئىشىق بەزىدە ھېس-تۇيغۇلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ياكى شەكلىي جەھەتتىن، پۈتۈنلەي ياكى قىسمەن كاردىن چىقىرىدۇ. مەنىۋى جەھەتتىكى بىنورماللىق قەلبنىڭ بىنورماللىقىغا ئەگىشىپ كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، قەلب بۇزۇلسا كۆز، قۇلاق، تىل بۇزۇلىدۇ-دە، ياخشى-ياماننى پەرق قىلالماس ۋە مەشۇقىغا لىللا باھا بېرەلمەس بولۇپ قالىدۇ. «ھەدىس شەرىف»تە مۇنداق دېيىلگەن: «ياخشى كۆرۈش كور ۋە گاس قىلىپ قويىدۇ».

ئىشىق قەلب كۆزىنى كور قىلىپ قويىدۇ-دە، ئاشىق مەشۇقىنىڭ يامان ئىشلىرىنى، ئەيىبلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. ئىشىق ئاشىقنىڭ قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويىدۇ-دە، ئۇ مەشۇقىنىڭ ئەيىب-نۇقسان ۋە كەمچىلىكلىرىنى ئاڭلىيالمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا قۇلاقمۇ سېلىپ قويمايدۇ.

مەشۇققا بولغان رىغبەت ۋە قىزىقىش ئۇنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرىنى يوشۇرۇپ قويىدۇ. دېمەك، بىر نەرسىگە قىزىققۇچى، ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. پەقەت قىزىقىشى يوقالغاندىلا ئاندىن ئەيىب-نۇقسانلار كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. كۈچلۈك قىزىقىش كۆزلەرنى پەردىلەپ قويىدۇ-دە، كۆزلەر نەرسىلەرنى دەل ئەينى بويىچە كۆرەلمەي قالىدۇ.

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

مەن سېنىڭ ئىشقىڭغا بولغاندا ئەسىر،
بار ئىكەن ئەمەسمۇ كۆزۈمدە پەردە؟!

كۆزلىرىم ئېچىلىپ، بولغاندا روشەن،
ئۆزۈمگە مالامەت قىلدىم ھەر يەردە.

بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان ئادەم ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى بىلەلمەيدۇ، سىرتىدىكىلەرمۇ بىلەلمەيدۇ. پەقەت كىرىپ چىققانلارلا ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا كاپىرلىقىدىن يېنىپ ئىسلامغا كىرگەن ساھابىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلغانلاردىن ياخشىراق بولالىغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «جاھىلىيەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان مۇسۇلمان ئەۋلادلار مەيدانغا كەلگىلى تۇرغاندا، ئىسلام بىر-بىرلەپ چۇۋۇلغىلى تۇرىدۇ.»

ئاشىق ئىشىق سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىدىمۇ روشەن بىنورماللىق كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بەدىنى ئاغرىپ، ئورۇقلاپ كېتىدۇ. بەزىدە تېخى پۈتۈنلەي تۈگىشىپمۇ كېتىدۇ. ئىشىق يولىدا جان بەرگەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەشھۇر ۋەقەلىكلىرى بار.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرەپاتتا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ كەتكەن بىر يىگىت ئېلىپ كېلىندى. ئىبنى ئابباس:

- بۇنىڭغا نېمە بولدى؟!-دەپ سورىدى.

- ئاشىق بولۇپ قاپتۇ، -دېيىشتى باشقىلار.

ئىبنــى ئابباس رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ شـۇنىڭدىن ئىبتىبـارەن ئۆمرىنىـڭ ئاخىرىغىچە ئاللاھقا سىغىنىپ ئاشـقلىق كېسـلىدىن پانــاھ تىلـەپ ياشـىغانىدى.

8. شۈبھىســىزكى ئاشــقلىق يۇقىرىــدا تىلغــا ئېلىنغانــدەك ياخشى كۆرۈشـنىڭ چېكىدىـن ئاشقان شـەكلىدۇر. ئاشـقلارنىڭ قەلبى پۈتۈنلەي مەشـۇقلارنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ھەتتاكى ئاشـقلار مەشـۇقنى ئەسـلىمەي، تىلغـا ئالمـاي، ئـۇ ھەقتـە ئويلانمـاي تۇرالمايـدۇ. مەشـۇقلار زادىـلا ئۇلارنىـڭ خىيالىدىـن ۋە زېھنىدىـن كەتمەيـدۇ. ئەنـە شـۇ ۋاقىتـدا نەپـس شـۇ خىياللار بىلـەن بولـۇپ كېتىـپ، ھاياتـي ۋە روھـي كۈچىنـى ئىشـقا سېلىشـتىن مەھـرۇم قالىـدۇ. شـۇنىڭ بىلـەن بـەدەن ۋە روھتـا ئېغىـر ئاپەتلـەر يـۈز بېرىدۇكـى، ئۇنـى داۋالاپ سـاقايتماق بەسـى مۈشـكۈلدۇر.

ئاشــقلىق كېســلىگە گىرىپتــار بولغانلارنىــڭ ئىــش-ھەرىكەتلىـرى، مىجەز-خاراكتېرلىـرى ۋە مەقسـەت-مۇددىئالىرىمۇ ئېغىـر دەرىجىـدە قالايمىقانلىشـىپ كېتىـدۇ. بۇنـى ئىنسان تـۈزەپ بولالمايــدۇ.

ئاشـقلىق باشـلانغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئاشـقلارغا ئىشـق ناھايىتــى ئاســاندەك ۋە شــېرىن تۇيۇلــدۇ. تەرەققىــي قىلىــپ مەلـۇم باسـقۇچقا كەلگەنـدە ئاشـقلارنى غەم-قايغـۇ ۋە كېسـەللىك چىرمىۋالىـدۇ. ئاخىرقى باسـقۇچلاردا (نـاۋادا ئاللاھنىـڭ پەزلـى-مەرھەمىتىگـە ئېرىشـەلمەيلا قالسـا) پۈتۈنلـەي كاردىـن چىقىـدۇ ۋە تېخـى ئۆلۈپمـۇ كېتىـدۇ.

يەنـە بىرەيلـەن مۇنـداق دەيدۇ: «ئاشـىق بولما، ئاشـقلىقنىڭ

دەسلەپى جاپا، ئوتتۇرىسى كېسەللىك، ئاخىرى ئۆلۈمدۇر.»

شائىر مۇنداق دەيدۇ:

ئىشققا قىزىقىپ ئاشىقمۇ بولدۇڭ،
ئاشىقلىق قىينىسا توۋلىدىڭ «دات» دەپ.
كۆرگەندە قايىنامنى ئويلىدىڭ تىنچ كۆل،
سەكرىدىڭ، كەتتىغۇ قايىنام سېنى يەپ.

ئاشىقلىق كوچىسىغا كىرىپ قالغانلار ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار گوياكى ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشكۈچىلەردۇر.

ئاشىقلىق دەسلەپكى، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى باسقۇچتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچ باشلىنىش بولۇپ، ناۋادا مەشۇقنىڭ ۋەسلىگە يېتىشكە شەرئىي ياكى تەقدىر نۇقتىسىدىن مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغاندا، ئاشىق ئۆزىنى ئۇنىڭدىن تارتىشى ۋە قولىدىن كېلىدىغان بارلىق ئاماللارنى ئىشلىتىپ ئىشىق كېسەللىكىگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى زۆرۈر.

ناۋادا بىرىنچى باسقۇچتىكى مۇداپىئەدىن ئاجىز كېلىپ قالسا ۋە كۆڭلى ساراڭلىق قىلىپ مەشۇق تەرەپكىلا تارتىپ تۇرسا (بۇ ئوتتۇرا باسقۇچتۇر) ئاشىق بۇ تۇيغۇ ۋە ھېسسىياتنى يوشۇرۇشى، باشقىلارغا بىلدۈرمەسلىكى لازىم. چۈنكى بەرىبىر مۇمكىن بولمايدىغان ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرگەندە مەشۇقنى

بىئارام قىلىدۇ ۋە كىشىلەر ئارىسىدا مەشۇقنىڭ ئوبرازىغا سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ قويىدۇ. دېمەك بۇ يەردە شېرىك ۋە زۇلۇمدىن ئىبارەت چوڭ ئىككى گۇناھ شەكىللىنىدۇ.

مەشۇققا سالغان زۇلۇم زۇلۇملار ئىچىدە ئەڭ ئېغىرى دەپ قارىلىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا بۇ زۇلۇم مەشۇققىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئائىلىسى، جەمەتىگىمۇ ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. مەشۇقى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ جەمەتىگە ھېسسىياتىي جەھەتتىن كەلتۈرگەن زۇلۇم مەشۇقى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ جەمەتىگە ئىقتىسادىي زىيان سالغاندىن ئېغىر بولىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئاشىق مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقنى ھەممە يەردە سۆزلەپ يۈرگەندە، مەشۇق كىشىلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەك ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كىشىلەر مەشۇق ھەققىدە راست ـ يالغان خەۋەرلەرنى پەيدا قىلىشقا باشلايدۇ. ئىشلارنىڭ جەريانىنى ئۇقمايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بۇ ئىشلاردا خىلمۇ ـ خىل گۇمان ۋە يالغانلارنىمۇ راست دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

ناۋادا «پالانى ئادەم پالانى ئايال بىلەن مۇنداق ئىشلارنى قىپتۇ» دېيىلسە، يۈز ئادەمنىڭ بىرسى ئىشەنمىگىنى بىلەن توقسان توققۇزى ئىشىنىدۇ.

ۋەسلىگە يېتەلمىگەن مەشۇقى ھەققىدە گەپ ـ سۆز تارقىتىپ يۈرىدىغان شەرمەندە ئاشىقلارنىڭ خەۋەرلىرى كىشىلەرگە راستتەك تۇيغۇ بېرىدۇ. تېخى گەپ ـ سۆزگە قالغۇچىلارنىڭ باشقىلارغا يالغان ئېيتقانلىقى ياكى بىرەر قېتىم ئىغۋاگەرچىلىك قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىپ قالىدىغان بولسا، كىشىلەر مەشۇق

ھەققىدىكى گەپلەرنى زادىلا توغرا دەپ تونۇۋالىدۇ. بەلكى تېخى ئاشىق بىلەن مەشۇق ئىككىسى بىر جايدا كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغۇدەك بولسا، كىشىلەر ئۇلارنى دېيىشىپ قويۇپ ئۇچرىشىش قىپتۇ دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇلار بۇ ھەقتە خەۋەر يالغان بولۇشى مۇمكىن ياكى باشقىلارنىڭ تاپقان گېپى بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئىشلار ئۇنداق ئەمەستۇ، دېگەندەك باشقا ئېھتىماللىقلارغا زادىلا ئورۇن قالدۇرمايدۇ. بۇ چاغدا گۇمان گوياكى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك ئىشەنچلىك بىر خەۋەرگە ئايلىنىدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆيۈملۈك رەپىقىسى، ئاللاھ ئۆزى ئاقلىغان زات ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزمۇ مانا مۇشۇنداق ئەپقاچتى گەپلەر سەۋەبىدىن تۆھمەتكە ئۇچرىغان ئىدى. تۆھمەتخورلار ئائىشە ئانىمىزنى سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يالغۇز ئېلىپ كەلگەنلىكىنى باھانە قىلىپ نومۇسسىزلارچە تۆھمەت قىلغانىدى. ناۋادا ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئائىشەنىڭ پاكلىقىغا ئۆزى گۇۋاھلىق بەرمىگەن بولسا، ئۆزى ئاقلىمىغان بولسا، ئۇنى ئۆزى قوغدىمىغان بولسا ۋە تۆھمەتخورنىڭ يالغانچىلىقىنى ئۆزى ئىسپاتلىمىغان بولسا... چوقۇمكى بۇ يەردە باشقىچە بىر ئىشلار يۈز بەرگەن بولاتتى.

دېمەك، ۋەسلىگە يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان مەشۇققا ئاشىق بولغانلارنىڭ ئىشقنى ئاشكارىلىشى ۋە ئۇنى سۆزلەپ يۈرۈشى مەشۇققا زۇلۇم قىلغانلىق ۋە ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزگەنلىك، ئۇنىڭ ئائىلە ـ جەمەتىگە تاجاۋۇز قىلغانلىق

دەپ قارىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مەشۇق توغرىسىدا ھەرخىل گۇمانلاردا بولىدۇ. ناۋادا بۇ ئىشلار مەشۇققا يامان غەرەزدە بولۇۋاتقان ۋە پۈرسەت كۈتۈۋاتقانلارنىڭ قولىشىغا ئىرىشىپلا قالسىغۇ... ئۇ چاغدا زۇلۇم تېخىمۇ يۇقىرى چەككە چىقىدۇ. بۇنداق بولغاندا بۇ ئىشلارغا پىلتە بولغان، ئارىچىلىق قىلغانلار زالىم، دەييۈز دەپ قارىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پارا بەرگۈچى بىلەن پارىخورنىڭ ئارىسىدا ۋاستىچىلىق ۋە ئارىچىلىق قىلغانلارغا لەنەت قىلغان يەردە، ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ ئارىسىغا ۋاستىچىلىق قىلغان، ئاشىق بىلەن بىرلىشىپ مەشۇققا ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلارغا زۇلۇم سالغانلارغا، مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ جېنىغا، مېلىغا، يۈز-ئابرويىغا قارا سانىغانلارغا لەنەت قىلماي قالارمۇ؟!

نۇرغۇن ئاشىقلار ئۆزىگە پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان كىشىلەرنى يوقىتىش مەقسىتىدە قاتىلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەر، خوجايىن ۋە يېقىن-يورۇقلاردىن ئىبارەت نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇ سەۋەبتىن ناھەق ئۆلتۈرىلىدۇ.

نۇرغۇن ئاياللار ئىشقىتىن ئىبارەت مۇشۇ ئاپەت تۈپەيلىدىن ئېرىنى ئالدايدۇ. نۇرغۇن قۇل ۋە دېدەكلەر خوجىسىنى ئالدايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلغانلارغا لەنەت قىلدى ۋە ئۇلاردىن ئادا-جۇدا ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. دەييۈزلۈك، ئېرىنى ۋە خوجايىنىنى ئالداش ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئېغىر گۇناھتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەم يەنە بىر بۇرادىرى سۆز

سالغان ئايالنى گەپلىششتىن، بۇرادىرى قىلىشقان سودىنى بۇزۇشتىن توسقان ئىدى. ئۇنداقتا نورمال ئەر-ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىنى بۇزماقچى بولغانلار، ئاياللار بىلەن جەمەتى ۋە قەۋمىنىڭ ئارىسىغا ئازارچىلىق سالماقچى بولغانلارغا نېمە دەر؟!

جىسمانىيەتكە ئاشىق بولغان ۋە چىرايىغا كۆيگەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى بولغان دەيۇزلەر ئۆز مەقسىتىگە يېتىشتە ھەر قانداق ۋاستە قوللىنىشنى ھېچ ئەيىب دەپ قارىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاشىقنىڭ مەشۇقتىن يولسىز ھالدا ۋىسال تەلەپ قىلىشى ۋە مەشۇقتىن مەشۇقنىڭ ئېرى ياكى خوجايىنى بىلەن ئورتاق پايدىلانماقچى بولۇشى ئېغىر جىنايەت ۋە ئېغىر زۇلۇمدۇركى، بۇنىڭ گۇناھى ھەرگىزمۇ پاھىشىنىڭ گۇناھىدىن تۆۋەن ئەمەس. باشقىلارنىڭ ھەققىگە چېقىلىشنىڭ گۇناھى تەۋبە بىلەن ساقىت بولمايدۇ. تەۋبە ناۋادا ئاللاھنىڭ ھەقلىرىنى ساقىت قىلالىغان تەقدىردىمۇ، بەندىنىڭ ھەققى شۇ كىشىنىڭ گەدىنىدە قالىدۇ-دە، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ.

باشقىلارنىڭ يۈرەك پارىسى بولغان پەرزەنتلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش، ئەرنىڭ سۆيۈملۈك ئايالىنى بۇزۇش ئارقىلىق ئەرگە زۇلۇم قىلىش ۋە ئەرنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇش ئىنتايىن ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن مال-دۇنياسىنى ئېلىۋالغاندىنمۇ ئېغىرراق، قېنىنى تۆككەنگە باراۋەر زۇلۇم ۋە ئەزىيەتتۇر. ئۇنداقتا بۇ خىلدىكى پاھىشەدىنمۇ ئېغىرراق جىنايەت ۋە زۇلۇم بارمۇ؟! ناۋادا بۇ ئىش ئاللاھ يولىدىكى مۇجاھىدنىڭ ئايالى بىلەن

يـۈز بەرسـىچۇ؟! قىيامـەت كۈنـى بـۇ زالـىم جىنايەتچـى سـۈپىتىدە توختىتىلىـدۇ ۋە ئـۇ مۇجاھىدقـا: «ئۇنـىڭ ياخشـىلىقلىرىدىن خالىغانچـە ئېلىـۋال» دېيىلىـدۇ. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام بـۇ سـۆزىنى دەپ بولۇپـلا: «سـىلەرنىڭچە بـۇ جىنايەتچىنىـڭ بىـرەر ياخشـىلىقى قالامـدۇ؟!» دەپ سورىدى. نـاۋادا زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچـى زالىمنىـڭ خوشنىسـى بولـۇپ قالسـىچۇ؟! ياكـى يېقىـن تۇغقانلىـرى بولـۇپ قالسـىچۇ؟! بـۇ يـەردە زۇلـۇم نەچچـە ھەسسـە قاتلىنىـدۇ. بـۇ زالىمنىـڭ جىنايىتـى بـۇ ۋاقىتـدا زالىملىقـلا بولـۇپ قالمـاي يەنـە سـىلە ـ رەھىمنى ئـۈزۈش ۋە خوشـنىغا ئـازار يەتكـۈزۈش گۇناھىمـۇ قوشـۇلىدۇ. سـىلە ـ رەھىمنى ئۈزگـەن ئـادەم جەننەتكـە كىرەلمەيـدۇ. شـۇنىڭدەك خوشنىسـىنى خاتىرجـەم قىلمىغـان ئادەممـۇ جەننەتكـە كىرەلمەيـدۇ.

نـاۋادا ئاشـىق مەشـۇقىغا يېتىـش يولىـدا جىن ـ شـەيتانلاردىن يـاردەم سـوراپ سـېھىر ۋە ئىسـتىقۇ ـ سـوغۇتقۇلۇق قىلغـان بولسـا، بـۇ تېخـى ئاللاھقـا شېرىك كەلتـۈرۈش، باشـقىلارغا زۇلـۇم قىلىشـقا قوشـۇپ سـېھىرگەرلىك قىلىـپ كاپىـر بولغـان بولىـدۇ. نـاۋادا سـېھىرگەرلىكنى ئـۆزى قىلمـاي ئۇنىڭغـا رازى بولـۇپ سـۈكۈت قىلغـان بولسـا، ئـۇ ئـادەم ئـۆز مەقسـىتىگە يېتىـش ئۈچـۈن كاپىرلىققـا رازى بولغـان بولىـدۇ. بۇنىمـۇ كاپىرلىقتىـن تـۆۋەن چاغلىغىلـى بولمايـدۇ.

دېمـەك، بـۇ جەھەتتـە ھەمكارلاشـقۇچىلار گۇناھ ـ مەئسـىيەتكە، تاجاۋۇزچىلىـق ۋە زالىملىققا ھەمكارلاشـقان بولىـدۇ.

ئاشـىق ئـۆز مەقسـىتىگە يېتىـش يولىـدا قانچىلىـك زۇلـۇم ۋە

تاجاۋۇزچىلىقلارنى قىلىپ سالىدىغانلىقى ھەممىگە ئايدىڭ بىر ئىشتۇر. ناۋادا مەشۇق ئاشىققا ئۆز ۋەسلى باراۋىرىدە يەنە باشقا بىر گۇناھلارنى تەلەپ قىلسا، بۇ ھالەتتە ئاشىق ئۇ گۇناھنى قىلىشتىن ئىككىلىنىپ يۈرمەيدۇ. دېمەك بۇ يەردە ھەر ئىككىسى گۇناھ-مەئسىيەت ۋە تاجاۋۇزلىقتا بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن بولىدۇ.

دېمەك، مەشۇق ئاشىقنىڭ ۋىسال يولىدىكى پۇتلىكاشاڭلارغا، يەنى مەشۇقنىڭ ئەھلى، يېقىن-يورۇقلىرى، خوجايىنى، ئېرى قاتارلىقلارغا زۇلۇم قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ. ئاشىقمۇ مەشۇقنىڭ مەقسەت يولىدىكى توسالغۇلارنى كۆزدىن نېرى قىلىشقا ياردەملىشىدۇ. بۇلاردىن ھەر بىرى ئۆز غەرىزىگە يېتىش ئۈچۈن باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىدۇ.

تارىختىن بىرى ئاشىقلار بىلەن مەشۇقلار ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ كۆرۈلگەن بىر ئىش شۇكى، ئۇلار زۇلۇم، تاجاۋۇزچىلىق ۋە چەكتىن ئېشىشلاردا بىر-بىرىگە ھەمكارلىشىدۇ. ھەتتا تېخى بەزىدە ئاشىق ئۆزىگە تەۋە بولمىغان مەنسەپلەرگە، ئۆزىنىڭ ھەققى بولمىغان مال-دۇنيالارغا كۆز قىزارتىدۇ-دە، باشقىلارغا چېقىلىشقا باشلايدۇ. ناۋادا مەشۇق باشقىلار بىلەن دەۋاغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، ئاشىق بۇ يەردىكى مەسىلىنىڭ خاتا-توغرىسى بىلەن ھېسابلاشمايلا ھېچ ئىككىلەنمەستىن مەشۇقىغا يان باسىدۇ. يۇقىرىقى خاتالىقلاردىن سىرت تېخى ئاشىق باشقىلارنىڭ ماللىنى ئىگەللىۋېلىش ئۈچۈن ھىلە-مىكىر ئىشلىتىدۇ. ئۆز مەشۇقىغا يېتىش ئۈچۈن ئوغرىلىق قىلىدۇ،

بۇلاڭچىلىق قىلىدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، يالغان قەسەم ئىچىدۇ ياكى قاراقچىلىق قىلىدۇ...

ئاشىقنىڭ تەرسالىقى چېكىگە يەتكەندە مەشۇقىنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرۈپ مال بۇلايدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ۋە بۇلاردىن باشقا يەنە بىر تىلغا ئالمىغان نۇرغۇنلىغان خاتالىقلار جىسمانىي ئاشىق (چىرايىغا كۆيگەن)لەردىن سادىر بولىدىغان رەزىل قىلمىشلاردۇر. جىسمانىي ئىشىق بەزى ۋاقىتلاردا ئاشىقلارنى ئوپئوچۇق دىندىن يېنىپ مۇرتەد بولۇش گىردابىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ناسارالار بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناسارالارنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن ئىسلامدىن چىقىپ ناسارا بولۇپ كەتكەنلەرمۇ نۇرغۇن. بىز مۇشۇ كىتابنىڭ ئىلگىرىكى بىر بابىدا ئابدۇلھەق ئۆزىنىڭ «ئاقىۋەت» ناملىق كىتابىدا بايان قىلغان مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى نەقىل قىلغان ئىدۇق: «بىر مەزىن ئەزانخانىدا تۇرغاندا، مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ناسارا ئائىلىسىنىڭ قىزىغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ، ئۇ ئەزانخانىدىن يېنىپ چۈشۈپ، ئۇ قىزغا تەلەپ قويىدۇ. قىز ئۆزىنىڭ ناسارالىقىنى، ناۋادا مەزىنىڭمۇ ناسارا دىنىغا كىرسە تەلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مەزىن قىزنىڭ تەلىپى بويىچە ناسارا دىنىغا كىرىدۇ، ھەمدە بىر ئىش بىلەن شۇ ناسارانىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، يىقىلىپ چۈشىدۇ ۋە تېخى ناسارا قىزنىڭ ۋەسلىگە يەتمەي تۇرۇپلا ئۆلىدۇ».

ناۋادا ناسارالار ئەسىرلەرنى ناسارالاشتۇرماقچى بولسا، ئۇلارغا

چىرايلىق قىزلارنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە قىزلارغا ئىشتىياق پەيدا قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئەسىرلەر ناسارا قىزلارغا ئاشىقى بىقارار بولغاندىن كېيىن، ناسارا دىنىغا كىرسىلا ئۆزىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئاللاھ قەلبىنى مۇستەھكەم قىلغانلار بۇنداق تۇزاقلاردىنمۇ ئامان-ئېسەن قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملار (يەنى كۇپپارلار)نى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ.»[438]

جىسمانىي ئىشق (چىرايغا ئاشىق بولۇش) ئاشىق ۋە مەشۇقنىڭ ھەر بىرىگە ئېغىر زۇلۇم ئېلىپ كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ، پاھىشىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم سېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاشىق ۋە مەشۇقتىن ئىبارەت ھەر بىرى ئۆزىگە ۋە ئۆزگىگە زۇلۇم سالىدۇ. ئۇلارنىڭ زۇلمى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئۆز ئارىلىرىدىلا توختاپ قالماستىن، بەلكى ئائىلە-جەمەتلىرى ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي توپلارغىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تېخى ئەڭ يامان بولغىنى ئۇلار مەشۇقىنىڭ مۇھەببىتىنى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇۋېلىش ئارقىلىق ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئىشق زۇلۇم تۈرلىرىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەشۇق ناۋادا ئاللاھتىن قورقمىسا، ئاشىقنى ھالاكەت گىرداۋىغا ئاپىرىپ قويىدۇ، بۇمۇ ئىنتايىن ئېغىر زۇلۇمدۇر.

[438] سۈرە ئىبراھىم 27 ـ ئايەت

مەشۇق بۇ چاغدا ئاشىقنىڭ قەلبىدە تەمە تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ-دە، تازا ياسىنىپ، ھەر خىل ناز-كەرەشمىلەر بىلەن ئاشىقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىدۇ. بۇ خىلدىكى مەشۇقلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ۋىسال بولماستىن، بەلكى ئاشىقنىڭ مال-دۇنياسىدۇر. بۇ مەشۇقلارنىڭ غەرىزى باشقا بولغاچقا ئۆزىنى ھەرگىزمۇ ئاشىققا تۇتقۇزۇپ قويمايدۇ. بولمىسا ئاشىقنىڭ ھاجىتى راۋا بولۇپ قېلىپ ئۇنى قوغلاشماسلىق ئېھتىماللىقى يۈز بېرىدۇ. مەشۇق شۇنداق قىلىپ ئاشىقنى تازا قىينايدۇ. ئاشىق بەزىدە بۇ مەشۇقنىڭ ئازابى ۋە پىراقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ مەشۇق ئاشىق بىلەن كارى بولماي باشقىلارغا ۋىسال شارابى سۇنغان ۋاقىتلاردا ئاشىق بەرداشلىق بېرەلمەي مەشۇقنى ئۆلتۈرۈپلا ئازابتىن خالاس بولماقچى بولىدۇ. دېمەك ئىشىق نۇرغۇنلىغان ئاشىق مەشۇقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، نۇرغۇن زەردارلارنى قاقسەنەم قىلىۋەتكەن، نۇرغۇنلىغان شۆھرەت ساھىبلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكەن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئارىسىغا ئىختىلاپ-نىزا تېرىۋەتكەن... نۇرغۇنلىغان ئاتا-بالىلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكەن...

ئايال كىشى ئېرىنىڭ باشقا ئايالغا ئاشىق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلسا، ئۇ ئايالمۇ دەرھال ئۆزىگە ئاشنا ئىزدىگىلى تۇرىدۇ. بۇنى ھېس قىلغان ئەر ئۆيىنى بۇزۇش ياكى ئىسلاھ قىلىش ئارىسىدا ئىككىلىنىپ قالىدۇ. بەزىلەر خوتۇنىنى تالاق قىلىپ ئۆيىنى بۇزىدۇ، بەزىلەر ئىسلاھ قىلىپ ئائىلىسىنى قايتا رەتكە چۈشۈرىۋالىدۇ. ئىشقىلىپ ھەر ئەھۋالدا نۇرغۇنلىغان

كۆڭۈلسىزلىكلەر ۋە قالايمىقانچىلىقلارغا مۇپتىلا بولىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقىللار ھەرگىزمۇ جىسمانىي ئىشىق كويىغا كىرىپ قالماسلىقى لازىم، بولمىسا يۇقىرىدا تىلغا ئالغاندەك ئېغىر زىيانلارغا مۇپتىلا بولىدۇ.

كىمكى بۇ خىلدىكى ئىشققا مۇپتىلا بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان، ئۆزىنى ئۆزى ئالدىغان بولىدۇ. ئۇنى ئىشىق تۈگەشتۈرۈۋېتىدۇ. ناۋادا ئۇ مەشۇقىغا تەكرار قاراشتىن ۋە كۆڭلىگە ۋىسال تاماسى چۈشۈشتىن ساقلانغان بولسا، ئىشىق قەلبىدە ھەرگىز كۈكلىيەلمىگەن بولاتتى.

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئىشىق مەيلى قاراش ياكى ئاڭلاشتىن شەكىللەنسۇن ئۇنىڭ ئەڭ تۈنجى ئۇچقۇنى ياقتۇرۇپ قېلىشتۇر.

ناۋادا قارشى تەرەپنى ياقتۇرۇپ قالغاندىمۇ قەلبىدە تاما شەكىللەنمىسە ۋە ئۆزىنىڭ يېتەلمەيدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا بولسا بۇ يەردە ئاشىقلىق ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. ناۋادا كۆڭلىگە تاما شەكىللىنىپ قالغان تەقدىردە كۆڭلىنى ئۇنىڭدىن توسۇپ تۇرسا، قەلبىنى ئىزچىل مۇمكىن بولمايدىغان ۋىسال ھەققىدە خىيال قىلىشتىن ياندۇرالىسا، بۇ يەردە يەنىلا ئاشىقلىقنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ناۋادا ياقتۇرۇپ قالغان تەرەپنى داۋاملىق خىيال قىلىپ قالسا ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى كۆز ئالدىدىن كەتكىلى ئۇنىمىسا، دەرھال كۆڭۈلگە ۋىسال لەززىتىگە نىسبەتەن ئېغىر ۋە قورقۇنۇشلۇق ھالەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارقىلىقمۇ ئىشىق

كېسەللىكىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: دوزاختىن قورقۇش، پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىدىن قورقۇش، گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن قورقۇش دېگەندەك. بۇ تۈيغۇلار ئارقىلىق ۋىسال ئىشقىنى باسقاندىلا ئاندىن يۇقىرىقى ئىشىق كېسەللىكىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

ناۋادا يۇقىرىقى قورقۇنۇشلار كۆز ئالدىغا كەلمىگەن تەقدىردە ئۇنىڭدىن باشقا ئىقتىسادىي سورۇقچىلىقتىن ئەنسىرەش، ئۆزىنىڭ ھالاك بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش، يۈز-ئابرويىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەش، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەش قاتارلىق تۈيغۇلار ئىشىق ئامىللىرىدىن ئۈستۈن تۇرغاندا يەنىلا شۇ ئىشىق كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، مەشۇققا يېتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن تېخىمۇ قەدىرلىك، تېخىمۇ سۆيۈملۈك بولغان زاتنىڭ سۆيگۈسىدىن مەھرۇم قېلىشتىن ئەنسىرىسە ۋە بۇ تۈيغۇنى مەشۇققا بولغان سۆيگۈنىڭ ئۈستىدە قويالىسا ئىشىق كېسەللىكىدىن ھەم ساقلىنىپ قالالايدۇ. ناۋادا يۇقىرىقى تۈيغۇلارنىڭ ھېچبىرى بولمىسا، ئۇنى مەشۇقنىڭ مۇھەببىتى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئېلىۋالغان بولسا، دەل شۇ ۋاقىتدا ئاشىقنىڭ بار ۋۇجۇدى بىلەن مەشۇققا بېرىلىپ كەتكەن، ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئېغىپ كەتكەن بولىدۇ.

ئەمدى قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىمىز بىزدىن يۇقىرىدا پۈتۈنلەي جىسمانىي ئاشىقلىق (چىراي، قىياپەتكە كۆيۈش) نىڭ زىيانلىرى، ئاپەتلىرى ۋە ھالاكەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ

ئۆتتۈڭلار، «ئۇنداقتا ئىشىق دېگەن شۇ قەدەر زىيانلىق نەرسىمۇ؟ ئۇنىڭ زادىلا پايدىسى ۋە ئەھمىيىتى يوقمۇ؟» ئىشىق تەبىئەتنى نازۇكلاشتۇرىدۇ. كۆڭۈلگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، ئادەمنىڭ ئىچىنى بوشىتىدۇ، روھىيەتنى چىنىقتۇرىدۇ. ئادەمنى قەھرىمانلىق، ئادىمگەرچىلىكتىن ئىبارەت گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرگە ئۈندەيدىغۇ؟! باشقىلارغا مۇلايىم بولۇشقا رىغبەتلەندۈرىدىغۇ؟! دېيىشى مۇمكىن!

يەھيا ئىبنى مۇئازىررازىيغا: «ئوغلۇڭ پالانى خېنىمغا ئاشىق بولۇپ قاپتۇ» دېيىلگەندە، ئۇ: «ئۇنى ئادەمىيلىك تەبىئەتكە كەلتۈرگەن ئاللاھقا شۈكۈرلەر بولسۇن» دېگەنىكەن.

بەزى كىشىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئىشىق ئاقىللارغا داۋادۇر.»

تۆۋەندە بىز ھەكىملەرنىڭ ئىشىق ھەققىدە ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بېرىمىز:

«ئىشىق ئادىمگەرچىلىكى بار، پاك خۇلۇققا ئىگە ۋە پەزىلەتلىك، راستچىل، ئەدەبىي دىتى بار، يارقىن گۈزەللىكى ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى بار كىشىلەرگە خويمۇ يارىشىدۇ.»

«ئىشىق قورقۇنچاقنى قەھرىمانغا، دۆتنى زەكىيگە، بېخىلنى سېخىيغا ئايلاندۇرىدۇ. شاھلارچە مەغرۇرلۇقنى سۇندۇرىدۇ، يېقىمسىز خۇي ـ مىجەزلەرنى ئۆزگەرتىدۇ. ئىشىق يارى يوققا ياردۇر، ھەمراھى يوققا ھەمراھتۇر.»

«ئىشىق ئېغىرچىلىقلارنى يوقىتىدۇ. روھنى مۇلايىملاشتۇرىدۇ، قەلبنى سۈزۈلدۈرىدۇ، ئېسىللارنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە

ھوزۇر، شادلىق قوشىدۇ.»

«ئىشىق ھەر قانداق ئىسىل خىسلەتلەر ۋە پەزىلەتلەرگە ئۈندەيدۇ.»

بەزى ھۆكۈمالار مۇنداق دەيدۇ: «ئىشىق كۆڭۈللەرنى كۆتۈرىدۇ. خۇي-مىجەزنى تەڭشەيدۇ. ئىشقىنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئىيدۇر. ئۇنى يۇشۇرمەن دېيىش ئورۇنسىز زورۇقىشتۇر.»

«قانداق بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە مۇڭلۇق ئاۋازلار ۋە گۈزەل چىرايلار تەسىر كۆرسەتمىسە، ئۇنىڭ مىزاجى بىنورمالدۇر، ئۇ داۋالانسۇن».

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

بىرەر رەت ئاشىق بوپ باقمىساڭ ئەگەر،
كۆيۈك ئۇ نىمىدۇر بىلمەسەڭ يەنە.
بۇ گۈزەل ھاياتتا يوقكەن نېسىۋەڭ،
دېمەككى، ئىشقىسىز ياشىدىڭ دېمە!
يەنە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:
بىرەر رەت ئاشىق بوپ باقمىساڭ ئەگەر،
كۆيۈك ئۇ نىمىدۇر بىلمەسەڭ يەنە.
دېمەككى، سەن گويا كەڭرى چۆلدىكى
دۆڭ كەبى قەدىرسىز، تاشلاندۇق نېمە!
يەنە بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:
بىرەر رەت ئاشىق بوپ باقمىساڭ ئەگەر،
نىسىپمۇ بولمىسا كۆيۈكنى بىلمەك،

ماڭ يۈگۈر، ساماندا ھەلەپ قىلىپ يە،
دېمەككى، سەن گويا ئىشقىسىز ئېشەك!

ئىپپەتلىك ۋە ئۆزىنى ساقلىغان بىر قىسىم ئاشىقلار مۇنداق دېگەنىكەن: ئىپپەتلىك بولساڭلار شەرەپكە ئېرىشەلەيسىلەر. ئاشىق بولساڭلار زەپەر قۇچالايسىلەر!

بەزى ئاشىقلاردىن «كۆيگىنىڭگە ئېرىشسەڭ نېمە قىلغان بولاتتىڭ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇلار «چىرايىغا قاراپ كۆزلىرىمنى ھوزۇرلاندۇراتتىم، نامىنى زىكرى قىلىپ دىلىمنى راھەتلەندۈرەتتىم، ئۇ ياخشى كۆرمەيدىغان ئىشلارنى قەتئىي قىلمىغان بولاتتىم، ئۇنىڭ ۋەدىسىنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلمايتتىم» دېگەنىكەن.

ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ: ئاشىقلارنىڭ تىنىقلىرى گوياكى خۇشپۇراق ئەتىرلەردۇر. ئۇلارنىڭ بەدەنلىرى ناھايىتى نازۇك ئىنچىكىدۇر. ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى ئۆز ئارا چۈشىنىشتۇر. ئۇلارنىڭ گېپى ئۆلۈك قەلبلەرگە جان كىرگۈزىدۇ. ئەقلنى زىيادە قىلىدۇ. ناۋادا ئىشق ۋە كۆيۈك بولمىسا ئىدى، دۇنيانىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتلىرى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى.»

يەنە بىر ئادەم مۇنداق دەيدۇ: بەدەن غىزاغا ئېھتىياجلىق بولغاندەك روھمۇ ئىشققا ئېھتىياجلىقتۇر. ناۋادا ئىشقنى تەرك ئەتسەڭ زىيان تارتىسەن، ناۋادا باشچىلاپ كىرىپ كەتسەڭ تۈگىشىسەن.»

بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالار بار:

بىل دوستۇم سۆيگۈدە شېرىن لەززەت بار،
ئۇنىڭدا شەقىيلىك، ھەسرەتمۇ ھەم بار.
ۋە لېكىن سۆيگۈسىز، سۆيگەنسىز تۇرمۇش،
ئېيتقىنا، ئۇنىڭدا نېمە قىممەت بار؟!
دۇنيادا نېمە بار كۆيۈكتىن ياخشى،
ۋە يەنە جانانسىز نېمە راھەت بار؟

خەرائىتى ئەبى غەسسان سۆزلەپ بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ:

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر دىدەكنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ مۇنداق بېيىت ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى:

كۆيگىنىمدە ئىدىم مەن سەبىي،
زىلۋا ئىدىم تال چىۋىق كەبى.

بۇنى ئاڭلاپ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

سەن ھۆرمۇ ياكى دىدەكمۇ؟ دەپ سورىدى.

دىدەك، ـ دېدى قىز.

كىمگە كۆيۈپ قالدىڭ؟ دەپ سورىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

قىز جاۋاب بەرمەي جىم تۇرۇۋالدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇ ئۇنىڭغا قەسەم قىلىپ (ئۇنى خاتىرجەم قىلدى).

قىز مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلدى:

بىر ئىشىق قەلبىمنى ئوينار كۆيدۈرۈپ،
شۇ كۆيۈك جېنىمغا سالدى ئېغىر دەرد.
كىم ئۇ دەپ سورىساڭ، جاننى كۆيدۈرگەن
قاسىمنىڭ ئوغلى ئۇ، ئىسمى مۇھەممەد.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قىزنى خوجايىنىدىن سېتىۋالدى ۋە ئۇنى مۇھەممەد ئىبنى قاسىم ئىبنى جەئپەر ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ قېشىغا ئەۋەتىپ بەردى ۋە «ئاياللار ئەرلەرنىڭ شەيتىنىدۇر. نۇرغۇن ئەرلەر شۇ ئاياللار تۈپەيلىدىن جان بەردى يەنە نۇرغۇن بېجىرىم ئەرلەر شۇ ئاياللار سەۋەبلىك قۇرۇپ قاقشال بولدى» دېدى.

بىر دىدەك ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

- ئەنسارىلار ئىچىدىكى پالانى ئادەم توغرىسىدا ماڭا ياردەم قىلساڭ، دېدى.

- ھە، ھېكايەڭنى باشلا، دېدى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

- مەن ئۇ ئادەمنىڭ جىيەنىگە كۆيۈپ قالدىم، مەن ئۇنىڭغا ئەسىر بولۇپ قالدىم، خىيالىم شۇنىڭدىلا، ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمرى- دېدى، دىدەك.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېلىقى ئادەمنىڭ قېشىغا بېرىپ: سەن بۇ دىدەكنى جىيەنىڭگە ھەدىيە قىل ياكى مەن سېتىۋېلىپ (ئۆزۈم ھەدىيە قىلاي) دېدى. ئۇ ئادەم: گۇۋاھ بولغىن ئى مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى! مەن بۇ دىدەكنى جىيەنىمگە ھەدىيە قىلاي، دېدى.

ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك ئىشقنىڭ ئاشىق ۋە مەشۇقلارغا كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ۋە خەتەرلىرىنى ئىنكار قىلمايمىز. بىز بۇ يەردە پەقەت چېچەن كىشىلەردىن سادىر بولغان، دىنى، ئىپپىتى ۋە ئادىمگەرچىلىكى ئىشقىنىڭ ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىغا توسالغۇ بولۇشىدىن توسالغان، مەشۇقىغا ھارام يوللاردىن ۋىسال ئىزدىمىگەن كىشىلەرنىڭ ئىشقى توغرىسىدا سۆزلەۋاتىمىز. مانا بۇ، بۇرۇنقى توغرا يولدىكى كىشىلەرنىڭ ۋە بايراقدار پېشۋالارنىڭ ئىشقىدۇر.

داڭلىق يەتتە فەقىھنىڭ بىرى بولغان ئۇبەيدۇللا ئىبنى ئابدۇللا ئىبنى ئۇتبە ئىبنى مەسئۇد ئاشىق بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى خەلق ئالەمگە پۇر كەتكەن. ئۇ بۇنى ئىنكار قىلمىغان ۋە ئۆزىگە مالامەت قىلغۇچىلارنى زۇلۇم قىلدى دەپ قارىغان.

ئۇنىڭ مۇنداق بىر شېئىرى بار:

كۆيۈكنى يوشۇرۇش كەلتۈرەر زىيان،
زالىمدۇر ئاشىققا قىلسا مالامەت.
كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا،

كۆيۈكنى يوشۇرۇپ بولمايدۇ ئەبەت.
گۇناھ دەپ جاناندىن تارتىنىڭ ئۆزۈڭنى،
بىلگىنكى ھىجراندۇر ئەسلى مەئسىيەت.
تىنىپ باق ھىجراننىڭ تەمىنى سەنمۇ،
ئويلايتتىڭ ھىجراننى توغرا دەپ قەۋەت.
بىلگىنكى بەزى ئىش ھەقتەك تۇيۇلسا،
چىقاركەن ماھىيەت خاتا ۋە غەلەت.

مەشھۇر خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئايالى فاتىمە بىنتى ئابدۇلمەلىكنىڭ دىدىكىگە كۆيۈپ قاپتۇ. دىدەك پەرى كەبى گۈزەل ئىكەن. دىدەككە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەقلى لال ئىكەن. ئۇ ئايالى فاتىمەدىن دىدەكنى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئۇ ئايالىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلماسلىقىنى شۇنچە ئارزۇ قىلسىمۇ، ئەپسۇس فاتىمە ئېرىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلماپتۇ. ئۇ ۋاقىتلار ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز تېخى خەلىپىلىككە تەيىنلەنمىگەن ۋاقتى ئىكەن. ئۇ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن ئايالى فاتىمە دىدەكنى ئۆمەرگە سوۋغا قىلماقچى بولۇپ، جابدۇپ، ياساندۇرۇپ تەييار قىپتۇ. بۇ چاغدا دىدەك تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، تەسۋىرلىگۈسىز سۆلكەتلىك بولۇپ كەتكەنىكەن.

فاتىمە خەلىپىنىڭ قېشىغا كىرىپ:

- ئى ئەمىرلمۇئمىنىن، سىلى مېنىڭ دېدىكىمنى ياقتۇرۇپ قاپتىكەنلا، ئۇنى مەندىن تەلەپ قىلغاندا قوشۇلمىغان ئىدىم. ئەمدى چىن كۆڭلۈمدىن ئۇنى ئۆزلىرىگە ھەدىيە قىلىمەن،

دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خەلىپىنىڭ چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرۈپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ:

- ئۇنى دەرھال يېنىمغا باشلاپ كىرىڭ!

دىدەك خەلىپىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، خەلىپە دىدەكنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھاڭ-تاڭ بوپتۇ ۋە:

- كېلىڭ، جاۋاپ بېرىڭ، سىز ئەسلى كىمگە تەۋە ئىدىڭىز، قانداق بولۇپ فاتىمەگە دىدەك بولۇپ قالدىڭىز، دەپ سوراپتۇ خەلىپە.

- ھەججاج كۇفىدىن سىلىق يىغىش ئۈچۈن بىر خادىم ئەۋەتىپتۇ. مەن شۇ خادىمنىڭ دىدەكلىرى قاتارىدا ئىدىم. ئۇ خادىم مېنى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا ئەۋەتىپ بەردى. ئابدۇلمەلىك مېنى قىزى فاتىمەگە بېرىۋەتتى.

- ئۇ خادىم ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلدى؟

- مېنى خوتۇن قىلىۋەتتى.

- ئۇنىڭدىن بالىڭىز بارمىدى؟

- ھەئە.

- ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟!

- ياخشى ئەمەس.

- جايىڭىزغا قايتىڭ، -دېدى، خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز. ئاندىن كېيىن «پالانىنى قېشىمغا دەرھال ئەۋەتكىن» دەپ ئىراقنىڭ ۋالىيسىغا خەت يازدى. خەلىپە

چاقىرتقان ھېلىقى ئادەم يېتىپ كەلدى. خەلىپە ئۇنىڭغا:

- ھەججاج داداڭغا يۈكلەپ قويغان بارلىق سىلىقلارنى ماڭا ئوچۇق ئېيت، دېدى ۋە ئۇ ئادەم تىلغا ئالغانلىكى نەرسىلەرنى بەردى. ئاندىن دىدەكنىمۇ ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى ۋە:

- دىدەككە يېقىن كەلمە، ئۆزۈڭلارنى ساقلاڭلار. ئېھتىمال داداڭ دىدەككە يېقىنچىلىق قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دېدى.

- دېدەك سېنىڭ بولسۇن ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن دېدى، ھېلىقى كىشى.

- ياق بولدى، كېرەك ئەمەس.

- ئۇنداقتا ئۇنى مەندىن سېتىۋال.

- ناۋادا شۇنداق قىلسام مەن ئۆزىنى ھاۋايى-ھەۋەستىن ساقلىيالمايدىغانلاردىن بولۇپ قالامدىم؟!

ئۇ ئادەم دىدەكنى قايتۇرۇپ كېتىشكە تەمشىلىۋېدى. دېدەك خەلىپىگە:

- مېنى ياخشى كۆرۈشلىرى مۇشۇمىدى ئى ئەمىرۇلمۇئمىنىن، دېدى.

- ياخشى كۆرۈشۇم بۇرۇنقىدەك، بەلكى تېخىمۇ ئۇلغايدى، دېدى ئەمىرۇلمۇئمىنىن. ئەمىرۇلمۇئمىنىن ۋاپات بولغانغا قەدەر ھېلىقى دىدەكنى ھېچ ئۇنتالمىغان ئىدى.

فىقھى، ھەدىس، تەپسىر ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدىكى

داڭلىق ئالىم، فىقھىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن شەخس، ئۆلىمالارنىڭ چوڭلىرىدىن سانىلىدىغان ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى داۋۇد زاھىرىنىڭمۇ مەشھۇر ئاشىقلىق قىسسىلىرى بار.

نىفتەۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ بەكرى مۇھەممەدنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە كېسىلىنى يوقلاپ كىردىم:

- قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟

- سەن بىلىسەنغۇ، ھېلىقىنىڭ سۆيگۈسى مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

- ئىرىشەلەيدىغان تۇرۇپ نېمشقا ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتمىدىڭ؟!

- ئىرىشىش ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى مۇباھ بولغان قاراش يەنە بىرى چەكلەنگەن لەززەت. مۇباھ ئىشنى قىلىۋېدىم مۇشۇ ھالغا چۈشتۈم. چەكلەنگەن لەززەتكە ئۇرۇنۇشىمدىن ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان «كىمكى ئاشىق بولۇپ، ئىشقىنى يوشۇرغان بولسا ۋە ئۆزىنى ئېپپەتلىك تۇتۇپ، سەۋر قىلغان بولسا، ئاللاھ ئۇنى كەچۈرىدۇ ۋە جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.»[439] دېگەن ھەدىس توسۇپ قويدى، دېدى ۋە مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلدى:

قارىغىن، ھەر باقسا تارقىلار سېھىر،
قارىغىن قاپقارا تىنىق كۆزلەرگە.

[439] بۇنى خەتىب ئۆزىنىڭ تارىخ كىتابىدا بايان قىلغان

قارىغىن پېشانە ئۈستىدە چاچلار،
گويا كى چۈمۈلە قەسىر ئۈستىدە.
يەنە مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلدى:
ۋاي ئەجەپ، باشقىلار ئەيىبلەر يارنى،
چېكىدە چارلاشقان چاچلىرى كۆپ دەپ.
تەئەججۈپ قىلماسكەن لېكىن ئۇلار ھېچ،
شاخلاردا چېچەكلەر تۇرسا پۇرەكلەپ.
ئەيىب بولسا ناۋادا جانانىم ئۈچۈن،
مەڭزىگە چاچلارنىڭ چۈشكىنى (سەپ ـ سەپ).
ئۇنداقتا قاپقارا قويۇق قاشلارمۇ،
ئەيىبمۇ كۆزلەرگە، (زادى نېمە گەپ)؟!

مەن ئۇنىڭغا: «ھەزرىتىم، ئۆزلىرى ئەجەپ فىقھەدە «قىياس»نى ئىنتىراپ قىلمايتتىلە ـ يۇ، مەزكۇر شېئىرلىرىدا قىياس يولى بويىچە ھۆكۈم قىپتىلىغۇ؟!» دېۋىدىم، ئۇ: «توغرا، فىقھەدە ئېتىراپ قىلمايتتىم. بىراق كۆيۈكىنىڭ ئېغىرلىقى، كۆڭلۈمدىكى ئىشىق تۇيغۇسى مېنى قىياسقا مەجبۇر قىلدى» دېدى. ئۇ شۇ كېچە ۋاپات بولدى. ئۇ مەشۇقىغا ئاتاپ «چېچەكلەر» ناملىق بىر كىتاب يازغان ئىدى.

مەزكۇر كىتابتا ئۇنىڭ مۇنداق سۆزلىرى بايان قىلىنىدۇ: «كىمكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىدىن ئۈمىدسىزلەنسە ۋە ئۇنى دەرھال ئۇنتۇپ كېتەلمىسە، بۇ تىنىچ كۆڭۈللەرگە كېلىۋالىدىغان ئەڭ تۇنجى ئۈمىدسىزلىك ۋەھىمىسىدۇر. ئەمما ئىككىنچى قېتىملىق ئۈمىدسىزلىك تۇنجى قېتىملىقى دەپسەندە

قىلىپ بولغان كۆڭۈلگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن (تېخىمۇ بەك ئېزىتىۋېتىدۇ).»

ئابدۇللا ئىبنى مەئمەرۇل قەيسى مۇنداق دەيدۇ: مەن ھەجگە بارغان يىلىمدا بىر كۈنى كېچىدە مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كىردىم. قەبرە بىلەن مىنبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتىم، ئۇشتۇمتۇت ناھايىتى مۇڭلۇق، تولىمۇ ھەسرەتلىك بىر نىدانى ئاڭلاپ قالدىم. بىر بېيىت، ئىككى بېيىت نىدا قىلىۋاتقان كىشىنىڭ قېشىغا باردىم. بارغاندا ئۇ ئەمدىلا بېيىت ئوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ مېنىڭ قېشىغا كەلگىنىمنىمۇ تۇيمىدى. قارىسام ئۇ ئەمدىلا بۇرۇتى خەت تارتقان بىر يىگىت ئىكەن. يىگىت بېيىت ئوقۇغاچ ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار بۇلاقتەك ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ:

- ئولتۇرۇڭ، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟-دەپ سورىدى.

- مەن ئابدۇللا ئىبنى مەئمەرۇل قەيسى.

- مەندە بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ -دېدى ئۇ.

- ھەئە، مەن رەۋزەتۇسسەفا[440]دا ئولتۇرسام سىزنىڭ يىغلاپ نىدا قىلىۋاتقان ئاۋازىڭىز ئاڭلاندى. جېنىم پىدا بولسۇن قېرىندىشىم، زادى نېمە دەردىڭىز بار؟ -دېدىم مەن.

[440] رەۋزەتۇسسەفا: مەدىنىدىكى پەيغەمبەر مەسچىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋرىسى بىلەن مىنبىرىنىڭ ئارىسىدىكى ئورۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئورۇننى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدىن بىرى دەپ سۈپەتلىگەن.

ـ مېنىڭ ئىسمىم ئۇتبە، ھۇباب ئىبنى جەمۇھۇل ئەنسارىنىڭ ئوغلى بولىمەن. مەن بىر كۈنى ئەھزاب مەسچىتىگە بېرىپ ناماز ئوقۇدۇم. نامازدىن يېنىپ مەسچىتكە يىقىن بىر يەردە تۇراتتىم، بىر توپ ئاياللار ناھايىتى سۈلكەت ـ لاتاپەت بىلەن مېڭىشىپ مەن تەرەپكە كەلدى. ئاياللار ئىچىدە ئاجايىپ چىرايلىق، تولىمۇ ئوماق بىر قىز بار ئىدى. ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ توختىدى ۋە «ئى ئۇتبە، بىرى سەندىن ۋىسال تەلەپ قىلسا سەن قانداق قىلىسەن؟» دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. كېيىن ئۇ قىز ھەققىدە ھېچبىر خەۋەرگە ئېرىشەلمىدىم. ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنىمۇ بىلەلمىدىم. مەن تولىمۇ بىئارام بولدۇم، زادىلا بىر يەردە تۇرالمىدىم. يىگىت شۇنداق دېگەچ ناھايىتى ھەسرەتلىك بىر ئۇھ تارتتى ۋە ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى. تولا يىغلىغانلىقتىن ئۇنىڭ مەڭزى خۇددى بويىغاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. خىلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىگىت ھوشىغا كەلدى ۋە مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلدى:

قەلبىمدە كۆرىمەن سېنى ھەر دائىم،
بولسىمۇ ئارىمىز شۇنچىلىك يىراق.
كۆردۈڭمۇ سەنمۇ ھەم مېنى قەلبىڭدە،
(يىراقلىق توسالماس دىللارنى بىراق).
يۈرىكىم، كۆزلىرىم ساڭا قايغۇرار،
جان ـ روھىم سەندىدۇر، نامىڭ تىلىمدا.
تاپارمەن تۇرمۇشتىن ھەقىقى مەنا،
پەقەت سەن بولغاندا مېنىڭ يېنىمدا.

سېنىڭسىز بولماسكەن ماڭا بىر راھەت،
بىرەلمەس ئۇنى ھەم پىردەۋسى جەننەت.

- قېرىندىشىم ئاللاھقا تەۋبە قىل، گۇناھىڭنى تىلە، سەن ناھايىتى خەتەرلىك بىر ئەھۋالدا ئىكەنسەن، - دېدىم.

- ھەر قانچە قىلىپمۇ مەن ئۆزۈمنى ئوڭشىيالمىدىم، تۆگە يېڭىنىنىڭ تۆشىكىدىن ئۆتسە ئۆتىدۇكى، مەن ئۇنى ئۇنتالمايمەن، - دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتقىچە بىللە ئولتۇردۇم ۋە: - قېرىندىشىم تۇر، ئەھزاب مەسچىتىگە بارايلى، كاشكى ئاللاھ ئۆز پەزلى بىلەن سېنىڭ دەردلىرىڭنى يەڭگىللىتىپ قالار، - دېدىم.

- مەنمۇ شۇنداق بولۇشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. سېنىڭ ئىبادەتلىرىڭنىڭ بەرىكىتى بىلەن بۇ ئىشلاردا بىرەر ياخشىلىق بولۇپ قالار، - دېدى ئۇ.

بىز ئەھزاب مەسچىتىگە كېلىۋېدۇق، يىگىت ئۇ يەردىمۇ يۈرەكنى ئېزىدىغان بىر بېيىت ئوقۇدى. پېشىن نامىزىنى ئۆتەپ بولغۇچە شۇ مەسچىتتە ئولتۇردۇق. نامازدىن كېيىن ھېلىقى ئايال لار يەنە مەسچىتكە كەلدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇتبىنى ئاشىق قىلىۋالغان ھېلىقى قىز كۆرۈنمەيتتى. ئايال لار ئۇتبىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

- ئى ئۇتبە سەندىن ۋىسال تەلەپ قىلغان، سېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ھېلىقى قىزنى قانداقراق

ئويلاۋاتىسەن؟! ـ دېيىشتى.

ـ ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ـ دېدى ئۇتبە.

ـ دادىسى ئۇنى ئېلىپ ساماۋات دېگەن جايغا كۆچۈپ كەتتى، ـ دېيىشتى ئاياللار.

ـ ئۇ قىز زادى كىم بولىدۇ، ئىسمى نېمە؟ دەپ سورىدىم، ـ ئۇلاردىن.

ـ ئۇ غەترىفۇسسۇلەمي دېگەن كىشىنىڭ قىزى، ئىسمى رەييا، ـ دېيىشتى ئۇلار.

ئۇتبە بېشى كۆتۈرۈپ ئاياللارغا شۇنداق قارىدى ۋە مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلدى:

ئى رەييا، ئاشىقىم بەكلا ئالدىراپ،
كېتىپسەن ساماۋات دېگەن جايلارغا.
ئاشىقىم، كۆپ يىغلاپ كەتتىم كۆزۈمدىن،
كىملەرمۇ بىرەر ھە، كۆزىنى ماڭا؟!

مەن ئۇنىڭغا تەسەللى قىلدىم ۋە: مەن بۇ يەرگە تويى قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن مال ئېلىپ كەلدىم. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئېلىپ كەلگەن ماللارنى ئالدىڭغا قوياي، سەن بولدى دېگۈچە ئېلىۋال، قانچە كۆپ ئېلىۋالساڭ مەيلى، ئورنۇڭدىن تۇر، مەسجىدىل ئەنسارغا بارايلى، ـ دېدىم. بىز مەسجىدىل ئەنسارغا بېرىپ، مەسچىتتىكى بىر توپ

كىشىلەرنىڭ قېشىغا كەلدۇق. مەن ئۇلارغا سالام بېرىۋېدىم، ئۇلارمۇ ناھايىتى چىرايلىق جاۋاب قايتۇردى. مەن ئۇلارغا:

- ئى بۇرادەرلەر، ئۇتبە ۋە ئۇنىڭ دادىسى قانداقراق ئادەم؟ - دېدىم.

- ئەرەبلەرنىڭ ئېسىللىرىدىن، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇلار.

- خوش، ئۇنداقتا ئۇتبە ئېغىر كۈنگە قاپتۇ. ئۇ ئىشىق ئوتىغا مۇپتىلا بوپتۇ. مەن سىلەرنىڭ بۇ ئىشقا ياردەملىشىپ ساماۋات دېگەن جايغا بېرىشىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، - دېدىم.

- خوپ، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلايلى، - دېدى ئۇلار.

بىز ئۇلاغلارغا مىنىشىپ بەنى سۇلەيم تۇرالغۇلىرىغا كېلىۋېدۇق، قىزنىڭ دادىسى غۇترەيف بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى ئاڭلاپ ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئېلىپ تۇرۇپتۇ.

- خۇش كەپسىلەر، ياشاپ كېتىڭلار ئەزىزلەر، - دېدى ئۇ.

- سەنمۇ ياشاپ كەت، بىز ساڭا مېھمان بولۇپ كەلدۇق، - دېدۇق بىز.

- قېنى مەرھەمەت، قارشى ئالىمەن، ھەي خىزمەتچىلەر مېھمانلارغا جاي تەييارلاڭلار، - دېدى ئۇ.

كۆرپىلەر سېلىندى، ياستۇقلار قويۇلدى، ماللار بوغۇزلاندى.

- بىزنىڭ بىر ھاجىتىمىز بار، ھاجىتىمىزنى راۋا قىلمىغۇچە تامىقىڭنى يېمەيمىز، - دېدىم مەن.

- خوش، نېمە ھاجىتىڭلار باركىن؟!- دېدى ئۇ.

- سېنىڭ مەلىكەڭنى ئۇتبە ئىبنى ھۇباب ئىبنى مۇنزىرگە سوراپ كەلدۇق.

- ھە، ئۇ قىزنىڭ ئىشىنى ئۆزىگە قويايلى، مەن كىرىپ خەۋەر قىلىپ قوياي، -دېدى ئۇ، بىر ئاز خاپا بولغاندەك قىياپەتتە.

- دادا نېمە بولدۇڭ، خاپا كۆرۈنسەنغۇ؟!- دەپ سورىدى، قىزى.

- ئەنسارلار سېنى سوراپ كەپتۇ.

- ھە، ئۇلار ئېسىل ئادەملەرغۇ! پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۇلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلغان.

- كىمگە سورايدىكەن؟!

- ئۇتبە ئىبنى ھۇبابقا.

- ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇتبىنى تولىمۇ ۋاپادار، ئىرادىلىك بىر يىگىت دەپ ئاڭلىغان، -دېدى قىز.

- قەسەم قىلىمەنكى، ھەرگىزمۇ سېنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلمايمەن. ماڭا ئۇتبە بىلەن بولغان ئىشلىرىڭنى پۇرىتىپ يۈرۈيدىيا تېخى... !

- ئارىدا ھېچ ئىش يۈز بەرگىنى يوق. سەن قەسەم قىلىۋەتتىڭغۇ، ئەنسارلارغا قاتتىق تېگىشكە بولمايدۇ، قانداقلا بولمىسۇن ئۇلارنى رەنجىتمەي چىرايلىق يولغا سال.

ـ قانداق يولغا سالاي؟!

ـ تويلۇقنى ئېغىر تەلەپ قىل، ئۇلار جاۋاب بېرەلمەي قايتىپ كېتىشى مۇمكىن.

ـ ئەجەپ ياخشى ئامالكىنا، دېدى دادىسى ۋە تىزلا ئەلچىلەرنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ـ قىز قوشۇلدى. بىراق قىزىمغا كۆپ تويلۇق ئالمساڭلار بولمايدۇ. تويلۇققا كىم ئىگە بولىدۇ؟!ـ دېدى.

ـ مانا مەن ئىگە بولىمەن، قانچىلىك تويلۇق سالىسەن؟ ـ دېدى، ئابدۇللا ئىبنى مۇئەممەر.

ـ مىڭ مىسقال ئالتۇن، يۈز دانە پەلتۇ، بەش تۇلۇم ئەنبەر.

ـ ھېساپ، دېگىنىڭدەك بولسۇن، قوشۇلغانسەن!

ـ ھەئە.

ئابدۇللا ھەمراھلىرىدىن بىر قانچە كىشىنى مەدىنىگە تويلۇقلارنى ھازىرلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن توي زىياپىتى بېرىلدى. بىز شۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قالدۇق.

قىزنى ئېلىپ قايتىشقا ئىجازەت بېرىلدى. قىزنى دادىسى بىر چىملداقا جايلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇپ ئوتتۇز تۆگىلىك نەرسە كېرەك ۋە قىممەتلىك بۇيۇملار بىلەن يولغا سالدى. بىز قىزنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتۇق. مەدىنىگە كېلىشكە پەقەت بىر ئۆتەڭلا قالغاندا بىزنىڭ ئالدىمىزنى بىر قانچە ئاتلىق كىشى

توستى. مەن ئۇلارنى بەنى سۇلەيم قەبىلىسىدىن چىققان قاراقچىلارمىكىن دەپ ئويلىدىم. ئۇتبە ئىبنى ھۇباب ئۇلارغا ئېتىلىپ باردى ۋە ئۇلاردىن بىر قانچە كىشىنى جەھەننەمگە يولغا سالدى. يەنە نۇرغۇنلىرىنى يارىلاندۇردى. ئۇتبە ياردار بولغانىدى. ئۇ قېشىمىزغا كەلگەندە ئۇنىڭ يارىسىدىن توختىماي قان ئېقىۋاتاتتى. ئۇ يەرگە دۈملا يىقىلدى. ئاتلىقلارمۇ قېچىپ كەتتى. ئۇتبىمۇ جان ئۈزدى.

بىز «ۋاي ئېسىت، ۋاي ئۇتبە...» دەپ ۋارقىراشتۇق. قىز ئاۋازىمىزنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۆگىدىن ئاتتى ۋە ناھايىتى ئېغىر ئاھ ئۇرۇپ، مۇنداق بېيىت ئوقۇدى:

ئۇزۇندىن ھاي بىرىپ كەلدىم پىراققا،
يوق ئەمدى تاقىتىم سەۋىر قىلماققا.
بىرەي مەن جېنىمنى كەتسۇن قوشۇلۇپ،
«ۋاپادارىم ئۇتبە ئىبنى ھۇبابقا».
ئەگەردە جېنىمدا بولسىدى ئىنساپ،
لايىقتى ئۇ ئاۋۋال قۇربان بولماققا.
يوق ئەمدى سىېنىڭسىز ھەقىقى ئاشىق،
يوق يەنە باھانەم سەنسىز ياشاشقا.

قىز بېيىتتىن كېيىن ناھايىتى ئېچىنىشلىق بىر ئېغىرىدى-دە، جان ئۈزدى. بىز بىر قەۋرە كولاپ ئىككىسىنى شۇ قەۋرىگە دەپنە قىلدۇق. مەن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردە يەتتە

يول تۇرۇپ قالدىم، ئاندىن ھىجازغا باردىم. شۇ جەرياندا ئۆتىبىنىڭ قەۋرىسىنى يوقلاپ كەلدىم. قەۋرىگە بىر تۈپ دەرەخ تىكىلىپتۇ. دەرەختە قىزىل-سېرىق ئەلەملەر باغلانغانىكەن. مەن شۇ ئەتراپتىكىلەردىن بۇ قانداق دەرەخ دەپ سورىدىم، ئۇلار: بۇ ۋىسال دەرىخى، دەپ جاۋاب بەردى.

ئىشق توغرىسىدا بەك چىڭ پرىنسىپتا تۇرۇۋالغۇچىلارغا قارىتا مۇجاھىد ئىبنى ئابباستىن ھەسەن ئىسناد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان مۇنۇ ھەدىس ياخشى جاۋاپ بولالايدۇ: «كىمكى ئاشىق بولسا ۋە ئۆزىنى ئىپپەتلىك تۇتۇپ، ئىشقىنى يوشۇرغان بولسا ۋە شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، شەھىد ھالىتىدە ئۆلگەن بولىدۇ.»

داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ توقسان توققۇز ئايالى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە بىر ئايالنى ياقتۇرۇپ قېلىپ ئۇنىمۇ نىكاھىغا ئالغان.

ئىسلامدىكى تۇنجى سۆيگۈ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بولغان سۆيگۈسى ئىدى. مەسرۇق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆيگىنى دەپ ئاتايتتى.

ئەبۇ قەيس[441] مۇنداق دەيدۇ: «مېنى ئابدۇللا ئىبنى ئەمرى ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا بېرىپ ‹پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام روزىدار ھالەتتە ئاياللىرىنى سۆيەمدۇ-ياق؟!› سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. مەن ئۇنىڭدىن سورىغان ئىدىم،

[441] ئابدۇللا ئىبنى ئەمرىنىڭ ئازاتكەردىسى

ئـۇ: يـاق، دېـدى. ئائىشـەنچۇ؟! دەپ سـورىدىم. ئائىشـەنى سـۆيىدۇ، دەپ جـاۋاپ بـەردى.»

ئۇممـۇ سـەلىمە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـا يەنـە مۇنـداق دەيـدۇ: «پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام ئائىشـەنى كۆرگەنـدە ئۆزىنـى تۇتۇۋالالمايتتـى.»[442]

سـەئىيد ئىبنـى ئىبراھـىم ئامىـر ئىبنـى سـەئىددىن رىۋايـەت قىلىـدۇ، ئامىر ئىبنـى سـەئىد دادىسـىنىڭ مۇنـداق دېگەنلىكىنـى رىۋايـەت قىلىـدۇ: «ئىبراھـىم ئەلەيھىسسـالام ھـەر كۈنـى ئۇچـار ئاتقـا مىنىـپ شامدىن (مەككىدىكـى) ھاجەرنـى يوقـلاپ كېلەتتى. ئـۇ ھاجەرنـى ئىنتايـىن ياخشـى كۆرەتتـى، ئۇنـى كۆرمـەي چىدىيالمايتتـى.

خەرائىتـى مۇنـداق دەيـدۇ: «ئابدۇلـلا ئىبنـى ئۆمـەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمـا رۇملـۇق بىـر دىـدەك سېتىۋالدى ۋە ئۇنـى تولىمـۇ ياخشـى كـۆرۈپ قالـدى. بىـر كۈنـى ئـۇ دىـدەك خېچىرىدىـن يىقىلىـپ چۈشـتى. ئابدۇلـلا ئىبنـى ئۆمـەر ئۇنىـڭ يۈزىدىكـى توپىلارنـى سـۈرتكىلى ۋە ئۇنـى سـۆيگىلى تـۇردى. دىـدەك توختىماسـتىن «غوجـام سـىلى نېمىدىگـەن ياخشـى!» دەيتتـى. بىـر مەزگىلدىـن كېيىـن دىـدەك قېچىـپ كەتتـى. ئابدۇلـلا ئىبنـى ئۆمـەر ئۇنىڭغـا ناھايىتـى ئىـچ ئاغرىقـى تارتتـى ۋە مۇنـداق دېكلاماتسـيە قىلـدى:

ئۆزۈمنى ياخشى دەپ ئويلايتتىم ھەردەم،
كەتتىڭغۇ مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ نىگار.

---

[442] ئەھمەد رىۋايىتى

بىلدىم مەن مانا ئەمدى ئۆزۈمنى ئۆزۈم،
ياخشى دەپ يۈرگىنىم گەپكەنغۇ بىكار.

ئەبۇ مۇھەممەد ئىبنى ھەزم مۇنداق دەيدۇ: «توغرا يولدىكى خەلىپىلەر ۋە ھىدايەتلىك پېشۋالار ئىچىدىمۇ ئاشىق بولۇپ باققانلار تولا».

بىر ئادەم ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا «ئى ئەمىرىلمۇئمىنىن مەن بىر ئايالنى كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قالدىم» دېۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇ سېنىڭ ئىلكىڭدىكى ئىش ئەمەس» دېدى.

خۇلاسىكالام، مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىندۇركى، ئىشىق بابىدا سۆز ئاچقاندا رېئالىي ۋە يوللۇق بولغان پايدىلىق ئىشقنى ۋە زىيانلىق ئىشقنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش لازىم. مۇتلەق قارا-قويۇق ماختاش، ئۇچۇرۇش، كۆككە كۆتۈرۈشكە بولمىغاندەك، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا، ئۇنى سۆكۈپ مالامەت قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئىشىق ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ئەھۋاللارغا قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ھۆكمىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى ۋە تەپسىلىرەك چۈشەنگىلى بولىدۇ. ئىشىق ئۆز ماھىيىتىدە ماختىلىدىغان ياكى سۆكۈلىدىغان نەرسە ئەمەس. بىز بۇ خۇسۇستا ئىشقنىڭ پايدىلىق ۋە زىيانلىق تەرەپلىرىنى، يوللۇق ۋە ھارام تەرەپلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق.

شۇنى بىلىۋېلىش لازىمكى، ئىشىق-مۇھەببەتنىڭ ئەڭ مەنپەئەتلىك ۋە ئەڭ يۈكسەكى قەلبلەر ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە

كۆنگـەن، ئىنسـان تەبىئىتـى ئۇنىڭغـا تېۋىنىدىغـان زاتنىـڭ مۇھەببىتىـدۇر. مانـا بـۇ مۇھەببـەت كەلىمە تەۋھىدنىڭ سـىرىدۇر. شۈبھىسـىزكى، ئالـلاھ قەلبلەرنـى مۇھەببـەت ئارقىلـىق ئۆزىگـە بويسـۇندۇردى. ئىبـادەت پەقەتكىنـە شـۇ يىگانـە ئاللاھقـا قىلىنىشى كېرەك. ئىبادەت دېمەك تولۇق بويسۇنۇش ۋە ئۆزىنى پۈتۈنلـەي ئاللاھقـا تاپشـۇرۇش ئارقىلـىق ۋۇجۇدقـا چىقىدىغـان كامالـىي مۇھەببەتتـۇر. ئىبادەتتـە ئاللاھقـا بىـر نەرسـىنى شـېرىك قىلىۋېلىـش ئـەڭ ئېغىـر زۇلۇمدۇركـى، ئۇنـى ئالـلاھ كەچۈرمەيـدۇ. ئالـلاھ تائـالا پەقـەت ئالـلاھ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشـقا نەرسـىلەرنىڭ سۆيگۈسـى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئەگەشـمىدۇر.

ئالـلاھ تائـالا نازىـل قىلغان بارلـىق ئىلاھـىي كىتابـلار، پۈتـۈن پەيغەمبەرلەرنىـڭ دەۋەتلىرى ۋە سـاغلام ئىنسـانىي پىترەت ئاللاھقا مۇھەببـەت باغلاشـنىڭ ۋاجىبلىقىنـى تەكىتلەيـدۇ. ئىنسـانىنىڭ تەبىئىتىـدە ئۆزىگـە ياخشـىلىق قىلغـان، ئېھسـان قىلغانلارنـى ياخشـى كۆرىدىغـان بىـر خاراكتېـر بـار. ئۇنداقتـا پۈتـۈن ياخشـىلىقلار پەقـەت شـۇ زات تەرىپىدىنـلا كېلىدىغـان، ئۆزىنىـڭ بارلـىق مەخلۇقاتلىرىغا پەقـەت يالغـۇز ئۆزىـلا نېئمـەت بېرىۋاتقـان ئاللاھقـا قانداقسـىگە مۇھەببـەت باغلانمىسـۇن؟!

ئالـلاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «سـىلەر بەھرىمـەن بولۇۋاتقـان نېئمەتلەرنىـڭ ھەممىسـىنى ئالـلاھ بەرگـەن، سـىلەرگە بىـرەر ئېغىرچىلىـق يەتسـە، ئاللاھقـا يالـۋۇرۇپ دۇئـا قىلىسـىلەر.»[443]

[443] سۈرە نەھل 53 ـ ئايەت

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بىلدۈرگەن گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى ۋە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەردىكى ئاللاھنىڭ بار ۋە بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئەسەرلەر ئاللاھنىڭ كامالىتى ۋە چەكسىز بۈيۈكلىكىنىڭ ئىپادىلىرىدۇر.

ياخشى كۆرۈشنىڭ ئاساسلىق ئىككى سەۋەبى بولىدۇ. بىرى گۈزەللىك، يەنە بىرى بۈيۈكلۈك. ئەمما ئاللاھ تائالاغا بولغان مۇھەببەت ۋە ياخشى كۆرۈش مەزكۇر ئىككى سەۋەبتىن مۇستەسنا ھالەتتە بولىدۇ. ئاللاھ تائالا گۈزەلدۇر گۈزەلنى ياخشى كۆرىدۇ. بەلكى بارلىق گۈزەللىك ۋە بۈيۈكلۈك ئاللاھتىندۇر. ئۇنداقتا ئاللاھتىن باشقا ھېچكىشى پەقەت ئۆزى بولغانلىقى ئۈچۈنلا، يەنى سەۋەبسىزلا ياخشى كۆرۈلمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ.»»[444]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! سىلەردىن كىمكى مۇرتەد بولىدىكەن، ئاللاھ (ئۇنىڭ ئورنىغا) ئاللاھ ئۇلارنى دوست تۇتىدىغان، ئۇلارمۇ ئاللاھنى دوست تۇتىدىغان، مۇئمىنلەرگە كۆيۈنىدىغان، كاپىرلارغا شەپقەتسىز، ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورقمايدىغان بىر قەۋمنى كەلتۈرىدۇ. بۇ (يەنى يۇقىرىدىكى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىش) ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى، ئاللاھ ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە

[444] سۈرە ئال ئىمران 31 ـ ئايەت

بېرىدۇ، ئاللاھ (نىڭ پەزلى) كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ دوستۇڭلار ئاللاھدۇر، ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر ۋە مۇئمىنلەردۇركى، مۇئمىنلەر تەئدىل ئەركان بىلەن ناماز ئۆتەيدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئۇلار (ئاللاھنىڭ ئەمرىگە) كەمتەرلىك بىلەن بويسۇنغۇچىلاردۇر. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ۋە مۇئمىنلەرنى دوست تۇتىدىكەن (ئۇ ئاللاھنىڭ جامائەسىدىندۇر). ئاللاھنىڭ جامائەسى (ئەلۋەتتە) غالىبتۇر.»[445]

دوستلۇقنىڭ ئەسلى مۇھەببەتتۇر. مۇھەببەتسىز دوستلۇق مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئادەۋەتنىڭ ئەسلى نەپرەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئىمان كەلتۈرگەنلەرنىڭ دوستىدۇر. مۇئمىنلار ئاللاھنىڭ دوستلىرىدۇر. مۇئمىنلار ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپادە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا دوستلۇق ئىزھار قىلىشىدۇ. ئاللاھمۇ مۇئمىنلەرنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ تائالا بەندىسىنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىگە بېقىپ ئاندىن ئۇنى دوست تۇتىدۇ. دېمەك ئاللاھنىڭ بەندىگە بولغان دوستلۇقىنىڭ چوڭقۇر ۋە يۈزەلىكى دەل ئۇ بەندىنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىگە قاراشلىقتۇر.

شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ئۆزىنى قويۇپ باشقىلارنى دوست تۇتۇۋالغانلارنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما ئاللاھنىمۇ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ ۋەلىيلىرىنىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. بەلكى ئاللاھنىڭ ۋەلىيلىرىنى ياخشى

[445] سۈرە مائىدە 54 ـ 55 ـ 56 ـ ئايەتلەر

كـۆرۈش ئاللاھنىـڭ ياخشـى كۆرۈشـنىڭ بـىر قىسـمىدۇر.

يەنە شۇنىڭدەك ئاللاھنى ياخشى كـۆرۈش بىلەن باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشنى ئوخشاش ئورۇنغا قويغانلارنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ ۋە شۇنداق قىلغانلارنـى ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك قىلغانلىق دەپ قارايـدۇ. ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: «بـەزى ئادەملـەر ئاللاھتىـن غەيرىلەرنـى (يەنـى بۇتلارنـى) ئاللاھقـا شـېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنـى (مۇئمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوسـت تۇتقىنىدەك دوسـت تۇتـىدۇ (يەنـى ئۇلۇغلايـدۇ ۋە ئۇلارغـا بويسـۇنىدۇ). مۇئمىنلـەر ئاللاھنـى ھەممىدىـن بـەك دوسـت تۇتقۇچـىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنـى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتنىـڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىـڭ ئازابىنىـڭ قاتتىـق ئىكەنلىكىنـى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيـادا ئاللاھقـا شـېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگـە ھەددىدىـن زىيادە پۇشـايمان قىلاتتـى).»[446]

ئاللاھ تائـالا يەنـە مەبۇدلىـرى بىلـەن ئاللاھنـى ئوخشـاش ياخشـى كۆرگەنلەرنىڭ دوزاختا مەبۇدلىرىغا مۇنـداق دەيدىغانلىقى توغرىسـىدا خـەۋەر بېرىـدۇ: «ئـۇلار دوزاختـا جىدەللىشـىپ ئېيتىـدۇ: ‹ئاللاھ بىلـەن قەسـەمكى، بىـز ئوپئوچـۇق گۇمراھلىقتا ئىـدۇق. ئـۆز ۋاقتىـدا سىلەرنى ئالەملەرنىـڭ پەرۋەردىـگارى بىلـەن ئوخشـاش ئورۇنـدا قوياتتـۇق› ».[447]

ئاللاھ تائـالا بارلىـق پەيغەمبەرلىرىنـى مانا مۇشـۇ مۇھەببەتتىكى

[446] سۈرە بەقەرە 165 ـ ئايەت
[447] سۈرە شۇئەرا 97 ـ 98 ـ ئايەتلەر

تەۋھىد بىلەن ئەۋەتتى. بارلىق كىتابلىرىدا ھەم بۇنى تەكىتلىدى. بارلىق پەيغەمبەرلەر ئۆز دەۋەتلىرىدە مۇشۇ تەۋھىدنى تەتبىقلىدى. ئاسمان-زېمىن، دوزاخ ۋە جەننەت مانا مۇشۇ تەۋھىد ئۈچۈن بەرپا قىلىندى. ئاللاھنى مۇھەببەتتە يىگانە دەپ بىلگەنلەر جەننەتكە مۇيەسسەر بولدى. مۇھەببەتكە باشقىلارنى شېرىك قىلىۋالغانلار مۇشرىك دەپ قارىلىپ دوزاخقا مەھكۇم قىلىندى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەر قانداق كىشى مېنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى، بالا-چاقىسى ۋە جىمى ئىنسانلاردىن ئارتۇق كۆرمىگۈچە ھەقىقىي مۇئمىن بولالمايدۇ».[448] ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئورنى شۇنچىلىك بولغان يەردە ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش قايسى دەرىجىدە بولۇش كېرەك-ھە؟!

يەنە بىر ھەدىستە بايان قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ياق ئى ئۆمەر، مەن ساڭا ئۆزەڭدىنمۇ سۆيۈملۈك بولمىغانغا قەدەر مۇئمىن بولالمايسەن» دېگەنىكەن. ئۇنداقتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە نىسبەتەن ئۆزىمىزدىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇشى ئىمانىنىڭ بىۋاستە شەرتى بولغان يەردە، ھەممىدىن بۈيۈك، پاك ئىسىم-سۈپەتلەرگە ئىگە ئاللاھنىڭ سۆيگۈسى قانداق بولۇشى كېرەك؟!

ئادەملەر ئارا مېھىر-مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ ھامان مەقسەتلىك

[448] بۇخارى رىۋايىتى

ۋە غەرەزلىك بولىدۇ. سۆيگەنلەر ۋە سۆيۈلگەنلەرنىڭ چوقۇمكى تەلەپ قىلىدىغىنى ۋە كۈتىدىغىنى بولىدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا بىزدىن ھەممىدىن خالىس ھالدا ئۆزىنى سۆيۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ سۆيۈشىمىزمۇ ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر. ھەدىس قۇدۇسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «(ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ھەر بەندە سېنى پەقەت ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىدۇ، مەن سېنى پەقەت سەن ئۈچۈنلا ياخشى كۆرىمەن.»

ھەئە، سەن بىلەن ئالاقە باغلاۋاتقانلار چوقۇمكى سەندىن قانداقتۇر بىر مەنپەئەتنى كۆزلەيدۇ. سەندىن بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشەلمىسە، ئالاقىنى ئۈزىدىغانلىقى مۇقەررەر. ئەمما پەرۋەردىگارىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن مۇئامىلە قىلىشىمىز. بۇ مۇئامىلىدە ئەڭ چوڭ پايدىغا ئېرىشىدىغىنى يەنىلا بىز بولىمىز. ئاللاھ يولىدىكى بىر تەڭگە ئوندىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. يامانلىقلىرىمىز بىرى بىر پېتىچە تۇرىۋېرىدۇ. تېخى يامانلىقلىرىمىز تېزلا ئۆچۈرۈپمۇ تاشلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى ۋە ئاخىرەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى بىزگە يارىتىپ بېرىپ، بىزنى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ياراتتى. ئۇنداقتا پۈتۈن مۇھەببىتىمىزنى بېرىشكە ۋە رازى قىلىشىمىزغا لايىق زات كىم بولۇشى كېرەك؟!

بىزنىڭ، بەلكى بارلىق مەۋجۇدات ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ تەلەپ، ئارزۇلىرى ۋە كۆز تىكىدىغان نەرسىلىرى ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا. ئاللاھ ئەڭ سېخىي ۋە ئېھسانى تولىمۇ كەڭرى

زاتتۇر. بەندىسىگە ئازرۇ قىلغىنىدىنمۇ كۆپرەك بېرىدۇ. ئازغىنە قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرىنىمۇ كۆپەيتىپ قوبۇل قىلىدۇ. ئازغان، تەزگەنلەرنىڭمۇ خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئاسمان ۋە زېمىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مۇھتاجدۇر. كۆپ ئادەمنىڭ ئىلتىجا ۋە تىلەكلىرى ئۇنى ھاجەتلەرنى ئاڭلاشتىن توسۇپ قالالمايدۇ. تىكلىشىپ سورىغۇچىلاردىن زېرىكىپ قالمايدۇ. بەلكى ئۆزىدىن تىكلىشىپ سورىغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. بەندىنىڭ ئۆزىدىن سورىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. سورىمىغانلارغا غەزەپ قىلىدۇ. بەندە ئاللاھقا ئەدەبسىزلىك قىلىشتىن ھايا قىلمىغان بىلەن ئاللاھ بەندىسىدىن ھايا قىلىدۇ. بەندە يوشۇرمىغان خاتالىقلارنى ئاللاھ ياپىدۇ. بەندە ئۆزىگە رەھىم قىلمىغان تەقدىردىمۇ ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ. ئاللاھ بەندىنى نېئمەتلىرى، ئاتا-ئېھسانلىرى، پەزلى-مەرھەمەتلىرى بىلەن ئۆزى تەرەپكە چاقىرىدۇ. ئۆزىنىڭ رازىلىقىغا ئۈندەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەنلا بولدى قىلماستىن پەيغەمبەرلىرىنى ئەۋەتىدۇ. پەيغەمبەرلەر بىلەن قوشۇپ ئەھدىلەرنى (كىتابنى) ئەۋەتىدۇ. ئاندىن تېخى پەرۋەردىگار بەندىلەرگە ئۆزىمۇ چۈشىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ: «كىم سورىسا بېرىمەن. كىم كەچۈرۈم تەلەپ قىلسا كەچۈرىمەن.»

بارچە ياخشىلىقلارنىڭ مەنبەسى بولغان، بارچە خاتالىقلارنى كەتكۈزۈۋېتىدىغان، دۇئالارنى ئىجاۋەت قىلىدىغان، خاتالىقلارنى كەچۈرۈدىغان، ئەيىب-نۇقسانلارنى ياپىدىغان، دەرت-ئەلەم، رەنجۈ-كۈلپەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتىدىغان، چارىسىزلەرگە ياردەم بېرىدىغان، تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدىغان

بۇ زاتنى قەلبلەر قانداقسىگە ياخشى كۆرمىسۇن؟!

ئاللاھ ئەسلىنىشكە، تەشەككۇر بىلدۈرۈلۈشكە، ئىبادەت قىلىنىشقا، مەدھىيەلىنىشكە ئەڭ لايىق زاتتۇر. ئۇ ياردەم سورىغانلارنىڭ ياردەمچىسى، تولىمۇ كۆيۈمچان، تولىمۇ سېخى ۋە ئېھسانى كەڭرى زاتتۇر. تولىمۇ مېھرىباندۇر، ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارغا كۇپايە قىلغۇچىدۇر. بەندىلىرىگە دادىلارنىڭ باللىرىغا بولغان مېھرىبانلىقىدىنمۇ بەكرەك مېھرىباندۇر. بەندىلىرى تەۋبە قىلسا ئىنتايىن بەك خۇشال بولىدۇ.

ئاللاھ يېگانە پادىشاھتۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر، تەڭداشسىزدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھەر نەرسە يوقالغۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ئىتائەت قىلىنغىلىمۇ بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئىلمىسىز ئاسىيلىق قىلىنمايدۇ. ئىتائەت قىلىنىدۇ ۋە شۇ ئىتائەتكە قارىتا تارتۇقلايدۇ. ئاللاھنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە نېئمىتى بىلەن ئىتائەت قىلىنىدۇ. ئاسىيلىق قىلغۇچىلارنى كەچۈرىدۇ. ھەققىنى زايا قىلىپ تۇرغانلارنىمۇ ئەپۇ قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانغا ئەڭ يېقىن گۇۋاھچىدۇر. ئەڭ بۈيۈك قوغدىغۇچىدۇر. ۋەدىلەرگە ۋاپا قىلغۇچىدۇر. ئادالەتنى مۇكەممەل بەرپا قىلغۇچىدۇر. كۆڭۈللەر ئارىسىنى توسالايدۇ. ھەممىنىڭ كوكۇلسى ئۇنىڭ قولىدىدۇر.

بۇ ئىنتايىن چوڭ مەسىلە. ھەر بىر ئاقىل يۇقىرىقىدەك سۈپەتلەرگە ئىگە ئاللاھقا ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى كېرەك.

چەكسىز لەززەت، خۇشال-خۇراملىق ۋە روھىي ئاراملىق ئىككى ئىشقا قاراشلىق بولىدۇ.

ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ زاتى ۋە گۈزەللىكىدە مۇكەممەل بولۇشى. بۇ، ياخشى كۆرگۈچىنىڭ ياخشى كۆرۈلگۈچىنى بارلىق نەرسىلەردىن يۇقىرى بىلىپ ياخشى كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

مۇھەببىتىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ۋە ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىش ئۈچۈن پۈتۈن تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىش، شۇنداقلا ياخشى كۆرگەن كىشىگە يېقىنلىشىشنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن بىلىش.

مەھبۇبغا ئېرىشىشنىڭ لەززىتى مۇھەببەتنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىقىغا قارىتا بولىدىغانلىقى ئاقىللارغا سىر ئەمەس. راسا ئۇسساپ تەشنا بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ سۇغا بولغان مۇھەببىتى ۋە قورسىقى ئاچ كىشىلەرنىڭ تاماققا بولغان مۇھەببىتى... قاتارلىقلارمۇ تەشنالىقنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا قارىتا بولىدۇ.

دېمەك، لەززەت ۋە خۇشاللىق ئۆز ماھىيىتىدە تولىمۇ ياخشى كۆرۈلىدىغان بىر نەرسە. بەلكى ئۇ ھەر قانداق ئەقىللىق ئادەمنىڭ نىشانى. بىراق لەززەت ۋە خۇشاللىقلار كېيىن ئېغىر ھەسرەتلەرنى كەلتۈرسە ياكى تېخىمۇ زور خۇشاللىقلارغا توسالغۇ بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا بۇ لەززەت ۋە خۇشاللىق ئادەمگە ياقمايدۇ. قانداقسىگە كېيىن ئېغىر ئەلەملەرگە، ھەسرەتلەرگە مۇپتىلا قىلىدىغان ياكى تېخىمۇ زور لەززەت ۋە خۇشاللىقلارنىڭ قولدىن كېتىشىگە سەۋەب بولىدىغان ئۆتكۈنچى لەززەتلەر ۋە خۇشاللىقلار ئادەمگە چىرايلىق كۆرۈنسۇن؟! ھەقىقى ئالقىشلىنىدىغان لەززەت ۋە خۇشاللىق مەڭگۈلۈك ھوزۇرلارغا سەۋەب بولىدىغان لەززەتتۇر. ئۇ، ئاخىرەتنىڭ لەززىتى ۋە ئۇنىڭ ناز-نېئمەتلىرىنىڭ لەززىتى

ۋە ئۇنىڭدىكى ھەقىقى ئارامخۇدا ھاياتنىڭ لەززىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر.»[449]

ئاللاھ تائالا ئىمان كەلتۈرگەن سېھىرگەرلەرنىڭ پىرئەۋنگە مۇنداق دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: «ئۇلار ئېيتتى: «سېنى (يەنى ساڭا ئەگىشىشنى) ئىختىيار قىلىپ، بىزگە كەلگەن (مۇسانىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) روشەن دەلىللەرنى ۋە بىزنى خەلق ئەتكەن ئاللاھنى ھەرگىز تاشلىمايمىز. (بىزنىڭ ھەققىمىزدە) نېمىنى ھۆكۈم قىلساڭ، شۇنى ھۆكۈم قىلغىن، سېنىڭ ھۆكمىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا ئۆتىدۇ. بىزنىڭ خاتالىقلىرىمىزنى، سېنىڭ مەجبۇرلىشىڭ ئارقىسىدا بىزنىڭ سېھىر كۆرسەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت گۇناھىمىزنى مەغفىرەت قىلسۇن دەپ بىز ھەقىقەتەن پەرۋەردىگارىمىزغا ئىمان ئېيتتۇق، ئاللاھنىڭ (ساۋابى سېنىڭ مۇكاپاتىڭدىن) ئارتۇقتۇر؛ ئاللاھنىڭ (ئازاۋى سېنىڭ جازايىڭدىن) دائىمىيدۇر».[450]

ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنى باقىي دۇنيادىكى لەززەتلەرگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ياراتقان. دۇنيانىڭ لەززەت ۋە خۇشاللىقلىرى بولسا مەزگىللىك ۋە ئۆتكۈنچىدۇر. دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ھېچقاچان باقىۋەندە ئەمەس. ئاخىرەتنىڭ لەززەتلىرى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتنىڭ لەززەتلىرى دائىمىيلىقتۇر. ئۇنىڭ نېئمەتلىرى شۇ قەدەر ساپتۇركى، ئۇنىڭغا ھېچقانداق

[449] سۈرە ئەئلا 16 ـ 17 ـ ئايەتلەر
[450] سۈرە تاھا 72 ـ 73 ـ ئايەتلەر

دۇغلۇق ئارىلاشمىغان. ئاخىرەت لەززەتلىرىدە كۆڭۈل تارتىدىغان ۋە كۆزلەرگە ھوزۇر بېرىدىغان نەرسىلەر بار. بەلكى ئاخىرەت لەززەتلىرى ھېچ كۆز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلاقلار ئاڭلاپ باقمىغان، ھېچ كىشىنىڭ خىيالىغا كېچىپ باقمىغان نەرسىلەردۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «(فىرئەۋن خاندانىدىن) ئىمان ئېيتقان كىشى ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! سىلەر ماڭا ئەگىشىڭلار، مەن سىلەرنى توغرا يولغا باشلايمەن. ئى قەۋمىم! بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (ۋاقىتلىق) پايدىلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، ئاخىرەت ھەقىقەتەن (مەڭگۈلۈك) قارارگاھتۇر.»[451]

مەزكۇر ئايەتتە ئۇلارغا دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئەت ئىكەنلىكى ۋە ئاخىرەتنىڭ ھەقىقى قارارگاھ ئىكەنلىكى خەۋەر قىلىندى.

ئۇنداق بولغانىكەن، دۇنيا لەززەتلىرى ۋە ئۇنىڭ نېئمەتلىرى ئاخىرەت لەززەتلىرىگە ۋاستىدۇر. دۇنيا لەززەتلىرى ۋە نېئمەتلىرى شۇڭا يارىتىلغان. ئاخىرەت لەززەتلىرى ۋە خۇشاللىقلىرىغا ياردىمى بولىدىغان ۋە شۇنىڭغا يەتكۈزىدىغان بارلىق لەززەت ۋە خۇشاللىقلارنى قولغا كەلتۈرۈش تەنقىد قىلىنمايدۇ. بەلكى ئاخىرەت لەززەتلىرى ۋە خۇشاللىقلىرىغا يەتكۈزۈشكە قانچىلىك سەۋەب بولغانلىقىغا قارىتا مەدھىيەلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

خوش، ئۇنداقتا ئاخىرەت نېئمەتلىرى ۋە لەززەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى نېمە!؟ مۇقەررەركى ئۇ، ئاللاھ تائالانىڭ يۈزىگە قاراش، سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتۇر.

[451] سۈرە غافىر 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر

سەھىھ مۇسلىمدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، جەننەت ئەھلىگە ئاللاھنىڭ يۈزىگە قاراشتىنمۇ سۆيۈملۈكراق بىر نەرسە بېرىلمىدى».

يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا جەننەت ئەھلىگە ئۆزىنى كۆرسەتسە، ئۇلار ئاللاھنى كۆرۈپ ئۆزى جەننەتتە بەھرىلىنىۋاتقان باشقا نېئمەتلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.»

ئەممار ئىبنى ياسىر: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، دەيدۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم، مەن ئۆزلىرىدىن مۇبارەك يۈزلىرىگە قاراش لەززىتىنى ۋە ئۆزلىرىگە ئۇچرىشىش شەۋقىنى سورايمەن.»[452]

يەنە بىر ھەدىستە مۇندا رىۋايەت قىلىنىدۇ: «قىيامەت كۈنى كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالادىن ئاڭلىغاندا گويا ئۇلار بۇرۇن قۇرئان ئاڭلاپ باقمىغاندەك ھېس قىلىشىدۇ.»[453]

دېمەك، دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن لەززەتكە ئېرىشىش ۋە ئاخىرەتتىكى لەززەتلەرگە ئېرىشىشنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى ئاللاھ تائالانى تونۇش ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈشتۇر. شۈبھىسىزكى، بۇ لەززەت دۇنيانىڭ جەننىتى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئېسىل نازۇ-نېئمەتلىرىدۇر. پانىي دۇنيانىڭ لەززەتلىرى باقىي دۇنيا لەززەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا دېڭىزدىن تامچىدۇر. جەزمەنكى، روھ، قەلب ۋە بەدەن دەل باقىي لەززەتلەر ئۈچۈن

[452] نەسەئىي ۋە ئەھمەد رىۋايىتى
[453] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى

يارىتىلغـان.

بـۇ دۇنيادىكـى ئـەڭ ئېسـىل ئـىش ئاللاھنـى تونـۇش ۋە ئۇنىڭغـا مۇھەببـەت باغلاشـتۇر. جەننەتتىكـى ئـەڭ لەززەتلىـك ئـىش ئاللاھقا قـاراش ۋە ئۇنىـڭ بىلـەن دىدارلىششـتۇر. ئاللاھقا مۇھەببـەت باغـلاش ۋە ئۇنـى تونـۇش ئادەمگـە خۇرسـەنلىك، جانغـا لـەززەت، قەلبلەرگـە شـادلىق بېغىشـلايدۇ. ئىنسـاننى بـۇ دۇنيادىـمـۇ هوزۇرۇ-هـالاۋەت ۋە خۇشـال-خۇراملىق تۇيغۇسـىغا چۆمدۈرىـدۇ. بـىراق ئىلاهـي مۇھەببـەت ۋە ئىلاهـي تونۇشـتىن ئايرىلغـان دۇنيـا لەززەتلـىرى قايغۇ-ئەلـەم، دەرت-پـىراق ۋە ئازابقـا ئايلىنىـدۇ. قىيـن كۈنلەرگـە قالىـدۇ. ھەقىقـي ئېسـىل ھايـات ئاللاھقا ئۇلاشقان، ئۇنىڭغـا مۇھەببـەت باغلىغـان ۋە ئۇنـى تونۇغانلارنىـڭ ھاياتىـدۇر.

ئاللاھقـا مۇھەببـەت باغـلاپ ۋە ئۇنـى تونـۇپ ياشـىغان بـىر قىسـىم كىشـىلەر مۇنـداق دېگـەن ئىكـەن: «شۈبھىسـىزكى، جەننـەت ئەھلـى نـاۋادا بىزدەك ياشايدىغان ئىش بولسا، ئۇلار ھەقىقەتـەن ياخشـى ياشـايدىكەن.»

يەنـە بـەزى ئارىپـلار مۇنـداق دېگەنىكـەن: «نـاۋادا پادىشاھلار ۋە شـاھزادىلەر بىزدىكـى خۇشـاللىق ۋە بەختنـى بىلگـەن بولسـا (شـۇنى تارتىۋېلىـش ئۈچـۈن) بىزگـە قىلىچلىـق ئـۇرۇش ئاچقـان بولاتتـى.»

ئاللاھقـا تۇتاشـمىغان، ئىنسـانغا پەقـەت ئازابـلا ئېلىـپ كېلىدىغـان سـاختا مۇھەببـەت سـاھىبلىرىمۇ تېخـى مۇنـداق دېگەنىكـەن:

ئىشىق ۋە ھەۋەستىن بولسا گەر پىنھان،
دېمىگىن سەن ئۇنى ھەقىقى ئىنسان.
سۆيگۈسىز، ئىشىقسىز كىشىدە پەقەت
بولمىغاي ياخشىلىق ئىشلاردىن نىشان.
يەنە بەزىلەر مۇنداق دەيدۇ:
ئىسسىت ساڭا ئەي دۇنيا! بولمىسا سەندە،
سۆيگەن يا سۆيۈلگەن بىرەر تال بەندە.
يەنە بىر ئادەم مۇنداق دەيدۇ:
دۇنيا ۋە نېئمەتلەر بەرمەس ياخشىلىق،
بولمىسا گەر سەندە، سۆيگۈ ۋە ئىشىق.

بۇ دۇنيادىكى ئۆتكۈنچى مۇھەببەت ۋە ئىشىقلار شۇ قەدەر كۆككە كۆتۈرۈلگەن يەردە قەلبلەرگە جان بېرىدىغان، روھلارغا ئوزۇق بولىدىغان، دىللارغا لەززەت، ھوزۇر ـ ھالاۋەت بەخش ئېتىدىغان ھەقىقى مۇھەببەت (يەنى ئىلاھىي مۇھەببەت) نىڭ مەرتىۋىسى زادى قانچىلىك يۈكسەك ـ ھە؟! بۇ يۈكسەك مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغان قەلبنىڭ ھەسرىتى كۆزىدىن ئايرىلغان، ئاڭلىماس بولۇپ قالغان، پۇرىيالماس بولۇپ قالغان، سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ ھەسرىتىدىنمۇ ئېغىردۇر. بەلكى ياراتقۇچىسى ۋە ھەقىقى پەرۋەدىگارىنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قالغان قەلبلەرنىڭ بۇزۇلۇشى روھتىن ئايرىلغان بەدەننىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئېغىرراقتۇر. بۇنىڭغا ھەقىقى ھاياتلىقنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلمىغانلار ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۆلۈكلەر ئاغرىقنى ھېس قىلمايدۇ ـ ئەمەسمۇ؟!

خۇلاسىكالام: دۇنيا لەززەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئاخىرەتتىكى ئەڭ كاتتا لەززەتكە ۋاستە بولالايدىغىنىدۇر.

دۇنيانىڭ لەززەتلىرى ئۈچ خىل بولىدۇ.

1. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك ۋە مۇكەممەل لەززەتلەر. بۇلار ئاخىرەت لەززەتلىرىگە ۋاستە بولالايدىغان لەززەتلەردۇر. ئىنسانغا بېرىلىدىغان ساۋاب ۋە مۇكاپات ئاخىرەت لەززەتلىرىگە ۋاستە بولىدىغان ئىشلارغا قارىتا بولىدۇ. شۇڭلاشقا مۇئمىن ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ يېگەن ۋە ئىچكەن، كىيگەن، نىكاھلانغان بولسا، مۇشۇلارغىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ. مۇئمىننىڭ شۇنچىلىك ئاددىي ئىشلىرىمۇ ئەجىرسىز ۋە ساۋابسىز قالمىغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئىمانىي لەززىتى ۋە ئاللاھنى تونۇش لەززىتى، ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىشتىياق باغلاش ۋە هوزۇر ـ هالاۋەتلىك جەننەتتە ئاللاھنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرۈش تاماسىنىڭ لەززىتى قانچىلىك شېرىندۇ ـ هە؟!

2. ئاخىرەت لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قويىدىغان ۋە ئېغىر دەرت ـ ئەلەملەرگە سەۋەب بولۇپ قالىدىغان لەززەتلەر. مەسىلەن: ئاللاھنى قويۇپ بۇتلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ لەززىتى. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن پايدىلىنىدۇ. مەزكۇر نەرسىلەرنى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىدۇ ۋە شۇ ياخشى كۆرۈشلىرىدىن لەززەتلىنىدۇ. ئاخىرەتتە ئۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇنداق بولىدۇ: «ئۇلار ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر ـ بىرىمىزدىن پايدىلاندۇق، بىز ئەمدى سەن بەلگىلىگەن ۋاقىتقا (يەنى قىيامەت كۈنىگە) يەتتۇق» دەيدۇ، ئاللاھ: «دەۋزەخ

سىلەرنىڭ جايىڭلاردۇر، سىلەر ئاللاھنىڭ خاھىشىغا باغلىق هالدا ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىسىلەر» دەيدۇ، شۈبھىسىزكى، سېنىڭ پەرۋەردىگارىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. شۇنىڭغا (يەنى ئىنسانلار بىلەن جىنلارنى ئۆزئارا پايدىلاندۇرغىنىمىزغا) ئوخشاش، قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن زالىملارنى بەزىسىنى بەزىسىگە مۇسەللەت قىلىمىز.»

يەر يۈزىدە تاجاۋۇزچىلىق قىلغۇچىلار، زالىملار، بۇزغۇنچىلار ۋە ھەقسىز رەۋىشتە پوخۇرلۇق قىلغۇچىلارنىڭ ھوزۇر-ھالاۋەتتە ياشاپ كېتىشلىرى ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بەرگەنلىكىدۇر. ئاللاھ شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا تېخىمۇ ئېغىر ئازابلارنى تېتىقۇزىدۇ ۋە ئۇلارنى ئەڭ ئېسىل لەززەتلەردىن مەھرۇم قويىدۇ. بۇ گوياكى بىراۋغا زەھەر سېلىنغان مىزىلىك تاماق سۇنغانغا ئوخشايدۇ. زەھەرلىك تاماق ئۇنى ئاستا-ئاستا ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلارنى تۈيدۇرماستىن، ئاستا-ئاستا ھالاكەتكە يېقىنلاشتۇرىمىز. ئۇلارغا مۆھلەت بېرىمەن، مېنىڭ ئازابىم ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر.»[454]

بىر قىسىم سەلەپ ئۆلىمالىرى مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «گۇناھكارلار بىرەر گۇناھ قىلسىلا، بىز ئۇلارغا يېڭى بىر نېئمەت بېرىمىز (بۇ ئۇلارنى تېخىمۇ بىخۇتلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر)». ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئۆزلىرىگە

[454] سۈرە ئەئراق 172 ـ 173 ـ ئايەتلەر

قىلنغان نەسىھەتنى ئۇنتۇغان چاغدا، ئۇلارغا (سىناش ئۈچۈن) پاراۋانلىقنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار تاكى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېئمەتلەردىن خۇشال-خۇرام تۇرغاندا (ئۇلارنى ئۇشتۇمتۇت جازالىدۇق)، ئۇلار ھەسرەتتە قالدى. زۇلۇم قىلغان قەۋمنىڭ يىلتىزى قۇرۇتۇلدى (يەنى ئۇلار پۈتۈنلەي ھالاك قىلىندى). جىمى ھەمدۇسانا (پەيغەمبەرلەرگە ياردەم بېرىپ، كۇپپارلارنى ھالاك قىلغانلىقى ئۈچۈن) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر!.»[455]

ئاللاھ تائالا مەزكۇر نېئمەت ساھىبلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «(ئۇلار) بىزنىڭ ئۇلارغا مال-مۈلۈك ۋە ئەۋلادلارنى بەرگەنلىكىمىزنى ئۆزلىرىگە تېز ياخشىلىق قىلغانلىق دەپ ئويلامدۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۇقمايدۇ.»[456]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەپلەندۈرمىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشنى ئىرادە قىلىدۇ.»[457]

مەزكۇر كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرگەن لەززەتلىرى ۋە ھوزۇر-ھالاۋەتلىرى ئاخىرىدا ئەڭ ئېغىر ئازابلارغا ئايلىنىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

[455] سۈرە ئەنئام 44 ـ 45 ـ ئايەتلەر
[456] سۈرە مۇئمىنۇن 55 ـ 56 ـ ئايەتلەر
[457] سۈرە تەۋبە 55 ـ ئايەت

هاياتتا شېرىندەك تۇيۇلغان ئارمان،
ئايلاندى ئازابقا ئۆلگەندە هامان.

3. ئاخىرەتتە لەززەت ياكى ئازابقا سەۋەب بولمايدىغان ۋە ئاخىرەتتىكى لەززەتكە توسالغۇ بولمايدىغان لەززەتلەر. بۇ مۇباھ لەززەت بولۇپ، ئاخىرەت لەززەتلىرىگە هېچ پايدىسى ياكى زىيىنى بولمايدۇ. ئەمما مۇمكىنقەدەر بۇ خىلدىكى لەززەتلەرگە بەك بېرىلىپ كەتمىگەن ۋە ئۇنىڭدىن ياخشىراق ۋە مەنپەئەتلىكراق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولغان تۈزۈك.

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام تۆۋەندىكى هەدىسىدە دەل مۇشۇ خىلدىكى لەززەتنى كۆزدە تۇتقان ئىدى: «ئىنسان كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن قىلىدىغان هەر قانداق ئىش باتىلدۇر. لېكىن ئۈچ ئىش ئۇنداق ئەمەس. ئوق ئېتىش، ئات كۆندۈرۈش، ئايالى بىلەن ئوينىشىش.»

ئۆز ماهىيىتىدە تەلەپ قىلىنىدىغان لەززەتلەرگە ياردىمى بولىدىغان لەززەتلەر يوللۇق هېسابلىنىدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولمىسا باتىلدۇر.

ئاللاهقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا بولغان مۇهەببەت ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مەدهىيەگە سازاۋەر مۇهەببەتتۇر. ئاللاهنىڭ رەسۇلىغا بولغان مۇهەببەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. بىز بۇ يەردە قەلب، پىكىر ۋە زىكرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ساپ، چىن مۇهەببەتنى دېمەكچىمىز. ئەمەلىيەتتە هەر بىر مۇسۇلماننىڭ قەلبىدە ئاللاهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە مۇهەببەت بولىدۇ. بۇ

مۇھەببەتسىز بىر ئادەم ئىسلامغا كىرگەن بولمايدۇ. ئادەملەر دەل مۇشۇ مۇھەببەت دەرىجىلىرىدە پەرقلىق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەقەت ئاللاھلا بىلىدۇ. ئىككى ياخشى كۆرۈشكۈچىنىڭ ئارىسىدىكى مۇھەببەت ئېغىرنى يېنىككە، بېخىلنى سېخىيغا، قورقۇنچاقنى باتۇرغا ئايلاندۇرالايدۇ. مۇھەببەت زېھنىلەرنى سۈزۈلدۈرىدۇر. كۆڭۈللەرنى كۆتۈرىدۇ. ھاياتقا مەنا ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئىشلارنى ھەقىقى چىن مەنىدىكى مۇھەببەتلا بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. چەكلەنگەن جىسمانىي مۇھەببەت (يەنى چىراي ۋە قامەتلەرگە بولغان مۇھەببەت) ئەمەس. قىيامەتتە سىرلار ئاشكارا بولغاندا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئەڭ ياخشى سىرلار سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ.

بۇ ھەقتە مۇنداق مىسرالار بار:

قىيامەت بولغۇچە قالار مۇھەببەت،
قەلبلەر قېتىدا ساقلىنىپ ئەبەت.

مانا بۇ، يۈزلەرنى نۇرلاندۇرىدىغان، قەلبلەرنى ئاچىدىغان ۋە جانلاندۇرىدىغان مۇھەببەتتۇر. ئاللاھنىڭ كالامىغا بولغان مۇھەببەتمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. جەزمەنكى قۇرئانغا بولغان مۇھەببەت ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىرىدىندۇر. بىز باشقىلارنىڭ ئاللاھنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولساق، ئۇنىڭ قۇرئاننى قانچىلىك ياخشى

كۆرىدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ قەلبىدە قۇرئاننىڭ قانچىلىك ئورۇن تۇتقانلىقىغا قارىساق بولىدۇ. قۇرئان ئاڭلىغاندا بەك ھوزۇر ھېس قىلامدۇ ياكى ناخشا-مۇزىكىلارنى ئاڭلىغاندىمۇ؟! بۇمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىنى نامايان قىلىدىغان بىر تەرەپتۇر. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، ئاشىقلا مەشۇقىنىڭ گەپ-سۆزلىرى قالتىس سۆيۈملۈك تۇيۇلىدۇ.

بىر شائىر مۇنداق دەيدۇ:

سۆيىمەن سېنى دەپ سالىسەن داۋراڭ،
ئېيت نېچۈك تاشلىدىڭ مېنىڭ خېتىمنى.
خەتتىكى مەزمۇننى ئويلانساڭ ئىدىڭ،
زەپ شېرىن بىلەتتىڭ ھەر بىر گېپىمنى.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا قەلبلىرىمىز پاك بولسا ئىدى، ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ كالامىدىن تويۇپ قالمىغان بولاتتى. مەشۇقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ئاشىقنىڭ تىلەك غايىسى تۇرسا، قانداقسىگە ئاشىق مەشۇقىنىڭ گېپىگە تويۇپ قالسۇن؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدقا: «ماڭا قۇرئان ئوقۇپ بېرە» دېدى. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد: «قۇرئان ساڭا نازىل قىلىنغان تۇرسا مەن ساڭا ئوقۇپ بېرەمدىم؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن قۇرئاننى باشقىلارنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاشنى تولىمۇ ياخشى

كۆرىمەن» دېدى. ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد «سۈرە نىسا»نى باشلاپ «بىز ھەر بىر ئۈممەتتىن بىر گۇۋاھچىنى كەلتۈرگەن ۋە (ئى مۇھەممەد!) سېنى بۇلارغا (يەنى ئۈممىتىڭ ئىچىدىكى ئىمانسىزلارغا ۋە گۇناھكارلارغا) گۇۋاھچى قىلىپ كەلتۈرگەن چېغىمىزدا ئۇلارنىڭ ھالى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن ئايەتكە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەمدى بولدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېشىنى كۆتۈرۈۋېدى، (قارىساق) رەسۇلۇللاھنىڭ ئىككى كۆزىدىن ياش قۇيۇلۇۋېتىپتۇ.[458]

ساھابىلەر بىر يەرگە جەم بولغاندا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ مۇسا بولۇپلا قالسا، ئۇلار «ئى ئەبۇ مۇسا بىزگە پەرۋەردىگارىمىزنى بىر ئەسلەتكىنە» دەيتتى. ئەبۇ مۇسا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى، ساھابىلەر ئاڭلايتتى.

قۇرئاننى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ قۇرئاننى ئاڭلىغاندىكى تۇيغۇسى، شادلىقى، لەززىتى باشقا شەيتانى ئاۋازلارنى ياخشى كۆرگۈچىلەرنىڭ شادلىق ۋە لەززەتلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولىدۇ.

بىراۋ قۇرئان ئايەتلىرىنى ئاڭلىغان چاغلىرىغا قارىغاندا ناخشا، بېيىت ـ قوشاقلارنى ئاڭلىغاندا بەكرەك ھوزۇرلىنىدىغان، يايراپ كېتىدىغان، قۇرئان تىلاۋەت قىلىنسا قەلبى لەرزىگە كەلمەي تاشتەك قېتىپ تۇرىدىغان، ئەمما شېئىر ـ قوشاقلار دېكلاماتسىيە قىلىنسا ياكى ناخشا ـ مۇزىكىلار ئېيتىلسا مەستخۇش بولۇپ ياياراپ كېتىدىغان بولسا، گەرچە بۇ ئادەملەر ئۆزىنى

[458] بۇخارى رىۋايىتى

توغـرا يولـدا دەپ ئويـلاپ تۇرسـىمۇ، ئەممـا بـۇ، ئۇنـىڭ قەلبىنىـڭ ئاللاھقـا ۋە ئۇنـىڭ كالامىـغا بولغان مۇھەببەتتىـن پۈتۈنلەي قۇرۇق ئىكەنلىكىنىـڭ، شـەيتانىي ئاۋازلارغـا باغلىنىـپ قالغانلىقىنىـڭ ئىسپاتىدۇر.

ئاللاھقـا، ئۇنـىڭ كالامىـغا ۋە پەيغەمبىرىگـە مۇھەببـەت باغلاشـنىڭ نۇرغـۇن پايدىلـىرى ۋە ئەھمىيىتى بار. بەلكى ئاللاھقا، ئۇنـىڭ كالامىـغا ۋە پەيغەمبىرىگـە باغلانغـان مۇھەببەتتىنىمـۇ بەكـرەك مەنپەئەتلىـك مۇھەببـەت يـوق. ئىلاهـي مۇھەببەتكـە ۋاستە بولالمىغـان ياكـى ئىلاهـي مۇھەببەتكە تۆھپىسـى بولمىغان هـەر قانـداق مۇھەببـەت باتىلـدۇر.

ئەممـا ئەر-ئاياللارنىـڭ ئوتتۇرىسـىدىكى مېهىر-مۇھەببـەت چەكلەنمەيـلا قالماسـتىن، بەلكـى ئـۇ ئىنسـانىي كامالەتنىـڭ ئىپادىسـى دەپ قارىلـدۇ. ئاللاھ تائـالا ئەر-ئايـال بەندىلىرىنىـڭ ئارىسـىغا مېهىر-مۇھەببـەت سالغانلىقىنى ئالاھىـدە تىلغا ئېلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: «ئايالـلار بىلـەن ئۇنسـى-ئۈلپەت ئېلىشـىڭلار ئۈچـۈن (ئاللاھنىـڭ) ئۇلارنـى سـىلەرنىڭ ئـۆز تىپىڭلاردىـن ياراتقانلىقـى، ئـاراڭلاردا (يەنـى ئەر-خوتـۇن ئارىسـىدا) مېهـر-مۇھەببـەت ئورناتقانلىقـى ئاللاھنىـڭ (كامالـى قۇدرىتىنـى كۆرسـىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىنـدۇر، پىكـر يۈرگۈزىدىغـان قـەۋم ئۈچـۈن، شەك-شۈبهىسـىزكى، بۇنىڭـدا نۇرغـۇن ئىبرەتلـەر بـار.»[459]

ئاللاھ تائـالا ئايالنـى ئەرگـە نىسبەتەن ئـارام قىلىـپ بـەردى.

[459] سۈرە رۇم 21 - ئايەت

ئەرنىڭ قەلبىنى ئايال ئارقىلىق ئارام تاپقۇزدى ۋە ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدا چىن مۇھەببەت بارلىققا كەلتۈردى. ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئۆز ئارا مېھىر، كۆيۈنۈش، رەھىم-شەپقەت بىلەن يۇغۇرۇلغان مۇھەببەتتۇر.

ئاللاھ تائالا ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە ھالال قىلىنغان ۋە ھارام قىلىنغان تەرەپلىرىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ سىلەرگە (ھالال ۋە ھارامغا دائىر ئەھكاملارنى) بايان قىلىشنى، سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى پەيغەمبەرلەر ۋە ياخشىلار)نىڭ يوللىرىغا سىلەرنى ھىدايەت قىلىشنى، (گۇناھلاردىن قىلغان) تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. ئاللاھ ھەممىنى (يەنى بەندىلىرىنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلگۈچىدۇر ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ (بۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تەكرارلاندى). شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار (يەنى شەيتانغا ئەگىشىدىغان فاجىرلار) توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى) خالايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەفسى-خاھىشىغا خىلاپلىق قىلىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى.»[460]

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايالنى كۆردى ۋە زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتتە

[460] سۈرە نىسا 26 - 27 - 28 - ئايەتلەر

بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېدى: شۈبھىسىزكى، ئايال شەيتان شەكلىدە كېلىدۇ ۋە شەيتان شەكلىدە كېتىدۇ. ناۋادا بىرىڭلار بىر ئايالنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالغۇدەك بولسا دەرھال ئۆز ئايالى بىلەن مۇناسىۋەتتە بولسۇن. بۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسىنى چىقىرىۋېتىدۇ.»[461]

مەزكۇر ھەدىستە جىنسىي ئىستەكنى قانداق بېسىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بېرىلگەن. بۇ بەئەينى تاماق تاماقنىڭ ئورنىنى، كىيىم-كىيىمنىڭ ئورنىنى باسقانغا ئوخشايدۇ.

بۇ ھەدىستە يەنە يات ئاياللار پەيدا قىلغان جىنسىي ئىستەكنى چىقىرىۋېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئۆز ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. ئۆز ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش ئارقىلىق شەھۋەتنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام «ياخشى كۆرۈشكۈچىلەرگە نىكاھتىنمۇ خوپراق نەرسە يوق»[462] دېگەن ھەدىس ئارقىلىقمۇ مۇشۇ نۇقتىغا كۆرسەتمە بېرىدۇ.

ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايالنى نىكاھىغا ئېلىش ئىشقنىڭ بىردىنبىر دورىسى. ئاللاھ نىكاھنى ئىشققا دورا قىلىپ بەرگەن. داۋۇت ئەلەيھسسالامۇ بۇ دورا بىلەن داۋالانغان. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ھېچۋاق ھارام ئىشلارغا ئۇرۇنمىغان، بەلكى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ ئاياللىرى قاتارىغا قوشقان.

[461] مۇسلىم رىۋايىتى
[462] ئىبنى ماجە رىۋايىتى

زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تالاق قىلماقچى بولغاندا زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا قوشۇلمىدى. زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ ھەقتە مەسلىھەت سورىدى ۋە چوقۇم قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناۋادا زەيد زەينەبنى قويۇپ بەرسە ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشنى كۆڭلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، بىراق باشقىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بېقىۋالغان ئوغلىنىڭ ئايالىنى نىكاھىغا ئالدى دەپ پىتنە-پاسات پەيدا قىلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى.[463] ۋەھالەنكى، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە پايدىلىق ئومۇمىي بىر پىرىنسىپنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنى ئىختىيار قىلغان ئىدى. زەيد زەينەبنى تالاق قىلدى. زەينەبنىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەبكە توي تەكلىپى قويۇپ زەيدنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. زەيد زەينەبنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇرۇپ «ئى زەينەب رەسۇلۇللاھ ساڭا توي تەكلىپى قويدى» دېدى. زەينەب «مەن ئاللاھ بىر ئىشقا بۇيرىمىغىچە ھېچنىمە قىلالمايمەن» دېدى ۋە نامازگاھىغا كېلىپ ناماز ئوقۇدى. ئاللاھ تائالا زەينەبكە ئۆزى ئىگە بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلاپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نىكاھى ئەرش ئۈستىدىن ئوقۇلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: «ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نىئمەت بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە: «خوتۇنۇڭنى

[463] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىنىشتىن بۇرۇنلا زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بېقىۋالغان ئىدى.

نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللاھتىن قورققىن!» دېدىڭ، ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ئاللاھتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى. مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ بالا قىلىۋالغان ئوغۇللىرىنىڭ قويۇپ بەرگەن خوتۇنلىرىنى نىكاھلاپ ئالسا گۇناھ بولماسلىقى ئۈچۈن، زەينەبنى زەيد قۇيۇۋەتكەندىن كېيىن ساڭا نىكاھلاپ بەردۇق، ئاللاھنىڭ (سېنىڭ زەينەبنى ئېلىشىڭ توغرىسىدىكى) ئەمرى چوقۇم ئورۇنلىنىدۇ.»[464]

زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا ئاياللىرىغا پەخىرلىنەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «سىلەرنى ئاتا-ئاناڭلار نىكاھلاپ بەرگەن بولسا، مېنى ئاللاھ يەتتە ئاسمان ئۈستىدىن ۋەھيي نازىل قىلىپ نىكاھلاپ بەرگەن.» مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىسسىسى. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللارنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ماڭا دۇنيادا ئاياللار ۋە خۇشپۇراق سۆيۈملۈك قىلىندى. خۇشاللىقىم نامازدا قىلىندى.»[465]

ئىمام ئەھمەد «كىتابۇززۇھد»دا «تاماقتىن ۋە ئىچىملىكتىن

[464] سۈرە ئەھزاب 37 ـ ئايەت
[465] ئەھمەد رىۋايىتى

سەۋر قىلالىسامۇ ئاياللاردىن سەۋر قىلالمايمەن» دېگەن جۈملىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان.

ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەسەت قىلىپ «ئۇنىڭ پۈتۈن غېمى پەقەت خوتۇن ئېلىش» دېيىشكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ ۋە رەسۇلۇللاھنى ھىمايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن پەيغەمبەرلىككە) ھەسەت قىلىشامدۇ؟ بىز ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەۋلادىغا كىتاب، ھېكمەت بەردۇق ۋە ئۇلارغا بۈيۈك پادىشاھلىقنى بەردۇق.»[466]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئايال سارە تۇرسىمۇ، ھاجەرنى ياخشى كۆرگەچكە كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان.

داۋۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ گەرچە توقسان توققۇز ئايالى بولسىمۇ، يەنە بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قىلىپ، ئۇنى نىكاھىغا ئالغان ۋە يۈز ئاياللىق بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئىنسانلار ئىچىدە كىمنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىلا» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «ئائىشە»نى دېدى. «خەدىچەچۇ» دېيىلگەندە، «مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

دېمەك، ئاياللارنى ياخشى كۆرۈش ئەرلىك كامالىتىدىن

[466] سۈرە نىسا 54 ـ ئايەت

دىرەكتۇر.

ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: «بـۇ ئۇممەتنىـڭ ئـەڭ ياخشـى ئادىمـى ئايالـى كـۆپ بولغىنىـدۇر.»

مۇغيـس ۋە بەرىرەنىـڭ قىسسـىدە مۇنـداق دېيىلگـەن: «پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام مۇغيسـنىڭ بەرىرەنىـڭ كەينىدىـن يىغلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كـۆرۈپ، بەرىرەگـە: ئـى بەرىـرە ئۇنىـڭ ھالىنـى كۆرسـەڭچۇ، ئۇنىـڭ بىلـەن يارىشىۋالساڭ بولمامـدۇ؟ دېگەنـدە، بەرىـرە:

- بۇيرۇق قىلىۋاتامسىز؟ - دېدى.

- يـاق، بەلكـى ياراشـتۇرۇپ قويۇۋاتىمـەن - دېـدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام.

- مۇغيسـنى خالىمايمـەن، ئۇنىـڭ ئەمـدى كېرىكـى يـوق- دېـدى بەرىـرە.

پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام تاغىسـى ئابباسـقا: ئـى ئاببـاس، مۇغيسـنىڭ بەرىرەنـى نەقـەدەر ياخشـى كۆرىدىغانلىقىدىـن ۋە بەرىرەنىڭ مۇغيسـنى ياقتۇرمايدىغانلىقىدىن ھەيران قالمىدىڭمۇ؟! دېـدى». مانـا بـۇ قىسسـىدىن شـۇ ئايانكـى، پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام مۇغيسـنى بەرىـرە بىلـەن ئايرىلىـپ كەتكەندىـن كېيىنمـۇ ياخشـى كۆرگەنلىكىگـە قارىتـا تەنقىدلىمىگـەن.

پەيغەمبـەر ئەلەيهىسسـالام بارلىـق ئاياللىـرى ئارىسـىدا ئادىـل تەقسىمات قىلاتتـى ۋە مۇنداق دۇئا قىلاتتـى: «ئـى پەرۋەردىگارىم، مـەن ئـۆزۈم قادىـر بولالىغانچـە مۇشـۇنداق تەقسـىمات قىلدىـم.

مەن قادىر بولالمىغان تەرەپلەردە ماڭا مالامەت قىلما». بۇ يەردىكى قادىر بولالمىغان تەرەپ دېگىنى سۆيگۈ ۋە مۇھەببەت ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «قانچە تىرىشساڭلارمۇ ئاياللىرىڭلارغا (مۇھەببەتتە ۋە دىلنىڭ مايىللىغىدا) باراۋەر مۇئامىلىدە بولۇشقا ھەرگىز قادىر بولالمايسىلەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىرسىگە پۈتۈنلەي مايىل بولۇپ، ئىككىنچىسىنى (ئېرى باردەكمۇ ئەمەس، يوقتەكمۇ ئەمەس) ئېسىپ قويۇلغان ئايالدەك تاشلاپ قويماڭلار، ئەگەر (بۇ جەھەتتىكى قۇسۇرلىرىڭلارنى) تۈزەتسەڭلار، (يەنى ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار، ئاللاھ ئەلۋەتتە (سىلەرگە) مەغفىرەت قىلىدۇ، رەھىم قىلىدۇ.»[467]

توغرا يولدىكى خەلىپىلەر ۋە ئۇلاردىن باشقا رەھىمدىل ياخشى كىشىلەر ئاشىقلارنىڭ مەشۇقىغا ئېرىشىش ۋە ۋىسال تېپىشى ئۈچۈن ئاردا يول ماڭغان ۋە ئەلچىلىك قىلىشقان.

بىر كۈنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېچىدە باشقىلارنىڭ ھويلىسىدىن تۇتۇلغان بىر يىگىت ئېلىپ كېلىندى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: نېمە ھېكايىلەر بار؟ دېدى.

يىگىت: مەن ئوغرى ئەمەس، لېكىن راستىمنى ئېيتاي، دېدى-دە مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلدى:

---

[467] سۈرە نىسا 129 - ئايەت

ئىزدىدىم گۈلۈمنى ئاشۇ ھويلىدىن،
خىجىلدۇر ئۇنىڭدىن كۆكتە تولۇنئاي.
گويا ئۇ رۇم قىزى گۈزەللىكىدە،
مەنسەپتە ئىپتىخار پايلىماس ھاي ـ ھاي.
ھويلىغا سەكرىدىم يۈرەك كۆيگەچكە،
سەكرىدىم، كۆيۈككە پەقەت چىدىماي.
ئۆي ئەھلى «ۋاي ئوغرى» دېدى جارقىراپ،
«بولمىغاي ئوغرىنى ئۆلتۈرمەي، تۇتماي».

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب يېگىتنىڭ دېكلاماتسىيىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە مۇھەللەب ئىبنى رەباھقا: «قىزنى بۇنىڭغا ياتلىق قىلساقچۇ!» دېدى.

ــ ئى ئەمىرۇل مۇئمىنىن سوراپ باققىنا، كىمكەن بۇ؟ ـ دېدى، مۇھەللەب ئىبنى رەباھ.

ــ نۇھاس ئىبنى ئۇيەينە ئىكەن ـ دېدى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

ـ بولدى، بەردىم ـ دېدى، مۇھەللەب ئىبنى رەباھ.

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر دېدەك سېتىۋالدى ۋە ئۇنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ بىر كۈنى دېدەكنىڭ مۇنداق دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى:

ئايرىلىپ ئۇنىڭدىن بوپقالدىم گويا،
غولىدىن كېسىلگەن تاشلاندۇق نوتا.

مۇئاۋىيە قىزنى چاقىرىپ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى سورىدى. قىز بۇرۇنقى خوجايىنىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مۇئاۋىيە گەرچە قىزنى ياقتۇرۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى بۇرۇنقى خوجايىنىغا قايتۇرۇپ بەردى.

ئەللامە زەمەخشەرى «رەبىئە» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى ھېكايە قىلىدۇ:

زۇبەيدە مەككە يولىدا كېتىۋېتىپ تامغا يېزىلغان مۇنداق بىر بېيىتنى كۆرۈپ قاپتۇ:

ئىنسانلار ئىچىدە يوقمىدۇ زادى،
دەرتمەنىنىڭ دەردىگە يەتكۈدەك بىر زات.
كۆزلىرىم ياش ئەمەس يېرىڭغا تولدى،
ئىچىمدە بىر كۆيۈك، چىدالمىدىم دات.

زۇبەيدە بۇ بېيىتنى كۆرگەندىن كېيىن بىر ئاماللارنى قىلىپ مۇشۇ بېيىتنى يازغان كىشى بىلەن ئۇنىڭدا كۆيلەنگەن مەشۇقنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇشنى ئۆزىگە ئەھدە قىپتۇ. بىر كۈنى زۇبەيدە مۇزدەلىفە[468]دە كېتىۋېتىپ ھېلىقى بېيىتنى يازغان كىشىنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا بارلىقىنى ئاڭلاپتۇ ۋە ئۇنى ئىزدەپ تېپىپتۇ. يىگىت تاغىسىنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قالغانلىقىنى، تاغىسىنىڭ «قىزىمنى بەرمەيمەن» دەپ چىڭ

[468] مىنا ۋە ئەرەپاتنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ھەج پائالىيەت مەيدانلىرىدىن بىرى. ھەرەم مەسچىتىگە 10 كېلومېتىر كېلىدۇ

تۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. زۇبەيدە قىزنىڭ مەھەللىسىگە بېرىپتۇ ۋە قىز تەرەپتىكىلەرگە ئىزچىل ياخشىلىق قىپتۇ، ئىقتىساد ياردەم قىپتۇ. ئاخىرى بۇ ئىككەيلەننىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. ئەمەلىيەتتە قىزمۇ بۇ يىگىتنى بۇرۇندىنلا تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىكەن. زۇبەيدە مۇشۇ ئىشنى ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ياخشىلىق دەپ قارايتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: «مېنىڭ ھېلىقى يىگىت بىلەن قىزنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويغاندىنمۇ خۇشاللىنارلىق ئىشىم يوق».

خەرائىتى مۇنداق دەيدۇ: «سۇلايمان ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ بىر قۇلى ۋە دېدىكى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قاپتۇ. يىگىت بىر كۈنى قىزغا مۇنداق بېيىت يېزىپتۇ:

كېچىدە چۈشۈمدە كۆردۈم مەن سېنى،
سۇنۇپسەن لېۋىڭدىن لەززەتلىك شاراپ.
مامۇقتەك قوللىرىڭ قولۇمدا ئىمىش،
يېتىپتۇق ئىككىمىز ئۆز-ئارا قاراپ.
ئويغىنىپ كەتسەممۇ ياتتىم كۆز يۇمۇپ،
يەنە بىر كۆرەي دەپ، يالغاندىن ئۇخلاپ.
قىز جاۋابەن مۇنداق بېيىت يېزىپتۇ:
ياخشى چۈش كۆرۈپسەن، كۆرگەن چۈشلىرىڭ،
قالىسكەن بىر كۈنى رېئاللىق بولۇپ.
ئۈمىدىم باغرىڭغا ئالساڭكەن مېنى،
ئۇخلىساڭ كۆكسۈمگە بېشىڭنى قويۇپ.

سۇلايمان بۇلارنىڭ يېزىشقان بېيتلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، گەرچە دىدەكنى ياخشى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ بېرىپتۇ.

جامى ئىبنى بەرخىيا مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىنىڭ مۇپتىسى سەئىيد ئىبنى مۇسەييەبتىن «بىراۋنى ياخشى كۆرۈپ قالسا گۇناھ بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «پەقەت قادىر بولالايدىغان ئىشقا مالامەت قىلىنىدۇ. ياخشى كۆرۈش سېنىڭ ئىلكىڭدىكى ئىش ئەمەس» دېدى. جامى ئىبنى بەرخىيا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەندىن بىراۋ بۇ ھەقتە سورىسىلا، مۇشۇنداق جاۋاب بېرىمەن.»[469]

[469] ئىلاۋە: يۇقىرىقى قىسسىلەر ۋە ھېكايەتلەر ئىشىق ۋە كۆيۈكنىڭ ئىنساننىڭ ئىلكىدىكى ئىش ئەمەسلىكىنى، شۇنداقلا بۇ يولغا كىرىپ قالغانلارغا ياردەمدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېغىر گۇناھلارغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مۇمكىنقەدەر ياخشى كۆرۈشكۈچىلەرنى نىكاھلاندۇرۇپ قويۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. گەرچە ئىشىق ۋە كۆيۈك ئىنساننىڭ ئىلكىدىكى ئىش بولمىسىمۇ، بىراق ئۇنىڭغا ناتوغرا ۋاستىلەرنى ئەگەشتۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ياخشى كۆرۈشكۈچىلەرگە نىكاھتىنمۇ خوپراق نەرسە يوق» دېگەن سۆزى بۇ نۇقتىنى تەكىتلەيدۇ. ياخشى كۆرۈشكەنلىك ياكى كۆيۈپ قالغانلىقنى باھانە قىلىپ ناتوغرا ئۇسۇللارنى قوللىنىش دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خارلىق ئېلىپ كېلىدۇ. پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىتىدۇ. ـ (ت)